
مامۇت داۋۇت



# قارا كۆزلەر

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ





ISBN 7-5371-5472-4

9 787537 154727 >

ISBN7-5371-5472-4
(民文) 定价:20.00 元

مامۇت داۋۇت

# قارا كۆزلەر

( رومان )

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

责任编辑：再娜甫·穆沙
责任校对：迪力亚尔·吐尔逊
封面设计：阿里甫·夏

# 乌黑眼睛（维吾尔文）

（长篇小说）

马木提·达吾提　著

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路100号 邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆金版印务有限公司印刷
850×1168毫米　32开本　11.25印张
2006年5月第1版　2006年5月第1次印刷
印数：1—3000

ISBN7－5371－5472－4　定价：20.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مەسئۇل مۇھەررىرى: زەينەپ مۇسا
مەسئۇل كوررېكتورى: دىلىيار تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ


قارا كۆزلەر
ئاپتورى: مامۇت داۋۇت
*
شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 - قورۇ، پ: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ جىڭبەن باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850 مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 11.25
2006 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
2006 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN7 — 5371 — 5472 — 4
سانى: 3000—1
باھاسى: 20.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

مامۇت داۋۇت 1967 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ «تۆگىچى» يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1984 ـ يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. 1989 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، قاغىلىق ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىنغان. ھازىر قاغىلىق ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

مامۇت داۋۇت 1988 ـ يىلى «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «توغۇچى» ناملىق لىرىكىسى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن. ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئۇنىڭ 20 نەچچە پارچە شېئىر، ھېكايە، پوۋېستلىرى ۋە بىر قىسىم سىياسىي ـ نەزەرىيىۋى ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان. بولۇپمۇ يېقىنقى ئىككى ـ ئۈچ يىلدىن بېرى، «تارىم»، «قەشقەر» قاتارلىق ئەدەبىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان «ئامەتلىك بالا»، «قىزىل لەيلى»، «ئاتلىق مېھرى»، «شەيتان» ۋە «كېپىنەك چۈشى» قاتارلىق ھېكايە ـ پوۋېستلىرى كىتابخانلار ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان.

«قارا كۆزلەر» ئاپتورنىڭ تۇنجى رومانى. روماندا زىيالىي-
لارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى خىزمەت، تۇرمۇش ۋە
مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ
مەزمۇن جەھەتتىكى چوڭقۇرلۇقى ۋە قۇرۇلما جەھەتتىكى ئۆزگى-
چىلىكى بىلەن كىتابخانلىرىمىزنى چوڭقۇر ئويغا سالغۇسى.



# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب تاشلاندۇق قۇدۇق ........................ 1

ئىككىنچى باب قارايغان قۇببە ........................ 86

ئۈچىنچى باب چۆللۈك ........................ 174

تۆتىنچى باب سەركە ........................ 254

## بىرىنچى باب

# تاشلاندۇق قۇدۇق

### 1

ئەتراپىم جىمجىت. بىرەرنى چاقىراي دېسەممۇ ھېچكىم يوق. ئېھتىمال، كېچە بولسا كېرەك. بەلكىم ھەممە كىشى ئۇخلاپ كەتكەندۇ. بىراق ئۆزۈمنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلسەم ياخشى بولاتتى.

بۇ يەردە نېمىشقا بىرمۇ ئادەم يوق؟...

بەدىنىم توڭلاتقۇغا سېلىپ قويغاندەك مۇزلاپ تۇرىدۇ. پۇت - قوللىرىم زىڭىلداپ ئاغرىيدۇ. بېشىممۇ ھازىرلا پارتلاپ كېتىدىغاندەك ئېسىلىپ تۇرىدۇ. ھېچقانداق ئىش ئېسىمدە يوق. بىلىدىغىنىم پەقەتلا تىنىمسىز تىترەپ تۇرغىنىم. دېمەك، مەن تېخى ھايات. ھاياتلا بولىدىكەنمەن، توختىماي ئىشلەيمەن. چۈنكى، مېنىڭ نېرۋام، پۇت - قوللىرىم، مېھىر - مۇھەببەت ۋە قەھر - غەزەپ بىلەن سۇغۇرۇلغان يۈرىكىم نۇرغۇن مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. مەن مېڭىشىم كېرەك. كىشىلەر — يېڭىدىن ياسىغان سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ بويىدا، مېۋىلەرنى يېڭى پېتىچە ساقلاش ئىسكىلاتىدا ۋە كەلكۈن بېسىپ كەتكەن ۋەيرانە ئۆيلىرى ئالدىدا مېنى كۈتمەكتە. بىراق، پۇت - قوللىرىم ئىرادەمگە خىلاپ ھالدا يەنىلا شۇنداق ماغدۇرسىز. ھەتتا مىدىر-

لاتقۇدەكمۇ كۈچ يوق. قولۇمنى ئۇياق، بۇياققا سۇنۇپ باقتىم، بىراق ھېچ نەرسىنى تۇتالمىدىم، خۇددى بىرەر نەرسە بىلەن باغلاپ قويغاندەك... يوغان تاش بىلەن باستۇرۇپ قويغاندەك... ئۇ نېمە بولغىيتتى؟...

تۇيۇقسىز ئىسسىق بىر ھاۋا ئېقىمى يۈزۈمگە ئۇرۇلدى. توغرا، بۇ — يۇلغۇن چېچەكلىگەن دالىنىڭ، سۇ بىلەن مۇگدىـ شىۋاتقان ئېتىزنىڭ پۇرىقى... ياق، بۇ — تراكتور بىلەن يېڭىلا ئاغدۇرغان يەرنىڭ پۇرىقى. قۇم تىزگىنلەش ئۈچۈن تىكىلگەن جىگدىلەرنىڭ چېچەك ھىدى...

سىنچىلاپ قاراپ، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە جۇلالىنىپ تۇرغان سانسىز يۇلتۇزلارنى كۆردۈم. شۇندىلا ئۆزۈمنى تىزناپ دەرياسى بويىدا دەپ چۈشەندىم. بىراق، كىشىلەرنىڭ تۇن قوينىدا بىر - بىرىگە ۋارقىراشلىرى ۋە كەلكۈن سۈيىنىڭ قىرغاققا ئۇرۇلۇپ تىنىمسىز شارقىراشلىرى ئاڭلانمايتتى. شۇڭا بىردىنلا ئۆزۈمنىڭ دەريا بويىدا ئىكەنلىكىمدىن گۇمانلاندىم. بىراق مەن زادى نەدە؟

سانسىز يۇلتۇزلار ئىچىدە ئۆزگىچە نۇرلىنىپ تۇرغان بىر جۈپ نۇرنى كۆردۈم. شۇنىڭدىلا ھەممىنى چەشەندىم:

— توغرا، دەل شۇ. ئۇلار شۇنچە يىللاردىن بېرى قەلبىمنى يورۇتقان مېھرى ئىسسىق قارا كۆزلەر. ئوتلۇق ھارارىتى بىلەن ۋۇجۇدۇمنى ئىللىتقان، ئۆمۈر بېغىمغا تۈنجى رەت مۇھەببەت ئۇرۇقى چاچقان سېھىرلىك قارا كۆزلەر...

## 2

مەن ئۇنى ئۇچراتقان چاغدا «1 ـ ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ ئاخىرقى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقانىدىم. ئەينى ۋاقىتـ تا، بىر سىنىپتىكى ئوتتۇز نەچچە ئوقۇغۇچى تىزناپ دەرياسى

بويىدىكى ئۈچ يېزىغا پراكتىكىغا چۈشكەنىدۇق. مەن سىنىپىمىزنىڭ ئۆگىنىش ھەيئەتى ۋە بىردىنبىر ئوقۇغۇچى پارتىيە ئەزاسى بولغىنىم ئۈچۈن قۇمبار يېزىسىدىكى بىر گۇرۇپپا ئوقۇغۇچىغا مەسئۇل قىلىنغانىدىم. يېزىغا كەلگەندىن كېيىن يەنە ئون نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئازغان كەنتىگە ئەۋەتىلدۇق. نەتىجىدە ناھىيە مەركىزىدىن ئوتتۇز نەچچە كىلومېتىر يىراقلىققا ئۇزاپ كېتىپ، سىرت بىلەن بولغان ئالاقىمىز پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالدى. ماڭا ئەڭ قاتتىق تەسىر قىلغىنى يەنىلا دەريا بويىدا تۇرۇپمۇ قۇرغاقچىلىق بولىدىغان بۇ بوستانلىقلار ئىدى. چۈنكى، تىزناپ دەرياسى پەسىللىك دەريا بولغاچقا، ئەتىياز ۋە قىش پەسىللىدە دەريا بويىدىكى يېزا ـ كەنتلەرمۇ قۇرغاقچىلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىدىكەن. بۇنداق چاغلاردا كەنتنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى تىزناپ دەرياسىدىن تورغاينىڭ تۇمشۇقىنى نەمدىگۈدەك سۇمۇ تېپىلمايدىكەن. بىراق، غەلىتە يېرى، يەرلىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسى يەنىلا يازدا كېلىدىغان كەلكۈننىڭ غېمىدە يۈرىدىكەن. بۇ گەپلەر ماڭا خۇددى بوۋام ئېيتقان ئەپسانىلەردەك ھەم غەلىتە، ھەم قورقۇنچلۇق تۇيۇلاتتى.

ئۈچىنچى ئاينىڭ باشلىرى بولسىمۇ، لېكىن ھاۋا خېلىلا ئىسسىپ كەتكەنىدى. شوخ سەھرا بالىلىرى توپىلىق يوللاردا يالاڭ ئاياغ ئويناپ يۈرەتتى. باھار ھەرقانچە گۈزەل بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىمىز يەنىلا غەش ئىدى. چۈنكى، كەنت مەركىزىدىكى كۆلنىڭ سۈيى سېسىپ كەتكەنىدى. بىراق، باشقا كەنتتىكى سۇ مەنبەسى ياتىقىمىزدىن ئالتە ـ يەتتە كىلومېتىر يىراقلىقتا بولغاچقا، ئامالسىزلا مۇشۇ كۆلنىڭ سېسىق سۈيىنى ئىچەتتۇق. بىراق، كالا ـ قويلارنىڭ قاشاسىز كۆلدىن بىز بىلەن بىللە سۇ ئىچكەنلىرىنى كۆرگىنىمىزدە، ھەممىمىز قاقشاپ كېتەتتۇق. بولۇپمۇ قىزلار يۇرتىدىكى ئاتا ـ ئانىسىنى ۋە مەكتەپتىكى كۆڭۈللۈك ئوقۇشنى ئەسلەپ كۆزلىرىگە ياش ئالاتتى. كۆڭلىدە بۇ

نەس باسقان جايدىن تېزرەك قۇتۇلۇشنى تىلەيتتى. ئوغۇللار پات - پات پاكىز سۇ ئىچىشنىڭ ئامالى توغرىسىدا غۇلغۇلا قىلىشاتتى. بىراق، يىل بويى سۇغا قانمايدىغان بۇ جايدا پاكىز سۇ تېپىش ئالتۇن كان تېپىشتىنمۇ قىيىنغا چۈشكەنىدى. ئاڭلىشىمچە، كەنت مەركىزىدە ناھىيىلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسى كولاپ بەرگەن بىر كۆز قۇدۇق بار ئىكەن. لېكىن قانداقتۇر بىر سەۋەب بىلەن تاشلىنىپ قاپتۇمىش. پاكىز سۇ توغرىسىدا پاراڭ بولغاندا، ئىختىيارسىز ھالدا ئېگىز توپا دۆۋىسى ئارىسىدىكى تاشلاندۇق قۇدۇققا قاراپ كېتىمەن. خىيالىمدا قۇدۇقنىڭ تىنىپ كەتكەن ئاغزىنى ئاچسىلا ئۈنىڭدىن بۇلدۇقلاپ سۇ چىقىدىغاندەك ھېس قىلىمەن. بىراق، قۇدۇق يېنىدىن قاپاق - چېلەكلەردە سۇ توشۇپ ئۆتۈۋاتقان دېھقان ياشلىرىنى كۆرۈپ، ئۆزۈمچىلا ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىمەن.

ئۈستۈمدىكى مەسئۇلىيەت ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر ئىدى. پراكتىكا يېتەكچىمىز — ماڭا بەش قىز، يەتتە ئوغۇل ئوقۇغۇچىنىڭ تۆت ئايلىق پراكتىكا چىقىمى ئۈچۈن ئاران ئالتە مىڭ يۈەنلا بەرگەنىدى. بەلگىلىمە بويىچە بۇ پۇلنى ئالتە ئاي يەتكۈزۈشۈم كېرەك. شۇڭا پات - پات پۇلنىڭ يەتمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ كېتەتتىم. بىراق، قىزلار بۇ پۇلنى جىق كۆرۈپ خۇشاللىقتىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قېلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا مۇشۇ پۇل بىلەن پراكتىكا مەزگىلىدىكى كۈنلىرىنى كۈلكە - چاقچاقلار ئۆكسۈمەيدىغان، ئەسلىمىلەر يېلىنجاپ تۇرىدىغان ئالاھىدە مىنۇتلارغا ئايلاندۇرۇشنى خىيال قىلىشاتتى.

بىراق، ئوغۇللارنىڭ ئەھۋالى باشقىچە ئىدى. ماڭا ئەڭ يېقىن كىشى يەنىلا ئاغىنەم يادىكار ئىدى. ئۇ مۇشۇ يېزىنىڭ يۇلغۇنجاي كەنتىدىن بولۇپ، قاپقارا چاچلىرى كەڭ پېشانىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان، مىجەزى چۈس، كەم سۆز يىگىت ئىدى. نېمىشقىدۇر قىزلار ئۈنىڭدىن بەكلا ھېيىقاتتى. ئوغۇللارمۇ ئۇ-

نىڭ يېنىدا قالايمىقان چاقچاق قىلىشمايتتى. بىراق، مەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن تىل بىلەن ئىپادىلەش قىيىن بولغان بىر خىل كۈچلۈك ئىرادىنى ھېس قىلاتتىم. ئۇ ئادەتتە كىچىككىنە ئىشلاردىمۇ ئاجايىپ زور مەسئۇلىيەتچانلىقنى تەكىتلەپ تۇراتتى. كىچىككىنە ۋاقىت ئىچىدىمۇ كىچىككىنە بىر نەتىجە يارىتىشنى تەلەپ قىلاتتى. شۇڭا بىراۋنىڭ قەستەن پاس چىقىرىپ، زورىغا كۈلكە پەيدا قىلىشلىرى ئۇنىڭ ئۇچۇن تولىمۇ تېتىقسىزلىق ھېسابلىناتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە ئامراق ئىدىم. لېكىن، بۇنىڭ ئۇچۇن يەنىلا ئاز - تولا بەدەل تۆلەيتتىم. چۈنكى، يادىكار مۇنازىرىلىشىش جەريانىدا قايىل قىلارلىق جاۋاب بېرەلمىسە، كۆزۈمگە قاراپلا تىللاپ كېتەتتى. مەنمۇ «ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا» دېگەندەك غىڭ قىلماي چىداشلىق بېرەتتىم. بىراق، باشقىلار بۇنىڭغا قاراپلا مېنى يادىكاردىن قورقىدۇ، دەپ يۈرەتتى. ئۇلارچە بولغاندا، مەن سىنىپىمىز ۋالىبول كوماندىسىنىڭ ھۇجۇمچىسىغا خاس جەسۇرلۇقۇمنى نامايان قىلىپ، ئۇنىڭ ئەدىپىنى راسا بېرىشىم كېرەك ئىدى. لېكىن مەن يەنىلا يادىكارنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئۇدۇللا ئېيتىدىغان، باشقىلارغا ئاداۋەت تۇتمايدىغان مىجەزىگە ئامراق ئىدىم. شۇڭا فىزىكا دەرسىدە سۆزلىنىدىغان «ئوخشاش زەررىچىلەر تېپىشىدۇ، ئوخشاشمايدىغان زەررىچىلەر تارتىشىدۇ» دېگەن قانۇنىيەت بويىچە بۈگۈن ئۇنىڭدىن تىل ئاڭلىسامۇ ئەتىسى يەنە ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرەتتىم.

ياقتۇرمايدىغىنىم يەنىلا ئاشۇ نېغمەت تېكە. ئۇ تولىمۇ پوزۇر كىيىنىپ يۈرىدىغان، ئاق يۈز، قاملاشقان يىگىت ئىدى. لېكىن، بىز ئۇنىڭ مائاشلىق كىشىلەردەك ئوقۇتقۇچىلار ئاشخانىسىدا غىزالىنىپ، غادىيىپ يۈرۈشلىرىنى ياقتۇرمايتتۇق. بىز ئاياغلىرىمىزنى يامىتىپ كىيىپ يۈرسەك، ئۇ ئالىي دەرىجىلىك پۇتبول ئايىغى بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئويۇشمىسى ئۆتكۈزگەن كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكلىرىدە دىككاڭشىپ دېسكو ئويناپ يۈرەتتى.

شۇڭا ئۇنىڭغا «تېكە» دەپ لەقەم قويۇۋالغانىدۇق.

مەكتەپكە يېڭى كەلگەن چاغلىرىمىز ئىدى. يادىكار ئىككىمىز كەچلىك تاماقتا داغ چاي بىلەنلا غىزالىنىپ، ئاشخانا پەلەمپىيىدىن چۈشۈۋاتاتتۇق، بىرى چاقىرغاندەك قىلدى. بىراق، چىقىپ چۈشۈۋاتقانلار كۆپ بولغاچقا كىمنىڭ چاقىرغىنىغا ئانچە دىققەت قىلماپتىمىز. تۇيۇقسىزلا «پاق» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، بىر خام تۇخۇم يادىكارنىڭ دۈمبىسىگە تېگىپ، سېرىقى يۈزۈمگە چاچراپ كەتتى. قارىسام، نېغمەت تېكە ئارقىمىزدىن پاقا تەشكەن سويمىدەك ھىجىيىپ قاراپ تۇرۇپتۇ. ئەرۋاھىم ئۇچۇپ، ئۇنى راسا بىر تىللاي دەپ بولغۇچە، يادىكار ئۇنىڭ ئاغزى - بۇرنىنى قانغا بوياپ بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، يادىكار ئىككىمىز نېغمەت تېكىنىڭ دۈشمىنى بولۇپ قالدۇق. بىراق، ئويلىمىغان يەردىن بۇ قېتىمقى پراكتىكىدا يۈرچىقىمىز پىشمايدىغانلار يەنە بىر ياتاققا كىرىپ قالغانىدۇق.

ئەلقەر — ئوقۇشى ئادەتتىكىچە غۇلجىلىق بالا ئىدى. بىراق ئۇنىڭ ناخشا ئۈچۈنلا يارالغان ئاۋازى ھەممىمىزگە ياقاتتى. مەن ئۇنىڭ بەزى مەخپىيەتلىكلىرىنىمۇ بىلەتتىم. مەسىلەن، ئۇ سىنىپىمىزدىكى ئەڭ چىرايلىق قىز ھاجىگۈلنى ياخشى كۆرەتتى، بىراق چاندۇرماي يۈرەتتى. ئۇنى چۈشەنمىگەن كىشى بۇ گەپكە زادىلا ئىشەنمىگەن بولاتتى. بىراق، مەن ئۇنىڭ قەلبىدىكى مۇز ئاستىدىن ئېقىپ ئۆتۈۋاتقان سۇدەك پىنھان ھالەتتە كۈچىيىپ كېتىۋاتقان مۇھەببىتىنى سەزگەنىدىم. پاختا ئىچىدە ئوت ساقلاشقا بولمىغىنىدەك، بىرەر - ئىككى يىلدىن كېيىن ئەلقەرنىڭ بۇ مەخپىيىتىنى سىنىپىمىزدىكى بارلىق قىز - ئوغۇل ساۋاقداشلار بىلىپ كەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇ سىنىپىمىزدىكى مەسخىرە ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالدى. شۇنداقتىمۇ مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر گۇرۇپپىغا كېلىپ قالغىنىم ئۈچۈن خۇشال ئىدىم. چۈنكى، ئۇنىڭ تاتارچە، قازاقچە شوخ ناخشىلىرى مېنى

تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدىكى سەھرايىقىيامەتتە ئەمەس، بەلكى مەركىزىي شەھەرنىڭ قويۇق ئارىلاشما مەدەنىيەت مۇھىتىدا ياشا-ۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرەتتى. مېنىڭ ياپياش تۇرۇپلا قارا ساقال قويۇۋېلىپ، مەسچىتتىن باشقا جايغا بارمايدىغان سەھرا يىگىتلى-رى ئارىسىدىكى يالغۇزچىلىقىمنى ئۇنتۇلدۇراتتى. مۇڭلۇق مۇ-ھەببەت ناخشىلىرى ھاردۇقۇمنى چىقىرىپ، كەيپىمنى تەڭشەپ تۇراتتى. كەنتتە توك بولمىغاچقا، ھەپتىدە بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلى-دىغان تانسا كېچىلىكىمىز پەقەت ئەلقەرنىڭ شوخ ناخشىلىرى بىلەنلا قىزىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ پەقەت ھاجىگۈلگىلا بېغىشلانغان مۇڭلۇق كۈيلىرى تېخىچە ئىشق - مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان ساددا قەلبىمدە رومانتىك تۇيغۇلارنى قوزغاپ، مې-نى كەلگۈسىدىكى جورام توغرىسىدا تاتلىق خىياللارغا باشلاپ كېتەتتى.

يەرلىكلەرنىڭ تىل ئادىتى، كىيىم - كېچەك، چىراي شە-كىللىرىدە نۇرغۇن ئۆزگىچىلىكلەر بولغاندىن باشقا، يەنە كىشى ئىسىملىرىدىمۇ غەلىتىلىكلەر بەكلا كۆپ ئىدى. مەسىلەن، كەنت شۇجىسىنىڭ ئىسمى چاۋار پاسار؛ ئىتتىپاق شۇجىسىنىڭ ئىسمى تۇرسۇن سۈپۈرگى؛ يېزىلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتى باشلىقىنىڭ ئىسمى مەمەت بوسۇغۇ ئىدى. ئىسىم تېپىلمىغاندەك بۇ كىشىلەر-نىڭ ھەممىسىگىلا ئەڭ قەدىرسىز، ئاددىي نەرسىلەرنىڭ ئىسملى-رى قويۇلغانىدى. يەنە تاش تۆمۈر، مەمەت باقى، توختى قوزى، چىنار قۇربان، ئانار روزى، توختىمەت تۇرۇپ، جىنەستە جو-رۇپ دېگەندەك ئىسىملار قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇراتتى.

بىر كۈنى يادىكار بىلەن مۇشۇ تېمىدا مۇنازىرىلىشىپ قالدىم:

— ھەممە كىشى بالىلىرىغا مەدەنىي، يېقىملىق ئىسىملارنى تاللاپ قويىدۇ. بىراق سىلەر نېمىشقا «ئەخلەت»، «چاۋار»، «تۇرۇپ - چامغۇر»، «كۇلۇچ - ئامبۇر...» دېگەندەك ئىسىم-

لارنى قويىسىلەر؟ سىنىڭ داداڭ ئىسمىڭنى ئەجەب «كەتمەن» ياكى «گۇرجەك» دەپ قويماپتىغۇ؟!

ئۇ خېلىغىچە جىمىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ دادىسىنى تىلغا ئالغىنىم ئۈچۈن بىرئاز پۇشايمان قىلدىم. چۈنكى ئۇنىڭ دادىسى خېلى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. ئۇ چاغلاردا يادىكار ئەمدىلا ئۈچ - تۆت ياشلارغا كىرگەن بولغاچقا، ئۇ دادىسىنىڭ چىرايىنى-مۇ ئۇنتۇپ كەتكەنىكەن. كۆڭۈلسىز گەپ قىلغىنىم ئۈچۈن ئە-چىمدە ئۆزۈمنى ئەيىبلەپ تۇرغىنىمدا، يادىكار تولىمۇ سالماقلىق بىلەن سۆزلىدى:

— بىزدە «ئىتتىرىۋەتكەننى ئىت يېمەپتۇ» دېگەن گەپ بار. بۇ بىزچە، باللارغا قەدىرسىز نەرسىلەرنىڭ نامىنى ئىسىم قىلىپ قويسا، «ئۆمرى ئۇزۇن، تېنى ساق بولىدۇ» دېگەن مەنىدە ئىكەن. شۇڭا خېلى كۆپ كىشىلەرگە «ئەخلەت - چاۋار»، «بوسۇغۇ»، «سۇپۇرگى» دېگەندەك ئىسىملار قويۇلغانىكەن. لې-كىن دادام يىراقنى كۆرىدىغان، غايىلىك كىشى بولغاچقا، ماڭا «يادىكار»؛ سىڭلىمغا «ئابىدە» دەپ ئىسىم قويغانىكەن…

بۇ قېتىم ئۇنىڭ بىلەن چېقىشقۇم كەلدى:

— يادىكار، سىڭلىڭ نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن، مۇشۇ يېزىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ.

— قاچاندىن بېرى؟

— يېرىم يىلچە بولدىمىكىن؟!

— چىرايلىقمۇ؟

ئۇنىڭ قويۇق قاشلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس لىكىلداپ كەتتى. ماڭا ئايان، ئۇ بۇنداق چاغلاردا كەم بولۇشىدىن قەتئىينە-زەر، ئەپسانە سۆزلەر بىلەن تىللاشنى باشلايدۇ. بىراق، قىلىدى-غان ئىشىم بولمىغاچقا زېرىكىپ تۇراتتىم. شۇڭا تىللىسىمۇ خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىشقا تەييار ئىدىم. بىراق، ئۇ يەنە

جىمىپ قالدى. مەن يەنە ئۇنىڭ ئاغزىنى تاتىلىدىم:

— گەپ قىلە، سىڭلىڭ چىرايلىقمۇ؟

— چىرايلىق، بىراق چىرايلىق قىزلار بەختسىز كېلىدكەن، يېقىندىن بېرى، نەدىكى بىر نېمىلەر داستىخان كىرگۈزۈپ باشنى ئاغرىتىۋەتتى.

ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپلا بىرەيلەن ئېسىمگە كەلدى:

— ھېلىقى مەمەتجان دېگىنىڭ شۇمۇ؟

— شۇ ئاشۇ ھارىمى بولماي يەنە كىم بولاتتى؟! ئانامنىڭ ئاز ـ تولا خۇشى بولسىكەن كاشكى؟!

— بولىدىغان يىگىتقۇ؟! ئۆزىمۇ ئەقىللىق، چېچەن يىگىت…

— بولدىلا، سەن سورىما، مەن دېمەي.

ئۇ شۇلارنى دەۋېتىپ، مەيۈس ھالەتتە بېشىنى چايقىدى. مەن كەيپىياتنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن يەنە ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدىم:

— يادىكار، سىڭلىڭ چىرايلىق بولغاندىكىن، مەنلا ئالاي، بولامدۇ؟

ئۇ بىردىنلا قاقاقلاپ كۈلدى، ئاندىن ئويلىمىغان بىر گەپنى قىلدى:

— مەسلىھەتلىشىپ بىر نېمە دەيلى…

مەن يادىكارغا باشقىدىن قاراپ كەتتىم. چۈنكى، ئۇ مېنىڭ تېتىقسىز چاقچاقلىرىمغا تېرىكمەيلا قالماي، بەلكى يەنە قىز چوڭ قىلغان ئاتىلارغا خاس تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بەرگەنىدى. ماڭا ئايان، ئۇنىڭ جاۋابىمۇ مېنىڭ سوئالىمغا ئوخشاشلا بىر چاقچاق ئىدى. لېكىن ماڭا تەسىر قىلغىنى يەنىلا ئۇنىڭ سالماقلىشىپ قالغىنى ئىدى. مەن ھەيرانلىق بىلەن يادىكارغا قاراپ تۇرغىنىمدا، ھاجىگۈل كىرىپ كەلدى:

— مۇختار، ئۇتتۇن يوقكەن…

ھاجىگۈلنىڭ سۆزى يەنە بېشىمنى قاتۇردى. چۈنكى، مەك-

تەپتە تەييار تاماق يەپ كۆنگەنلىكىمىز ئۈچۈن تاماق ئېتىشنىڭ
جاپاسىنى بىلمىگەن ئىكەنمىز. ئەمدىلىكتە ئۇن - گۈرۈچ،
سەي - كۆكتات، تۇز - گۈگۈتلارغىچە تەييارلىغان بولساقمۇ،
تاماق ئېتىشتە يەنىلا قىينالغاندۇق. يادىكار بىلەن مەسلىھەتلى-
شىش ئارقىلىق ھەر كۈنى بىر جۈپتىن قىز - ئوغۇلنى نۆۋەتلى-
شىپ تاماق ئېتىشكە ئورۇنلاشتۇرغاندۇق. بىراق، ھەممىمىز
تەجرىبىسىز ياشلار بولغىنىمىز ئۈچۈن ئاشخانىدىكى كەم نەرسى-
لەرنى ھەمىشە تاماق ئېتىدىغان چاغدىلا ئېسىمىزگە ئالاتتۇق.
شۇنىڭ بىلەن يوقنىڭ تەڭلىكىگە قورساقنىڭ ئاچقىنى قوشۇلۇپ،
بىزنى راسا قىينىماقتا ئىدى. توك بولمىغاچقا، كىرسىن چىراغ
ياقاتتۇق. ياتىقىمىز كەنت قورۇسىدىكى ئىشخانىلارغا ئورۇنلاش-
تۇرۇلغان بولغاچقا، كۈندۈزلىرى ھەمىشە كەنت كادىرلىرى ۋە
دېھقانلار بىلەن ئۇچرىشىپ تۇراتتۇق. بىراق، بۇنداق ئۇچرىشىش-
لار يەنىلا مېنىڭ ئارامىمنى بۇزغانىدى. چۈنكى، قىزلارنىڭ
ئۇچۇق - يورۇق مىجەزى، قىزغىن كۈلكە - چاقچاقلىرى
يېقىن - يىراقتىكى يىگىتلەرنىڭ ئاغزىغا سېرىقسۇ يۇگۇرتۇپ
قويغانىدى. ئۇلار ئاخشاملىرى قارتا ئويناش ۋە پاراڭلىشىپ كې-
لىش باھانىسى بىلەن ياتىقىمىزغا كۆپرەك كېلىدىغان، ھەتتا
قىزلارغا كۆزىمىزچىلا گەپ ئاتىدىغان بولۇۋالدى. شۇڭا بىرەر
ئىش چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپلا يۈرەتتىم. ئاخىر گۈرۈپپى-
مىزدىكىلەرگە «يەرلىك خەلقنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت
قىلىش، خالىغانچە دوست تۇتماسلىق، ئىختىيارىي ھەرىكەت قىل-
ماسلىق، كەچقۇرۇنلىرى سىرتقا يالغۇز چىقماسلىق» دېگەندەك
بىرمۇنچە بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ چىقتىم. لېكىن، ئويناپ -
كۈلۈپ ئۆگىنىپ قالغان ستودېنتلارنى بىخەتەرلىكنى دەپلا ھەر-
بىچە تۈزۈم بىلەن باشقۇرسام بولمايتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ كەيپى-
ياتىنى تەڭشەش ئۈچۈنلا بەزى مەدەنىي پائالىيەتلەرنى تەشكىللەپ
تۇرۇشقا توغرا كەلدى.

بىرىنچى قېتىملىق پائالىيىتىمىز يەنىلا يادىكارنىڭ ئۆيىدە باشلاندى. ئۇنىڭ ئۆيى ئازغان كەنتىدىن ئالتە كىلومېتىر يىراق-لىقتىكى يۇلغۇنجاي كەنتىدە ئىكەن. شۇڭا ئۇ تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن تۇنۇگۇنلا ئۆيىگە قايتىپ كەتكەنىدى. قاتناش قورالىمىز بولمىغاچقا، قانداق بېرىشىمىزنى بىلمەي تۇراتتۇق. دەل شۇ چاغدا، بىر ئات هارۋىسى كەنت قورۇسىغا كىرىپ كەلدى. يەر-لىكلەر بۇنداق تۆت چاقلىق هارۋىلارنى «مەپە» دەپ ئاتايدىكەن. هارۋىغا قېتىلغان ئاق قاشقا تولىمۇ شاش ئات ئىدى. پېشانىسىگە ئېسىپ قويۇلغان بېزەك قوڭغۇراقلىرىنى تىنىمسىز سىلكىپ جىلدىڭلىتاتتى. ئاتقا قىزىقىپ قاراپ تۇرغىنىمىزدا، بىر ياش يىگىت مەپىدىن «دىككىدە» سەكرەپ چۈشتى. قارىسام، ئۇ كەنت ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى تۇرسۇن سۇپۇرگى ئىكەن. ئۇ چىرايى قارامتۇل كەلگەن، ئۆزى چىقىشقاق، تولىمۇ سۆزمەن يىگىت ئىدى. ئۇ ئەينى يىللىرى يىگىرمە نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە يادىكار بىلەن ئوقۇغان بىردىنبىر بىلىملىك ياش دېهقان ئىدى. مەنمۇ ئۇنىڭ ئۇنى - بۇنى سوراپ تۇرىدىغان ۋە بىرنى ئۆگەنسە بىرنى يۇرەكلىك سىناپ باقىدىغان مىجەزىگە بەكلا ئامراق ئىدىم.

— تۇرسۇنجان، — دېدىم مەن يەرلىكلەرنىڭ ئادىتى بويىچە، — بېشىمىز قاتقاندا ئوبدانلا كېلىپ قالدىڭلا، قايسى قاغا چاقىرىپ كەلدى سىلىنى؟

— ئاراڭلاردىكى ئالا قاغىدىن باشقا يەنە قايسى قاغا بولاتتى؟! بىرنەچچە كۈندىن بېرى تولا قاقىلداپ، زادىلا ئارام بەرمىدى. ئاخىر بۇ خان مەپىسىنى ئەكېلىش ئۈچۈن چاۋار شۇ-جىگە ستودېنتلار بىلەن بىرلىشىپ پائالىيەت ئۆتكۈزەتتۇق دەپ يالغان ئېيتتىم. بولمىسا كىم چىقالايتتى بۇ خان مەپىسىگە؟!

ھەممىمىز ئۇنىڭ چېچەنلىكىگە كۈلدۇق. بىراق ئارىدا بىر-رەيلەننىڭ غۇدۇرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— بىر قاچا تاماق ئۈچۈنغۇ شۇ…
قارىسام، نېغمەت تېكە كوتۇلداۋاتقانىكەن. مەن بىلىمەن، ئۇ ئاغزىدا شۇنداق دېگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە زېرىكىپ تۇراتتى. ھەتتا قەپەسكە سولانغان يولۋاستەك جىله بولۇپ، سوقۇشىدىغانغا ئادەم ئىزدەپ يۈرەتتى. يېقىندىن بېرى، «پۇلنى قىسىۋالدى، ئاشۇرۇپ قېلىپ، ئۆزلىرى سوقۇۋەتمەكچى» دېگەن گەپلەرنىمۇ نېغمەت تېكە تارقاتقانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئاغزىدىن ھەرقانداق گەپنىڭ چىقىشىغا ئىشىنەتتىم. بىراق، بۇ قېتىمقىسى ئۇنىڭ ئاغزىدىكى گەپلىرى بولغاچقا، ئانچە ئېرەن قىلىپمۇ كەتمىدىم. باشقىلارنىڭمۇ كارى بولمىدى.
خان مەپىسى توپىلىق يولدا ئۈچقاندەك كېتىپ باراتتى. يوللار ئۆرۈك چېچەكلىرىنىڭ خۇشبۇي ھىدىغا تولغانىدى. يالاڭ ئاياغ دېھقان باللىرى توپىلىق يوللاردا «ئوجۇن» قوغلىشىپ ئوينىماقتا ئىدى. ھاجىگۈل بىلەن باشقا قىزلار نېمىشقىدۇ كۇ-سۇرلىشىپ، ۋىلىقلاپ كۈلۈشەتتى. ئەلقەر تېخىچە گىتارنى تى-رىڭلىتىپ تۇراتتى. ئاق قاشقا شوخلۇق بىلەن بېشىنى سىلكىپ پات - پات پۇشقۇرۇپ قوياتتى. ھاجىگۈل بىردىنلا ئەلقەرگە ۋارقىرىدى:
— چاله بىرەر پەدە، مىسلداپ ئولتۇرماي.
— بۈگۈن سازلاپ ئەته چالىدۇ.
— ۋەيت!
— چالالمىسا، ئۇخلاپ قالىدۇ.
— ۋەيت!
— ھەي، ھەي…، — دەپ ۋارقىرىدى خېلىدىن بېرى جىمجىت ئولتۇرغان نېغمەت تېكە، — ئۇخلاپ قالسا، ھاجىگۈل دەپ جۆيلۈپ سالىدۇ…
بەكلا ئوچۇق قىلىنغان بۇ چاقچاق بىلەن ھەممەيلەن جىمىپلا كەتتى. نېغمەت تېكە «باشقىلارنى كۈلدۈ» دەپ ئويلىدىمۇ ياكى ئوسال ۋەزىيەتتىن قۇتۇلماقچى بولدىمۇ، ئىشقىلىپ، ئاۋازىنى

بولۇشىغا چىقىرىپ ۋارقىرىدى:
— ۋەيت!!!
ئۇنىڭ تەنها كۈلكىسى نۇرغۇن مەسخىرىلىك كۈلكىلەرگە خورۇچ بولدى. ئارقىدىن ئەلقەر گىتار چېلىپ ناخشا باشلىدى:

دەريانىڭ ئۇ يېنىدا، چىمەندە گۈل،
كۆرۈنگەن دەرەخ بىزنىڭ، چىمەندە گۈل.
سىزنىڭ كۆيمىگەن بىلەن، چىمەندە گۈل،
كۆيىدۇ يۈرەك بىزنىڭ، چىمەندە گۈل...

شوخ، لىرىك مۇھەببەت ناخشىلىرى ۋە ئەلقەر بىلەن ھاجىگۈلگە قارىتىلغان يۇمۇرلۇق چاقچاقلار، ناخشا ساداسى، ئۆرۈك چېچەكلىرىنىڭ خۇشبۇي ھىدى ۋە قىزلارنىڭ بەدىنىدىن تارقىلىۋاتقان ئەتىر پۇرىقى قوشۇلۇپ، كەيپىياتىمىز كۆتۈرۈلۈپ، چۆللەردىن، سەھرا يوللىرىدىن تېزلا ئۆتۈپ كېتىپتىمىز. بەلكىم يەنە شۇنداق تۇيغۇلار بىلەن كېتىۋەرگەنمۇ بولاتتۇق. لېكىن، ئاق قاشقىنىڭ «شاققىدە» توختىشى بىلەن بىر - بىرىمىزگە سوقۇلۇپ، ئېسىمىزگە كەلدۇق.
— كەلدى، كەلدى...
ناتونۇش بىر قىزنىڭ كۈلكە ئارىلاش زىل ئاۋازى بىلەن تەڭ، مەنزىلگە يەتكىنىمىزنى بىلدۇق. لېكىن، بىرلا قاراپ، سۈرەتتەك گۈزەل سىيمادا كۆزلىرىم باغلاندى، بەجايىكى يۈرىكىم قوقاستا داغلاندى. ئېنىقكى، بۇ قىز — يادىكارنىڭ سىڭلىسى ئابىدە ئىدى. نېمىشقىدۇ يادىكار بىلەن قىلىشقان چاقچاقلىرىم ئۈچۈن پۇشايمان قىلىشقا باشلىغانىدىم. ئەگەر ئابىدەنىڭ بۇنچە چىرايلىق ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسام، ھەرگىزمۇ ئاكىسى بىلەن چاقچاقلاشمىغان، ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ ئېغىز ئاچمىغان بولاتتىم.
— ۋېيېي... يادىكار، سىڭلىم بار دېسىڭىز، كىچىكلا بىر

قىز دەپ ئويلاپتىمەن، نىمانداق چىرايلىق قىز بۇ؟! توۋا، ئادەم
بالىسىمۇ مۇنداق چىرايلىق بولىدىكەن، — دېدى ھاجىگۈل...

ئوغۇللار يادىكارغا چاقچاق قىلىشقا باشلىدى:

— پاھ! كرورەن گۈزىلىنىڭ ئۆزىلا...

ئارقىدىن نېغمەتنىڭ خىڭىلداق ئاۋازى ئاڭلاندى:

— كاساپەت، بىلىقكەنغۇ؟! خام يەۋەتكۈدەك...

«ۋىللىدە» قىزارغان ئابىدە دەرھال ھويلىغا قاراپ قاچتى.
ئەلقەر نارازىلىق بىلەن نېغمەتنى بىقىنداپ قويدى. باشقا چاغ
بولغىنىدا، يادىكار بازغاندەك مۇشتۇمى بىلەن نېغمەت تېكىنىڭ
بۇرنىغا راسا كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالغان بولاتتى. لېكىن، ئۇ
بۈگۈن ساھىبخانا، شۇڭا خۇشاللىقىمىز ئۈچۈن ئاچچىقىنى ئىچىـ
گە يۇتۇشقا مەجبۇر بولغانىدى. ئۇ ئارتىسلارنى دوراپ زورىغا
كۈلەتتى.

— ھەي، ھەي، — دېدى ھاجىگۈل نېغمەت تېكىنىڭ لەقىـ
مىگە دارىتمىلاپ، — قىزلار خام يەيدىغانغا بېدە ئەمەس جۇمۇ؟!

— ۋەيت ...

يەنە قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈلدى. بىراق، مەن يەنىلا
كېسەلمەن كىشىدەك گالدى ـ گۇلدۇڭ تۇرىمەن. نېمىشقا شۇنـ
داق بولۇپ قالغىنىمنىمۇ بىلمەيمەن. ئېھتىمال، ئابىدە توغرىـ
سىدا قىلغان چاقچاقلىرىم ئۈچۈن پۇشايمان قىلغاندىمەن. بىـ
راق، ئۇ دېگەن ھەرگىزمۇ ئەمەلىيەت ئەمەس، بەلكى ئوينىشىپ
قىلىنغان چاقچاق. دېمىسىمۇ، مېنىڭدەك بىر پەسىل قۇشنىڭ
بۇ قاقاس قۇملۇقتا ئۇۋا سېلىشى مۇمكىنمۇ؟...

## 3

خىيال بىلەن تۇرغىنىمدا، ئەمدىلا قىرىق ياشلاردىن ھالقىـ
غان، ئۇلىما قاش، بۇغداي ئۆڭ بىر ئايال ئالدىراش چىقىپ
كەلدى. ئۇنىڭ چىراي ـ تۇرقىغا قاراپلا، يادىكارنىڭ ئانىسى

ئاينۇرخان ئانا ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئانا — قىزلار بىلەن قۇچاقـ
لىشىپ كۆرۈشتى. نېغمەت، ئەلقەر قاتارلىق ئوغۇل ساۋاقداشلار
بىلەن يەرلىكلەرنىڭ ئادىتى بويىچە سالاملاشتى. نۆۋەت ماڭا كەلـ
گەندە، قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ، خۇددى ئۆز ئانامغا ئوخشاش
پېشانەمگە يېنىك سۆيدى. بۇ — بىزنىڭ تۇنجى كۆرۈشۈشىمىز
ئىدى. ئۇنىڭ قانداقلارچە ماڭا بۇنداق ئالاھىدە مۇئامىلە قىلغانلىـ
قىنى بىلمەيتتىم. ئېھتىمال، ئۇ يادىكار بىلەن بىللە چۈشكەن
سۈرەتلىرىمىزدىن مېنى تونۇسا كېرەك. لېكىن، ئانىلارغا خاس
ئالاھىدە كۆرۈشۈش ئۇسۇلى مېنى هاياجانغا سالدى. كىچىكىمدىن
يېتىمچىلىكتە، ئانامنىڭ سۆيۈشلىرىگە قانماي چوڭ بولغىنىم
ئۈچۈنمۇ يات ئانىنىڭ بىرلا سۆيۈشى بىلەن ۋۇجۇدۇم لەرزىگە
كەلدى. ئىختىيارسىز هالدا كۆزلىرىمگە يىغا ياماشتى. لېكىن
يىغلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن كۆزلىرىمنى چىڭ يۇمدۇم.

يۇمشاق كۆرپە ئۇستىدە ئۇششۇك تەگكەن ياپراقتەك تىترەپ
ئولتۇراتتىم. قاراقۇرۇم ئۇيغۇرلىرىنىڭ مېھماندارچىلىق ئادەتـ
لىرى بويىچە ئاينۇرخان ئانا بىزنى بەكلا ئوبدان كۈتتى. ئاۋۋال
قورداق، ئاندىن پولۇ، ئاخىرىدا چاچتەك ئىنچىكە سوزۇلغان
لەڭمەن... ھەممىسىگە يېگى تېرىپ كېلىنگەن بېدە كۆكى سېلىنـ
غانىدى. بىراق، مەن يەنىلا ئىشتىھاسىز هالەتتە چۈشىنىكسىز
خىياللارنىڭ ئەسىرى ئىدىم.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

ئاۋازى گىژىلداپ تۇرىدىغان، كاۋكازچە بۇرۇت قويۇۋالغان،
ئېگىز بويلۇق بىر يىگىت كىرىپ كەلدى. ھەممەيلەن ئەدەپ
يۈزىسىدىن ئورنىمىزدىن تۇردۇق. ئۇ يېزىلىق سۇ پونكىتىنىڭ
باشلىقى مەمەت بوسۇغۇ ئىدى. ھەمراھلىرى ئازغان كەنتىنىڭ
شۇجىسى چاۋار پاسار بىلەن كەنت بوغالتىرى مۇسا ئايۇپ ۋە
كەنت ئالاقىچىسى ئابباسلار ئىكەن. ئۇلار سۇلياۋ خالتىلارغا
قاچىلانغان توخۇ كاۋپى، باچكا گۆشلىرى، هورى چىقىپ تۇرغان

تونۇر كاۋىپى، سامسا ۋە چايدا پىشۇرۇلغان تۇخۇم قاتارلىق نەرسىلەرنى ئەكېلىشكەنىدى. مەن سوئال نەزىرىم بىلەن يادىكارغا قارىدىم. ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ كەتكەنىدى.

— كەلسىلە مېھمانلار، كەلسىلە. سۇپىغا چىقسىلا، — دېگىنىچە ئاينۇرخان ئانا مەمەت بوسۇغۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى سۇپىغا تەكلىپ قىلدى.

تاماقتىن كېيىن ئابدە بىلەن ئۇنىڭ مەكتىپىدىكى ئوقۇتقۇچى قىزلار بىرلىكتە بىرنەچچە خىل ئىسسىق - سوغۇق قورۇما تەييار قىلدى. ئەسلىدە ئابدە ئۇلارنى ياردەملىشىشكە چاقىرغانىكەن.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ يەنە قاتۇرما شەپكە كىيىۋالغان بىر كىشى بىلەن بادامدوپپا كىيگەن بىر ياش بالا يوغان ئىككى يەشىكنى كۆتۈرگەن پېتىچە كىرىپ كەلدى. يەشىكلەردىكى «ئىلى ئالىي ھارىقى»، «قەشقەر پىۋىسى» دېگەن خەتلەرگە قاراپلا، بۇلارنىڭ مەمەت بوسۇغۇ بۇيرۇتقان زاكاز ماللار ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم.

— مەي زەنجالىڭ، — دەپ گەپ باشلىدى ھېلىقى كىشى، — ئۆزلىرى يۇرت ئاتىسى. سايىلىرىدە كەنتىمىز ئوبدانلا ئەتلىنىپ قالدى. ئىش بولسا ھايتلا دەۋەتسىلە، خىزمەتلىرىگە تەييارمىز...

مەمەت بوسۇغۇنىڭ پىستە كۆزلىرى خۇشاللىقتىن يۇمۇلۇپ كەتكەنىدى. پەرىزىمچە، دەل ۋاقتىدا ئېيتىلغان بىر جۈملە مەدھىيە سۆز ئۇنى يەشىكلەردىكى ھاراق - پىۋىلەردىنمۇ بەكرەك خۇشال قىلغان بولسا كېرەك، ئۇ يەشىككە قاراپ قويۇپ، كەلگەن كىشىگە جېكىلىدى:

— ھازىرچە ھېچنېمە لازىم ئەمەس. سىلى كېچە سائەت ئىككىدە يارام يىگىتتىن ئوتتۇزنى ئېلىپ، يېكەنلىككە سۇ تۇتۇشقا چىقسىلا.

— ماقۇل، زەنجاڭ. رەھمەت سىلىگە...

تەكرار رەھمەتلەر ئېيتىلغاندىن كېيىن ھېلىقى كىشى چىقىپ كەتتى. مەمەت بوسۇغۇ ئەمدىلا يەشككە قول سۇنۇشىغا يەنە مېھمان كىردى. ئۇلارنىڭ بىرى، قارا كۆرپە تۇماق كىيگەن، چىرايى كۆرۈمسىز، ئوزۇقراق كەلگەن ئوتتۇرا ياش ئادەم ئىدى؛ يەنە بىرى، يېشىغا باقماي، سىمىزلىكتىن خىرقىراپ كەتكەن ياش يىگىت ئىدى. مەن ئۇلارنى كۆرۈپلا كەنت كادىرى بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلدىم. ئۇلارمۇ بىر قوينىڭ گۆشىنى داستىخانغا يۆگەپلا كىرگەن بولۇپ، گۆشنى قويىدىغانغا يەر تاپالماي خېلىلا تەمتىرەشتى. ئاخىر سۇپىنىڭ ئۈستىگە قويۇپلا، كۆرۈشۈش ئۈچۈن مەمەت بوسۇغۇغا قول سۇندى. ئاينۇرخان ئانا چاقىرىلمىغان مېھمانلارنى قەيەرگە باشلاشنى بىلەلمەي ھەدەپ قوللىرىنى مۇجۇيتتى. يادىكار ئاچچىقتىن تېخىمۇ قارىداپ كەتكەنىدى. مەمەت بوسۇغۇ يادىكارنىڭ ئىپادىسىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى سەزگەن بولسا كېرەك، يېڭى كەلگەن مېھمانلارغا قاتتىق تەگدى:

— تۇراخۇن شۇجى، نېمە قىلغىنىڭلار بۇ؟! بىرەر قوينىڭ گۆشى يوغان نەرسىمۇ؟ گۆشنى كۆتۈرۈپ ئۇسۇپلا كىرەمسىلەر؟ ئۆيدە مېھمان بارلىقىنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟ بولدى، كېتىڭلار، ئەتە بىرنېمە دېيىشەيلى.

— بولىدۇ، زەنجاڭ. لېكىنزە بوغدايلىرىمىز ئۇسساپ كەتتى...

— كىمنىڭ بوغدىيى ئۇسساپتۇ؟! چارۋا شۇجى، سىلىنىڭ بوغدايلىرى ئۇسسىمىدىمۇ؟ سۇ نۆۋەتلىرىنى ئۇلارغا بىرەمدىلا؟ بەرمەيلا، شۇنداقمۇ؟ بولدى، گەپ بىر، قولاق ئىككى. چىقىپ ئىشىڭلارنى قىلىڭلار.

ئىككى مېھمان قانداق كىرگەن بولسا شۇنداق چىقىپ كېتىشتى.

يېرىم سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بولۇنغان بۇ ئىشلار

ماڭا بەكلا غەلىتە تۇيۇلغانىدى. قارىغاندا، مەمەت بوسۇغۇنىڭ يېزىدىكى ئىناۋىتى بەكلا چوڭ ئىدى. قىزلار ئۇنىڭ تەمكىن تۇرقىغا قاراپ مەنىلىك كۈلۈشەتتى. نېغمەت تېكە ھەدەپ باش بارمىقىنى چىقىرىپ، مەمەت بوسۇغۇنى ماختايتتى. بىراق، مەمەت بوسۇغۇ نېغمەت تېكىگە قاراپمۇ قويماستىن، پۈتۈن زېھنى بىلەن يادىكارغا قەلب چۈشەندۈرەتتى:

— بىلەمسەن، ئۇكا؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ ھۆرمىتىڭ. ئەگەر خالىساڭ، سىلەرگە ھەر ھەپتىدە بىردىن قوي سويۇپ بېرىشكە مەن كېپىل...

كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشتى. مەمەت بوسۇغۇ قاياقتىندۇ تېپىپ كەلگەن كىچىك ماتور بىلەن يادىكارنىڭ ھويلىسى، مېھمانخانىسى ۋە ئاشخانىسىغا توك يېقىلدى. بىزنىڭ تىزناپ دەرياسى بويىدىكى تۇنجى قېتىملىق ساۋاقداشلار ئولتۇرۇشىمىز رەسمىي باشلاندى.

جىر باشلادىم، جىر باشلادىم،
مۇزغا تاياق تاشلادىم.
جان دوستلارنىڭ ھۆرمەتىگە
مەن جىرىمنى باشلادىم.

ئوبدانلا تەڭشەلگەن ئەلقەر شوخ ناخشىسىنى باشلىدى. ئادەتتىكى چاغلاردا مەن سىنىپىمىزدا بولىدىغان بارلىق سورۇنلارنىڭ سەركىسى ئىدىم. بىراق، شۇ تاپتا يۈرىكىمگە بەتلىنىپ تۇرغان ئوتلۇق قارا كۆزلەر ئالدىدا ئەسىرگە چۈشكەنىدىم. شۇڭا خامۇش ھالەتتە ئولتۇرۇپ قاپتىمەن. بىر چاغدا نېغمەت تېكىنىڭ كۈچەپ تۈرتۈشى بىلەن ئېسىمگە كەلدىم. قارىسام، ھاجىگۈل ئالدىمدا ماڭا قول سۇنۇپ تۇرۇپتۇ. بىر قىزنىڭ ناتونۇش كىشىلەر ئارىسىدا يۈرەكلىك ھالدا مېنى تانسىغا تارتىشى ئاسان ئەمەس ئىدى. بىراق، مەمەت بوسۇغۇ بىلەن كەنت كادىرلىرىنىڭ ئوغرى مۇ-

شۆكەتەك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرۇشىغا قاراپلا رايىم ياندى. ئادەتتە روپاش ئاياللارنىڭ ئارقىسىدىن ماراپ يۈرىدىغان بۇ كىشىلەرگە تانسا يېڭىلىق ۋە مەدەنىيەت ئىدى. بىراق، بۇنداق بىلىمسىز كىشىلەردە ئادىللىق ۋە ھەققانىيەت بولمايدۇ. ئادىللىقنى بىلمەيدىغان كىشىلەردە ساداقەت ۋە سەمىمىيلىك بولمايدۇ. ئۇلار بۈگۈن بىز بىلەن تەقدىرداش بولۇپ كۈلگىنى بىلەن، ئەتىلا يەنە بىزنى كىشىلەر ئارىسىدا ھاياسىزلىقتا ئەيىبلەيدىغان ۋەزخورلارغا ئايلىنىدۇ. شۇڭا بۇنداق ئالا كۆڭۈل كىشىلەر ئارىسىدا يەنىلا ئۆزىمىزنى كونترول قىلىپ يۈرۈشىمىز كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كەيپىمۇ بەكلا ناچار ئىدى. شۇڭا يېلىنىش نەزىرىمدە يادىكارغا قارىدىم. ئۇ مەقسىتىمنى چۈشەنگەن بولسا كېرەك، بىر قىزىل ئالمىنى ئېلىپ، ھاجىگۈلنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

«تۇزسىز تاماق ئوخشىماس، ئۇسسۇلسىز مەشرەپ.» شۇنچە زوق - شوخ بىلەن ئېيتىلغان ناخشىنىڭ ئېتىبارسىز قالغىنى ئۈچۈن تېرىككەن ئەلقەر گىتارنى كۆرپە ئۈستىگە تاشلاپ جىمىپ كەتتى. سورۇننىڭ كەيپى بۇزۇلدى. ئەمەلىيەتتە، بۇنىڭ جاۋابكارى يەنە مۇشۇ چاقىرىلمىغان مېھمانلار ئىدى. كەيىپسىز تۇرغىنىمىزدا مەمەت بوسۇغۇ چاقىرىپ قويغان يەرلىك سازەندىلەر داپ، راۋابلىرىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كېلىشتى. ئۇزاق ئۆتمەيلا، دولان مەشرىپى باشلاندى.

ئالتۇن تارتايمۇ،
يامبۇ تارتايمۇ؟
ئايدا - يىلدا كەپتۇ دەپ،
ئۆزۈمنى ئاتايمۇ؟

ناخشا بىلەن تەڭ، خېلىدىن بېرى تىت - تىت بولۇپ تۇرغان مەمەت بوسۇغۇ چاي قۇيۇۋاتقان ئابىدەنى ئۇسسۇلغا تارتتى. قىز «ۋىللىدە» قىزىرىپ سىرتقا قاچتى. بىراق، مەمەت

شوخ ئۆسسۈلى بىلەن قىزنىڭ ئالدىنى توسۇپ ماڭغۇزماي قويـ.
دى. سازەندىلەر قىزىقچىلىق قىلىپ، سازلىرىنى يېڭى بىر پەدد.
گە يۆتكىدى:

يار كېتىمەن دەيدۇ،
كەتكىلى قويمايمەن.
يوللىرىغا سىم تارتىپ
ئۆتكىلى قويمايمەن.

سورۇندا بىردىنلا كۈلكە كۆتۈرۈلدى. سازەندىلەردىن بىرى قىزىقچىلىق قىلىپ «شوخە - شوخ» دەپ ۋارقىراپ قويدى. ئارقىدىن نېغمەت تېكە ھاجىگۈلنى ئۇسسۇلغا تارتتى. نېمە قىلد. شىنى بىلمەيۋاتقان ئابىدە تېخىچە تار كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ماڭا قاراپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ بىچارىلىك چىقىپ تۇرغان قىياپىتىگە قاراپ ئىختىيارسىز ھالدا باش لىڭشىتتىم. قىز مېنىڭ رازىلد. قىمنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا «قاس» چىقىرىپ ئۇسسۇلغا چۈشتى. قەدەم سىيرىشلىرىدىن باشلاپ پىرقىراشلىرىغىچە ئاجايىپ نەپىس بولۇپ، تۇرقىدىن ئۇ بايامقى تارتىنچاق قىزغا قىلچە ئوخشاشمايد. تى. شۇ تاپتا، تونۇمىغان كىشى ئۇنى كەسپىي ئارتىسمىكىن، دەپ قالاتتى. مەمەت بوسۇغۇ خورازغا ئوخشاش بازغىپ، ئابىدە. نىڭ ئارقىسىدىن پىرقىراپ يۈرەتتى. مەن ئۇسسۇلغا مەستخۇش بولۇپ تۇرغىنىمدا ئابىدە مېنى ئۇسسۇلغا تارتتى. قانداقلارچە ئورنۇمدىن تۇرغىنىمنى بىلمەيمەن. قارىسام، ئۇسسۇلنى ياخشى بىلمەيدىغان ھالىمغا سورۇننىڭ ئوتتۇرىدا تۇرۇپتىمەن. خىجالەت. چىلىكتىن تەرلەپ كەتتىم. پۇت - قوللىرىم كالانپايلىشىپ باشقۇرۇشۇمغا بوي سۇنمايتتى. ئاخىرىدا يەنىلا قىزنىڭ قاپقارا كۆزلىرى ۋە نازلىق بېقىشلىرى ماڭا كۈچ ئاتا قىلدى. مەن يېڭى ئايىغى چىققان بوۋاقتەك تەمتىرەپ يۈرۈپ قىزغا ماسلاشتىم.

مەمەت بوسۇغۇ ھە دېسىلا ئارىمىزغا كىرىۋېلىپ بىزنى ئايرىماقچى بولاتتى. بىراق، ئابىدە ماڭا تېخىمۇ يېقىن كېلىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئارىمىزغا كىرىشىگە ئىمكان بەرمەيتتى. نىھايەت، بۇ ئۇچ كىشىلىك كومېدىيىلىك ئۇسسۇل ئىدى.

ئەپسۇس، مىڭلارچە ئەپسۇس. شۇ چاغدا بۇ ئۇسسۇلنىڭ مەڭگۈلۈك ھايات فورمۇلاسى ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسام ھەرگىزمۇ ئوينىماس ئىدىم. كېيىنچە پۇشايمان قىلمىغان، دەرد تارتمىغان بولار ئىدىم.

ئۇزاق ئۆتمەي مەمەتنىڭ جىددىي ئىشى چىقىپ قالغىنى ئۇچۇن ھەمراھلىرى بىلەن بىللە چىقىپ كەتتى. سورۇن بىزگە ئوڭچە قالغاندىن كېيىن پۇخادىن چىققۇچە ئوينىدۇق، ناخشا ئېيتتۇق. مەڭگۇ ئېسىمدىن چىقمايدىغىنى شۇكى، مەن ئابىدە بىلەن سورۇن تۈگىگىچە بىللە ئوينىدىم. ۋالىستىن باشلاپ، ئاتنۇشكىغىچە، رومبىدىن باشلاپ تانگوغىچە بىز ئەڭ پار كەلگەن جۇپلاردىن بولۇپ قالدۇق. ئاينۇرخان ئانا قىزىغا قاراپ توختىماي كۈلەتتى. خۇشاللىقتىن كۆزلىرى پات - پات ياشقا تولاتتى. يادىكار قاقاقلاپ كۈلۈپ، ئانىسىغا بىرنېمىلەرنى دەيتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مەن بىلەن ئابىدە بوگۇنكى مەشرەپنىڭ قىزىقچىلىرى ئىدۇق.

ئولتۇرۇش يېرىم كېچىدە ئاخىرلاشتى. ياتاققا قايتىدىغان چاغدا كەنتنىڭ ئىنتىپاق شوجىسى، قوشۇمچە بىزنىڭ شوپۇرىمىز تۇرسۇن سوپۇرگى ئېسىمىزگە كەلدى. قارىساق، ئۇمۇ، خان مەپىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

مەن شۇندىلا ياتاققا پىيادە قايتىدىغانلىقىمىزنى پەرەز قىلدىم. چۈنكى، مەمەت بوسۇغۇ ئابىدەنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىدىن رەنجىپ، «بىزنى ئالتە - يەتتە كىلومېتىر يولنى پىيادە ماڭسۇن» دەپ قەستەن خان مەپىسىنى قايتۇرۇۋەتكەندى. يادىكار بىزنى قوندۇرۇپ قالماقچى بولدى. بىراق، ئون نەچچە كىشى

بىر ئۆيگە سىغمايتتۇق. باش باھارنىڭ سوغۇق كېچىسىدە پىشاي-ۋاندا ياتقىلى بولمايتتى. ئاخىر سۆتتەك ئايدىڭدا ئۇن نەچچە ستودېنت ناخشىنى دۆڭ تۇۋلاپ، كۆلكە - چاقچاقلار بىلەن ياتىقىمىزغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق.

ئاپئاق ئايدىڭ كېچىدە،
ئاي كۆرۈندۈمۇ ساڭا.
پىراقىڭدا قان يىغلاپ،
خار كۆرۈندۈمۇ ساڭا.

ياشلىق دېگەن ئاجايىپ بولىدىكەن. يەتتە - سەككىز سائەت-لەپ، راسا ئويناپ، يەنە يېرىم كېچىدە ئالتە - يەتتە كىلومېتىر يولنى پىيادە بېسىپ، ئاخىر ئازغان كەنتىدىكى ياتىقىمىزغا قاي-تىپ كەلدۇق. ھېچكىم چارچىغاندەك ئەمەس، يەنىلا شوخ كۆلكە - چاقچاقلار داۋاملاشماقتا ئىدى... بىراق، ياتاقنىڭ ئالدىغا كېلىپلا ھەممەيلەننىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. چۈن-كى، ئىشىك ئالدىدا بىر ئەر كىشى قان ئىچىدە ياتاتتى.

**4**

مەن يەنىلا يادىكارغا قايىل. چۈنكى جىددىي پەيتتە نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي تەمتىرەپ يۈرسەم، ئۇ تەمكىنلىك بىلەن رېئاللىققا يۈزلىنىدۇ. مانا، قان ئىچىدە ياتقان كىشىگە قاراپ نېمە قىلارىمنى بىلمەي تۇرغىنىمدا، ئۇ يۈرەكلىك ھالدا قولىنى ھوشسىز كىشىنىڭ بۇرنىغا تۇتتى. توغرا، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ تىنىقى بار ياكى يوقلۇقىنى، ئاندىن كىم ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش كېرەك...

يادىكارنىڭ ئەسكەرتىشى بىلەن دەرھال ياتاققا كىرىپ، قول-

چىراغنى ياندۇرۇپ چىقتىم. بىراق، بىر قاراپلا، كۆزلىرىمگە
ئىشەنمەي تۇرۇپلا قالدىم. چۈنكى، قان ئىچىدە ياتقان كىشى —
بىزنىڭ ۋاقىتلىق شوپۇرىمىز، كەنتنىڭ ئىتتىپاق شۇجىسى تۇر-
سۇن سوپۇرگى ئىدى. شۇ تاپتا، ئۇنىڭ بېشىدىن ئاققان قان
قاغجىراپ كەتكەن قۇمساز تۇپراقنى قىپقىزىل بوياۋەتكەنىدى.

— تۇرسۇن!

— تۇرسۇن، كۆزۈڭنى ئاچقىنا!

— نېمە بولدۇڭ، ئاداش؟

سوئاللار جاۋابسىز قالدى. تۇرسۇننىڭ بېشىدىكى يارا ئېغى-
زىدىن چىقىۋاتقان قان ئەمدىلا خەت تارتقان بۇرۇتلىرىنى بوياپ
بويۇنلىرىغا قاراپ ئاققان، كىيىملىرى بەدىنىگە چاپلى-
شىپ قالغانىدى.

كاللامدا نۇرغۇن سوئال، بۇ نېمە ئىش؟ نېمىشقا بۇنداق
بولىدۇ؟··· بىراق ھازىر بۇلارنى ئويلايدىغان ۋاقىت ئەمەس. شۇ
تاپتا، ئاق قاشقىنى خان مەپىسگە قېتىپ، تۇرسۇننى دوختۇرخا-
نىغا ئاپىرىش كېرەك. شۇندىلا ئۇنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزغىلى،
سوئاللارغا جاۋاب تاپقىلى بولىدۇ.

— ھارۋا تاپايلى.

سۆزۈم تۈگىمەيلا، يادىكار يۈگۈرگەن پېتىچە تۈن قاراڭغۇ-
سى ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى. مەن قىزلاردىن بىرى ئۇزاتقان
ياغلىق بىلەن تۇرسۇننىڭ بېشىنى چىڭ تاڭدىم. بىراق، سۈت
رەڭ ياغلىق بىردەمدىلا قىپقىزىل قانغا بويالدى. ئەھۋال خەتەر-
لىك ئىدى. ئەگەر قان توختىمىسا، ئون نەچچە كىلومېتىر يىراق-
لىقتىكى يېزا دوختۇرخانىسىغا بارغۇچە تۇرسۇننىڭ ھاياتى ئاخىر-
لىشىپ قالاتتى.

مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى قىسقىلا ئورۇنلاشتۇردۇم: نېغمەت
بىلەن ئىككىمىز تۇرسۇننى يۆلەپ دوختۇرخانىغا ماڭىدىغان؛
ئەلقەر بىلەن يادىكار ھارۋا ئىزدەپ بىزگە يېتىشىدىغان؛ ھاجى-

گۈل بىلەن باشقىلار تۇرسۇن سۇپۇرگىنىڭ تۇغقانلىرى ۋە باشقا كەنت كادىرلىرىغا خەۋەر قىلىدىغان بولدى.

تۇرسۇن سۇپۇرگىنى ھاپاش قىلىپ كەنت قورۇسىدىن چىقىۋاتقىنىمدا، يادىكارنىڭ كەنت ئالاقىچىسى ئابباسنى تىللىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھۇ... لەقۋا، قۇلىقىغا ماز تىقىۋالغان پالڭ! ئادەم ئۆلدى. تېز تۇر ئورنۇڭدىن، ئىشىكنى تېز ئاچ! ھېلى بىكار سۇندۇرۇپ كىرىمەن...

توپلىق يولدا يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كېتىپ بارىمىز. ئادەتتە ئاز - تولا ئاۋارىچىلىكنى كۆرسە كوتۇلداپ ئاغزى بېسىقمايدىغان نېغمەت شۇ تاپتا تۇرسۇننى يۈدۈپ ئۈن - تىنسىز ھالدا كېتىپ باراتتى. ھەر ئىككىمىزلا قارا تەرگە چۆمگەنىدۇق. پۇت - قوللىرىمىزنىڭ ماغدۇرى كەتكەنىدى. بىراق، تۇرسۇننىڭ ھاياتى بىزنى توختىماي يۈگۈرۈشكە بۇيرۇيتتى.

— چۈھ! تېز چاپ، تېز...

ئارقىمىزدىن ھارۋىنىڭ تاراقلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. قارىسام، يادىكار، ئەلقەر ۋە ئابباس قاتارلىقلار ئاق قاشقىنى چاپتۇرغان پېتىچە كېلىۋېتىپتۇ. بىز تۇرسۇننى ھارۋىغا ياتقۇزدۇق، ئاندىن كۆپ قان ئېقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بېشىنى ئېگىز قىلىپ يۆلىۋالدۇق. ھارۋىنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ ئابباس توختىماي سۆزلەيتتى:

— قايسى قارا يۈزنىڭ قىلغان ئىشى بۇ؟ قىشمۇ ياز ئېرىق - ئۆستەڭ ياقىلاپ سۇيىمىزنى ھەل قىلىپ بېرەتتى. ھېچكىمگە قىلىدەك يامانلىقى يوق، ئەجەب بەلەن بالا ئىدى. ئىسىت، ئىسىت...

يول بويى جىمجىت ماڭدۇق. تۇرسۇن بەزىدە ئىڭراپ قوياتتى. بەزىدە قۇدۇق دەمدۇ، يەر دەمدۇ، ئىشقىلىپ، چۈشىنىكسىز بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلاتتى. مەن ئاخشامقى مەشرەپنى بىر-

قۇر ئەسلەپ چىقتىم. بىراق، تۇرسۇن باشتىن - ئاخىر هاراق ئىچمىگەن. ھەتتا مەمەت بوسۇغۇ ئۇنى تىللىغاندىمۇ زادىلا ئىچمىدى. كېيىن چاۋار شۇجى ئۇنى «موزاينىڭ يۇگۇرۇشى سامانلىقچە، كەنتتە ئۆزۈڭنى بىلىپ يۈر...» دەپ بىرمۇنچە تىللاپ كەتكەنىدى.

يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسىغا كەلگىنىمىزدە تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى. ھەممىمىز ھېرىپ ھالىمىزدىن كەتكەچكە، هارۋىدا سولىشىپ ئولتۇرۇشاتتۇق. يادىكار دەرۋازىنى توختىماي شاراقلاتقاندىن كېيىن بىر دوختۇر بالا يۈگۈرۈپ چىقتى. تۇرقىدىن ئۇيقۇسىنىڭ هارام بولغىنى ئۇچۇن خاپا ئىدى. ئۇ دەرۋازىنى ئېچىۋېتىپ سوغۇقلا سورىدى:

— نېمە ئىش؟

— ياردار ئەكەلگەنتۇق.

ئۇ تۇرسۇننىڭ يېرىلغان بېشىغا قارىدى. ئاندىن بىزگە ئالىيىپ قارىدى. بەدىنىمىزدىن تېخىچە هاراق پۇراپ تۇراتتى. چوڭ شەھەردە كىيىدىغان مودا كىيىملىرىمىزمۇ ئۇنىڭغا باشقىچە كۆرۈنگەن بولسا كېرەك، ئۇ يادىكارغا قاراپ بۇيرۇق قىلدى:

— راست گەپ قىلىڭلار، زادى نېمە ئىش بولدى؟

يادىكار قىسقىلا جاۋاب بەردى:

— بىز كۆرگەندىمۇ مۇشۇنداق يېتىپتىكەن. نېمە ئىش بولغىنىنى راستىنلا بىلمەيمىز.

دوختۇر بالىنىڭ خۇيى تۇتتى - دە، قولىنى شىلتىغىنىچە بىزنى تىللاپ كەتتى:

— سەنلەر مېنى نېمە كۆرۈپ قېلىشتىڭ؟! هاراق ئىچىپ، جېدەل تېرىپ، يەنە گەپ ياسايسەنغۇ؟! نېمىدەپ ساقچىغا بارمىدىڭ؟! يوقال! نەگە بارساڭ بار.

— خوپ بولدىمۇ؟ — دېدى نېغمەت تېكە كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى بۇرنۇمغا تەگكۈزۈپ تۇرۇپ، — سەن ئەخمەق، ھە دېسىلا

ئارتۇق ئىشلارغا ئارىلىشىسەن. نېمە چاتىقىڭ خەق بىلەن؟ بىر - ئىككى سائەت ئۇخلىماي، ئاران كەلسەك، نېمە دەيدۇ ماۋۇ سېرىق تۇك؟!

نېغمەتنىڭ گېپى تۈگىمەيلا ھېلىقى دوختۇر بالا ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئالدى. خېلىدىن بېرى جىلە بولۇپ تۇرغان يادىكار دوختۇرنىڭ بېشىدىن كۆچەپ بىرلا ئىتتىرىۋىدى، دوختۇرنىڭ قولى نېغمەتنىڭ ياقىسىدىن ئاجراپ كېتىپ قىيا ئوچۇق تۇرغان دەرۋازىغا سوقۇلدى. ئاچچىقى كەلسە ئۆزىنى تۇتالمايدىغان يادىكار بېشىنى تۇتۇپ ئىڭراپ تۇرغان دوختۇرغا يولۋاستەك تاشلاندى...

دوختۇر ھەش - پەش دېگۈچە يادىكارنىڭ ئايىغى ئاستىدا قالدى. ئەھۋال يامانلىشىپ كەتتى. دوختۇر بالىنىڭ كۆز چاناقلىرى يوغىناپ كەتكەن بولۇپ، ئەمدىلىكتە قورقىنىدىن لاغىلداپ تىترەيتتى. ئەگەر ۋاقتىدا ئاجراتمىغان بولساق دوختۇر بالىنىڭ ئاغزى - بۇرنى قانغا بويىلىپ كېتەتتى.

— ماڭا قاراڭ، — دېدىم مەن تېخىچە تىترەپ تۇرغان دوختۇر بالىغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، — بىز لۈكچەك ئەمەس، بەلكى پراكتىكىغا كەلگەن ئوقۇغۇچىلار. ھاراق ئىچكىنىمىز راست. لېكىن ئادەم ئۇرمىدۇق. مۇنداق بولسۇن، سىز كېسەل داۋالاڭ، بىز دېلونى مەلۇم قىلايلى. گۆرۈدە قويغىنىمىز بولسۇن، ماۋۇ ساۋاقداش يېنىمىزدا تۇرۇپ كېسەلگە قارىشىپ بەرسۇن، بولامدۇ؟

— بولىدۇ، بۇ كېسەل ئازغان كەنتىنىڭ كادىرى. ماجىرالىشىپ يۇرمەيدىغان كىشى. ئالىمادىس، بىرەر چاتىقى چىقىپ قالسا بالاسىغا قالىدىغان گەپ. ئۇنىڭ ئۇستىگە قان كۆپ چىقىپ كېتىپتۇ. داۋالاشنىڭ ئۇنۇمى بولمىسا، ئوخشاشلا بالاغا قالىدىغان گەپ...

دېمەك، ئۇ مەسئۇلىيەتتىن قورقىدى. لېكىن تۇرسۇنىنىڭ

قان ئىچىدە ھوشسىز ياتقىنىغا ئۈچ سائەتتىن ئاشقان بولۇپ، جىددىي قۇتقۇزمىسا ھاياتىغا كېپىللىك قىلغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە قاتناش شارائىتى ناچار بولغاچقا، ناھىيىگە يۆتكەپ كىرىشكىمۇ ئۈلگۈرمەيتتى. بۇنداق ئەھۋالدا پەقەت مۇشۇ جايدىلا داۋالاشقا بولاتتى. شۇڭا مەن دوختۇرنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈمگە ئېلىش توغرىسىدا ھۆججەت يېزىپ بەردىم. تۇرسۇن ئاخىر ئوپېراتسىيە ئۆيىگە ئەكىرىلدى.

نېغمەتنى قالدۇرۇپ، دوختۇرخانىدىن چىقىشىمىزغا ئاغزى - بۇرنى قانغا بويالغان چاۋار شۇجى ۋە كىيىم - كېچەكلىرى يىرتىلغان، يۈز - كۆزلىرى جاراھەتلەنگەن بىر توپ كىشى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدۇق. ئۇلارنى يېزىلىق ساقچىخانىنىڭ بىرنەچچە ساقچىسى دوختۇرخانىغا باشلاپ كەلگەنىدى.

## 5

ئاسما ئوكۇل ئاۋازسىز تامچىلاپ تۇراتتى. كالپۇكلىرى گەز باغلاپ كەتكەن تۇرسۇن پات - پات ئازابلىق ئىڭراپ قوياتتى. تۇغقانلىرى كېسەلخانىنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ھوشىغا كېلىشىنى كۈتەتتى. بەزىلىرى بىمارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن ياتاققا بويۇنداپ قارايتتى. يارىدارلار تېخىمۇ كۆپەيمەكتە ئىدى. باش - كۆزلىرى قانغا بويالغان كىشىلەر ئۆزئارا تىللىشىپ، ئاياللار يىغا - زار قىلىشىپ دوختۇرخانىنىڭ تىنچلىقىنى بۇزاتتى.

مەن كىشىلەر توپىغا قارىغىنىمچە ئۆز - ئۆزۈمگە سوئال قويىمەن: «نېمىشقا؟ نېمىشقا بۇنچىۋالا ئېغىر مەسىلە يۈز بەردى؟ ئادەملەر نېمە سەۋەبتىن بۇنچە ۋەھشىيلىشىپ كەتتى؟...»

— سۇ...

مەن يىغا - زار ئىچىدە تۇرسۇننىڭ تونۇش، لېكىن زەئىپ

ئاۋازىنى ئاڭلىغانىدەك بولدۇم. قارىسام، ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايى ۋە گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىدە ئۇسسۇزلۇق ۋە تەشنا-لىق ئەكس ئېتەتتى.

— سۇ ...

تۇرسۇن ئىككىنچى رەت چاقىرغاندا، ئاۋازى كارىدورغىچە ئېنىق ئاڭلاندى. ئۇنىڭ قاپقارا قوي كۆزلىرى ئاستا - ئاستا ئېچىلدى. ئاندىن بىرىنى ئىزدەۋاتقاندەك ئەتراپقا قاراشقا باشلى-دى. مەن ئۇنىڭ ئاق داكا بىلەن تېڭىپ قويۇلغان بېشىنى ئاستا يۆلىدىم، يادىكار ئۇنىڭغا سۇ ئىچكۈزدى.

تۇرسۇن ئەتراپتىكىلەرگە سىنچىلاپ قاراپ ئەلەملىك چاقىر-دى:

— ئاكا ...

— ئۇكام!

— سىلەر نېمىشقا باش - كۆزۈڭلارنى تېڭىۋالدىڭلار؟

— ھېچنېمە بولمىدۇق. پەقەت شەيخلەر جەمەتىدىن قىسا-سىڭنى ئالدۇق. ئىسىت، ئۇكام، شۇ چاغدا بىز يوق بولۇپ قاپتىمىز. ئىسىت، شۇ چاغدا بىرىمىز يېنىڭدا بولغان بولساق، ئۇلارنىڭ قېنىنى ئىچەتتۇق...

— چاناپ، بوينىنى ئۈزەتتۇق.

— قارنىنى يۆسەتتۇق.

— كۆزىنى ئويۇتتۇق...

تاپا - تەنىلەر كۆپىيىپ، كېسەلخانا يىغا - زارىدىن لەرزىگە كەلدى. كىشىلەرنىڭ نالە - پەريادلىرى ئىچىدە تۇرسۇننىڭ ئاۋا-زى يەنىلا يېتىم بوۋاقنىڭ ئاھۇزارىدەك مۇڭلۇق ئىدى.

— بولدى قىلىڭلار!

يادىكارنىڭ زەردىلىك ۋارقىرىشى بىلەن ھەممەيلەن جىمىپ قېلىشتى:

— ئەر كىشىمۇ سىلەردەك بولامدۇ؟ كېسەل كىشىنىڭ

يېنىدا خوتۇن خەقتەك يىغلىغىنىڭلار نېمىسى؟ ئاۋۋال نېمە ئىش بولغىنىنى بىلگىلى قويۇڭلار. قېنى ئېيتە، زادى نېمە ئىش بولدى؟

تۇرسۇن يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلىدى:

— ئىسىت، نېمە قىلاتتىم شۇ سېسىق كۆلگە سۇ ئالىمەن دەپ؟! ئۇ مېنىڭ شەخسىي كۆلۈممۇ؟ قۇرتلاپ كەتسە سۇنى مەن يالغۇز ئىچەتتىممۇ؟ «كۆلگە سۇ ئالسا ساۋاب دەيدۇ» ئۇ ئېشەك ئوغرىسى شەيخلەر. ئاران تۇغلاپ سۇ باشلىسام، ئەخەت چاپاق تۇغنى ئېچىۋەتتى. كەتمەنگە ئېسىلغىنىمنى بىلىمەن. بىرى تۇيۇقسىزلا بېشىمغا كەتمەن بىلەن ئۇرۇۋەتتى. ئېرىق ئىچىدە ھوشسىز يېتىپ قاپتىمەن. ئەتراپتا ھېچكىم يوق، ئاخىر سىلەرنىڭ ياتىقىڭلارغا قاراپ ماڭدىم. كېيىن، كېيىن...

— خەپ! — دېدى ئارىدىكى ياشراق بىرى، — قېچىپ كېتىپتۇ. بولمىسا كۆرىدىغىنى بار ئىدى...

— قېچىپ نەگە بارالايدۇ؟ ئۇچقان قۇشنىڭ يەرگە قونمىغىنى بارمۇ؟! ئاخىر بىر كۈن قولىمىزغا چۈشىدۇ. قېنى، قانداق قىلاركىن شۇ چاغدا؟

— بولدى قىلىڭلار، — دېدى يادىكار تەمكىنلىك بىلەن، — ئازغان كەنتىدىلا ئەمەس، بىزنىڭ يۇلغۇنجاي كەنتىدىمۇ، پۈتۈن قۇمبار يېزىسىدىمۇ ئوخشاشلا سۇ قىس. سۇ سەۋەبىدىن زامانلاردىن بېرى جىدەل - ماجىرا ئۈزۈلمەي كەلدى. بەزىدە سىلەر شەيخلەر جەمەتىنى يەڭدىڭلار، بەزىدە شەيخلەر جەمەتى سىلەرنى يەڭدى. لېكىن ھازىرغىچە قۇرغاقچىلىقنى ھېچكىم يېڭەلمىدى. دادامۇ سۇ قۇرۇلۇشىدا ئۆلۈپ كەتكەن. مەنمۇ سۇچىلىق كەسپىدە ئوقۇۋاتىمەن. سىلەرمۇ ھەر يىلى سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىۋاتىسىلەر. لېكىن سۇ قىيىنچىلىقىنى ھازىرغىچە تولۇق ھەل قىلالمىدۇق. بۈگۈنكى سۇ ماجىراسىدا يارىلانغانلار ئوتتۇزدىن ئېشىپتۇ. ھەتتا ياشانغانلار، ئاياللار ۋە بالىلارغىچە

جىدەلگە ئارىلىشىپتۇ. ئوپېراتسىيە ئۆيىمۇ قان يۇقى داكا بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ. دەرۋازا سىرتىدا يەنە نەچچە يۈز ئادەم جىدەلگە تەييارلىنىپ تۇرۇپتۇ. كارىدور ۋە دەرۋازىنى كونترول قىلىشقا ساقچىلار يېتىشمەيلا قاپتۇ. دېمەك، بۇ قېتىمقى سۇ ماجىراسىمۇ كىچىك ئىش ئەمەس. سۇ يېتىشمەسلىك مەسىلىسى تۈپ يىلتىزى-دىن ھەل بولمىسا، ئازغان كەنتىدىكى جىدەلمۇ مەڭگۈ ھەل بولمايدۇ. ھەتتا ئۆلۈم ۋەقەسى چىقىشىمۇ مۇمكىن.

يادىكار شۇ تاپتا پراكتىكىغا كەلگەن ستودېنتقا ئەمەس، بەلكى مەسىلە ھەل قىلىۋاتقان كادىرغا ئوخشايتتى. مېنىڭ نەزى-رىمدىكى چۈس مىجەزلىك يىگىت ئەمدىلىكتە قاياقتىدۇ يوقال-غان، ئۇنىڭ ئورنىغا مۇشۇ تۇپراقتا ئۈسۈپ يېتىلگەن، مۇشۇ تۇپراقنى سۆيگەن، مۇشۇ قۇمساز تۇپراققا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان ئوت يۈرەك يىگىت كە ئالماشقانىدى. باشقىلارمۇ «توغرا»، «شۇنداق» دېيىشىپ يادىكارغا قايىللىقىنى بىلدۈرۈش-مەكتە ئىدى. تۇرسۇننىڭ سارغايغان چىرايىغىمۇ كۈلكە يۈگەر-گەنىدى.

پاراڭلىشىپ تۇرساق، سۇ پونكىتىنىڭ باشلىقى مەمەت بو-سۇغۇ كېسەلخانىغا يۈزى خام ئۆپكىدەك لىغىلداپ تۇرىدىغان بىر بەستلىك كىشىنى باشلاپ كىردى. بىرى قۇلىقىمغا «ئۇ — تۇراق رازىق شۇجى...» دەپ پىچىرلىدى. ھەممەيلەن ئۇ كىشى بىلەن قوش قوللاپ كۆرۈشتى. كۆرۈشۈشتىن كېيىن، تۇراق شۇجى تۇرسۇندىن قىسقىلا ئەھۋال سورىدى:

— قانداقراق؟

— خېلى ياخشى.

— ھىم، — دېدى تۇ شۇجى دىمىقىنى قېقىپ، — سېنىڭ ئەھۋالىڭ ئەلۋەتتە ياخشى. لېكىن مېنىڭچۇ؟ كاللا ئىشلەتمىگە-نىڭ ئۇچۇن بىر كەنت خەلقى قانغا بويالدى. ئون كۈن ئىچىدە بۇغدايىنى سۇغىرىپ بولۇش پىلانىمىز يوققا چىقتى. كىم سېنى

كۆلگە سۇ قويسۇن دېگەن؟ ! مانا ئەمدى بۇ جېدەل پۈتۈن ناھىيە-
گە، ھەتتا ۋىلايەتكىچە داڭ كەتتى. ئەمدىكى مەسئۇلىيەتنى كىم
ئۈستىگە ئالىدۇ؟ سەنمۇ؟ ھۇ قاپاق باش!

بۇ ھۆرمەتلىك زاتقا ئىختىيارسىز نارازىلىقىم قوزغالدى.
چۈنكى سۇ ئىچمىسىمۇ ئادەملەر ئوخشاشلا ئۆلەتتى. بۇ ۋاقىتىدىن
كۆلگە سۇ ئېلىشمۇ بۇغداي سۇغىرىشقا ئوخشاش مۇھىم ئىش
ئىدى. بىراق، بۇ ئادەم ۋەزىپىنى دەپلا كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى
ئويلىمىغانىدى.

— تۇ شۇجى، — دېدى تۇرسۇن زورىغا كۈلۈپ، — بالىلىق
قىلسام قىلغاندىمەن. بىراق كۆلنىڭ سۈيىنى بىرىنچى ئايدا قۇي-
غان. ھازىر قۇرتلاپ، سېسىپ كەتتى. كۆل سۈيىنى ئىچكەن
ئادەملەرنىڭ ئىچى سۈرۈپ كەتتى. ھەتتا ھايۋانلارمۇ شاتىراقلاي-
دىغان بولۇپ قالدى. سۇ مەسىلىسىنى، كونا قۇدۇقنى رېمونت
قىلىش مەسىلىسىنى نەچچە رەت ئىنكاس قىلدۇق. لېكىن...

— لېكىن نېمە؟ مەن ھەل قىلىپ بەرمىدىم، شۇنداقمۇ؟
ھەي تۇرسۇن، كاللاڭ نەگە كەتتى؟ قۇدۇقنى سۇ ئىدارىسى
ئوڭشايدۇ. سىياسەتنى مەن ئوڭشايمەن. سەن بۇنى بىلەمسەن،
ھە؟ كاللاڭ جايىدىمۇ سېنىڭ؟ ! ياكى سېسىق سۇنى تولا ئىچىپ
ئەقلىڭدىن كەتتىڭمۇ؟ مەن دەپ قوياي، بۇ گۇناھىڭ ئۈچۈن
ھېساب بېرىسەن تېخى...

ئارىدىن بىرى تەنە قىلدى:

— كۆلگە سۇ قۇيۇش گۇناھمۇ؟ !

— ياق، خەلقنىڭ خىزمىتىنى قىلغان گۇناھ!

— تاياق يېگەن ئادەمدىن ھېساب ئالساق ئادىللىق بولامدۇ؟

— شۇ ئەمەسمۇ؟ ! نېمانداق تەتۈر جاھان بۇ؟ !

— ئاغزىڭنى يۇمۇش! — دېدى تۇراق شۇجى كىشىلەرگە
غەزەپلىك ھۆرپىيىپ، — سەن نېمىلەرنىڭ ئاتا - بوۋاڭ شۇ
سېسىق سۇنى بىر ئۆمۈر ئىچكەن، سەنلەرمۇ شۇ سېسىق سۇنى

ئىچىپ چوڭ بولغان. شۇنچە زاماندىن بېرى زىيان قىلمىغان سۇ ئەمدىلىكتە زىيان قىلدىمۇ؟ تېخى ئادىللىق دەيسەن. بوپتۇ، ئادىللىق ئىزدىسەڭ بېيجىڭغا بار. لېكىن بۇ دېگەن قۇمبار...

شۇجىنىڭ گېپى تۈگىمەيلا تۇرسۇنىنىڭ تۇغقانلىرى ئاچچىق بىلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى:

— ئەرز قىلايلى.

— يۇقىرىغا بارايلى...

كىشىلەرنىڭ تاپا - تەنىلىرى بىلەن تۇ شۇجىنىڭ قەھر - غەزىپى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئاچچىقتىن ئۇنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغان قوۋۇز گۆشلىرى لىغىرلاپ تىترەپ تۇراتتى. تۇراق شۇجى مەس- خىرىلىك كۈلۈپ كېسەلخانىدىكىلەرگە قولىنى شىلتىدى:

— نېمە؟ سىلەر ئەرز قىلماقچى؟ بوپتۇ، ئەرز قىلىڭلار! لېكىن هازىر ئەمەس، ئالدى بىلەن جېدەل چىقىرىپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزغىنىڭلار ئۈچۈن يېزىنىڭ كۆكجىگدە دېهقانچىلىق مەيدانىغا ئون بەش كۈنلۈك كېۋەز ئوتاشقا بارىسىلەر. ئەرزنى ئىش تۈگىگەندە قىلارسىلەر. هاي ئەسقەر، قېنى سەن؟ بولە چاققان، ماۋۇ تۇغقانلارنى هاشارغا توغرىلا... تېز بول!

بىراق، ئىشىكتىن ئەسقەر ئىسىملىك ساقچى ئەمەس، بەلكى ناهىيىنىڭ سۇ ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن هاكىمى ئابدۇقادىر هاشىم باشچىلىقىدىكى خىزمەت گۇرۇپپا خادىملىرى كىرىپ كەل- دى. مەن كىچىك پېئىل بۇ ئادەمنى ناهىيىلىك هۆكۈمەت مېھ- مانخانىسىدىكى كەچلىك تاماقتا كۆرگەنىدىم. شۇ چاغدا ئۇ بىر- نەچچە يېزىنىڭ باشلىقلىرى بىلەن بىرگە بىزگە هاردۇق چېيى بەرگەنىدى.

— كەلسىلە هاكىم، كەلسىلە، — دېدى تۇ شۇجى هاكىم بىلەن قوش قوللاپ كۆرۈشۈپ تۇرۇپ، — بۇ ئىش بىلەن سىلد- نىمۇ ئاۋارە قىپتۇ. سەت بولدى، سەت بولدى. ئەسلىدە ئۆزۈم بىۋاستە هەل قىلىۋاتقان...

ھاكىم كېسەلخانىدىكىلەر بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرۈشكەندىن كېيىن تۇرسۇننىڭ قولىنى تۇتۇپ، مۇلايىملىق بىلەن سۆزلىدى:

— بايام يېزا باشلىقىڭلاردىن ھەممىنى ئاڭلىدىم. سىرتتىكى ئاما بىلەنمۇ ئەھۋاللاشتىم. بۇ قېتىمقى سۇ تالىشىش ماجىراسى بىزگە ئېچىنىشلىق بىر ئاچچىق ساۋاق بولدى. مەن بىر رەھبەرىي كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن خەلقنىڭ ئىچىملىك سۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بېرەلمىدىم. شۇ سەۋەبتىن، بۇ قېتىمقى يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقتى. بولغۇلۇق بوپتۇ. ھازىرقى گەپ — بارلىق چارە ئامالLارنى قوللىنىپ خەلقنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش، ئورتاق ئىزدىنىپ، ئىچىملىك سۇنى تۇرۇبىلاشتۇرۇش كېرەك. بۇ قېتىمقى ماجىرادا يارىدار بولغانلارنى ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسى مەسئۇل بولۇپ داۋالايدۇ. چىقىمنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كۆتۈرىدۇ. سىياسىي قانۇن تارماقلىرى قانۇنىي جاۋابكارلىققا ياتىدىغان مەسىلىلەرنى قانۇن بويىچە قەتئىي بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. يەنە قۇمبار يېزىسىنىڭ سۇ باشقۇرۇش خىزمىتىنى تەرتىپكە سېلىپ، ناھىيە بويىچە تەجرىبە كېڭەيتىش لازىم. قانداق يى شىياڭجاڭ، بۇنى قىلالامسىلەر؟

يېزا باشلىقى ئىلى موللەك گەپ قىلغۇچە مەمەت چاققان كەلدى:

— خاتىرجەم بولسىلا، ھاكىم. چوقۇم قىلالايمىز، سۇ تېجەش، سۇ ئىسراپچىلىقىنى تۈزىتىش جەھەتتە ياخشى پىلانلىرىمىز بار. بولۇپمۇ سۇ مەنبەسىنى ئېچىپ، خەلقنىڭ ئىچىملىك سۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشتا ئازغان كەنتىنىڭ كونا قۇدۇقىنى رېمونت قىلماقچى بولۇۋاتىمىز. تېخنىكا جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلارنى يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ ماۋۇ تېخنىكلىرىغا تايىنىپ ھەل قىلىمىز. مەبلەغ قىيىنچىلىقى...

مەمەت بوسۇغۇنىڭ مەمەدانلىق بىلەن ئاتقان پولىرىغا تۇراق شۇجىدىن باشلاپ، ھالسىزلىنىپ تۇرغان تۇرسۇن سۇپۇرگىگىچە ھەممىمىز ھەيران قالدۇق. بىراق، ھاكىم دەل ۋاقتىدا ئېيتىلغان بۇ تەكلىپ ئۈچۈن ئالتۇن تېپىۋالغادەك خۇشال بولغانىدى.

— مەبلەغ قىيىنچىلىقىنى، — دېدى ھاكىم يادىكارنىڭ مۇرىسىگە ئۇرۇپ، — قانچىلىك كەتسە، شۇنچىلىك ھەل قىلىپ بېرىشكە مەن مەسئۇل، بىراق سىلەر پراكتىكا قىلىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چوقۇم قۇدۇقتىن سۇ چىقىرىپ بېرىڭلار، بولامدۇ؟

ھاكىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ مېنىڭ ئاچچىقىم كەلدى. چۈنكى، تاشلاندۇق قۇدۇقنىڭ چاتىقىنى ھازىرچە ھېچقايسىمىز ئېنىق بىلمەيتتۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ ۋەزىپىمىز قۇدۇق ئوڭشاش ئەمەس، بەلكى تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدىكى يېزا ـ قىشلاقلارنىڭ يەر ئاستى سۇ زاپىسىنى تەكشۈرۈش ئىدى. بىراق، مەن بىرنېمە دەپ بولغۇچە يادىكار تىزلا ئىپادە بىلدۈرۈۋەتتى:

— مەبلەغ بولسىلا، بىز قۇدۇقنى چوقۇم ئوڭشاپ بېرىمىز.

— بولىدۇ، — دېدى ئابدۇقادىر ھاكىم خۇشاللىق بىلەن، — مەن سىلەرنىڭ مەسئۇلۇڭلار بىلەن كۆرۈشەي.

كېسەلخانا شادلىققا چۆمدى، بىراق مەن نارازىلىق بىلەن يادىكارغا قارىدىم.

## 6

تاشلاندۇق قۇدۇقتا ئىش باشلاندى.

يىللىق مەجبۇرىيەت ئەمگەك ۋاقتىغا ھېسابلاش شەرتى بىلەن دېھقانلار ئارىسىدىكى ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلارنى ئاساس قىل-

لىپ بىر قۇدۇق قېزىش ئەترىتى تەشكىللەندى. تۇرسۇن سوپۇرگى يىگىرمە ئىككى كىشىلىك بۇ ئەترەتنىڭ مەسئۇلى ئىدى. قۇدۇق قېزىش سەپەرۋەرلىك چوڭ يىغىنى ئۇنىڭ دوختۇرخانىدىن قايتىپ چىققان كۈنىگە توغرىلاندى. يىغىنغا كەنتتىكى دېھقانلاردىن باشقا يەنە پراكتىكا گۇرۇپپىمىزدىكى ساۋاقداشلار، يېزا باشلىقى ئىلى موللەك ۋە سۇ پونكىتىنىڭ باشلىقى مەمەت بوسۇغۇ قاتارلىق بەش ـ ئالتە يۈزچە كىشى قاتناشتى.

شۇ كۈنى مەن مەمەت بوسۇغۇنى قايتا كۆرگەندەك بولدۇم. ئۇ كىچىك بالىمۇ چۈشەنگۈدەك جانلىق، كەنت نوچىلىرىمۇ قورققۇدەك جىددىي سۆزلىدىكى، خېلى كۈنلەرگىچىمۇ كىشىلەر ئۇنىڭ سۆزى توغرىسىدا بەس ـ مۇنازىرە قىلىشىپ يۈردى. بەزىلەر ئۇنى سۇ ئىدارىسىگە باشلىق بولغۇدەك دېسە، بەزىلەر يېزا باشلىقى بولغۇدەك دېيىشىپ يۈرەتتى. دېمىسىمۇ، ئۇ گەپدانلىقى ۋە مۇھىتقا قاراپ ئۆزگىرىش ئىقتىدارى بىلەن ھەقىقەتەنمۇ رەھبەرلىك ماتېرىيالى ئىدى.

تاشلاندۇق قۇدۇقتا «1 ـ ماي» كۈنى ئىش باشلانغانىدى. بىراق، بۇ ۋەيرانە قۇدۇق نېمىشقىدۇ كۆزۈمگە تولىمۇ سوغۇق كۆرۈنەتتى. قۇدۇقنىڭ ئاغزى يەر يۈزىدىن ئون مېتىرچە چوڭقۇرلۇقتا بولۇپ، يوغان بىر قارا قازان بىلەن باستۇرۇپ قويۇلغانىدى. تۇرسۇننىڭ ئېيتىشىچە، ئەينى يىللاردا قۇدۇق مەشغۇلاتى ئۈچۈن ئون نەچچە كۋادرات مېتىر چوڭلۇقتا بىر يۇملاق شەكىللىك ئۆي سېلىنغانىكەن. بىراق، سۇ چىقماي، قۇدۇق تاشلىۋېتىلگەچكە، كىشىلەر ئۇ ئۆينىڭ ياغاچ ۋە خىشلىرىنى ئەكېتىپتۇ. كېيىنچە، بۇ قۇدۇق كەپسىز بالىلارنىڭ سىيرىلىپ ئوينايدىغان ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپتۇ. قۇدۇق ئەتراپىغىمۇ يوپۇرماقلىرى ئۇزۇنچاق، غولى تۈز غەلىتە بىر خىل دەرەخ ئۈنۈپ چىقىپ، ئەتراپ يېشىللىققا پۈركۈنۈپ قاپتۇ. لېكىن بۇ دەرەخ كۈندۈزى سېسىق پۇراق چىقىرىدىغان بولغاچقا، قۇدۇق ئەتراپىغا ھېچكىم

كەلمەيدىغان بوپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە كەنت مەسچىتىنىڭ ئىمامى يۇسۇپ مەخسۇم كىشىلەرنى «كونا قۇدۇقتا جىن بار» دەپ ئاگاھ-لاندۇرغانلىقى ئۇچۇن، يېقىندىن بېرى كەپسىز بالىلارمۇ يېقىن يولىمايدىغان بوپتۇ.

— سىيرىلغان توپىغا ئامال قىل!

بۇ — يادىكارنىڭ ماڭا قىلغان بۇيرۇقى. ئويلىساملا، ئاچ-چىقىم كېلىدۇ. چۇنكى، بىز قۇدۇق رېمونت قىلىشقا ئەمەس، بەلكى تەكلىماكان ۋادىسىنىڭ يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى تەكشۇ-رۇشكە كەلگەن. ئابدۇقادىر ھاكىمنىڭ بىر - ئىككى ئېغىز ماختاپ ئۇچۇرۇشى بىلەنلا يادىكار قۇدۇقنى رېمونت قىلىپ بې-رىشكە ماقۇل بولدى. راستىنى ئېيتسام، مەن شۇ چاغدا يېتەكچى ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ قوشۇلماسلىقىنى كۇتكەنىدىم. بىراق ئويلىمىغان يەردىن، يېتەكچىمىزمۇ «نامرات رايونلارنىڭ سۇ چى-لىق ئىشلىرىغا ياردەم بېرىش — بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز» دەپلا ماقۇل بوپتۇ. ئەمدىلىكتە، ئەلقەر قىزلارغا مەسئۇل بولۇپ قۇم-لۇقنىڭ سۇ ئورنىنى تەكشۇرىدىغان، يادىكار، مەن ۋە نېغمەت تېكە ئۇچىمىز قىرىق كۇن ئىچىدە قۇدۇقتىن سۇ چىقىرىپ بېرى-دىغان بولدۇق. شۇنىڭدىن باشلاپ، مەن ئۇچۇن ئەڭ جاپالىق كۇنلەر باشلاندى. ئوتتەك ئىسسىقتا مۇشۇ جىن تەگكەن قۇدۇقنى باقىمەن. گورۇپپا باشلىقلىق ۋەزىپەممۇ تەبىئىيلا يادىكارغا ئۆ-تۇپ كەتتى. ئۇ ھەمىشە ماڭا ۋارقىراپ - جارقىراپ بۇيرۇق قىلىدىغان بولدى. قىزلار يوق يەردە كۇلكە - چاقچاقمۇ يوق. كىچىككىنە ئىشلارمۇ ھارغۇزۇپ ھالىمىزنى قويمايدۇ. تېخى بۇ ساراڭنىڭ ياتاقنى قۇدۇق بېشىغا يۆتكەيمىز دېگىنى قىزىق؟! پاقا، سالىملار يۇگۇرۇپ يۇرىدىغان مۇشۇنداق جايدا ئۇ كىمنى ياتقۇزماقچىكىنە؟...

تۇرسۇن ئاق قاشقىنى خان مەپىسىگە قېتىپ، تاڭ يورۇشى-غىلا ناھىيىلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىگە كەتتى. قۇدۇق ئاغزىغا

چۇشۇپ كەتكەن توپىنى تارتىپ چىقارغاندىن كېيىن، قودۇق چوڭقۇرلاپ كېتىپ، بۇرۇنقى شوتىلار قىسقا كېلىپ قالغاچقا، ئۇ ئىدارىدىن ئۇزارتقىلى بولىدىغان شوتا، توپا تارتىدىغان چېلەك قاتارلىق نەرسىلەرنى ئالماقچى ئىدى. ھاجىگۈل ئۇنىڭغا سەي - كۆكتات ئالغاچ كېلىشنىمۇ بۇيرىغانىدى.

كۈن غەربكە قىيسايغان بولسىمۇ، لېكىن تۇرسۇن سۇپۇر- گىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئادەتتە خېلى قىزغىن ئىشلەيدى- غان ياشلار نېمىشقىدۇ ئېتىز قىرىغا ئۇزىنى تاشلاپ ئولتۇرۇۋې- لىشقانىدى. بۇنداق چاغلاردا يادىكار دەرھال ماڭا ۋارقىرايتتى. چۈنكى، مەن ئۇنىڭ باشقىلارغا ھەيۋە كۆرسىتىدىغان بىردىنبىر پېچكىسى. نېمىلا دېسە غىڭ قىلماي جىم تۇرغىنىم ئۈچۈنمۇ دېھقان ياشلىرى مېنى «ئۇنىڭدىن قورقىدىكەن» دەپ يۈرۈپتۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ نېغمەت تېكىنىڭ تاپقان گەپلىرى. چۈنكى، ئۇمۇ قۇدۇق رېمونت قىلىشقا قارشى. ئۇنىڭ ئۇستىگە يادىكارنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكىنىم ئۈچۈن مەندىن تېخىمۇ نارازى. شۇڭا ئۇچ- رىغانلا كىشىگە زارلىنىپ، قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىپ يۈرى- دۇ.

باشقىلارنىڭ نېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر، مېنىڭ يەنىلا يادىكارغا ئىچىم ئاغرىيدۇ. ئۇ ھەر كۈنى ئون نەچچە مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى قۇدۇق ئاغزىغا ئاز دېگەندىمۇ يىگىرمە نەچچە قېتىم چۈشۈپ چىقىدۇ. قەيەردە ئىش توختاپ قالسا، ئۇ شۇ يەردە پەيدا بولىدۇ. پۈتۈن بەدىنىدىن ئاچچىق تەر پۇراپ تۇرسى- مۇ، يەنىلا شۇنداق روھلۇق. نېغمەتنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ناھىيىدىن ياخشىراق خىزمەت ئورنى تې- پىش ئۈچۈن مۇشۇنداق جاپالىق ئىشلەپ يۈرەرمىش. لېكىن، مەن بۇ گەپكە ئىشەنمىدىم. چۈنكى، يادىكار قۇدۇق رېمونت قىلىشتا خىزمەت كۆرسەتمىسىمۇ «ئۇچتە ياخشى ئوقۇغۇچى»، «مەكتەپ ئەلاچىسى» دېگەن شان - شەرەپلىرى بىلەن ئۈرۈمچى-

دىمۇ خىزمەت ئورنى تاپالايتتى. مېنىڭچە، ئۇ يۇرتىنىڭ سۇغا بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئاز - تولا تۆھپە قوشماقچى ئىدى...

— ھەي، مۇختار!

سىيرىلىپ چۈشۈۋاتقان توپىغا شاخ - ياغاچلاردىن توساق ياساۋاتقىنىمدا، ئۇستى تەرەپتىن بىر قىزنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. دەسلەپتە ھەيران قالدىم. چۈنكى، بۇنداق چاغدا بىزنىڭ قىز ساۋاقداشلىرىمىز كەنتنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى قۇملۇقتا ئىلمىي تەكشۈرۈش بىلەن بەند ئىدى. يەرلىك كىشىلەر مېنىڭ ئىسمىمنىمۇ تۈزۈك بىلمەيتتى. ئۇ كىمكىنە؟ يۇقىرىغا بىر قاراپلا يۈرىكىم سېلىپ كەتتى. چۈنكى، بىر توپ مۇئەللىمە قىزلارنىڭ كۆزلىرى ئارىسىدا ئۆزگىچە بىر جۈپ قارا كۆز باشقىچە چاقناپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ ئابىدە ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. بىراق، ئۇ نېمىشقا مېنى ئاكا دەپ چاقىرمايدىكىنە؟ مەن بەربىر ئۇنىڭغا ئاكا يوللۇق ئادەمغۇ؟!... خىياللار بىلەن يۇقىرىغا يامىشىپ چىقتىم.

— قولىڭىزنى ئەكېلىڭ.

قولۇمنى سۇنۇشۇم بىلەن تەڭلا، بىر جۈپ ئىسسىق ھەم نازۇك قول مېنى ئۆزىگە تارتتى. قاشقا چىققان بولسامۇ، قوللىرىمنى تارتىۋېلىشقا ئامالسىز قالدىم. چۈنكى، تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز بىر غەلىتە ئېقىم قوللىرىم ئارقىلىق يۈرەكىمگە ئاقماقتا ئىدى.

كەچكە يېقىن ئابىدە باشلاپ كەلگەن مۇئەللىمە قىزلار بىلەن تانسا قىلدۇق. راسا قىزىغان ۋاقتىمىزدا بىرى قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ئۇسسۇپلا كىرىپ كەلدى. قارىسام، ئۇ سۇ پونكىتىنىڭ باشلىقى مەمەت بوسۇغۇ ئىكەن. ئۇ تۇرسۇن سۈپۈرگى بىلەن ناھىيىدىن كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ قايتقانىدى.

— خوش خەۋەر، خوش خەۋەر، — دېدى مەمەت بوسۇغۇ

مەدداھلارغا ئوخشاش قۇلىقىنى تۇتۇپ ئۇنلۇك ئاۋازدا ۋارقىراپ تۇرۇپ، — قوپقانلار تىك تۇرۇش، ئولتۇرغانلار جىم تۇرۇش؛ ھاكىمنىڭ ئىلتىپاتى يەتتى، ماتور بىلەن سۇ تارتىش ئۇسكۇنىسى كەلدى. تۇ شۇجى ئەللىك مىڭ دانە خىش بەردى. ھۆكۈمەتتىن بۇيرۇق، مەكىت قويىدىن قۇيرۇق، ھۇدۇقنى ئون كۈن ئىچىدە پۇتتۇرۇش؛ پۇتمىسە مۇختار بىلەن يادىكارنى بىر - بىرىگە يۇد. گۈزۈش؛ چاپىنىنى ئەتلەس رەختتىن تىكتۇرۇش؛ خەلقىئالەم ئالدىدا ئىزا... ئىزا... ئەتتۇرۇش...

ياتاقتا كۈلكە كۆتۈرۈلدى. باشقىلارنىڭ نېمىگە كۈلگىنىنى بىلمەيمەن. بىراق، يادىكار بىلەن مېنىڭ كۈلكەم يەنىلا ئاشۇ ماددىي ياردەملەر ئۈچۈن ئىدى. ئەلقەرنىڭ گىتار ناخشىلىرى يەنە باشلىنىپ كەتتى:

ئامرىقىم كۆڭۈل شادى،
ساڭا بىر گېپىم بارتى.
كۆڭلۈمگە ئارام يوقكەن،
بۇنى ئېيتمىسام زادى.

ئۇزاق ئۆتمەيلا سورۇنىمىز بۇزۇلدى. چۈنكى، مەمەت بو. سۇغۇ بىلەن ئابىدە تانسا سەۋەبىدىن رەنجىشىپ قالغاچقا، ئابىدە بىلەن ئۇنىڭ مۇئەللىمە دوستلىرى كەتمەكچى بولۇپ سىرتقا چىقىشۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ بۇنچە بالدۇر كېتىشىنى خالىمىساممۇ، لېكىن تۇتۇپ قالالمايتتىم. چۈنكى، يادىكار ئۇلارنىڭ كېتىشىگە قوشۇلغانىدى. ئەمەلىيەتتە يادىكارنىڭ دېگىنى ھېساب. چۈنكى سىڭىل ئۇنىڭ. قال دېسە قالىدۇ، كەت دېسە كېتىدۇ. كەتمىگەن تەقدىردىمۇ يەرلىكلەرنىڭ مۇتەئەسسىپ قاراشلىرى بويىچە قولد. نىڭ ئۈچىنى تۇتقۇزمىسا، يەنىلا كۆزىمىزنى پارقىرىتىپ ئولتۇ. رىدىغان گەپ...

كەچ كىرىپ قالغاچقا، يادىكار ئىككىمىز ئابىدە بىلەن مۇ-
ئەللىمە قىزلارنى بىرنەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى مەكتىپىگە
ئاپىرىپ قويىدىغان بولدۇق. قايتىدىغان چاغدا يادىكار مېنى ئۆيد-
دە قوندۇرۇپ قالدى.

## 7

— مۇختار، — دېدى يادىكار ساپما كەشىنى كىيىۋې-
تىپ، — سەن ئولتۇرۇپ تۇر، مەن تاغامنى يوقلاپ كىرەي،
بولامدۇ؟

يادىكارنىڭ سۆزى ماڭا ياغدەك ياقتى. چۈنكى، ئۇزۇندىن
بېرى ئۇنىڭ دادىسى توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى ئاڭلاشنى ئويلاپ
يۈرەتتىم. ئەمدىلىكتە بۇ پۇرسەت يېتىپ كەلگەنىدى. شۇڭا خۇ-
شاللىق بىلەن ماقۇل بولدۇم:

— بولىدۇ، ئالدىرىماي پاراڭلاش، مەن ئاينۇرخان ئانام
بىلەن ئولتۇرۇپ تۇراي...

ئاينۇرخان ئانا جىنچىراغ يورۇقىدا ئولتۇرۇپ پولۇغا سەۋزە
قەلەم قىلىۋاتقانىدى. مەن ياشلىق باھارىنى پەرزەنتلىرىگە ئاتىد-
ۋەتكەن، ئېرىدىن يىگىرمە ئىككى - يىگىرمە ئۈچ يېشىدىلا تۇل
قېلىپ ھازىرغىچە ياتلىق بولمىغان، پەرزەنتلىرى ئۈچۈن بىر
ئۆمۈر گۈلخان بولۇپ يانغان بۇ ئانىغا چىن قەلبىمدىن قايىل
ئىدىم. يىللارنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدا ئۇ تېخىمۇ قەيسەر،
تېخىمۇ ئىشچان بولۇپ يېتىلگەنىدى. بىراق، چىرايى قارىداپ،
قوللىرى قاداقلىشىپ، يېشىغا نىسبەتەن خېلىلا قېرى چىراي
بولۇپ قالغانىدى.

— مانا قارىسىلا، — دېدى ئاينۇرخان ئانا ماڭا قاراپ بېشىنى
چايقاپ، — ئوغلۇم مۇشۇنداق ئۆزۈمچىل ئادەم بولدى. بىر ئىش-
نى قىلىمەن دېسە قىلماي قويمايدۇ. قىزىممۇ تۇرگۇن چوڭ

بولدى. زادىلا گەپ يېمەيدۇ. ھېلىمۇ ياخشى، ئاكىسىنىڭ گېپىـ
ـنى ئاڭلايدۇ. بولمىسا چوپچوڭلا بىر قىزنىڭ غېمىدە قانداق
قىلاتتىمكىنتاڭ؟ !

مەن بۇ ئائىلىگە بولغان قىزىقىش ھېسسىياتىمنى باسالماي
ئانىنىڭ ئاغزىنى تاتىلىدىم:

— كېرەك يوق، ئانا. يادىكار قەيسەر، ئابىدە غۇرۇرلۇق
چوڭ بوپتۇ. بۇلاردىن غەم قىلمىسىلىمۇ بولىدۇ.

— ھەي...، — دەپ خۇرسىندى ئاينۇرخان ئانا، — سىلى
يات ئەمەس، بالام. شۇڭا گەپ يوشۇرمايمەن، قىزىم ئەقىللىق،
چىرايلىق بالا بولدى. لايىقىمۇ كۆپ چىقتى. ھېلىقى مەمەت
بوسۇغۇ دېگەن مىرابمۇ ئۇدا نەچچە رەت ئەلچى كىرگۈزدى. ھەتتا
يېزىنىڭ شۇجىسى تۇراق رازىقمۇ كەلدى. بىراق، جاھاندا ئەرـ
كەك زاتى قالمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇ خەقكە ياتلىق قىلىدىغان
قىزىم يوق. شۇنداق تۇرسىمۇ، مەمەت بوسۇغۇ ئۇچرىغانلا كىشىـ
گە «ئابىدە بىلەن توي قىلىدىغان بولدۇم» دەپ يۈرۈپتۇ. ھەتتا
نەچچە رەت قىزىمنىڭ ئالدىنى توسۇپتۇ. يادىكارنىڭ بۇ ئىشلاردىن
خەۋىرى يوق. ئەگەر مەمەتنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئالدىنى توسۇغانلىـ
قىنى بىلسە، «بىرەر ئىش تېرىپ قويامدىكىن» دەپ ئەنسىرەپلا
يۈرىمەن...

— مەمەتجان زەنجاڭمۇ بولىدىغان بالىكەن، — دېدىم مەن
ئانىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، — قارىسام، خىزمەتتە جانلىق، مۇناـ
سىۋەتتە سىلىق ھەم شۇنداق چىقىشقاق...

— ئۇ دېگەن بىر ھىيلىگەر نەرسە. شۇڭا قولىدىكى سۇ
باشقۇرۇش ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ خەقلەرنىڭ كۆزىنى بوياپ
يۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتە سۇ بىز ئۇچۇن زەمزەم سۈيى بىلەن
باراۋەر...

ئانىنىڭ كۆزلىرى ياشلاندى. ئۇنىڭ ئازابلىق تۇرقىغا قاـ
راپ، يۈرەك يارىسىنى تاتىلىغىنىم ئۇچۇن ئىختىيارسىز پۇشايـ

مان قىلدىم. بىراق كىچىككەنىدىم. چۈنكى، ئانا قولىدىكى ئىشىنى تاشلاپ ئەستايىدىللىق بىلەن پاراڭغا چۈشكەنىدى:

— دېسەم گەپ تولا. دېمىسەم دەرد تولا. باللارنىڭ دادىسى ياسىنئاخۇن رەھمەتلىكمۇ كەتتكە سۇ باشلاپ كېلىش يولىدا قازا تاپقان. توي قىلغىنىمىزغا ئىككى يىلچە بولغان چاغلار ئىدى. كەتتىمىزدىكى بوسۇغۇ شۇجى ئۇنى تولا ئىزدەيدىغان بولۇۋالدى. نېمىگە ئىزدەيدىغىنىنى مەنمۇ بىلمەيتتىم. كۆز ئايلىرىنىڭ جۇدۇنلۇق بىر كۈنى سەھەردە سۇپۇرگىنى كۆتۈرۈپ، دەرۋازا ئالدىغا چىقسام، يىگىرمە نەچچە ئادەم ياسىنئاخۇن بىلەن نىمىدۇر بىر ئىش توغرىسىدا دەتالاش قىلىشۋاتقانىكەن:

— سۇغا مەسئۇل دۇيجاڭ ئاغرىپ قالغاچقا، بۇغدايغا توك ياتقۇزالمىدۇق.

— نەدە ئاغرىق؟ مۇزلۇق سۇنىڭ جاپاسىغا چىدىمىغان گەپ.

— «ئىش چىققاندا قولاق يوپۇر، دارامەت ئالغاندا بولاپ قاچۇر» دېگەندەك، تاتلىق سۇدا ئاغرىپ قالىدىغان ئۇنداق كادىر ئۆلسىچۇ، كاشكى؟!

— شۇ ئەمەسمۇ؟! بىز ئۇلاردىن قۇتۇلالماي، ئۇلار بىزدىن قۇتۇلالماي، ئەجەب قىينالدۇق دېسە...

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە مەن ئۇلارنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار كەتتىنىڭ سۇغا مەسئۇل دۇيجىڭىنى ئالماشتۇرىدىغان ئىشى بىلەن كېلىشكەنىدى. بىراق، بۇنداق مەسلىھەتنى نېمىشقا بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ قىلىدىكىنە؟

ئارىنى جىمجىتلىق باستى. ھەممە كىشى توختى چورۇق دەيدىغان چار ساقال ئادەمگە قاراشتى. ئۇ ناھەقچىلىككە قىلچە چىدىمايدىغان، تولىمۇ ئوچۇق سۆزلۈك كىشى بولغاچقا، كەتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى «توختى گىجىڭ» دەپ ئاتايتتى. ئۇنىڭ سۆزلەيدىغان چاغدا «ئۆھۇ» قىلىپ يۆتىلىپ قويىدىغان ئادىتى بار ئىدى. ئۇ ئادىتى بويىچە «ئۆھۇ» قىلىپ يۆتىلىپ قويۇپ

گەپ باشلىدى:

— ياسىن ئۇكام، بىز بايام يېزىدىن كەلدۇق. ئۇلارغا سېنى سۇغا مەسئۇل قىلىپ بېرىشنى ئېيتتۇق. بىراق سېنى خىزمەت ئىشلەپ باقمىغان، تۆت كۆندە يېلى چىقىدۇ دەپ ئۇنىمىدى. بىزمۇ ئۇنىمىساق ئاخىر ئۆزىمىز تەكشۈرەيمىز دەيدۇ. ئەمدىكى گەپ، سەنمۇ بىلىڭنى چىڭ باغلاپ، چوقۇم ياخشى ئىشلەيمەن دېگىن. بولمىسا بىز يالغانچى بولىمىز.

— شۇنداق، سەن ئۇنىمىساڭ، ئوساللىشىپ قالىمىز جۇ. مۇ؟!

— ماقۇل دېسەڭلا، قانداق باشقۇرساڭ مەيلى.

— مۇزلۇق سۇغىمۇ چۈشىمىز.

— ئۇلۇغ ئوتقىمۇ كىرىمىز...

بىراق ياسىنئاخۇن يەنىلا رەت قىلدى:

— بوش تۇتسام ئىش ئاقمايدۇ. چىڭ تۇتسام كۆتۈرمەيسىد. لەر، ئەڭ ياخشىسى تېرىقىمۇ تېرىماي، قوشقاچمۇ قورۇماي، ئىشىمنى قىلاي...

— ئىسىت، ئىسىت، — دېدى توختى گىجىڭ ئېغىر خۇر. سىنىپ، — گىياھ ئۇنگەننىڭ ھەممىسى يەر ئەمەس، بېلىنى باغلىغاننىڭ ھەممىسى ئەر ئەمەس. نېمە قىلاتتۇق سەندەك يارد. ماسقا يالۋۇرۇپ؟!

— شۇ ئەمەسمۇ؟! ھەددىدىن ئاشتىڭغۇ بۇ؟!

— ئەل - يۇرتنى دېمىگەن ئادەم ئەر بولامدۇ؟!

مەن بولۇۋاتقان پاراڭلارغا قاراپ ئىشنىڭ تېگىگە يەتتىم. ياسىنئاخۇن ئالدىراپ ماقۇل بولسا، يېزا كادىرلىرى قوشۇلماي كۆلكىگە قېلىشتىن قورققانىدى. بىراق، كىشىلەر بۇنى چۈشەند. مەي قارىسىغا تاپا - تەنە قىلاتتى. شۇڭا دەرھال گەپكە ئارىلاشتىم:

— خاتىرجەم بولۇڭلار، تۇغقانلار. ئۇ سىلەرنىڭ خىزمد.

تىڭلارنى قىلىدۇ. بىراق جاھاننىڭ ئىگىسى بار. سىلەر ئۇنى دۈيجاڭ بول دېسەڭلارمۇ، يېزا قوشۇلمىسا بىكار. ئەگەر يېزىنىڭ ئۇقتۇرۇشى چۈشكەندىمۇ يەنە ياق دەپ قالسا، ئۇ چاغدا...

— ئۇ چاغدا قانداق قىلىسىز؟

— تېز دەڭ!

كىشىلەر كۈلكە - چاقچاقلار بىلەن ماڭا گەپ ئاتماقتا ئىدى. مەنمۇ قىزىقچىلىق بىلەن جاۋاب بەردىم:

— خېتىنى بېرىمەن!

— ھا... ھا... ھا...

— ھى... ھى... ھى...

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ياسىنئاخۇن راستتىنلا كەنتنىڭ سۇ خىزمىتىگە مەسئۇل دۈيجىڭى بولدى. مەنمۇ ئېرىمنىڭ ئەل خىزمىتىگە يارىغىنى ئۈچۈن خۇشال بولدۇم.

شۇ يىلى قىشتا قېلىن قار ياغدى. چارۋا - ماللارنىڭ يەم - خەشەكلىرى قار ئاستىدا قېلىپ چاتاقنىڭ چوڭى چىقتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تورۇستىن ئۆتۈپ كەتكەن قار سۈيى قويلارنىڭ يۇڭى ئۈستىدە توڭلاپ، ئۇلارنى خۇددى مۇز ھەيكەلگىلا ئوخشىتىپ قويغانىدى. قار توختىماي ياغاتتى. ئاجىز - ئورۇق چارۋىلارمۇ توختىماي ئۆلۈۋاتاتتى. كىيىنچە ئادەملەرمۇ ئۆلۈشكە باشلىدى. ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ ئۆلگەندىن باشقا يەنە توڭلاپ ئۆلگەنلەر، ئاچارچىلىقتىن ۋە كېسەللىكتىن ئۆلگەنلەرمۇ بار ئىدى. ھەممىلا جاينى ۋەھىمە قاپلاپ كەتكەنىدى.

بىراق، ئەڭ يامان ئاپەت يەنىلا بوسۇغۇ شۇجىنىڭ بۇيرۇقى بولدى. يۇرتىمىزدا دائىم قورغاقچىلىق ئاپىتى بولۇپ تۇرىدىغان بولغاچقا، قىش - ياز دەپ ئايرىماي، سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ باراتتۇق. قار ئاپىتى بولۇۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بوسۇغۇ شۇجى يۇلغۇنجاي كەنتىگە سۇ باشلاپ كېلىش ئۈچۈن ئون سەككىز ياشتىن يۇقىرى، ئاتمىش ياشتىن تۆۋەن ئەرلەردىن يۈزدىن

ئارتۇق ئادەمنى يىغىپ، بىر زەربىدارلار ئەترىتى تەشكىللىدى. ئەمەلىيەتتە، قار كۆپ ياغقان يىللىرى قۇرغاقچىلىق ئاپىتى كۆرۈلمەيتتى. «ئاپەت بولىدۇ» دېگەندىمۇ، قولنىڭ ئۇچىنى چىقىرىشقىمۇ بولمايدىغان بۇنداق قاتتىق سوغۇقتا زەربىدارلار ئەترىتى تەشكىللەش بىر ساراڭلىق ئىدى. جان بىلەن ئوينىشىدىغان بۇنداق زالىملىق كەنتتىكى كىشىلەر ئارىسىدا كۈچلۈك نارازىلىق پەيدا قىلدى.

لېكىن، كەنت يالاڭ ئاياغ دوختۇرى مەرەمنىسا «مىق ـ مىق» قاتارلىق بىرنەچچە ئايال ئاكتىپنىڭ زەربىدارلار ئەترىتىگە قاتنىشىشى بىلەن ئەھۋال بىراقلا ئۆزگەردى. ئاياللار جېنىدا سوغۇقتىن قورقماي، مەيدانغا چىققانلىقتىن نارازى بولغانلار ئارتۇق گەپ قىلىشقا ئامالسىز قېلىشتى ـ دە، كىگىز ـ كېچەك، نان ـ پانلىرىنى ئېلىپ، كۆكيار جىلغىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى جىلغىدىن مۇز يېرىپ، سۇ باشلاپ كېلىش ئىدى. كەنتتە قالغان ئاجىز ـ ئورۇق، قېرى ـ چۆرىلەر قىشلىق سالا ئېتىز ياساش دولقۇنىنى باشلىۋەتتى. كەتمەن زەربىسىدىن چاچراپ چىققان توڭ پارچىلىرى قاش ـ قاپاقلارنى يېرىپ قانغا بويايتتى. قانىغان قوللار، سۇنغان كەتمەن دەستىلىرى ھەممىلا يەردە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ ھېچكىم زارلانمايتتى. پەقەت كۆكيار جىلغىسىغا كەتكەن تۇغقانلىرىنىڭ ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كېلىشىنىلا تىلەيتتى ھەمدە ئالاقىچىنىڭ خەۋىرىنى تەقەززارلىق بىلەن كۈتەتتى.

ئالاقىچىنىڭ ئېيتىشىچە، زەربىدارلار جىلغىنىڭ ئىچىدە گەمە كولاپ يېتىپتۇ. ئەمگەك جاپاسىدا ئاغرىغانلاردىن باشقا، يەنە قول ـ پۇتلىرى ئۈششۈپ قالغانلار، كاچكۇلغا چۈشۈپ كېتىپ ئۆپكىسىگە سوغۇق تەگكەنلەرمۇ كۆپ ئىكەن. بىراق، نەتىجىمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن. مەسىلەن، يۇلغۇنجاي كەنتى سۇ قورۇلۇشىنى ياخشى ئىشلەپ، قۇرغاقچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى

«قىزىل بايراقتار ئورۇن» بولۇپ باھالىنىپتۇ، بوسۇغۇ شۇجىمۇ
«ئىلغار شەخس» بولۇپ مۇكاپاتلىنىپتۇ. يۇلغۇنجاي كەنتى ناھى-
يە تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەچكە، پۈتۈن يېزا بويىچە مۇز چوقۇلاپ،
سۇ باشلاپ كېلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئالاقىچىدىن ياسىنئا-
خۇننىڭ ئەھۋالىنى سورىدىم. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ياسىنئاخۇن
كەچ يېتىپ سەھەر تۇرۇپ بەكلا جاپالىق ئىشلەيدىكەن. مەرەمنى-
سا «مىق - مىق» قەستەن ئۇنىڭغا سۇركىلىپ كۆرگەن بولسى-
مۇ، لېكىن ئۇ قايىقىنى تۇرۇپ، بۇتتەك قېتىپ يۈرگەچكە،
شوخ چوكانلار ئۇنىڭغا «ياسىن سوغۇق» دەپ لەقەم قويۇۋاپتى-
مىش...

بىر كۈنى سەھەردە ئوتۇن تاشلىغىلى ئۆگزىگە چىقىشىم
بىلەنلا قاغا ئەنسىز قاقىلداپ كەتتى، ئۆيگە كىرسەم يادىكار
ئوچاقتا ئېسىپ قويغان قايناق سۇنى پۇتىغا تۆكىۋاپتۇ. «بالىنى
دوختۇرغا ئاپىراي» دەپ ئېشەك ئېغىلىغا كىرسەم، كۆك مېدە
ئالىقاچان پۇتلىرىنى ئۇزۇن سوزغان پېتىچە توڭلاپ قاپتۇ...

ئارقا - ئارقىدىن يۈز بەرگەن كېلىشمەسلىككە جىلە بولۇپ
يىغلىۋەتتىم. بىر چاغدا ياسىنئاخۇننىڭ قېرىنداش ئاكىسى —
يادىكارنىڭ تاغىسى ھەمدۇل ئاكا ئۆيىمىزگە كىرىپ، «كۆكيار
جىلغىسىغا بىللە چىقىمىز» دەپ قاراپ تۇرىدۇ. سەۋەبىنى سورى-
سام، «بوسۇغۇ شۇجى چاقىرتىپتۇ» دەيدۇ. ئەر - ئايال ھاشارغا
كەتسەك، «بالىمىزغا كىم قارايدۇ» دەپ ئويلاپ، ئىچىمدە بوسۇ-
غۇ شۇجىنى راسا تىللاپتىمەن.

ئەسىر نامىزىغا يېقىن كۆكيار جىلغىسىغا يېتىپ كەلدۇق.
بىراق، قوللىرىغا كەتمەن، گۈرجەك ۋە مۇز چوقۇلايدىغان چو-
ماقلارنى تۇتۇپ دېۋەيلىشىپ تۇرغان كىشىلەرنى كۆرۈپ ھەيران
قالدىم. قارىسام، بوسۇغۇ شۇجى ئۇلارغا قولىنى شىلتىپ ۋارقى-
راۋاتقانىكەن:

— ئۆلگەن ئادەم قىپقىزىل بىر پاھىشىۋاز، ئەگەر ئۇ پاھى-

شىۋاز بولمىسا، تۆكۈرۈك يەرگە مۇزلاپ چۈشىدىغان مۇشۇنداق قاتتىق سوغۇقتا كاچكۇلغا چۈشەمدۇ؟! شۇ تاپتا سىلەر بىر پاھىشىۋاز ئۇچۇن غوۋغا كۆتۈرۈۋاتىسىلەر، پارتىيىگە، سوتسىيا- لىستىك قۇرۇلۇشقا، يەنە مەندەك بىر ئۆگىنىش ئۆلگىسىگە قار- شى چىقىۋاتىسىلەر، مۇشۇ قىلمىشىڭلار ئۈچۈن چوقۇم پرولېتا- رىيات دىكتاتورىسىنىڭ تەمىنى تېتىيسىلەر...

بوسۇغۇ شۇجىنىڭ گېپى تۈگە ـ تۈگىمەيلا توختى گىجىڭ دېھقانلارغا ۋارقىرىدى:

— چانا بۇ نائەھلىنى، چاناپ قىيما ـ چېيما قىلىۋەت!

كىشىلەر توختى گىجىڭنىڭ سۆزىنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا بوسۇغۇ شۇجى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرگە ئېتىلدى. كىم ئۆل- گەنلىكىنى، نېمە ئۈچۈن ئۆلگەنلىكىنى تېخى بىلمەيتتىم. لې- كىن، بىر كەنتتىن بىر مەقسەتتە كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا دۈشمەنلەشكەنلىكىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. شۇڭا ئۇلارغا قاراپ يۈگۈردۈم، بار ئاۋازىم بىلەن ۋارقىرىدىم:

— توختاڭلار! جانجىگەر قېرىنداشلىرىم...

يۈگـۈرۈپ كېتىۋېتىپ نېمىگـىدۇ پۇتلـىشىپ مۇدۈرۈپ كەتتىم ـ دە، پەسكە، جىلغىدىكى كىشىلەر توپىغا قاراپ دومىلاپ چۈشتۈم. قورام تاشلار پۇتۇمغا، تىزىمغا، جەينەكلىرىمگە، بې- شىمغا خۇددى بازغانــدەك سوقۇلۇپ تۇراتتــى. قــۇم ـ شېغىل، توپا ـ تۇپراق ئاغزىمغا، كۆزلىرىمگە تىقىلاتتى.

كېيىنكى ئىشلار ئېسىمدە يوق. بىر چاغدا يۈزۈمگە سېپىل- گەن مۇزدەك سوغۇق سۇ بىلەن ھوشۇمغا كەپتىمەن. قارىسام، كەنتىمىزدىكى دېھقانلار مېنى ئورىۋاپتۇ. بېشىمدىن چىققان قان مەڭزىمنى بويلاپ ئېقىپ تۇرۇپتۇ. تېخى بايىلا قان چېچىشقا تەييارلانغان كىشىلەر ئەمدىلىكتە كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپتۇ...

ھەمدۇللا ئاكا ياشلىق كۆزلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ ماڭا شۇم خەۋەر يەتكۈزدى:

— ئاھ... ئاينۇرخان، تولىمۇ قاپسەن بىچارە سىڭلىم!

شۇندىلا يۈرىكىمگە يىلتىز سۈرگەن ئاشۇ سۇمبا سېيمانىڭ دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆك مۇز ئۈستىدە قېپيالىڭاچ ھالەتتە ياتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ قاداقلىشىپ كەتكەن يېرىق قوللىرى بىرنەچچە مېتىر يىراقلىقتىكى كىيىملىرىگە سوزۇلغان؛ قاپقارا قوي كۆزلىرى قارلىق دالانى كۆرۈپ قانمىغاندەك چوڭ ئېچىلغان؛ ئاپئاق چىشلىرى چىڭ كىرىشكەن؛ قوشۇمىسى تۈرۈلگەن؛ پۇت بارماقلىرى كۆك مۇزنى كۆچەپ تەپكەن ھالەتتە ئىدى. پۇتلىرىغا قاراپلا ئۆپكەم ئۆرۈلدى. چۈنكى، كۆك مۇز ئۈستىدە چىدام بىلەن بېسىلغان ئاياغ ئىزلىرىدىن مەن ھاياتقا بولغان چەكسىز مۇھەببەتنى كۆرگەنىدىم. بىراق، ئاخىرقى رەت يىقىلغاندا، ئۇ دۇم چۈشكەنلىكى ئۈچۈن ئۇياتلىق يېرى مۇزغا چاپلىشىپ قېلىپ مېھرى ئىسسىق دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشقانىدى.

ئەتىگەندىن بۇيانقى غەلىتە سېزىملىرىم ئاخىرى رېئاللىق بىلەن نەتىجىلەنگەنىدى. بىراق، بوسۇغۇ شۇجىنىڭ ئۇنى «پاھىشۋازلىق قىلدى» دېگىنى قانداق گەپ؟ كىم بىلەن؟ ئەجەبا، تاغدەك ئىشەنگەن ئادىمىم مۇشۇنداق قىلسا — ھە؟

سوئاللىرىمغا جاۋاب ئىزدەپ ياسىنئاخۇننىڭ جەسىتىگە قارىدىم. جەسەت يەنىلا كۆك مۇز ئۈستىدە يالىڭاچ ھالەتتە ياتاتتى. بوسۇغۇ شۇجىنىڭ قىزىل قوغدىغۇچىلىرى مەرھۇمنىڭ جەسىتىنى يېپىپ قويۇشقىمۇ رۇخسەت قىلمىغان، ھاياتلىقىدا تولىمۇ نومۇسچان ئۆتكەن ئادەم ئەمدىلىكتە كىشىلەر ئالدىدا ھەيكەلگە ئوخشاش سوزايلىنىپ ياتاتتى. بوسۇغۇ شۇجى ئاغزىدىن تۈكۈرۈك چاچرىتىپ تۇرۇپ ۋارقىرايتتى:

— زىنا قىلمىسا كاچكۇلغا چۈشەمدۇ؟! چوقۇم پاھىشۋازلىق قىلغان گەپ...

ئەجەبا، بوسۇغۇ شۇجىنىڭ دېگەنلىرى راستمىدۇ؟ ئۇ راست-

تىنلا زىنا قىلغانمىدۇ؟ نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ ئەمدىلا يىگىرمە تۆت ياشقا كىرگەن يىگىت تۇرسا...

كىيىملىرىگە گۇمانىي نەزىرىم بىلەن سىنچىلاپ قارىدىم. كىيىملەرنىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرىگە رەتلىك جىپسىلاشقان ھالەتتە بولۇپ، خېلىدىن بېرى يىشىلگەندەك قىلمايتتى. نەچچە رەت قاراپ چىقتىم. بىراق، كىيىملەردىن ھېچقانداق غەيرىي ئالامەتلەرنى سەزمىدىم. ئىچ كىيىملىرىگە تەكرار قاراپ چىققاندىن كېيىنلا، ئېرىمنىڭ پاك ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشەندىم. ئۇ پەقەت چۈشىدىكى خىيالىي جىنايەتتىن پاكلىنىش ئۈچۈنلا كاچكۇلغا چۈشۈپ، ئېچىنىشلىق ھالەتتە ھاياتىدىن ئايرىلغانىدى.

بۇ نۇرغۇن كىشىلەر قوبۇل قىلالمايدىغان رېئاللىق ئىدى. بىراق، بۇ تەكلىماكان بويىدىكى كىشىلەرنىڭ نەچچە ئەسىرلىك پاكلىنىش ئادىتى بولۇپ، سۇ بىلەن، سۇ بولمىسا قۇم بىلەن تەرەت ئالاتتۇق. دېمەك، دەريا بويىدا تۇرۇپمۇ توپىدا تەرەت ئېلىشنى گۇناھ، دەپ بىلگەن ياسىنئاخۇنغا مۇزلۇق سۇنى ئىسسىتىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. ئاخىر ئۆزىنىڭ ياشلىق جاسارىتىگە ۋە پاك ئەقىدىسىگە تايىنىپلا كاچكۇلغا سەكرىگەن. لېكىن، بەدىنىدىن ئېقىپ چۈشكەن سۇ بىلەن پۇتلىرىنىڭ مۇزغا چاپلىشىپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ بۇنداق پاجىئەگە يولۇقۇپ قېلىشىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى.

ئېرىمنىڭ ۋە باشقا نۇرغۇن بەختسىزلەرنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدە بوسۇغۇ شۇجىنىڭ مەسئۇلىيىتى بار ئىدى. ئەگەر ئۇ قەھرىتان قىشتا دېھقانلارنى ھاشارغا ھەيدىمىگەن بولسا، ئۇلار بۇنچە ئېچىنىشلىق ئۆلمىگەن بولاتتى. تىرىكلەرمۇ بۇنچە قىينالمىغان بولاتتۇق. ماڭا ھازىرغىچە ئەڭ قاتتىق ئازاب بولغىنى يەنىلا مەرھۇمنىڭ مۇز ئۈستىدە يالىڭاچ ھالەتتە سازايى قىلىنغىنى ئىدى. ئەگەر بوسۇغۇ شۇجىدە ئاز ـ تولا ئادەمگەرچىلىك تۇيغۇسى بولغىنىدا ئۆلۈككىمۇ ھاقارەت قىلمىغان بولاتتى. بىراق، ئۇ

شۇنداق قىلغانىدى. ھەتتا قىزىل قوغدىغۇچىلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ، جەسەتنى يۆتكىشىگىمۇ يول قويمىدى.
— بۇزۇقچىلىق قىلىپ ئۆلگەن ئادەمنى يېزا بويىچە سازايى قىلىش كېرەك. بۇنداق پاھىشىۋازغا يۇلغۇنجايدا يەرلىك يوق. مۇشۇ يەردىلا كۆيدۈرۈش كېرەك...
غەزەپ بىلەن ئۆرغان كاچىتىم بىلەن تەڭ، بوسۇغۇ شۇجىنىڭ بىر نەچچە تال سارغۇچ چىشلىرى سېسىق قېنى بىلەن قوشۇلۇپ ئالىقىنىغا چۈشتى. خېلىدىن بېرى ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇرغان توختى گىجىك، ھەمدۇللا ئاكا ۋە كەنت خەلقى قوشۇلۇپ بوسۇغۇ شۇجىگە تاشلاندى. دەسلەپتە شۇجىنىڭ ياۋا توڭگۇزدەك چىرقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. كېيىن ئوپۇر - توپۇر ئاۋازلار ئىچىدە ھېچنېمىنى ئاڭلىيالمىدىم.
مېيىت يۇلغۇنجاي كەنتىگە قايتۇرۇپ كېلىندى. نامازغا كەلگەن كىشىلەر بەكلا كۆپ بولۇپ قوشنا كەنتتىكىلەرمۇ تولۇق كەلگەنىدى.
ئەتىسى قىزىل قوغدىغۇچىلار كەنتىمىزگە كېلىپ، توختى چورۇق قاتارلىق ئون نەچچە كىشىنى تۇتۇپ كەتتى. مەن ۋە ھەمدۇللا ئاكا قاتارلىق بىرنەچچىمىزنى ئىپادىسى ياخشى، دەپ قاراپ دىكتاتورىدىن كەچۈرۈم قىلىشتى. لېكىن گۇناھىمىزنى يۇيۇش ئۈچۈن يەنە كۆكيار جىلغىسىغا ھاشارغا ئەۋەتىلدۇق.
يادىكارنى بوۋىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ كۆكيار جىلغىسىغا ھاشارغا كەتتىم. ئۇ چاغدا ئابىدە قورسىقىمدا تۆت ئايلىقتىن ئاشقانىدى. ئەمگەك جاپالىق بولسىمۇ، ھېچكىم مېنى ئىشقا بۇيرۇمايتتى. شۇنداقتىمۇ چوماقنى مۇزغا كۆچەپ ئۇراتتىم. ئاپئاق مۇز پارچىلىرى تەرەپ تەرەپكە چاچراپ كاچكۇلدىن كۆپكۆك سۇ بۇلدۇقلاپ چىقاتتى. چېكەمدىن ئېقىپ چۈشكەن تەر تامچىلىرى كۆز ياشلىرىم بىلەن قوشۇلۇپ يۈزۈمنى يۇياتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئەمدىلا يىگىرمە ئىككى ياشقا كىرگەن بىر ياش

ئانىنىڭ ھىجران ئازابى ئىدى. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا ئىچ ئاغرىتاتتى، تاماققا زورلايتتى تەسەللى بېرىشەتتى.

بىر كۈنى تاڭ سەھەردە ئىشقا چىقىشقا تەييارلىق قىلىۋاتاتتىم، تۇيۇقسىزلا ھەمدۇللا ئاكا چاقىرىپ قالدى:

— ئاينۇرخان، تېز چىق، سىڭلىم.

سىرتقا چىقسام، يېشى ئاتمىشلارغا يېقىنلاپ قالغان بىر مويسىپىت بىر كىشى كۆكيار جىلغىسىغا قاراپ خۇددى ياش يىگىتلەردەك يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپتۇ. جىلغىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا ياشلار، ياشانغانلار، ئاياللار، ھەتتا يېزا كادىرلىرى بويۇنلىرىنى سوزۇشقىنىچە تۇرۇپ كېتىپتۇ. بىرەر ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى پەملەپ مەنمۇ دەرھال پەسكە قاراپ يۈگۈردۈم.

دەريا بويىغا كېلىپ تۇرۇپلا قالدىم. چۈنكى، جىلغىدىكى مۇزلۇقنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا بىر كارىۋات تۇرۇپتۇ. كارىۋات ئۈستىدە بېشى مىس چۆگۈندەك پارقىراپ تۇرغان بوسۇغۇ شۇجى بىلەن مەرەمنىسا «مىق - مىق» يېرىم يالىڭاچ ھالەتتە يىغلىشىپ تۇرۇپتۇ. قىزىل گۈللۈك يوتقان ئادەملەر ئاتقان چالما - كېسەكلەر بىلەن ئاق توپىغا كۆمۈلۈپ كېتىپتۇ. غەزەپلەنگەن كىشىلەر بوسۇغۇ شۇجى بىلەن مەرەمنىسا «مىق - مىق» نى تىللاۋېتىپتۇ:

— پاھىشە قىلغانغا تويە تاز!

— زۇلۇم سالغانغا تويە تاز!

— شۇجىلىقىمۇ تۈگەپتۇ بۇ تازنىڭ!

— خوپ بوپتۇ چايان تازغا!

ئەسلىدە بوسۇغۇ شۇجىنىڭ زۇلۇمىغا چىدىمىغان بىرنەچچە كىشى بىرلىشىپ، ھەر ئاخشىمى بوسۇغۇ شۇجىنىڭ ياتىقىنى پايلاپ يۈرگەنىكەن. دەل شۇ چاغدا مەرەمنىسا «مىق - مىق» بوسۇغۇ شۇجىنىڭ ياتىقىغا كىرىپ يېتىپ قاپتۇ. ئۇلار قاتتىق ئۇخلاپ قالغاندا ئاچچىقىنى چىقىرالماي يۈرگەن بىرقانچە كىشى كارىۋىتى بىلەنلا كۆتۈرۈپ جىلغىدىكى مۇزلۇققا ئاپىرىپ قويۇپ-

تۇ. ئىككى بۇزۇق چېدىر بىلەن شامال سوقۇپ تۇرىدىغان دالانى پەرقلەندۈرەلمەي، يوتقىنىنى بېشىغا پۈركەپ، بىر - بىرىگە چىڭ چاپلىشىپ ئۇخلاۋېرىپتۇ. ئىش تېرىغۇچىلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ باشقا قوشنا كەنتتىكىلەرگىمۇ خەۋەر بېرىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بوسۇغۇ شۇجى ئويغىنىشقا ئۈلگۈرەلمەيلا، مەرەمەنىسا «مىق - مىق» بىلەن تۇتۇلۇپ قېلىپ رەسۋا بوپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي، بوسۇغۇ شۇجى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى. ئۆزىمۇ ئىزا - ئاھانەتتە كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ ئىت ئۆلۈمىدە ئۆلدى...

ئاينۇرخان ئانىنىڭ كۆز ياشلىرى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تاراملاپ تۆكۈلەتتى. مەن خېلىغىچە نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي ئېغىر سۈكۈتكە چۆمدۈم. توۋا، بۇ ئىشلار راستىمىدۇ ياكى رىۋايەتمىدۇ؟ نىمانداق كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك غەلىتە ئىشلاردۇ بۇ؟...

ئاخىر يەنە بىر ئىشنى سورىغۇم كەلدى:

— بوسۇغۇ شۇجىنىڭ بالىلىرى باردۇ؟

ئاينۇرخان ئانا پولۇغا قەلەم قىلىنىدىغان سەۋزىلەرنى يۇيۇۋېتىپ پەس ئاۋازدا جاۋاب بەردى:

— بار، سۇ پونكىتىنىڭ باشلىقى مەمەت بوسۇغۇ دېگەن ھارىمى بوسۇغۇ شۇجىنىڭ چوڭ ئوغلى. مال ئىگىسىنى دورىمىسا ھارام. بۇ نائەھلىمۇ سۇ باشقۇرۇش ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ كەمبەغەل كىشىلەرنىڭ قوي، كالا، ياغاچ - تاش، ھەتتا سۈت - قايماقلىرىغىچە يەۋاتىدۇ. تېخى ماڭا كۈيئوغۇل بولماقچى...

نېمىشقىدۇر دىمىم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى. يادىكار، ئابدەلەرنىڭ مەمەت بوسۇغۇغا تۇتقان سوغۇق مۇئامىلىسىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان بۇ ئېچىنىشلىق ھېكايە مېنى ئۇلارغا قىلغان بىھۇدە نەسىھەتلىرىم ئۈچۈن پۇشايمانغا قويغانىدى.

# 8

ئىسمېنا ئالمىشىش ئۈچۈن قۇدۇق ئىچىگە چۈشتۈم.

ھەر قېتىم تۆمۈر شوتىدىن پۇتلىرىمنى يۆتكىگەندە شىرتىلداپ رىتىملىق ئاۋاز چىقىپ تۇراتتى. شوتا سىلىق بولۇپلا قالماي، يەنە قۇدۇق ئاغزىنىڭ يانتۇلۇقى بەكلا تىك بولۇپ كەتكەچكە، يىقىلىپ چۈشۈش ئېھتىماللىقى ھەرقاچان مەۋجۇت ئىدى. شۇڭا قۇدۇق ئاستىغا چۈشكەندە ھەمىشە شوتىغا چىڭ يېپىشىپ تۇرۇپ چۈشەتتۇق.

بۇرنۇمغا زەي پۇرىقى ئۇرۇلدى. كۆزلىرىم ئىختىيارسىزلا قاشقا يۆتكەلدى. تېخى تۈنۈگۈنلا يەتتە مېتىر چوڭقۇرلۇقتا تۇرغان زەيلەش بەلۋېغى بىر سوتكا ئىچىدىلا ئىككى مېتىر ئېگىزلىككە ئۆرلەپ چىققانىدى. بۇ قۇدۇق ئاغزىنىڭ زەيلەش سەۋەبىدىن ھەرقاچان گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈش ئېھتىماللىقى بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

قۇدۇق ئىچىدە نېغمەتنىڭ گۇرۇپپىسىدىكى يىگىتلەر نۆۋەتچى ئىدى. بىراق، نېغمەتنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئېنىقكى، ئۇ تۈنۈگۈن كەچتە ئىچكەن ھاراقنىڭ كەيپىدىن يېشىلمىگەچكە، كۈندۈزلۈك ئىسمېنىدا ئىشلىگەن تۇرسۇن سۇپۇرگى ئۇلاپلا يەنە كېچىلىك ئىسمېنىغا چۈشكەنىدى. ھاجىگۈلنىڭ ئېيتىشىچە، ئاخشام يادىكار ئىككىمىز مۇئەللىمە قىزلارنى ياتىقىغا ئاپىرىپ قويۇشقا كەتكەندە، نېغمەت كالتە ئىشتىنى بىلەنلا قىزلار ياتىقىغا باستۇرۇپ كىرىپ ئۇلارنى قورقۇتۇپتۇ. قىزلار بىر كېچە يىغلىشىپ چىقىپتۇ. مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى يۇسۇپ مەخسۇم ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، بىزنى «ھاراق ئىچىپ، ناشايان ئىشلارنى قىلغىنى ئۈچۈن ئاخىر بىر كۈنى بالا - قازا ياغىدۇ» دەپ يۇرۇپتىمىش. ئەمدىلىكتە نېغمەتنىڭ مەسىلىسى تەشكىلى تۈزۈمگە رىئايە قىلىش، پراكتىكا ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش دائىرى-

سىدىن ھالقىپ مەكتىپىمىزنىڭ ئىناۋىتىنى تۆكۈش، لۈكچەك-
لىك قىلىپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزۇش دەرىجىسىگە بېرىپ
يەتكەنىدى. شۇ تاپتا ئۇنى يېتەكچىلەرگە ئىنكاس قىلساملا، يىك-
تەك تورىتىۋېتەتتىم، بىراق، پراكتىكا نەتىجىسى ياخشى بولمىسا
ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرەلمەيتتى. شۇڭا پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ بۇن-
داق ۋاستىدىن ۋاز كەچتىم. لېكىن، نېغمەت تېكە ئارقا ـ
ئارقىدىن ئاۋارىچىلىك تېپىپ مېنى تار يەردە قىستىماقتا ئىدى.
بۇ ئاۋارىچىلىكنى بىر تەرەپ قىلالماي يۈرسەم، ئەمدى قۇدۇق
ئاغزىنىڭ زەيلەش سەۋەبىدىن گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈش خەۋپى پەيدا
بولۇپ مېنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈپ قويدى. شۇڭا تۇرسۇن
سۇپۇرگىگە جىددى ھالدا گەپ جېكىلىدىم:
— بوپتۇ، ئۇخلايدىغانلار ئۇخلاۋەرسۇن، لېكىن بىز ئۇخلى-
مايلى. قانداق، چۈشتە كېلەلەمسىلەر؟
تۇرسۇن ئۇيقۇسىزلىقتىن قان قۇيغاندەك قىزىرىپ كەتكەن
كۆزلىرىنى قىسىپ قويۇپ، كۈلگەن پېتىچە چىقىپ كەتتى.
چۈشكە يېقىن قۇدۇق ئاغزىنى ئاچتۇق. ئاندىن سۇ سۈمۈ-
رۈش شلانكىسىنى تارتىپ چىقتۇق. سۇ ئاستىدا ئۇزۇن تۇرۇپ،
چىرىپ كەتكەن ئۇسكۈنىلەرنىڭ ئۈزۈلۈپ كېتىش خەۋپى بولغاچ-
قا، قول كىرانىنى قۇدۇق ئاغزىغا توغرىلاپ ئاستا ـ ئاستا تارتىشقا
توغرا كەلدى. شلانكىنى تارتىپ چىققاندا، بىرلا قاراپ ئەرۋاھىم
ئۇچتى. چۈنكى، بۇ قۇدۇق مەمەت بوسۇغۇ ئېيتقاندەك، سۇ
مىقدارىنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى چاتما
شلانكىنىڭ بىرسىنى ئوغرى ئالغىنى ئۇچۇنلا تاشلىنىپ قالغان-
دى. سۇ سۈمۈرۈش ئۇسكۈنىسىنىڭ بېشىغا بىرلا شلانكا ئۇلانغان
بولغاچقا، ئاران بىر ـ ئىككى سائەتلا سۇ تارتسا، سۇ ئورنى
تۆۋەنلەپ كېتىپ شلانكىغا سۇ چىقمىغانىدى. بۇنى چۈشەنمىگەن
كىشىلەر تەكشۈرۈپ باقمايلا قۇدۇقنىڭ سۇ زاپىسى يېتەرلىك
ئەمەس دەپ ئىنكاس قىلغان. نەتىجىدە دۆلەتنىڭ نەچچە ئون مىڭ

يۈەن خەجلەپ كولىغان قودۇقى يەتتە يىلدىن بېرى تاشلىنىپ قالغانىدى.

ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك ۋە بيۇروكراتلىق مەسىلىسىنى بىلگىنىمدە ئاچچىقتىن بوغۇلۇپلا قالدىم. ياتاقتا ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ، بىرمۇنچە قايناپ كېتىپتىمەن. ساپساق قۇدۇق-نىڭ ئورۇنسىز سەۋەب بىلەن بىرنەچچە يىل تاشلىنىپ قالغىنىنى ئويلىساملا ئاچچىقىم كېلەتتى. ئاچچىقىم كەلگەنسېرى تاشلاندۇق قۇدۇققا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى تىللايتتىم:

— خەپ، ناكەسلەر! يېگىلى نەرسە چىقمىغاندەك قۇدۇق شلانكىسىنى يېگىنىنى قارا! نەچچە ئون مىڭ يۈەنلىك مەبلەغنى مۇشۇنداق باشقۇرغان بارمۇ؟ سۇ چىقمىسا، تەكشۈرمەيلا سۇ مىق-دارى يېتەرلىك ئەمەس دەپ، قارا قازانغا باستۇرۇۋەتكىنىنى قارا! مائاشنى ھارام يەيدىغان خۇنپەرلەر! ھۇ، خەلقنىڭ يىلىك-گە چۈشكەن قۇرتلار! خەپ، سىلەرنى...

چۈشتىن كېيىن تۇرسۇن سۇپۇرگى بىلەن ئالاقىچى ئاببابا بىرلىكتە مەشغۇلات ئۆيىگە كېرەكلىك خىش ۋە كەم ئۈسكۈنىلەر-نى ئەكېلىشكە كەتتى. لېكىن كەچ تەرەپتە قۇرۇق قول قايتىپ كېلىشتى. ئادەتتە تولىمۇ خۇش كەيپ يۈرىدىغان تۇرسۇن سۇپۇر-گى ئەمدىلىكتە يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك بوشاپلا كەتكەنىدى. قارىغاندا، قۇدۇققا سەپلەپ بېرىشكە ۋەدە قىلىنغان ئۈسكۈنىلەر-دىن چاتاق چىققاندەك قىلاتتى.

مەن ئۇنىڭدىن تاقەتسىزلىك بىلەن سورىدىم:

— ھە، تۇرسۇنئاخۇن، قۇرۇق قول قايتىپسىلەرغۇ؟

سوئالىم جاۋابسىز قالدى. بىراق بۇرۇقتۇرمىلىقتىن ئىچى تىتىلداپ، ئاران تۇرغان يادىكار ئۇنىڭغا قاتتىق تەگدى:

— ھەي ئاداش، بورىدىغان كالىدەك پۇشۇلداپ تۇر-ماي، شاق ـ شاق دېمەمسەن؟ زادى نېمە ئىش بولدى؟

— دېسەم رەنجىمە، — دېدى تۇرسۇن تولىمۇ ھارغىن قىيا-

پەتتە، — ئابدۇقادىر ھاكىم بۇيرۇپ بەرگەن ئۇسكۇنىلەر سۇ باشقۇرۇش پونكىتىغا يېتىپ كەپتۇ. لېكىن خۇمداندا خىش جىددىي بولغاچقا، يېزىدىن بەرگەن مەشغۇلات ئۆيىنىڭ خىشلىرىنى كىمدۇر بىرى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ئۆيىگە ئىشلىتىۋاپتۇ. ئەڭ يامان بولغىنى... بولدىلا، بۇنى دېمىسەممۇ بولار...

تۇرسۇننىڭ سۆزلىرىدە قانداقتۇ بىر ئالاھىدە خەۋەر بارلىقىنى دەرھال سەزدىم - دە، ئۇنى ئالدىراتتىم:

— تېز دە!

— يۇسۇپ مەخسۇم يىگىرمىدىن ئارتۇق مەسچىت جامائىتىنى باشلاپ تۇ شۇجىنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىپتۇ.

— نېمىشقا؟

— سىلەرنى چېقىشتۇرمامدۇ شۇ؟! يالاڭئاش يۇردى، قىز - ئوغۇللار ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، يولدىن چىقتى، ئۆرە تۇرۇپ سىيدى دېگەندەك تايىنى يوق گەپلەر بىلەن ئەيىبلەپ ئولتۇرۇۋاپتۇ...

يۇسۇپ مەخسۇمنىڭ سۆزلىرى كىشىنىڭ ئوغىسىنى قايناتىدىغان سۆزلەر ئىدى. چۈنكى، بىزدەك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تۇرمۇش شەكلىنى يۇسۇپ مەخسۇمنىڭ بېكىتىپ بېرىش ھوقۇقى يوق ئىدى. لېكىن، ئۇ يەنىلا ئادەم توپلاپ، كۈچ كۆرسىتىپ، ئۆزىچە ئارىلىشىپ باققانىدى. ھەممىدىن بەكرەك چاتاق بولغىنى يەنىلا قۇدۇق مەشغۇلات ئۆيىنىڭ خىشىنى باشقىلارنىڭ ئىشلىتىۋالغىنى ئىدى. خىش بولمىسا، مەشغۇلات ئۆيى ۋاقتىدا پۈتمەيتتى. ئۆي پۈتمىسە قۇدۇقتىن سۇ چىقىرىشقا بولمايتتى. پراكتىكا ۋاقتىمىز ئاخىرلىشىدىغانغا ئاران بىر ئاي ۋاقىت قالغان، سۇ چىقىرىش ئىشىنى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك ئىدى. ئۇمىدسىزلىنىپ تۇرغىنىمدا، يادىكار قاتتىق ئاچچىقلاپ كەتتى:

— خىش كەلمىسە ئۆي پۈتمەيدۇ. ئۆي پۈتمىسە قۇدۇقتىن

سۇ چىقمايدۇ. قارامىلىق بىلەن ئىشلەۋەرسەڭ قۇدۇق گۇمۇرۇلۇپ چۇشۇپ، ئۆزىمىزنىڭ بېشىغا چىقىمىز. بۇ — قارغۇنى تار يەردە قىستىغانلىق بولماي نېمە؟! مۇختار، سەن بۇلارنى يېزىغا ئېيتقىن، تېز بول!

ئەتىسى ئەتىگەندە مەشغۇلات ئۆيىنى پۇتتۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا تۇراق شۇجىنىڭ ئىشخانىسىغا باردىم. ئۇ مېنىڭ قۇدۇق توغرىسىدىكى دوكلاتىمنى ئاڭلاۋېتىپ بىردىنلا ئاچچىقلىنىپ كەتتى:

— شلانكىنى ئوغرىلىغان بولسا ساقچىخانا بار. سۇ چىقىدىغان قۇدۇقنى ئىشلەتمەي تاشلاپ قويسا سۇ ئىدارىسى بار. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى سىلەر بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىش. مەسىلە شۇكى، سىلەر پراكتىكا قىلىمىز، دەپ قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلدىڭلار. مەسىلەن، يالاڭۋاش يۇرگىنىڭلار؛ ھاراق ئىچىپ، تانسا ئوينىغىنىڭلار، ناخشا ئېيتتۇق دەپ ئالىجوقا توۋلىغىنىڭلار؛ بىر قولىنى ئۇن قىلالماي يۇرگەن دېھقان بالىلىرىنى ئۇنداق مۇسابىقە، بۇنداق پائالىيەت دەپ يىغىۋالغىنىڭلار ئۇچۇن كەنتتىكىلەر نارازى بولۇۋاتىدۇ. سەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەسئۇلىغۇ؟! قېنى، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟

ئەگەر بىر كۇن بۇرۇن تۇرسۇن سۇپۇرگىدىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىمىغان بولسام، نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي دۇدۇقلاپ قالغان بولاتتىم. لېكىن ھازىر ئىدىيە تەييارلىقىم بولغاچقا، تۇراق شۇجىگە ئويلىغانلىرىم بويىچە تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بەردىم:

— بىلىشىمچە، بۇ يەردە ياش تۇرۇپ ساقال قويۇش، يۇزىگە چۇمبەل تارتىش، پاكىز سۇ تۇرسىمۇ، سېسىق سۇ ئىچىش رېئايە قىلمىسا بولمايدىغان قائىدىگە ئايلىنىپتۇ. لېكىن بىز دېگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى. بىز يۇسۇپ مەخسۇمنىڭ دېگىنى بويىچە ئەمەس، بەلكى مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلار قائىدىسى بويىچە ياشايمىز...

— نېمە؟ سەن كىچىككىنە تۇرۇپ نەدىن ئۆگەندىڭ بۇنداق قۇرۇق گەپنى؟! ھاراق ئىچىشمۇ ئوقۇغۇچىلار قائىدىسىمۇ؟ چالا مەستچىلىكتە قىز ئوقۇغۇچىلارغا پوخورلۇق قىلىشمۇ ئوقۇغۇچىلار قائىدىسىمۇ؟ مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەرگە خىلاپ ھالەتتە يالاڭئۇاش يۈرۈشمۇ ئوقۇغۇچىلار قائىدىسىمۇ؟ ئاڭلا ئۇكا، يەنە مۇشۇنداق مەمەدانلىق قىلىمەن دېسەڭ، كۆدە - كۆرپەڭنى كۆتۈرۈپ ھازىرلا كەت!

گەپ چىڭىغا چىقتى. شۇ تاپتا پەشنى قېقىپلا چىقىپ كەتسەم پراكتىكا ۋەزىپىمىز مۇشۇ يەردىلا توختايتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرايتتىم. جىم تۇرسام نېغمەت تېكە پەيدا قىلغان ئوقۇغۇچىلار قائىدىسىگە خىلاپ قىلمىشلار سەۋەبلىك ۋىجدان ئازابىغا قالاتتىم. گەرچە شەيتانغا دەرس بېرىدىغان بىر ھىيلىگەر ئادەم ماڭا قوپاللىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ساۋاقداشلىرىمنى ياخشى باشقۇرمىغىنىم ئۈچۈن ئامالسىز خۇشامەت قىلدىم:

— خاتىرجەم بولسىلا، تۇ شۇجى. بۇ مەسىلىلەرنى بىرىپلا تۈزىتىمەن. بىراق قۇدۇق ئاغزىنىڭ زەي قاتلىمى ئۆرلەپ، ئىشلىرىمىز خەتەرلىك بولۇپ قالدى. ئەگەر مەشغۇلات ئۆيى ۋاقتىدا پۈتمەي گۈمۈرۈلۈپ چۈشسە، چاتاقنىڭ چوڭى چىقىدۇ. شۇڭا ۋاقتىدا...

تۇراق شۇجى سۆزۈمنى ئاڭلاۋېتىپ كۈلۈپ قويدى - دە، تاماكىسىنىڭ ئىسىنى ئالدىرىماي پۈۋلىۋېتىپ، گەپ باشلىدى:

— ماۋۇ گېپىڭ بولىدۇ. گەپ دېگەننى ئادەمگە، سورۇنغا قاراپ قىلغۇلۇق. مەن خالىغانچە مۇنازىرىلىشىدىغان مۇئەللىمىڭ ئەمەس، بەلكى يېزىلىق پارتكومىنىڭ شۇجىسى. بۇ يەرمۇ ئويۇن ئوينايدىغان مەكتەپ ئەمەس، بەلكى قان چىقارماي جان ئالىدىغان ئىستىھكام. بۇنىڭدىن كېيىن گەپ قىلغاندا باشلىقىڭنى ھۆرمەتلەشكە دىققەت قىل. خىش، ماتور دېگەندەك پارچە - پۇرات

ئىشلارغا كەلسەك مېنى ئاۋارە قىلماي يېزا باشلىقىنى ئىزدە بولامدۇ؟

مەن ئاچچىق يۇتقان پېتىم تۇراق شۇجىنىڭ ئىشخانىسىدىن قايتىپ چىقتىم. كېتىۋېتىپ ئىختىيارسىز هالدا نېغمەت تېكە بىلەن مەمەت بوسۇغۇنى تىلىلىدىم:

— خەپ، ناكەسلەر!...

## 9

كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغان چاغدا ئازغان كەنتىگە يېتىپ كەلدىم. ئاستىمدىكى كونا ۋېلىسىپىت يېقىمسىز غىچىلداپ تۇراتتى. توپىلىق سەهرا يولىدا مەكتەپتىن قايتقان بالىلار شوخلۇق بىلەن قوغلىشىپ يۈرسىمۇ، لېكىن خىيالىمدا يەنىلا يېزىلىق پارتكوم شۇجىسىنىڭ تەكەببۇر تۇرقى ئەكس ئېتەتتى.

سۆز ئارىسىدا تۇراق رازىق شۇجى قۇدۇق رېمونتىنى بىرەر قېتىممۇ تىلغا ئالمىدى. ئۇ پەقەت ئەرزىيەتچىلەرنىڭ ئۆزىنى ئاۋارە قىلغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئۇلارنى تولىمۇ تەستە قايىل قىلدۇرغانلىقىنى، يەنە بىزنىڭ كىشىلەرگە بەرگەن ناچار تەسىرىمىزنىلا تىلغا ئالغانىدى. بىراق، نۇرغۇن سوئاللار مېنى قىيناپ تۇراتتى. پارتكوم شۇجىسى ئازغان كەنتىنىڭ سۇ قىيىنچىلىقىنى، بىر كۆز قۇدۇقنىڭ بىرنەچچە يىلدىن بېرى تاشلىنىپ تۇرغانلىقىنى بىلمەمدىغاندۇ؟ بۇ قۇدۇقنى كولاشقا نۇرغۇن پۇل خەجلىگەنلىكىنى بىلمەمدىغاندۇ؟... ئېهتىمال، تۇراق شۇجىمۇ ئازغان كەنتىدە مۇشۇنداق بىر قۇدۇقنىڭ بارلىقىنى، يەنە كېلىپ، مۇشۇ قۇدۇق ئارقىلىق خەلقنىڭ سۇ قىيىنچىلىقىنى هەل قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى بىلسە كېرەك. لېكىن ئۇ پارتكوم شۇجىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇچرىغانلا ئىشلارنىڭ هەممىسىنى قارىقويۇق بىر تەرەپ قىلىۋېرىشتىن پەقەت ئۆزى مۇهىم دەپ قارىغان ئىشلارنىلا

بىر تەرەپ قىلىشقا ئادەتلەنگەن بولسا كېرەك. ئېھتىمال، بىز-
دەك كەلگۈندىلەرنىڭ قۇدۇق رېمونت قىلىمىز، دەپ مۇناسىۋەت-
سىز بىر ئىشقا ئارىلىشىشىمىزمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا ھاما-
قەتلىك ھېسابلانسا كېرەك. شۇڭا بىزنى مۇشۇنداق راسا بىر
ئەدەپلەپ قويۇشمۇ زۆرۈر بولۇپ قالغاندۇ...
— چاتاق بولدى. تېز... تېز كېلىڭلار!
ئەمدىلا كەنت ئوتتۇرىسىدىكى چاسا يولدىن ئۆتۈشۈمگە قۇ-
دۇق تەرەپتىن بىر ئايالنىڭ ئەنسىز ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.
ئارقىدىن توپا - چاڭ كۆتۈرۈلدى. ۋېلىسىپىتنى تاشلاپ، يان
تەرەپتىكى ئورمان بەلۋىغىنى كېسىپ ئۆتۈپ ئۇدۇللا قۇدۇق بې-
شىغا قاراپ يۈگۈردۈم. بىراق، كېلىپلا جايىمدا قاققان قوزۇق-
تەك قېتىپ قالدىم. چۈنكى، قۇدۇقنىڭ مەشغۇلات ئۆيى ئۈچۈن
كولىغان ئازگال قۇدۇقنىڭ ئاغزى تەرەپكە گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن
بولۇپ، قۇمساز توپا خۇددى كەلكۈن سۈيىگە ئوخشاش پەسكە
قاراپ لۆمشىپ ئاقماقتا ئىدى. ئاپئاق توپا - چاڭ ئىچىدە ھېچ
نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى.
بىرىنچى بولۇپ ئېسىمگە كەلگىنى قۇدۇق ئىچىدە مەشغۇلات
قىلىۋاتقان يىگىتلەر بولدى. «ئاھ، خۇدا! قۇدۇق ئىچىدە كىم-
لەر بولغىيتتى؟» شۇلارنى ئويلاپلا دەرھال قول سائىتىمگە قارى-
دىم. سائەت ئىستىرېلكىسى بەش يېرىمنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.
بۇ دەل بىزنىڭ ئىسمېنا ئالمىشىش ۋاقتىمىز ئىدى. ئادەتتە
بۇنداق چاغدا قۇدۇق ئاغزىدا ئادەم بولمايتتى. لېكىن بىر ئايال
يەنىلا جان - جەھلى بىلەن قاتتىق ۋارقىرىماقتا ئىدى:
— قۇتقۇزۇڭلار، ئادەم ئۆلدى، قۇتقۇزۇڭلار!
كىم ئۆلدىكىنا؟ بۇ ئايال نېمانداق قارىسىغا ۋارقىرايدىغاندۇ؟ ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراۋېتىپ چۆچۈپ كەتتىم. چۈنكى،
قارامتۇل كەلگەن بۇ ئايالنىڭ قولىدا تونۇش بىر تاماق قاچىسى
تۇراتتى. توغرا، ئۇ ھەمىشە تۇرسۇن سۈپۈرگىگە تاماق ئەكېلىدى-

غان ياش ئايال شۇ، ئاپلا!...
مەنمۇ بار ئاۋازىم بىلەن قاتتىق ۋارقىرىدىم:
— ئادەم ئۆلدى! قۇتقۇزۇڭلار...
ياتاق تەرەپتە ئاۋۋال نىغمەتنىڭ گەۋدىسى كۆرۈندى. ئارقىدىن ئەلقەر، ھاجىگۇل قاتارلىق ساۋاقداشلار يۈگۈرۈپ چىقىشتى. ئاندىن تۇرسۇننىڭ زەربىدارلار ئەترىتىدىكى ئىسمىنا ئالدىشىشقا كەلگەن يىگىتلەر، يولۇچىلار، ئېتىزدىن قايتقانلار، تونۇشلار، ناتونۇشلار، بوۋاي ـ مومايلار، ھەتتا دەرس ئوقۇۋاتقان سەبىي بالىلارغىچە ھەممىسى يۈگۈرۈپ كېلىشتى.
قۇلاققا كەتمەننىڭ يەرگە ئۇرۇلغان چاغدىكى «گۇپ ـ گۇپ» قىلغان ئاۋازلىرى، ئانچە ـ مۇنچە يۆتىلىشلەر، ئېغىر ھالسىراشلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھېچكىم بىر نېمە دېمەيتتى. بىر ـ بىرىگە قاراپمۇ قويمايتتى. بىراق، ۋاقىت رەھىمسىز ئىدى. بىر مىنۇت، ئىككى مىنۇت، بەش مىنۇت، ئون مىنۇت، يىگىرمە مىنۇت، ھەتتا بىرەر سائەتمۇ ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن، لەنتىي قۇمساز توپا بىر كەتمەن ئېلىنغان جايغا ئىككى كەتمەن بولۇپ سىيرىلىپ چۈشۈپ ھالىمىزنى قويمىغانىدى. چارچاپ يىقىلغىدەك بولغاندا ئېسىمگە كەپتىمەن. قارىسام، نىغمەت، ئەلقەر قاتارلىق ئىككى ـ ئۈچلا كىشى باش چۆكۈرۈپ ئىشلەۋېتىپتۇ. باشقىلارنىڭ ھەممىسى بارمىقىنى چىشلىگىنىچە پەس ئاۋازدا پىچىرلىشىپ بىزگە قاراپ تۇرۇپتۇ.
— ئىچىدە كىملەر بولغىيتتى؟
بىرىنىڭ تەرەپبالىلا سورىغان سوئالى مېنى سەگەكلەشتۈرۈپ قويدى. توغرا، ئاۋۋال ئىچىدە كىملەرنىڭ بارلىقىنى ئېنىقلاش كېرەك. يادىكار مۇشۇ يەرلىك بولغىنى ئۈچۈن دېھقان يىگىتلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىلىدۇ...
— ھەي، يادىكار! قاراپ باقە، ئارىمىزدا كىملەر يوق؟
— ...

يادىكار جاۋاب بەرمىگىنى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئاچچىقلاندىم:
— قېنى سەن، نىمانداق مۆرىمەيسەن؟
— ...

قىسقىلا جىمجىتلىقتىن كېيىن يۈرىكىم «جىغغىدە» قىلىپ كەتتى. سوئال نەزىرىم بىلەن نېغمەتكە قارىدىم. چۈنكى، بۇ دەل نېغمەت بىلەن يادىكارنىڭ ئىسمىنا ئالمىشىدىغان ۋاقتى ئىدى. بىراق، نېغمەت سوئالىمغا جاۋاب بەرمەيلا قىزىرىپ كەتكەن كۆز-لىرىنى مېنىڭدىن قاچۇرۇپ يەرگە قارىدى. مەن تەشۋىش بىلەن ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇ مېنىڭ مىختەك تىكىلىپ قاراشلىرىمغا بەر-داشلىق بېرەلمىگەن بولسا كېرەك. بىردىنلا ھۆركىرەپ يىغلى-ۋەتتى. يىغا بىلەن تەڭ تىنىقىدىن تارقالغان ھاراقنىڭ سېسىق پۇرىقى بۇرنۇمغا ئۇرۇلدى. شۇندىلا ھەممىنى چۈشەندىم. ئەسلى-دە نېغمەت تېكە ئىشقا چۈشمەي يەنە ھاراق ئىچكەن. بىر كېچە ئىسمىنا ئىشلەپ، ھېرىپ - ھالىدىن كەتكەن يادىكار ئامالسىز ھالدا يەنە قۇدۇق ئاستىغا چۈشكەن. ئاخىرىدا قۇدۇق گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈپ، قومساز تۇپراق ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغانىدى.
— ھۇ، ھايۋان!

غەزەپ بىلەن نېغمەتنىڭ يۈزىگە ئۇردۇم. قۇتقۇزۇش جەريا-نىدا ھېرىپ - ھالىدىن كەتكەن نېغمەت ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ چۈش-تى. مەن ئۇنى دەسسىدىم، تەپتىم. ئېھتىمال، ئۇرۇپ خېمىر قىلىۋەتكەنمۇ بولاتتىم. بىراق، ئەلقەر، ھاجىگۈل قاتارلىق سا-ۋاقداشلار مېنى چىڭ تۇتۇۋالدى. شۇنداقتىمۇ قەلبىمدىكى سان - ساناقسىز ئۆچمەنلىك مېنى زادىلا جىم تۇرغۇزمايتتى:
— قويۇۋېتىڭلار، — دېدى يەردە ئولتۇرۇپ قالغان نېغمەت كىچىك بالىدەك ئېسەدەپ يىغلاپ تۇرۇپ، — مۇختار مېنى ئۆلتۈ-رۈۋەتسۇن. چۈنكى ئۆلىدىغان ئادەم مەن. تۇزۇمگە بويسۇنمىغانمۇ مەن. مەشغۇلات ۋاقتىدا ھاراق ئىچكەنمۇ مەن. يېتەكچىلەرگە ئەرز قىلغانمۇ مەن. ئۆلىدىغان چاغدا جايىمدا تۇرماي ھايات

قالغانمۇ مەن. قويۇۋېتىڭلار، ئۇ مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسۇن. شۇندىلا ھەممىمىز ئارام تاپىمىز...

مەن ئازابتىن ھۆكىرەپ يىغلىۋەتتىم. چۈنكى، نېغمەتكە نارازىلىقىم بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ياكى باشقا بىرەرىنىڭ ئۆلۈشىنى ئەسلا خالىمايتتىم. ۋاھالەنكى، مۇشۇ تاشلاندۇق قۇدۇق ئاستىدا ئۆزۈمنىڭ ئەڭ يېقىن دوستۇمنى مەڭگۈلۈك يوقاتقانىدىم.

قۇتقۇزۇش ئەتىسى تاڭ سەھەرگىچە داۋاملاشتى. قۇتقۇزۇشقا يېزا رەھبەرلىرى، قوشنا كەنتتىكى دېھقانلار، ھەتتا بىزنىڭ «بەشتېرەك»، «چاچقۇم» قاتارلىق يېزىلاردا تۇرۇشلۇق ساۋاقداشلىرىمىزمۇ كەلگەنىدى. قۇدۇق ئاغزىنى ئاچقان ۋاقتىمىزدا ئازابتىن يۈرىكىمىز ئۆرتىنىپ كەتتى. چۈنكى، يادىكار بىلەن تۇرسۇن قۇدۇقنىڭ تىنىپ قالماسلىقىنى ئويلىغانمۇ ياكى تاسادىپىي توغرا كېلىپ قالغانمۇ، بەدىنى بىلەن قۇدۇق ئاغزىنى توسۇۋالغان بولۇپ، قۇدۇق ئىچىگە ئازراقمۇ توپا چۈشمىگەنىدى. بۇنى كۆرۈپ ھەممىلا كىشى ئۆزلىرىنىڭ پىداكار ئوغلانلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپ كېتىشتى. ھەتتا ئەينى چاغدا تۇرسۇن بىلەن سۇ تالىشىپ، ئۇنى چانىۋەتكەن ئەخەت چاپاقمۇ ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى.

مەن يادىكارنىڭ مەڭگۈلۈك يۇمۇلغان قارا كۆزلىرىگە ئاخىرقى قېتىم سىنچىلاپ قارىدىم. قۇم قونغان كۆزلەردىن ھېچقانداق ھاياتلىق بەلگىسىنى كۆرەلمىدىم. ھەتتا مېنى ھەمىشە تىللاپ توختىمايدىغان ئاغزىمۇ چىڭ يۇمۇلغان ئىدى. قاداقلىشىپ كەتكەن يىرىك قوللىرىنى تۇتۇپ باقتىم. بىراق ئۇنىڭدا ھېچقانداق ھارارەت يوق ئىدى...

يادىكارغا قاراۋېتىپ تۇيۇقسىز قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم. چۈنكى، قۇلىقىمغا «چىك... چىك... چىك...» قىلغان بىر خىل رىتىملىق ئاۋاز ئاڭلانغانىدى. يەنە كېلىپ، بۇ ئاۋاز يادىكارنىڭ بەدىنىدىن چىقىۋاتقانىدى. تەئەججۈپ ئىچىدە زەن سېلىپ ئاڭلاپ، يەنە لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدىم. چۈنكى، ئۇ يادىكارنىڭ

ئانا يۇرتى، نامرات خەلقى ۋە بىچارە ئانىسى بىلەن ناتىۋان سىڭلى-
سى ئۇچۇن سوقىدىغان ئوتلۇق يۈرەكى بولماستىن، بەلكى
مىلىڭ يىللاپ توپا ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالسىمۇ ھېچ نەرسە بولمايدى-
غان تۆمۈر سائىتى ئىدى.
شۇ كۈنى كەچكى شەپەق بىلەن تەڭ، قۇمبار يېزىسىنىڭ
بۇ ئېسىل ئوغلانلىرى ئۆزلىرىنى بېقىپ چوڭ قىلغان تەكلىماكان
ئېتەكلىرىگە دەپنە قىلىندى. تۇرسۇن سۇپۇرگى ئازغان كەنتىدى-
كى جەمەت قەبرىستانلىقىغا، يادىكار — دادىسىنىڭ يۇلغۇنجاي
كەنتىدىكى قەبرىسى يېنىغا قويۇلدى. ئەگەر روھ راستتىنلا مەۋ-
جۇت بولسا، ئۇ شۇ تاپتا يادىكار چۇشىدە تولا كۆرگەن، لېكىن
ئوڭىدا چىرايىنىمۇ ئەسلىيەلمەيدىغان دادىسى بىلەن جەم بولغاندى-
دى. ئېھتىمال، شۇ تاپتا ياسىن ئاكا ئاتا - بالا ئۆزلىرىنىڭ
سۇغا ئېرىشىش يولىدىكى تەشنالىقلىرىنى جەننەتنىڭ ھەۋزىكەۋ-
سەرلىرى بىلەن قاندۇرۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. بىراق، ئاينۇر-
خان ئانا بىلەن قىزى ئابىدە ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكلىرىدىن
ئايرىلغىنى ئۈچۈن يۇم - يۇم يىغلايتتى، چاچلىرىنى يۇلاتتى،
بارماقلىرىنى چىشلەيتتى...
مېيىت ئۇزىتىشقا كەلگەن كىشىلەر شۇ قەدەر كۆپ ئىدىكى،
مەسچىتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا پۇت قويغۇدەك بوش ئورۇنمۇ
قالمىغانىدى. كىشىلەر توپىدا قولىنى شىلتىپ ئۇنى - بۇنى
ئىشقا بۇيرۇپ تۇرغان ئېگىز بويلۇق بىر ئادەم ئالاھىدە كۆزگە
تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇ يېزىلىق سۇ پونكىتىنىڭ باشلىقى، ئابىدە-
نىڭ بولغۇسى ئېرى مەمەت بوسۇغۇ ئىدى.

## 10

يادىكار بىلەن تۇرسۇننىڭ ئۆلۈمى — تاشلاندۇق قۇدۇقتىن
سۇ چىقىرىش خىزمىتىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى.
سۇ ئىشلىرىغا مەسئۇل ھاكىم ئابدۇقادىر ھاشىمدىن تار-

تىپ، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىلىرىغىچە بولغان مەسئۇل كىشى-
لەر ئازغان كەنتىگە كېلىپ قۇدۇقنىڭ رېمونت ئىشلىرىنى تەك-
شۈردى. كەنت دېھقانلىرى ئۆزلۈكىدىن ھەرىكەتكە كەلدى، ھادى-
سىدىن كېيىنكى رېمونت خىزمىتى جىددىي ئىشلىنىشكە باشلى-
دى. سۇ تارتىش ماتورى، دۇڭگاتېل، سۇ تارتىدىغان شلانكا،
ھەتتا كىمدۇر بىرى خۇسۇسىي ئۆيىگە ئىشلىتىلىۋاتقان خىشلار-
غىچە بىر كۈن ئىچىدىلا تولۇق ئەمەلىيلەشتى.
بىراق، بىر ئىش زادىلا كاللامدىن ئۆتمەيتتى. ئەگەر قۇدۇق
كولىغاندا، سۇ ئورنىغا ئاساسەن قۇدۇق ئاغزى مۇۋاپىق پىلانلان-
غان بولسا، سۇ سۈمۈرىدىغان شلانكىنى توختى ئېيتقاندەك ئىككى
قىلىپ چاتقان بولسا، قۇدۇقنىڭ سۇ چىقىرىش ئىقتىدارىغا قىلى-
چىمۇ تەسىر يەتمەيتتى. قۇدۇق ئاغزىمۇ گۈمۈرۈلۈپ چۈشمەيت-
تى. يادىكار بىلەن تۇرسۇنمۇ بىھۇدە ئۆلمەيتتى. بىراق، ھادىسى-
دىن كېيىن، قۇدۇق يەنىلا ئەسلىي ھالىتى بويىچە رېمونت قى-
لىنماقتا ئىدى. ھادىسە كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەب —
مەنبەسىدىن باشلاپ تولۇق تۈگىتىلمىسە ئوخشاشلا ھادىسە كۆرۈ-
لەتتى. ئوخشاشلا يەنە نۇرغۇن كىشىنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ
چىقىراتتى.
29 – ماي كۈنى چاقى كەڭ، ئاق رەڭلىك بىر ياسىداق
جىپ ماشىنا كەنت قورۇسىغا كىرىپ كەلدى. ماشىنا توختاپ
بولغۇچە قاياقلاردىندۇ يېتىپ كەلگەن كەنت شۇجىسى چاۋار پاسار
بىلەن سۇ پونكىتىنىڭ باشلىقى مەمەت بوسۇغۇ ناتونۇش رەھبەر-
نىڭ قوبۇلىغا ھازىرلىنىپ قول باغلاپ تۇرۇشتى. ماشىنىدىن
كەنتكە كەلگەنلەر سۇ ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىم ئابدۇقا-
دىر ھاشىم بىلەن ناھىيىلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىق-
لىرى ئىدى. ھاكىمنىڭ كەنتكە كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقانلىكى
يېزا رەھبەرلىرىنىڭ ھەممىسى — مال دوختۇرخانا، ئىگىلىك
باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتى ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى

باشقۇرۇش پونكىتى قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ئېغىزلىرىدىكى مەس-
ئۇل كىشىلەرگىچە ئارقا - ئارقىدىن يېتىپ كېلىشتى. ئادەتتە
تولىمۇ سوغۇق كۆرۈنىدىغان كەنت قورۇسى بىردىنلا جانلىنىپ
كەتتى.

— هە، مۇختار، ئىشلار قانداق؟

هاكىمنىڭ سوئالى بىلەن تەڭلا خېلى كۈنلەردىن بېرى بې-
شىمنى قاتۇرۇپ كېلىۋاتقان مەسىلىنى بىۋاسىتە تىلغا ئالدىم:

— قۇدۇقتا هازىرمۇ چاتاق بار!

سۆزۈمنى ئاڭلاپلا هاكىمنىڭ كۈلكە يېغىپ تۇرغان چىرايى
بىردىنلا جىددىي تۈس ئالدى. هېجىيىپ تۇرغان مەمەت بوسۇغۇمۇ
يامغۇر بولۇتىدەك تۇتۇلۇپ كەتتى. چاۋار شۇجى قومۇشلۇقتىن
كەكلىك چىققاندەك قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشنى بىلەلمەي كۆزلى-
رىنى پارقىراتقىنىچە قاراپ تۇراتتى. مەن ئويلىغانلىرىمنى تە-
كەللۇپسىزلا ئوتتۇرىغا قويدۇم:

— هازىرقى سۇ ئورنى قۇدۇق ئېغىزىدىن ئاران بىر مېتىرلا
پەستە. بۇنداق ئەھۋالدا قۇدۇق مەشغۇلات ئۆيىنى يەر يۈزىدىن
ئون مېتىر چوڭقۇرلۇققا سېلىشنىڭ هېچقانداق زۆرۈرىيىتى
يوق. بىرىنچىدىن، مەشغۇلات ئۆيىنى بەك چوڭقۇر سالساق ئۆي
تېمىغا ئاسانلا زەي ئۆتۈپ كېتىپ، بىرنەچچە يىلدىن كېيىن
گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا بەرىبىر يامان ئاقىۋەت-
تىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. ئىككىنچىدىن، سۇ تارتىش ئۈسكۈنى-
لىرى يەر يۈزىدىن بەكلا چوڭقۇر ئورۇنلاشتۇرۇلسا، مەشغۇلات
قۇلايسىزلىقى كېلىپ چىققاندىن باشقا يەنە ئىقتىدارىنى نورمال
جارى قىلدۇرىشىغىمۇ پايدىسىز. بۇنداق ئەھۋالدا كېيىنكى خەتەر
توغرىسىدا ئالدىن ئويلىشىش كېرەك ئىدى...

— مەشغۇلات ئۆيىنىڭ ئورنىنى كۆتۈرۈپ سالايلى دېمەكچى-
مۇسەن؟

— شۇنداق.

هاكىمنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا مەمەت بوسۇغۇ سوئال قويدى:
— ئۆي ئورنىنى كۆتۈرسەك سۇ ئورنى تەبىئىيلا پەستە قالىدۇ. ئۇ چاغدا شلانكا سۇغا تېگىشمەي، يەنىلا سۇ سۇمۇرەلمەيدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ.

مەن ئۇنىڭ شلانكىنى ئوغرىغا بەرگەنلىكى ئۈچۈنلا قۇدۇقنىڭ نەچچە يىل بىكار تاشلىنىپ قالغىنىنى بىلەتتىم. شۇڭا تەنە ئارىلاش جاۋاب بەردىم:

— هازىرچە قۇدۇق ئىچىدە بىرلا شلانكا بار. مەشغۇلات ئۆيىنىڭ ئورنىنى كۆتۈرگەن چاغدا يەنە ئىككى شلانكىنى قوشۇپ ئۇلىساق، ئۈچ شلانكا چېتىلىپ، سۇ زاپىسىغا بەش - ئالتە مېتىرچە چۆكەلەيدۇ. بۇ چاغدا سۇ زاپىسى ئازلاپمۇ قالمايدۇ. مەشغۇلات ئۆيىنىڭ گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈشىدىنمۇ ساقلانغىلى بولىدۇ. ئەلۋەتتە قۇدۇقتىن سۇ چىقىرىش - چىقىرالماسلىق يەنىلا شلانكىنى ئوغرىغا بېرىش - بەرمەسلىككە باغلىق.

مەمەت بوسۇغۇنىڭ يۈزى بىردىنلا ئات گۆشىگە ئوخشاش قىزىرىپ كەتتى. چاۋار شۇجىنىڭ پۈتلىرىمۇ ئىختىيارسىز تىترەشكە باشلىدى.

— ياخشى، — دېدى هاكىم رازىمەنلىك بىلەن مۈرەمگە ئۇرۇپ، — بەلەن گەپ بولدى. مەمەتجان زەنجاڭ، مۇشۇ بويىچە ئۆزگەرتىڭلار...

— چاتاق يوق، هاكىم. دېگەنلىرى بويىچە ئىشلەيمىز، خاتىرجەم بولسىلا.

هاكىمنىڭ ئورۇنلاشتۇرغىنى بويىچە شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئازغان كەنتىنىڭ «شەرق قىزاردى» ماركىلىق كونا تراكتورى بىلەن كېرەكلىك ئۈسكۈنىلەر يۆتكەپ كېلىندى. ئەتىسىدىن باشلاپ قۇدۇق ئېغىزىنى كۆتۈرۈپ، مەشغۇلات ئۆيى سېلىنىشقا كىرىشىپ كەتتۇق.

يادىكارنىڭ ئۆلۈمى ئاينۇرخان ئانىغا قاتتىق زەربە بولدى.

ئۇ كۆن بويى زاراتگاھلىق يېنىدىكى قېرى سۆگەتنىڭ تۈۋىدە قىمىرلىماي ئولتۇراتتى. ھېچكىم بىلەن گەپلەشمەيتتى. بىچارە ئابىدە خىزمەتتىن كېلىپلا ئانىسىغا يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ ئۇنى ئاران دېگەندە ئۆيىگە قايتۇرۇپ كېتەتتى. بىراق، ئۆزىمۇ يالغۇز قالغان چاغلىرىدا قانغۇچە يىغلاپ ئىچىنى بوشىتىۋالاتتى. ئەتىسى ئەتىگەندە كىشىلەر ئاينۇرخان ئانىنى يەنىلا زاراتگاھلىق يېنىدىكى قېرى سۆگەتنىڭ تۈۋىدە كۆرەتتى. ئاينۇرخان ئانىنىڭ ياشلانغان كۆزلىرى كونا - يېڭى قەبرىلەرگە تىكىلىپ تۇراتتى. ھەر قېتىم مۇشۇنداق ھالەتنى كۆرگىنىمدە يۈرىكىم قوقاستا پۇچىلىغاندەك تولغىنىپ كېتەتتىم. چۈنكى، يەرلىكلەرنىڭ ئادىتى بويىچە ئايال- لارنىڭ قەبرىستانلىققا كىرىشىگە يول قويۇلمايتتى. لېكىن، بۇ ئائىلىدە مەرھۇملارنى يوقلاپ تۇرغۇدەك بىرمۇ ئەركەك زاتى قالمىغانىدى. شۇڭا ئاينۇرخان ئانا قەبرىلەرنىڭ يېنىغا بارالماي، پەقەت يان تەرەپتىكى يول بويىدىلا قاراپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ روھىي ئازابلىرىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن ۋاقىت تاپسىملا ئۆيىگە كېلەتتىم. ئوتۇنلىرىنى يېرىپ، سۇلىرىنى توشۇيتتۇم.

كېيىنچە، ماڭا يېڭى بىر ھەمراھ قوشۇلدى. ئۇ باشقا بىرى ئەمەس، بەلكى كۆن بويى ھاراق ئىچىپ ئالىتاغىل تۇۋلاپ يۈرى- دىغان نېغمەت تېكە ئىدى. يېقىندىن بېرى، ئۇ بەكلا جىمىغۇرلى- شىپ كەتكەن، ئۆزىمۇ خېلىلا جۈدەپ قالغانىدى. مەن ئۇنىڭغا ھازىرغىچە نەپرەتلىنىپ كەلدىم. چۈنكى، ئۇ ئاساسسىز قۇسۇر ئىزدەپ، بىزگە ئۇۋالچىلىق سالغان؛ خىزمەتتە سۇسلۇق قىلىپ بىزنى جاپاغا قويغان؛ ھاراق ئىچىپ چاتاق تېرىغان؛ ھەتتا يادىكار ئۆلگەنگە قەدەر ئۇنى يامان كۆرۈپ كەلگەنىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇمۇ مېنىڭ ئەپۇ قىلىشىمنى كۈتمەيتتى. پەقەت ماشىنا ئادەمدەك باش چۆكۈرۈپ ئىشلەشنىلا بىلەتتى. ئېنىقكى، ئۇ بۇرۇنقى نېغمەت ئەمەس، بەلكى قىلمىشلىرى ئۈچۈن قاتتىق پۇشايمان قىلغان،

ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈم ئوتتۇرىسىدىكى تولىمۇ قىسقا مۇساپىنى كۆرۈپ يەتكەندىن كېيىن، تۇرمۇش قارىشىدا ئۆزگىرىش بولغان نېغمەت ئىدى. ئۇ مۇشۇ كىچىككىنە ئىشى بىلەن پەرزەنت قايغۇسىدا يۈرىكى سەدپارە بولغان ئانىغا تەسەللى بەرمەكچى... يادىكارنىڭ روھىدىن ئەپۇ سورىماقچى ئىدى.

ئادەم — خام سۈت ئەمگەن مەخلۇق. شۇ سەۋەبلىك ھەممىمىز خاتالىشىپ تۇرىمىز. بەزىلەر خاتالىقىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ. بەزىلەر بەكلا كېچىكىپ تونۇيدۇ ياكى مەڭگۈ تونۇمايدۇ. لېكىن، خاتالىقىنى تونۇمىغانلاردىن تونۇغانلار يەنىلا ياخشى. كېچىكىپ تونۇغانلاردىن بالدۇرراق تونۇغانلار يەنىلا ياخشى. لېكىن مەن يەنىلا نېغمەتكە نەپرەتلىنىمەن. چۈنكى، ئۇ قۇدۇق گۇمۇرۇلۇشتىن بىرەر مىنۇت بۇرۇنراق بولسىمۇ خاتالىقىنى تونۇپ يېتەلىگەن بولسا، بەلكىم يادىكار بىلەن مەڭگۈلۈك دوستلاردىن بولۇپ قالغان، مېنىڭمۇ قىيامەتلىك دوستۇم بولۇپ قالغان بولاتتى. ئەپسۇسكى، ئۇ كېچىكىپ قالدى...

كەچلىك تاماقتىن كېيىنكى ۋاقىت ئىدى. نېغمەت ئىككىمىز ئارىيەت ئالغان بىر ۋېلىسىپىت بىلەن يادىكارلارنىڭ ئۆيىگە كېتىپ باراتتۇق. بېغىرتاقلار پۇرۇلداپ ئۇچۇپ يۈرىدىغان «قىزىل ساي» ماڭا بەكمۇ تونۇش ئىدى. يەرلىكلەرنىڭ بۇ ساينى نېمىشقا «قىزىل ساي» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. بىراق، «قىزىل ساي» دېگەن گەپنى ئاڭلىسامىلا قەلبىمدە نۇرغۇنلىغان ئەسلىمىلەر پەيدا بولاتتى. نىمجان ھالەتتىكى تۇرسۇن سۇپۇرگىنى يادىكار، نېغمەت، ئەلقەر تۆتىمىز مۇشۇ سايلىق ئارقىلىق يېزا دوختۇرخانىسىغا ئاپارغانىدۇق. تانسا بۇزۇلغان ئاخشىمى يادىكار ئىككىمىز مۇشۇ سايلىق ئارقىلىق ئابىدە ۋە ئۇنىڭ مۇئەللىمە دوستلىرىنى مەكتىپىگە ئاپىرىپ قويغانىدۇق. بىراق، بۇران ئۇچۇپ تۇرىدىغان قۇملۇق دالىدا يادىكار بىلەن بىللە باسقان ئىزلىرىمىز ئاللىقاچان ئۆچۈپ كەتكەنىدى. ئېھتىمال، نەچچە

يىللاردىن كېيىن ئۇنىڭ قەبرىسىنىمۇ تاپقىلى بولماسلىقى مۇم-كىن. بىراق، مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدىغىنى شۇكى، ياسىن ئاكا، يادىكار ۋە تۇرسۇن سۇپۇرگىلەر مۇشۇ قۇمساز تۇپراقنى كۆكەرتىش يولىدا ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلدى.

نېغمەت ئۇشتۇمتۇتلا ۋېلىسىپىتنى توختاتتى. مەن «دىككىدە» سەكرەپ چۈشۈپ، ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قارىدىم. بىراق، ئۇ سايلىقتىكى جىگدىلىك تەرەپكە قاراپ تۇراتتى. ئىنسۇجىن يوق چۆللۈكتە راسا قاملاشقان بىر جۈپ قىز - يىگىت پاراڭلىشىپ تۇراتتى. قىزنىڭ قارا رەڭلىك كاستۇم - يوپكىسى غۇنچە بويىغا قەۋەتلا ياراشقان بولۇپ، ئۇرۇمچىدەك چوڭ شەھەرلەردىمۇ بۇنداق خۇش پىچىم قىزلارنى ئۇچرىتىش قىيىن ئىدى. يىگىتنىڭ تولغان بوي - بەستىمۇ ھەرقانداق كىشىنىڭ قايىللىقىنى قوزغايتتى. رومانتىك مەنزىرە كۆزلىرىمنى باغلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ پەيزىنى بۇزۇش ئەدەپسىزلىك ئىدى. شۇڭا كېتىش ئۇچۇن قەدەملىرىمنى يۆتكىدىم. بىراق، قىزنىڭ تونۇش ئاۋازى بىلەن تەڭ ئىختىيارسىز ھالدا توختاپ قالدىم:

— ئۇ مېنىڭ ئاكام، ھېچبولمىغاندا، يىل نەزىرىنى بېرىشتىن بۇرۇن توي توغرۇلۇق ئويلاشمايمەن.

— يىل نەزىرى؟ يەنە بىر يىل ساقلامدىم؟! ئەتراپىڭىزدا پەرۋانە بولۇپ يۈرسەم، سىزگە قىز تاپالمىغاندەك تۇيۇلدۇمۇ؟! يېزىنىڭ شۇجىسىنى ئەلچىلىككە كىرگۈزسەممۇ جاۋاب بەرمىدىڭىز، ئەمدى ئەلچىلىككە ناھىيە ھاكىمىنى كىرگۈزدەمەنمۇ؟!

قىلىشقان پاراڭلىرىدىن ئۇلارنى تونۇدۇم. قىز — ئابىدە، يىگىت — مەمەت بوسۇغۇ ئىدى. قارىماققا، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىدە خېلىلا ئىلگىرىلەش بولغاندەك قىلاتتى. ھېچبولمىغاندا،

ئابىدە مەمەت بوسۇغۇدىن بۇرۇنقىدەك قىچىپ يۈرمەيدىغان بولغانىدى.
— شۇ چاغدا يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسىغا ئىپتىمىغان بولسام، — دەپ تەنە قىلدى مەمەت بوسۇغۇ قولىنى شىلتىپ، — ئۆزىڭىزنى بورىچى كەنتىدە كۆرەتتىڭىز. گەرچە ماڭا رازىلىق بەرمىسىڭىزمۇ، لېكىن ئاپارغان داستىخىنىمنىڭ يۈزىنى قىلدىم. سورۇن راسلاپ مەكتەپ مۇدىرىغا يېلىندىم، يەنە رازىلىق بەرمىسىڭىز، مەنمۇ سىزنى قىستىماي، ئاقىۋىتىنى ئۆزىڭىز بىلەرسىز...
ئابىدە بىرنېمىلەرنى دېگەندەك قىلدى، ئاندىن ۋېلىسىپىتىنى يېتىلەپ تېز - تېز چامدىغىنىچە كېتىپ قالدى. ئارقىدىن مەمەت بوسۇغۇ موتسىكلىتىنى قەھرى بىلەن قوزغاپ، قىزنىڭ يېنىدىن ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كەتتى. ئابىدەنىڭ دالا گۈلىدەك نازۇك گەۋدىسى موتسىكلىت چاقىدىن چىققان توپا - تۇمان ئىچىدە غايىب بولدى. توپا - چاڭ بېسىققاندا، قىزنىڭ شېغىللىق يولدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ يىغلاپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم.
— ھۇ، خۇمسا، — دېدى نېغمەت مۇشتۇمىدىنى چىڭ تۈگۈپ، — ئاكىسى يوق دەپ ئادەم بوزەك قىلغىنىنى قارا، خەپ، ئەدىپىڭنى بەرمىسەم!...
مەن نېغمەتتىكى ئۆزگىرىشلەرگە ھەيران. چۈنكى، ئۇ ئادەتتە مەمەت بوسۇغۇ بىلەن ياخشى ئۆتەتتى. بىر بوتۇلكا ھاراقنى تەڭ ئىچىدىغان ئۈلپەتلەر ئىدى. بىراق، ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى بارغانسېرى مېنىڭ گەپلىرىمگە ئوخشاپ قالغانىدى.
ئاينۇرخان ئانا ھېلىغىچە ئاشۇ زاراتگاھلىق يېنىدا ئولتۇرۇپ خىيالغا كەتكەنىدى. ئوتۇن تەييارلاۋېتىپ ئىشىككە پات - پات قارىدىم. سۇ چېلەكىنى يولغا قويۇپ مەكتەپ يولىغا ئۆزاق-تىن - ئۆزاق قاراپ كەتتىم. ئىشلار ئاللىقاچان تۈگىگەن بولسىمۇ، «باغنىڭ ئىرقىنى چېپىۋېتەي، تالنىڭ ھارام شاخلىرىنى

پۈتۈۋېتەي» دەپ ۋاقىتنى سوزۇپ باقتىم. بىراق، ئابىدەنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئېھتىمال، ئۇ مەكتەپكە ماڭىدىغان يول. دا، قۇياش تۇنىگەن جايدا، تاڭ شەپىقى بىلەن قىزارغان سايدا ئۆلتۈرۈپ ئۆزىنىڭ ئازابلىق كەچمىشلىرىنى، ئاكىسى يادىكارنى ۋە دادىسى ياسىن ئاكىنى خىيال قىلىۋاتقاندۇ؟... ئېھتىمال، تېخى ياتلىق بولمىغان، لېكىن قاتتىق - يۇمشاق ۋاستىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتىپ ئۆزىگە تەھدىت سېلىپ يۈرگەن مەمەت بوسۇغۇنى ئويلاپ تۇرغاندۇ؟... ئېھتىمال، ئازاب بىلەن ئاھۇ كۆزلىرىنى لىققىدە ياشلاپ يېتىم بالىدەك تىنەپ - تەمتىرەپ يۈرگەندۇ...

كونا قۇدۇقتىن ئاخىر سۇ چىقتى.

6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى داغدۇغىلىق تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا كونا قۇدۇقتىن سۇ چىقىرىش قۇرۇلۇ. شىدا ھاياتىدىن ئايرىلغان ئىككى تۆھپىكارنىڭ ئائىلە تاۋاباتلى. رى، پراكتىكا گۇرۇپپىمىزدىكى ساۋاقداشلار، يېتەكچى ئوقۇت. قۇچىمىز، يېزىلىق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار رەھبەرلى. رى، ئازغان كەنتىدىكى بارلىق كادىرلار ۋە ئاما، شۇنداقلا «1 - ئىيۇن باللار بايرىمى» ئۆتكۈزۈۋاتقان ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇ. چىلاردىن بولۇپ مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قاتناشقانىدى. ئالدىنقى رەتتە تۇرسۇن سۇپۇرگىنىڭ ئورۇقلاپ، تېخىمۇ قارىداپ كەتكەن ياش ئايالى ۋە ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەيدىغان بولۇپ قالغان قېرى دادىسى ئولتۇرغانىدى. ئۇلارنىڭ يېنىدا قىلچە گىرىمسىزمۇ گۈ. زەللىكىدە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئابىدە ئولتۇراتتى. يېزى. لىق پارتكومدىن تۇراق رازىق شۇجى جاراڭلىق ئاۋازدا تەبرىك سۆزى قىلماقتا ئىدى:

— تاشلاندۇق قۇدۇقتىن سۇ چىقىرىش قۇرۇلۇشى ئازغان كەنتىدە باشلانغان بەخت قۇرۇلۇشى. باتۇر، ئەمگەكچان خەلقى. مىزنىڭ ناھىيىلىك پارتكوم ۋە يېزىلىق پارتكومنىڭ رەھبەرلى.

كى، شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى سۇچىلىق فاكۇلتېتىنىڭ تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشى ئارقىسىدا ئېلىپ بارغان تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش كۈرىشى. بىر ئايدىن ئارتۇق جاپالىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق بۈگۈن ئاخىر بەخت قۇدۇقىدىن سۇ چىقتى. مەن ئازغان كەنتىدىكى ئىككى مىڭغا يېقىن خەلققە ۋاكالىتەن قۇدۇق رېمونت قىلىش خىزمىتىنى يېقىندىن قوللىغان ۋە ياردەم بەرگەن ناھىيە رەھبەرلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى سۇچىلىق فاكۇلتېتىدىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن...

گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى بىلەن تەڭ كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالغان ئابىدە سىرتقا قاراپ ئاستا چىقىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ كېتىۋېتىپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەنلىكىنى ئېنىق كۆردۈم.

تۇراق شۇجى داۋاملىق سۆزلىمەكتە ئىدى:

— سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك. بەخت قۇدۇقىدىن سۇ چىققان مۇشۇ مىنۇتلاردا بىز خەلقىمىزنىڭ پەخىرلىك ئوغلانلىرىدىن يادىكار ياسىن بىلەن تۇرسۇن سۇپۇرگىنى ئەسلىمەي تۇرالمايمىز. ئۇلار خەلقىمىز قەلبىدە مەڭگۈ ھايات!...

مەنمۇ نۇرغۇن كىشىلەرگە ئوخشاش كۆز ياشلىرىمنى تۇختىتالماي قالدىم. بىراق، ھەممىدىن بەك يىغلىغىنى يەنىلا تۇرسۇن سۇپۇرگىنىڭ تۇل قالغان ئايالى ۋە ياشانغان ئاتا ـ ئانىسى ئىدى. ھەممىلا كىشى بۇنداق ئازابلىق چاغلاردا تەسەللىگە موھتاج. كىشىلەر شۇ تاپتا تۇرسۇن سۇپۇرگىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە تەسەللى بەرمەكتە ئىدى. بىرنەچچە ياش ئايال تۇرسۇن سۇپۇرگىنىڭ ئايالىنى قۇچاقلاپ، ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتمەكتە ئىدى. لېكىن شۇ تاپتا ئابىدەنىڭ يېنىدا ھېچكىم يوق ئىدى.

سىرتقا چىقتىم. قارىسام، ئابىدە قۇدۇق يېنىدا ئولتۇرۇپ

خىيالغا كېتىپتۇ.

— ئابىدە!

ئاۋازىمنى ئاڭلاپ قىز ئاستا ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ قاپقارا شەھلا كۆزلىرى ۋە هازىرلا ئېقىپ چۈشىدىغاندەك كۆرۈنىدىغان چىرايلىق بۇرنىنىڭ ئۇچى يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەنىدى. نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي، سۆز تېپىشنى يەنىلا هېلىقى كونى كۆر-گەنلىرىمگە يۆتكىدىم:

— مەمەت بوزەك قىلدىمۇ؟

قىز ماڭا بىرپەس قاراپ تۇردى - دە، كۆزلىرىنى ئېرىقتا شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان قۇدۇق سۈيىگە يۆتكىدى. مەن تاقەتسىز-لىك بىلەن سورىدىم:

— ماڭا ئېيتىڭ، ئەگەر ئۇ بوزەك قىلغان بولسا...

— قانداق قىلىسىز؟ ئۇنى ئۇرامسىز؟ بىراق كىيىنچۇ؟ بەرىبىر كېتىسىزغۇ؟! بوزەك قىلىشمۇ چىدايمەن. چۈنكى مەن يېتىم قىز...

— ياق، مەن بار!

— نەدە؟ ئۇرۇمچىدە تۇرۇپمۇ؟ رەھمەت، مۇختار. سىز ئاكامنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى، بىراق سىزمۇ بەرىبىر كېتىسىز...

ئابىدە سۆزلەۋاتقاندا نېمىشقىدۇ ھاياجانلىنىپ كەتتىم. شۇ تاپتا ئۇنى باغرىمغا بېسىشقىمۇ تەييار ئىدىم. بىراق، قىز مەندى-كى روھىي ھالەتنى سەزگەن بولسا كېرەك، بىردىنلا قولاقلىرى-غىچە قىزاردى. گەرچە ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دېمىگەن بولسى-مۇ، لېكىن ئۇنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىدىن بىر خىل يېقىنلىق-نى، يېقىن كىشىسىگە بولغان بىر خىل قېيىداشنى سەزدىم. دەقىقىلىق ھاياجانمۇ ياكى ئۆمۈرلۈك مەسئۇلىيەتمۇ، ئىشقىلىپ، ئۆزۈممۇ چۈشەنمەيدىغان بىر خىل غەلىتە سېزىمنىڭ كۈچى بىلەن ئويلىمىغان بىر سۆزنى دەپ تاشلىدىم:

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئابىدە. ماڭا پەقەت مۇشۇ سۆزىڭىزلا

كۆپايە.
قىز دەسلەپتە ھەيران قالدى. كېيىن كۆزۈمگە تىكىلىپ
قارىدى. مەن سۆزلىرىمنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدىم. ئۇ
ئاخىرىدا شۇنداق تاتلىق كۈلدى. ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسى قارىلىق
بولغاندىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق ھەقىقىي كۈلكىسى ئىدى.

## 11

ئۈرۈمچىگە قايتقىنىمىزغا ئاللىقاچان ئىككى ئايدىن ئاشقان
كۈنلەر ئىدى. ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ تە-
رەپ - تەرەپكە تارقىلىپ كېتىشكەنىدى. مەن مەكتىپىمىزنىڭ
سۇچىلىق فاكۇلتېتىغا تەقسىم قىلىندىم. ئەلقەر مەكتەپ ئوقۇ-
غۇچىلار باشقارمىسىغا، ھاجىگۈل سۇ ئىشلىرى نازارىتىنىڭ سۇ
قۇرۇلۇشلىرىنى لايىھىلەش باشقارمىسىغا، نېغمەت تېكە سۇ ئې-
لېكتىر مەكتىپىگە تەقسىم قىلىنغانىدى. «ئۈرۈمچىدە قالىمىز»
دېگەنلەر خېلى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن كۆپىنچىسى مۇرادىغا يې-
تەلمەي، ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى سۇ ئىشلىرىنى باش-
قۇرىدىغان مەمۇرىي، كەسپىي تارماقلارغا تەقسىم قىلىنغانىدى.
مەن خۇشال بولۇش ئورنىغا نېمىشقىدۇ قەرزدار كىشىدەك بەكلا
جىمىغۇرلىشىپ كەتتىم. ئېھتىمال، يادىكار ئۆلمىگەن، ئاينۇر-
خان ئانا بىلەن ئابىدە باشپاناھسىز قالمىغان بولسا بۇنچىلىك
ئازابلانماس ئىدىم.
ئىشخانامدا ئولتۇرۇپ سىناق تەرىقىسىدە ئۆتۈلىدىغان «قۇم
تۇپراق تىزگىنلەش ئىلمى» دېگەن دەرسكە تەييارلىق قىلىۋاتات-
تىم. چۈنكى، مەن يازغان «تەكلىماكان ۋادىسىنىڭ قۇم تۇپراق
تىزگىنلەش قۇرۇلۇشىدىكى يېڭى بايقاش» دېگەن ئوقۇش پۈتتۈ-
رۈش ئىلمىي ماقالەم مەكتەپتە خېلى زور تەسىر پەيدا قىلغاچقا،
فاكۇلتېت رەھبەرلىكى مېنى كەسپىي ئالاھىدىلىكى بار، دەپ
قاراپ مۇشۇ دەرسكە ئورۇنلاشتۇرغانىدى.

قۇم تۇپراق تىزگىنلەش ئىلمى — ئىھاتە ئورمانچىلىقى، سۇ
مەنبەلىرىنى ئاسراش ۋە ئېچىش، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى
ئۇنىۋېرسال ساقلاشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان، دۆلەتنى قۇدرەت
تاپقۇزۇپ، خەلققە بەخت يارىتىدىغان زور ئىستراتېگىيىلىك ئەھ-
مىيەتكە ئىگە بىر پەن…

ۋىشىلداپ ئېقىپ تۇرغان قۇمساز توپا - چاڭلار ئىچىدە قارا
گاز ياغلىقىنى بېشىغا چىڭ چىگىۋالغان بىر قىز ۋېلىسىپىتىنى
يېتىلەپ ئازابلىق ھالدا ئاستا كېتىپ باراتتى. جەزبىلىك قاپقارا
شەھلا كۆزلىرىدە لىققىدە ياش…

قايتىدىغان چاغدا خەۋەر شۇنداق تۇيۇقسىز كەلدىكى،
يۈك - تاقلىرىمىزنى تېڭىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالدۇق. ئۇقتۇ-
رۇشتا ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت تۆتتىن بۇرۇن ناھىيىلىك خەلق
ھۆكۈمەت مېھمانخانىسىغا يىغىلىپ بولۇش تەلەپ قىلىنغانىدى.
جىددىيچىلىكتە ئاينۇرخان ئانا بىلەن ئابىدەگە خوش دەۋېلىش
پۇرسىتىنى ئىزدىگەنىدىم. لېكىن زادىلا ۋاقىت چىقىرالماي قال-
دىم. توپىلىق يېزا يولىغا ئىنتىزارلىق بىلەن قارايتتىم، ھەتتا
چاشقان - توخۇلارنىڭ كىچىككىنە تىۋىشلىرىغىمۇ زەن سالاتتىم.
بىراق، غېرىبانە سەھرا يولى يەنىلا شۇنداق جىمجىت ئىدى.

ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەشكىللىگەن ئۇزىتىش مەرد-
كىسى بەكلا قىزىغان بولۇپ، سۇ ئىشلىرى ئىدارىسى قاتارلىق
مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى ۋە بىز تۇر-
غان ئۈچ يېزىنىڭ باشلىقلىرىغىچە تولۇق كەلگەنىدى. ناھىيىلىك
ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئارتىسلىرىمۇ ئالاھىدە تەكلىپ
قىلىنغان بولۇپ، گاھ جاز مۇزىكىلىرى، گاھ دولان ئاھاڭلىرى
بىلەن سورۇننى قىزىتىپ تۇراتتى. نېغمەت تېكە بىلەن ئەلقەر
ئاللىقاچان مەست بولۇپ قېلىشقان، نېغمەت نېمىشقىدۇ ھۆركى-
رەپ يىغلايتتى. ئىلىيار پات - پات ئۇنىڭ تۈكلۈك يۈزىگە سۆيۈپ
بەزلەپ تۇراتتى. لېكىن، مەن يەنىلا سەگەك. چۈنكى، سۇنۇلغان

رومكىلارنى بىرلا كۆتۈرۈپ بوشاتقاندىن كېيىن، هاراقنى چاي پىيالىسىگە ئاستا ياندۇراتتىم. شۇ هالەتتە ئۈچ - تۆت سائەتتىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن سورۇننىڭ ئاخىرلىشىشىدىن قىلچە ئۈمىد يوق ئىدى. مەن ئاخىر سەۋەب ئىزدەپ سىرتقا چىقتىم.

زۇلمەت كېچە. ئەتراپ قارا قازان بىلەن باستۇرۇپ قويغاندەك قاراڭغۇ. قولنىڭ ئۇچىنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى. بىراق، يۇلتۇزلار شۇنداق يارقىن جىمىرلاپ تۇراتتى. مەيىن شامال خېلىدىن بېرى ياستالمىغان بۇدۇر چاچلىرىمنى شوخلۇق بىلەن يەلپۈيتتى.

شۇ تاپتا سەھرا يوللىرى مېنى ئۆزىگە چاقىرماقتا ئىدى. مەن قۇمبار يېزىسىغا چىقىپ، ئابىدە بىلەن ئاينۇرخان ئانىلارغا «خوش» دەپ قويۇشنى كۆڭلۈمگە پۈككەنىدىم. كاللامدا پەقەت يىگىرمە نەچچە كىلومېتىرلىق ئوڭغۇل - دوڭغۇل تاشيولنى قانداق مېڭىشتىن باشقا ھېچقانداق ئىش يوق ئىدى. پىيادە ماڭسام تاڭغا يېقىن ئاران يېتىپ باراتتىم. لېكىن، قايتىپ كەلگۈچە ساۋاقداشلىرىم ساقلاپ كېتەتتى. خوشلاشماي شۇنداقلا كەتسەم، ئابىدەنىڭ ئالدىدا قامغاقتەك دومىلاپ يۈرىدىغان سەممەيەتسىز كىشىگە ئايلىنىپ قالاتتىم. تىت - تىت بولۇپ تۇرسام مېھمانخانىنىڭ قاراۋۇللۇق ئۆيى ئالدىدا بىر ۋېلسىپىت تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. سورىسام، مېنىڭدەك ناتونۇش يولۇچىغا ئارىيەت بەرمەيتتى. سورىمىسام، يىراق يوللارنى پىيادە باسالمايتتىم. ئاخىر تەئەججۇپ بىلەن ئىشىكنى چەكتىم:

— كىرىڭ.

كىرسەم بىر ئوتتۇرا ياشلىق ئەر كىشى كارىۋاتتا ئۆزىنى تاشلاپ يېتىپتۇ.

— مەن سىلەرنىڭ مېھمانخانىغا چۈشكەن. ۋېلسىپىتىڭىزنى ئىشلىتىپ تۇرسام بولامدۇ؟

ئۇ ئۇستۈپشىمغا ئېرەنسىزلىك بىلەن قاراپ چىققاندىن كېيىن بېشىنى چايقىدى:

— ياق.

يانچۇقۇمنى يوقلىسام ئەللىك نەچچە يۈەن پۇل چىقتى. پارچە پۇللارنى ئايرىۋالغاندىن كېيىن سالاھىيەت گۇۋاھنامەم بىلەن ئوقۇغۇچىلىق كىنىشكامنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتىم:

— بۇ سىزدە رەنىگە قالسۇن، تۇغقىنىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپلا قايتىمەن، بولامدۇ؟

ئۇ مەن بەرگەن پۇل ۋە كىنىشكا قاتارلىق نەرسىلەرگە بىرپەس قاراپ چىققاندىن كېيىن مىيىقىدا كۈلدى:

— بوپتۇ، قايتىپ كەلگىنىڭىزدە ئىشىكنى قاتتىقراق چېكەرسىز - ھە؟

كەچلىك بازاردىن ھورى چىقىپ تۇرغان ئىسسىق سامسا سېتىۋېلىپ قۇمبار يېزىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتىم.

ئابدەلەرنىڭ ئۆيىگە كەلگىنىمدە، باشقا ئۆيلەرگە ئوخشاشلا ئۇلارنىڭمۇ چىراغلىرى ئۆچۈپ كەتكەنىدى.

— كىم؟

دەرۋازىنىڭ قاتتىق جالاقلىشى بىلەن ئابدەنىڭ زىل ئاۋازى ئاڭلاندى:

— مەن، مۇختار.

— توختاپ تۇرۇڭ - ھە؟ ھازىرلا ئاچىمەن.

خېلى ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن دەرۋازا ئېچىلىپ ئىشىكتە ئاينۇرخان ئانا پەيدا بولدى. ئۇ مېنى كۆرۈپلا قولۇمدىن تۇتۇپ ئۆيگە باشلىدى ۋە قىزغىنلىق بىلەن ئەھۋال سورىدى:

— كەلگەنلىرى بەك ياخشى بولدى، بالام. سىلىنى كۆرسەم ئوغلۇمنى كۆرگەندەك بولىمەن...

ئانا يەنە يىغلىدى. مېنىڭ كۆزلىرىمگىمۇ يىغا ياماشتى. بىراق، پۈتۈن - سۆرۈك بىر ئەركەك تۇرۇپ يىغلاپ يۈرۈشتىن

نومۇس قىلدىم. ئابىدە ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتكىنىچە چاي قۇيدى.

— سىلەرنى كېتىپتۇ دەپ ئاڭلىغانتىم، نەدىن كېلىشلىرى بالام؟

— ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مېھمانخانىسىدىن كەلدىم.

— پىيادە ماڭسا يېرىم كۈنلۈك يولغۇ ئۇ؟! تازا جاپا تارتىپلا بالام. ئۆز ئوغلۇمدەكلا بولۇپ قېلىۋىدىلە. مانا ئەمدى كەتمەكچى بولۇۋاتىدىلا. قاچان كۆرۈشەرمىز ئەمدى؟...

— بىز ئەتە ئەتىگەندە ماڭىدىغان بولدۇق، بىرەر ئايلاردىن كېيىن ئوقۇش پۈتتۈرىمىز، نەگە بۆلىنىدىغىنىمىزنىمۇ بىلمەيمىز، لېكىن كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا ئانا، مەن چوقۇم سىلەرنى يوقلاپ كېلىمەن. ئەگەر بىرەر جىددىي ئىش چىقىپ قالسا، ئابىدە ماڭا خەت يېزىۋەتسۇن...

سۆزلەۋېتىپ يادىكار ئېسىمگە كەلدى. مەن ئۇنى تاشلاپ كېتىدىغىنىمنى ئويلاپ ئىختىيارسىز ئازابلاندىم. بىللە كېلىپ، يالغۇز قايتىش مەن ئۈچۈن بەكلا ئېغىر كەلگەنىدى. ھاياتلىقتا خۇشاللىق بىلەن خاپىلىق، جەم بولۇش بىلەن جۇدالىق ئۆزئارا سىڭىشىپ كېتىدىكەن. بىراق، خۇشاللىق بىلەن جەم بولۇش مىنۇتلىرىنىڭ قىسقا، خاپىلىق بىلەن جۇدالىقنىڭ ۋاقتىنىڭ بەك ئۇزۇن بولۇشى ئادەملەرنىڭ بەختسىزلىكىنىڭ دەلىلى ئىكەن.

مەن بىرنەچچە ياش ۋاقىتلىرىمدا ئانا مېھرىدىن ئايرىلىپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن تال چىۋىقنى ئات قىلىپ ئوينايدىغان شوخ بالىلىقىم بىردىنلا غېرىبلىق ۋە كۆز يېشىغا تولغان ئازابلىق ئەسلىمىلەرگە ئايلىنىپ كەتتى. ياسىن ئاكىنىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كېتىشى ئاينۇرخان ئانىنى ئېغىر ئازاب ۋە ئۆچمەنلىككە مۇپتىلا قىلغان بولسا، يادىكار بىلەن ئابىدەنى يېتىمچىلىك كوچىلىرىدا سەرسان قىلدى. ئەمدىلىكتە يادىكارنىڭ ئۆلۈمى ئىللىشقا باشلىغان يۈرەكلەرنى قايتىدىن مۇزلاتتى. ئاينۇرخان ئانىنىڭ يېرىم

ئۆمرى ئامراق كىشىلىرىنىڭ دەردىدە قان - زار يىغلاش بىلەن ئۆتتى. بىچارە ئابىدە دادىسىنىڭ چىرايىنى بىلمەيلا يەنە ئاكىسىنىڭ قېرىنداشلىق مېھىر - مۇھەببىتىنى يوقاتتى. بۇ ئۇلارغا ئارقا - ئارقىدىن كەلگەن ئېغىر زەربە ئىدى. غەلىتە يېرى، ياسىن ئاكىمۇ، يادىكارمۇ ئوخشاشلا يىگىرمە تۆت يېشىدىلا دۇنيادىن كەتكەنىدى. شۇلارنى ئويلاپ، ئىختىيارسىز هالدا كۆزلىرىمگە ياش كەلدى. تاغنى تىترەتكۇدەك كۈچ - قۇۋۋەتكە ئىگە بىر يىگىت تۇرۇپ قىزلارغا ئوخشاش مىچىلداپ يۇرۇشتىن نومۇس قىلدىم. بىراق ھەرقانچە قىلساممۇ، بەربىر كۆز ياشلىرىمنى يوشۇرۇپ قالالمىدىم.

— خوش ئانا، بالىلىقتا قايتۇرالمىغان قەرزىم بار. پۇرسەت بولسىلا چوقۇم قايتۇرىمەن. خوش ...

— خوش بالام ...

— خوش ...

ئاينۇرخان ئانا بىلەن ئابىدە كۆزلىرىنى ياشلىغان پېتىچە ئارقامدىن قاراپ قالدى. مەن قانداق تېز كەلگەن بولسام شۇنداق تېز قايتتىم. بىراق، كەلگىنىمدە بىلىنمىگەن يوللارنىڭ جاپاسى قايتقىنىمدا مېنى راسا قىينىماقتا ئىدى. قاراڭغۇدا نىشاننى پەرق ئەتكىلى بولمىغاچقا، ۋېلىسىپىت بەزىدە يول بويىغا دۈۋىلەپ قويۇلغان قىغ دۆۋىسىگە چىقىپ قالاتتى. بەزىدە كاتاڭلارغا چۈشۈپ كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا كۈچەپ تورمۇز قىلىپ يەرگە تىرەجەپ دەسسىۋالاتتىم. يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا ئاخىر قارا تەرگە چۈمۈلگەن هالدا مېھمانخانىغا قايتىپ كەلدىم. قارىسام، ھەممەيلەن قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتۇ...

— نېمە قىلىۋاتىسەن؟

بىرىنىڭ سوئالى خىياللىرىمنى بۆلدى. قارىسام، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسىغا بۆلۈنگەن ئەلقەر ماڭا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپتۇ. مەن ئۇنى كۆرمىگىنىمگە خېلى كۈنلەر بولغانىدى.

شۇڭا قول ئېلىشىپ قىزغىن كۆرۈشتۇم. ئۇ قولۇمنى قويۇۋەت-
مەي سۆزلەپلا كەتتى:

— ھەي، مۇختار، بارمۇ سەن، ھە؟ ئىزدىمىسەم ئىزدەپمۇ قويمايسەن، بىر مەكتەپتە تۇرۇپمۇ كۆرۈشەلمەيمىز. نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ نېمانچە ئورۇقلاپ كەتتىڭ؟ ئۆزۈڭمۇ غەلىتىلا بولۇپ قاپسەن. بىرەر كېسەللىك يوقتۇ؟ بولە چاققان، مېھمانغا بارىمىز.

— نەگە؟

— بارغاندا بىلىسەن. چاققان بول.

ئىلىيار بىلەن كوچا ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ ستېرېئولۇق كۆۋرۈكنىڭ شىمال تەرىپىدىكى بىر رېستورانغا كىردۇق. قاردىسام، نېغمەت، ھاجىگۇل قاتارلىق ساۋاقداشلار بىرنەچچە يوغان قورساق مېھمانلارنى چۆرىدەپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر مېھمان ماڭا تونۇشلا كۆرۈندى. بىرلا قاراپ يالاڭۋاش بولۇۋالغان ئۇ كىشىنىڭ قۇملۇق ئەركىسى مەمەت بوسۇغۇ ئىكەنلىكىنى تونۇدۇم. بىز سوغۇقلا كۆرۈشتۇق. نېغمەتنىڭ ئېيتىشىچە، مەمەت بوسۇغۇ سۇچىلىق مەكتىپىگە يېزا ئىچىملىك سۈيىنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى بويىچە قىسقا مۇددەتلىك كۇرسقا كەپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدىكىلەر ئاشۇ كۇرستا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئوقۇۋاتقان كۇرسانتلار ئىكەن.

— ئاغىنىلەر، — دېدى بۇگۇنكى سورۇننىڭ ساھىبخانى نېغمەت تېكە قەدەھ سۆزى قىلىپ، — تەكلىماكان بويىدىكى قىسقا، لېكىن مەڭگۇ ئۇنتۇلماس مىنۇتلاردا بىز دوستىمىز مەمەتجان بىلەن تونۇشتۇق. ئۇنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتۇق. بۇ نۇقتىدىن ئۇ ھەممىمىزنىڭ دوستى. ھازىر ئۇ بىزنىڭ مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئۇ مېنىڭ ئوقۇغۇچۇم. شۇڭا، بىرىنچىدىن، ئۇنىڭغا ھاردۇق چىقىپ بېرىش؛ ئىككىنچىدىن، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىنكى ساۋاقداشلار يىغىلىشىمىزنى مۇۋەپپەقىـ

يەتلىك باشلاش ئۈچۈن بۇ سورۇننى تۈزدۈم. ھەممەيلەننىڭ خۇشال - خۇرام ئولتۇرۇپ بېرىشىنى چىن كۆڭلۈمدىن ئۈمىد قىلىمەن، قېنى، خوشە!

— خوش!

— خوشە...

بېلىق كۆزى قىلىپ قويۇلغان رومكىلار بەش - ئالتە رەت ئايلانغان چاغدا، بىرى كالىدەك ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى. قاردىسام، ئۇ مەمەت بوسۇغۇ ئىكەن. ئۇ لاخشىگىردەك ئۇزۇن قوللىرىنى شىلتىپ ماڭا ۋارقىرايتتى:

— ھەي، سولتەك تېخىنىڭ، نېمەڭگە چوڭچىلىق قىلىسەن؟ نېمىدەپ قاپىقىڭنى تۈرۈۋالىسەن؟ قاچانكى بىر كۈنلەردە قۇمبار يېزىسىغا ئۈندۈڭ، شۇ كۈندىن باشلاپ مېنىڭ ئىشلىرىم كاسات. سەن كىم؟ ئابىدەنىڭ نېمىسى؟ ئاكىسىمۇ؟ ئۇنتۇما، يادىكار قۇدۇق ئاستىدا ئۆلگەن. قەبرىسىنى ئاللىقاچان قۇم باستى. بىراق ئابىدە سەن قوڭالتاقنىڭ ئىسمىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. نېمىشقا؟ سەن ئۇنىڭغا نېمە قىلىپ بېرەلەيتتىڭ؟ ئۇنى ئالامسەن؟ بىراق بۇ مۇمكىنمۇ؟ بۇ گەپكە كىم ئىشىنىدۇ؟ سەن داڭلىق ئىنستىتۇتنىڭ ئوقۇغۇچىسى تۇرۇپ ئاشۇ سەھرايىقىيامەتكە بارامسەن ياكى ئۇ قىزنى مۇشۇ شەھەرگە ئەكېلىۋالامسەن؟ ھەممىسى يوق گەپ. چۈنكى ئاينۇرخان دېگەن تەلۋە خوتۇننى ئوبدان بىلىمەن. ئۇ يالغۇز قىزىنى ساڭا ھەرگىز قوشۇپ قويمايدۇ. ئۇ قىزىغا ئەگىشىپ شەھەرگىمۇ كەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭغا يۇلغۇنلۇق مازارنىڭ جىنى چاپلاشقان. ئۇ مازارلىقنى تاشلاپ بۇ شەلىرىڭگە ھەرگىز ئاياغ باسمايدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، نېمىشقا كۆتۈڭنى قىسىپ يۈرمەيسەن؟! ئاغىنەڭ يادىكارنىڭ سىڭلىسىنى، ھېچ ئىشنى بىلمەيدىغان بىر ساددا قىزنى نېمىشقا ئەخمەق قىلىسەن؟ سېنىڭ ئاغىنىدارچىلىقىڭ شۇنچىلىكمىدى؟ سەن ئەسلىدە شۇنچىلىك ئادەممىدىڭ؟ يادىكار ھايات بولسىمۇ مۇشۇن-

داق ئىپلاسلىق قىلالايتتىڭمۇ؟ نېمىدەپ مېنىڭ ئېشىمغا توپا سالىسەن؟ ! ئىسىت، سەنمۇ نېمىشقا ئاشۇ جىن ئۇۋۇلىغان قۇ-دۇق ئىچىدە ئۆلمىگەنسەن؟…

ئاچچىقىمدىن ئورنۇمدىن «دىككىدە» تۇرۇپ كەتتىم. بە-راق، مەن بىرنېمە دېيىشكە ئۈلگۈرمەيلا، نېغمەت تېكىنىڭ بىر تېپىكى بىلەن تەڭ، مەمەت بوسۇغۇ شىرەنىڭ ئاستىغا كىرىپ كەتتى. ئەلقەر، ھاجىگۈللەرنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن جېدەل ئاخىر بېسىقتى. بىراق، مەمەت بوسۇغۇ يىغلىغان پېتىچە توختى-ماي تىللايتتى:

— شەھەر بىزنىڭ دەپ نوچىلىق قىلىشتىڭ. خەپ، توختاپ تۇرۇش، قايتىپ بېرىپلا، ئۇ تۇلكە - جىننى بورىچى كەنتىگە يۆتكىۋەتمىسەم دادامنىڭ ئوغلى بولماي كېتەي! شۇ چاغدا مۇشۇ قىلغىنىڭلار ئۈچۈن پۇشايمان قىلمىغىنىڭلارنى كۆرەي…

ھاجىگۈلنىڭ تەكرار ئەپۇ سوراشلىرىغا قارىماي مەمەت بو-سۇغۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قايتىپ كەتتى. سورۇن ئاخىر بىزگىلا قالدى. ئەلقەر گىتارنى قولىغا ئېلىپ مۇڭلۇق پەدىلەرگە چالدى:

باراي مەن قەيەرگە؟
كېتەلەيمەن نەگە؟
بولمىساڭ جانان،
سەن بۇ شەھەردە.

ۋەيران بۇ شەنبىمۇ،
سەرسان يەكشەنبە.
ئىزدەيمەن ھەر كۈنى،
خۇشاللىقىمنى…

تۇنجى قېتىم كىشىلىك ھايات بىلەن گىتار كۈيلىرىنىڭ
بەكلا ئوخشىشىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. چۈنكى، گىتاردا بوم
تار ۋە زىل تار بولغىنىدەك، ھاياتىمۇ خۇشاللىق ھەم ئازاب
بولىدىكەن. مۇزىكىدا گىتارنىڭ بوم ۋە زىل تارلىرىنى ئايرىلاش-
تۇرۇپ چالغىنىمىزدەك ھاياتىمۇ خۇشاللىق ۋە ئازابنى، بەخت
ھەم بەختسىزلىكنى تەڭ كۆرىدىكەنمىز. يادىكار بىلەن ئاشۇ تاش-
لاندۇق قۇدۇق ئىچىدە نۇرغۇن جاپا تارتقان بولساممۇ، لېكىن
يەنىلا خۇشال ئۆتكەن ئىكەنمەن. مانا، ئەمدى ئاۋات ۋە زامانىۋى
شەھەرگە قايتتىم. خىزمەتكە چىقتىم، توققۇزۇم تەل، بىراق
نېمىشقىدۇ يەنىلا كۆڭلۈم يېرىم...

شۇ كۈنى ياتاققا قايتىپمۇ زادىلا ئۇيقۇم كەلمىدى. شىمە-
نىڭ يانچۇقىغا قولۇمنى سېلىپ، بېشىم چۈشكەن جايلاردا مەج-
نۇنلارچە ئايلىنىپ يۈردۈم. نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىدىم. يادى-
كارنى، ئەينى چاغدا ئۇنىڭ بىلەن چېقىشىپ، سىڭلىسىنى خو-
تۇنلۇققا سورىغىنىمنى ئويلىدىم. بىراق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى
بىكارچىلىقتا قىلىنغان بىر مەسئۇلىيەتسىز چاقچاق ئىدى. ئەم-
دىلىكتە مەن ئاشۇ تېتىقسىز چاقچاقنىڭ دەردىدە ئوت بولۇپ
يانماقتا ئىدىم. ئېھتىمال، خاتالاشقاندىمەن. مۇشۇ خاتالىقىم
ئۈچۈن ئۆمۈر بويى جاپا چېكىشىم، پۇشايمان قىلىشىم مۇمكىن.
مۇبادا، يادىكار ھايات بولغىنىدا بۇ خىياللاردىن پۈتۈنلەي ۋاز
كەچكەن بولاتتىم. لېكىن، ئۇ ئۆلدى. ئانىسى بىلەن سىڭلىسى
باشپاناھسىز، يار - يۆلەكسىز تاشلىنىپ قالدى. ئەمدىلىكتە
ئۇلارنىڭ تەقدىرى ۋە كونا قۇدۇققا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن سوئال-
لار مېنى تىنىمسىز قىينىماقتا ئىدى: «بىرەر يۈز مىڭ يۈەنگە
پۈتكەن بىر قۇدۇق نېمىشقا سۇ مىقدارى يېتەرلىك ئەمەس دېگەن
بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا نەچچە يىلغىچە تاشلىنىپ قالىدۇ؟»،
«پەقەت يىگىرمە كۈن ئىچىدىلا پۈتىدىغان قۇدۇقنىڭ رېمونت
ئىشلىرى نېمىشقا ئەللىك نەچچە كۈنگە سوزۇلۇپ كېتىدۇ؟»،

«شۇنچە نۇرغۇن كىشى ھاياتىنى بېغىشلىغان سۇ نېمىشقا يەنە ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرالمايدۇ؟ ...» بۇ سوئال-لارنىڭ مەن بىلەن قانچىلىك مۇناسىۋىتى بارلىقىنى، نېمىشقا پات - پات مېنى قىيناپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. بىرنەچچە كۈن-لۈك خاراموشلۇقتىن كېيىن، ئاخىر ئۆزۈمنىڭ ئاشۇ قۇم - توپا ئۇچۇپ تۇرىدىغان قاقاس زېمىنغا چەمبەرچاس باغلىنىپ قالغى-نىمنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

بىر ھەپتىدىن كېيىن يۆتكىلىش ئىلتىماسىمنى كۆتۈرۈپ فاكۇلتېت ۋە مەكتەپ مەسئۇللىرىنى ئىزدەپ كىردىم. ھەممىسى-لا «نېمىشقا؟ نېمىشقا كېتىسەن؟» دېگەن بىر-لا سۆزنى تەك-رارلاشتى. بىراق، مەن ھېچنېمە دېمىدىم. پەقەت يۆتكىلىش تەلىپىمنىلا ئوتتۇرىغا قويدۇم. دەل شۇ چاغدا، ئەلقەرنىڭ بىر ئېغىز سۆزى بىلەن تەڭلا ھەممە كىشى مېنى ساراڭغا چىقاردى. چۈنكى، مەن يېقىن ئاغىنەم يادىكارنىڭ قۇدۇق ئاستىدىكى پاجى-ئەلىك ئۆلۈمىدىن كېيىن غەلىتىلا بولۇپ قاپتىمىشمەن. قور-قۇنچلۇق بۇ مەنزىرە ئاخىر مېنىڭ نېرۋامنى كېرەكتىن چىقىرىپ-تۇمىش. شۇڭا ئالىجوقا سۆزلەپ، جەنۇبقا، بىرمۇ تۇغقىنىم يوق ئاشۇ سەھرايىيامەتكە قاراپ مېڭىپتىمەن. بىراق، ئەلقەردىن رەن-جىپ يۈرمىدىم. چۈنكى ئۇلا ئەمەس، نېغمەت تېكە، ھاجىگۈل قاتارلىق نۇرغۇن ساۋاقداشلىرىم مېنى ساراڭغا چىقارغانىدى. خەيرىيەت، نېمە دېسەڭلا دەڭلار، بىراق مەن كېتىمەن، كەتكەن-دىمۇ، ئەسىرلەپ سۇغا قانمىغان ئاشۇ چاڭقاق سەھرايىقىيامەتكە كېتىمەن.

— خەيرخوش، دوستلار!

— خەيرخوش، ئانا مەكتەپ!

— خەيرخوش، گۈزەل شەھەر!

## ئىككىنچى باب

# قارايغان قۇببە

### 1

— ئاللاھۇئەكبەر ، ئاللاھۇئەكبەر...

بامدات نامىزىغا توۋلانغان ئەزان ئاۋازى بىلەن تەڭ ئويغى-نىپ كەتتىم. قارىسام، تاڭ سوزۇلۇپ، ياتىقىمغا خىلىلا يورۇق چۈشۈپ قاپتۇ. ئادىتىم بويىچە دەرھال كىيىنىپ، ئىتىز - قىرلارنى ئارىلاشقا ماڭدىم.

يېزىغا قايتىپ كېلىپلا، ئاينۇرخان ئانا بىلەن ئابىدەلەرنى يوقلاپ باردىم. ئابىدە مېنى كۆرۈپ بەكلا خۇشال بولدى. بىراق، ئويلىغىنىمنىڭ ئەكسىچە ئاينۇرخان ئانا جىمپىلا كەتتى. قارىماق-قا بىرەر غېمى باردەك قىلاتتى. تۇراق شۇجى مېنى يەنىلا ئازغان كەنتىدە ئىشلەشكە بەلگىلىدى. يېزا باشلىقى ئىلى موللەك ئاكا، ئازغان كەنتىنىڭ ئاقساقىلى ئابباس ۋە ھېلىقى چاغدا يادىكار گېلىنى سىققان دوختۇر بالا قاتارلىق نۇرغۇن كىشى مېنى ئۆيلى-رىگە تەكلىپ قىلىشتى. مەمەت بوسۇغۇ مەن كېلىشتىن بىرنەچ-چە كۈن بۇرۇنلا كۈرستىن قايتىپ كەلگەنىكەن. يۆتكىلىپ كەل-گىنىمنى باشقىلاردىن ئاڭلىدىمۇ ياكى مۇشۇنداق بولىدىغىنىنى بۇرۇنلا پەرەز قىلغانمۇ، ئىشقىلىپ، قىلچىمۇ ھەيران قالغاندەك ئەمەس. ئەكسىچە، مەن ئۇنىڭغا ھەيران. چۈنكى، قايتىپ كېلى-

شىم بىلەن تەڭلا ئۇنىڭ ئابىدە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئېغىر سىناققا دۇچ كېلەتتى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇ ماڭا دۇشمەنلىك نەزىرىدە قارىشى كېرەك ئىدى. بىراق، ئېمىشقىدۇ ئۇ سىرلىق هالدا جىمىپ قالغانىدى.

قۇدۇق بويىدا ئولتۇرۇپ سۇپسۇزۇك سۇدا يۈز ـ قوللىرىمە-نى يۇيدۇم. بىردىنلا ئابىدەنىڭ ئالدىنقى كۈنى مۇشۇ جايدا قىل-غان سۆزلىرى ئېسىمگە چۈشتى:

— ئانام سىزنى كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ بۇ سەهرايىقىيا-مەتكە قايتىپ كەپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ ئىشى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىدۇ دەيدۇ...

مەن شۇندىلا ئاينۇرخان ئانىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەندىم. ئۇ مېنىڭ يۈتكىلىپ كېلىشىمنى بىردەملىك هېسسىياتنىڭ كۈچىدە قىلىنغان تەنتەكلىك دەپ قارىغانىكەن. ئاينۇرخان ئانىنىڭ مەن ئۈچۈن غەم قىلغانلىقىنى بىلگىنىمدە، ئۆز ئانامنىڭ يېنىغا كەل-گەندەك خۇشال بولدۇم. ئانام بالىلىق دەۋرىمدىلا ئۆلۈپ كەتكەچ-كە، دادام قايتا تۇرمۇشلۇق بولىدىغان چاغدا مېنى تاغامغا بېرىد-ۋەتكەنىدى. تاغام پۇللۇق كىشى بولغاچقا، مېنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتتى. لېكىن «مېكىيان چاندۇرمىسا، چۈجىسى چاندۇرۇپ-تۇ» دېگەندەك مەن باشقا ئاكا ـ ئىنىلەرنىڭ نەزىرىدە بىر ئۆلۈش مال ـ دۇنيانىڭ مىراسخورى دەپ قارىلىپ، هەمىشە ئۇلارنىڭ يەكلىشىگە ئۇچراپ كەلدىم. بۇنداق چاغلاردا ئىختىيارسىز هالدا ئانامنى ئېسىمگە ئالاتتىم. تۇنجى قېتىم ئاينۇرخان ئانىنى كۆر-گىنىمدە ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭ، قىزغىن چىرايىدىن ئۆز ئانامنىڭ سىيماسىنى كۆرگەندەك بولغانىدىم. كېيىنكى كۈنلەردە مەخ-سۇس مەن ئۈچۈن يېقىلغان زاغرا، كىيىم ـ كېچەك ۋە مەززىد-لىك تاماقلارنى كۆرگىنىمدە بۇ خىل هېسسىياتنىڭ تېخىمۇ چوڭ-قۇرلاپ كەتكەنلىكىنى هېس قىلاتتىم. هەر قېتىم ئاينۇرخان ئانىنىڭ خىزمىتىم توغرىسىدا ئۇنى ـ بۇنى سوراپ، كىملەردىن

ئېھتىيات قىلىش، قىيىن ئىشلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا بەرگەن مەسلىھەتلىرىگە قاراپ ھاياجانلىنىپ كېتەتتىم.

ئېرىق بويلاپ كېتىپ بارىمەن. قارىسام، قۇدۇق سۈيى يولدا ئېقىپ خېلىلا ئىسراپ بولۇپ كېتىپتۇ. بەزى جايلاردا سۇ ئورمان بەلۋاغلىرىنى شوراپ، ئېرىق كېڭىيىپ كېتىپتۇ. ئېرىقنىڭ بەزى جايلىرىغا نۇرغۇن سۇ يىغىلىپ قاپتۇ.

— ئىسراپچىلىق، ئېغىر دەرىجىدىكى سۇ ئىسراپچىلىقى — ئەگەر ئېرىق - ئورەكلەر ۋاقتىدا رېمونت قىلىنغان بولسا، ئىسراپ بولغان سۇ بىلەن بىرنەچچە مو يەرنى ئارتۇق سۇغارغىلى بولاتتى. بىراق ئېرىققا قۇم تىنىپ كەتسىمۇ، سۇ يولغا قاچىسىمۇ ھېچكىمنىڭ كارى بولماپتۇ. كەنت كادىرلىرى زادى نېمىنى ئويلايدىغاندۇ - ھە؟

چاۋار شۈجى يەنىلا بۇرۇنقى مىجەزىدە ئىكەن. مېنىڭ ئېرىق - ئورەكلەرنى چېپىش توغرىسىدىكى تەكلىپىمنى ئاڭلاپ، ئۇ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى ۋە كادىرلار يىغىنىدا بۇ ئىشقا مېنىڭ مەسئۇل بولىدىغانلىقىمنى ئېلان قىلدى. ئۇ ئېھتىمال ئۆزۈم تاپقان ئاۋارىچىلىككە ئۆزۈمنى چاتماقچى بولسا كېرەك. بىراق، مەن ئۇچۇن بەرىبىر. چۈنكى، مەن دۆلەت كادىرى. خەلق ئۇچۇن ھەرقانداق خىزمەتنى بەجانىدىل ئىشلەش مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم. باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشنى ئويلاپ باقمىدىم. لېكىن ھەر ئايدا ئېلىنىۋاتقان ئىش ھەققىگە لايىق ئىشلەشنى ئۇنتۇمىدۇم. شۇنىڭدىلا مەندىن نۇرغۇن ئۈمىدلەرنى كۈتكەن ئاينۇرخان ئانىغا ۋە نامرات كەنت خەلقىگە يۈز كېلەلەيمەن.

ئېرىق چېپىش توغرىسىدىكى تەكلىپىمنى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ماقۇل كۆرۈشتى. مەن پاكار، شاپ بۇرۇت كەنت مۇدىرى تۇرسۇن مەتيارنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۈچىنچى مەھەللىگە بارىدىغان بولدۇم. ھەر كۈنى بامدات نامىزىدىن تارقىغاندا دېھقان-

لارنىڭ ھەممىسى ئېرىق چېپىشقا چىقىدىغان، ۋەزىپىنى دېھقاندە
لارنىڭ يەر كۆلىمىگە ئاساسەن بۆلۈپ بېرىدىغان بولدۇق.

ئەتىسى تاڭ سەھەردىلا ئۇچىنچى مەھەللىگە قاراپ ماڭدىم. ئاباستىن ئاڭلىسام، بۇ مەھەللىنىڭ يەرلىك نامى «كاناي چاقىدىرى» ئىكەن. مەھەللە كىشىلىرىنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلىشىش ئادىتى بولغاچقا، كەنتتىكى باشقا كىشىلەر ئۇلارغا «كاناي» دەپ لەقەم قويۇپتىكەن. كېيىنچە، مەھەللە مەنىسىدىكى «چاقار» دېگەن سۆز بىلەن قوشۇلۇپ «كاناي چاقىرى» دەپ ئاتالغانىكەن. كەنت مەسچىتىنىڭ خاتىپى يۇسۇپ مەخسۇممۇ «كاناي چاقىرى» دىن بولۇپ، ئەزان توۋلىغان ئاۋازى ئىككى - ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى مەھەللىلەرگىمۇ ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن.

مەھەللىگە كەلگىنىمدە تاڭ ئاتقانىدى. مەسچىت قۇببىسى يىراق - يىراقلاردىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىرنەچچە كىشى يول بويىدا ئولتۇرۇپ نان يېمەكتە ئىدى. ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئېرىقنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلچەشكە كىرىشتىم. كىشىلەر ئۆزىنىڭ پارىڭىغا چۈشكەنىدى:

— ھاشارغا ئىسلام ئىشلەيدۇ، سۇينى شەيخىم ئىچىدۇ.

ئارقىدىن يەنە بىرى لوقما سالدى:

— ھەتتا خوتۇنلىرىمۇ ئېرىقتا بويىنى سۇغا سالىدۇ تېخى.

— كۆرگەندەك گەپ قىلىسەنغۇ؟

— كۆرمەمدىغان؟ كېۋەزنىڭ باش سۇيىنى تۇتقان كېچىسى ئېرىقنىڭ ئىچىدە بىرنېمە شالاق - شۇلۇق قىلىدۇ. دەسلەپتە لالما ئىتلار سۇ ئىچكىلى كەپتۇ دەپتىمەن. كېيىن بىر ئايالنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇنداق بىر قارىسام، ۋاھ... ۋاھ...

— نېمىنى كۆردۇڭ؟

— تېز دېسەڭچۇ؟

— گەپ قىلە لاتا چاينىماي.

— شۇنداق بىر قارىسام، ۋاھ... ۋاھ... خام يېگۇدەك بىر

چوكان. بىلىقتەكلا! كاساپەت، شەپنى سىزىپ قالدى بولغاي، ئېرىق ئىچىگە موكلا قىلىپ ئولتۇرۇۋالدى.
— ئىسىت، كۆرەلمەي قاپسەن - دە؟
— شۇڭا قورسىقى كۆپىدۇ بۇنىڭ.
— ماڭە ئاداش، ئاشۇ خوتۇننى كۆرەلمىگەنگە قورساق كۆپەمدۇ؟! مۇشۇ يىشىمغىچە نى - نى ئىشلارنى كۆرگەنمەن. قورسىقىمنىڭ كۆپىدىغىنى، بىرى سۇنى مەھەللىنىڭ كۆلىگە باشلاپ قۇيۇپتىكەن ئەمەسمۇ؟ سۇنىڭ ئايىغىنى چىقىرىشقا ئۇلگۇرمەيلا، مەمەت بوسۇغۇ زەنجاڭ باشقا كەنتكە يۆتكىۋەتتى.
— ئىسىت، قۇشناچىمنىڭ يۇندىسىنى ئىچىپتۇق - دە؟
— شۇ چاغدىلا دىسەڭ بولامدۇ؟
— ھېچقىسى يوق، سۇ دىگەن يەتتە يۇمىلانسا ھالال ...
— بىراق، ئاغىنىلەر، ئېرىقتا ئۆزىنىڭ مۇنچىسىدا يۇيۇنغاندەك يۇيۇنىدىغانلارمۇ بىرەر قېتىم ئىشلىمىسە بولماس...
— شۇنى دەيمەن، ھەي مىراۋۇت، قېنى سەن، كەل بۇياققا. يۇسۇپخان غوجامنى ئەكېلەلمىسەڭ بىزمۇ ئىشلىمەيمىز جۇمۇ.
— ھەرگىز ئىشلىمەيمىز.
— كېتىمىز.
ئىش چىڭىغا چىقتى. دېھقانلار كەتمەنلىرىنى كۆتۈرۈپ راستتىنلا كېتىشكە تەييارلاندى. مىراۋۇت دەيدىغان مەھەللە باشلىقى قىزىرىپ، تاتىرىپ، ئۇلارغا ئۇنى - بۇنى دەپ باقتى. لېكىن ھېچكىم ئىشلىگىلى ئۇنىمىدى. ئاخىرىدا يەنىلا مەن ئارىغا چۈشتۇم:
— بۇ ئىشنى مەن ھەل قىلاي، نەچچە يىللاردىن بېرى كوللېكتىپ ئەمگىكىگە قاتناشمىغان كىشىنى ھازىرلا چاقىرىپ كەل دىسەڭلارمۇ بولماس، ئاڭلىسام، مەخسۇم غوجامنىڭ سۇ تۇتىدىغان كەتمىنى بولغان بىلەن، ھاشارغا ئىشلەيدىغان كەتمىنى

يوقمىش. شۇڭا مەن ئۇ كىشىنى ئىشخانىغا چاقىرتىپ، كەتمەن سوقتۇرۇپ، ئەتە ئەتىگەندە ئۆزۈم بىللە ئەكېلەي، قانداق؟

— بولىدۇ.

— ئەجەب بەلەن گەپ بولدى.

— ئوغۇل بالىكەن بۇ تېخنىك.

تاشلاندۇق قۇدۇقنى رېمونت قىلغان چاغلىرىمىزدىلا كىشىلەر بىزنى «تېخنىك» دەپ ئاتايتتى. ئەمدىلىكتە بۇ ئىسىم ماڭا مىراس قالغان، ھەممە كىشى ئىسمىمنى چاقىرىشنىڭ ئورنىغا مېنى «تېخنىك» دەپ چاقىراتتى. سۆزۈمنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن ئىشقا چۈشۈپ كەتتى. ئەتىگەنلىك ئېرىق چېپىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مەھەللە باشلىقى مىراۋۇتنى يۈسۈپ مەخسۇمنى چاقىرىپ كېلىشكە قالدۇرۇپ ياتىقىمغا قايتتىم.

— تاك... تاك... تاك...

ئەمدىلا ناشتا قىلاي دەپ تۇرۇشۇمغا ئىشىك چېكىلدى. ئىشىكنى ئېچىشىم بىلەن تەڭلا ئاۋۋال كەنت مەسچىتىنىڭ ئىمامى يۈسۈپ مەخسۇم، ئارقىسىدىن مەھەللە باشلىقى مىراۋۇت كىرىپ كەلدى. مەخسۇمنىڭ دىمىقىدا ئوقۇۋاتقان چۈشىنىكسىز ئايەتلىرىگە ئەگىشىپ قارا ساقىلى توختىماي تىترەپ تۇراتتى. سېمىزلىك سەۋەبىدىن مەخسۇمنىڭ تىنىقلىرى بۇزۇق لامپۇچكىدەك گىژىلداپ چىقاتتى.

يۈسۈپ مەخسۇم كارىۋىتىمغا چىقىپ يۈكىنىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن «ئامىن... ئاللاھۇئەكبەر» دەپ دۇئا قىلدى ۋە مەندىن قىسقىچە ئەھۋال سورىدى. ئاندىن تاقەتسىزلىك بىلەن ئېغىز ئاچتى:

— نېمە ئىشتى، تېخنىك ئۇكام؟

— مەھەللە ئېرىقلىرىغا قۇم توشۇپ كېتىپتۇ. شۇڭا ئۆزلىرىنىمۇ بىر كىشىلىك كۈچ چىقىرامدىكىن دېگەن...

— خوش، ئۆزلىرى مېنى ئېرىق چېپىشقا كۈچ چىقارسىكەن

دېمەكچى، شۇنداققۇ؟ ئوبدان، ئوبدان. ئۆزلىرى يۇرت باشقۇرۇ-
دىلا، مەن ئەمرىمەرۇپ قىلىپ خەلقنى ماسلاشتۇرىمەن. مېنىڭ-
چە، بۇمۇ خىزمەتقۇ دەيمەن! ؟ يەنە ئازغۇنلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ
توغرا يول كۆرسىتىمەن. مېنىڭچە، بۇمۇ خىزمەتقۇ دەيمەن! ؟
مەسىلەن، قۇدۇق كولىغاندا ئاگاھلاندۇرغانىدىم. بىراق سۆزۈمە-
نى ئاڭلىمىدىلا، ئاخىرىدا ئىككى رەھمەتى ئاللانىڭ دەرگاھىغا
كەتتى. مېنىڭچە، بۇمۇ خىزمەتقۇ دەيمەن؟ ! مۇنداق قىلايلى،
ئۇكام، ئۆزلىرىمۇ ياش بالا ئىكەنلا، ياش ئادەمنىڭ غېمىمۇ،
دەردىمۇ كۆپ بولىدۇ. ئەگەر خالىسىلا مۇراد - مەقسەتلىرىنىڭ
تېزرەك روياپقا چىقىشى ئۈچۈن خالىس خىزمەتلىرىنى قىلاي...

مېنىڭ غەزىپىم ئۆرلىدى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ قۇدۇق
ۋەقەسىدىكى ئالدىن بىلەرلىكى بىلەن ماختىنىپ، ئۆزىنى بىردە
ئەۋلىيا قىلىپ كۆرسەتسە، بىردە تېرە تاراقلىتىپ ماڭا ھەيۋە
قىلماقتا؛ ھەتتا مېنى نادان كىشىلەرگە ئوخشاشلا ئۆزى بىلەن
سودىلىشىشقا قىزىقتۇرماقتا ئىدى. بۇ قاتتىق - يۇمشاق ۋاستىدى-
لەر ئەمەلىيەتتە يۇسۇپ مەخسۇمنىڭ نادان كىشىلەرنى ئىزچىل
تۇردە ئالداپ كەلگەن ھىيلە - مىكىرلىرى ئىدى. شۇ تاپتا، ئۇ
خۇراپىي ۋاستىلەرنى ئىشلىتىپ، مېنىمۇ ئالداشقا ئۇرۇنماقتا
ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنلا ئۇنى راسا تىللىساممۇ بولاتتى. بىراق،
ئازغان كەنتىدىكى نەچچە يۈزلىگەن ئېتىقادچى ئامما ئۆزلىرى
چوقۇنىدىغان موللىسىنى تىللىغىنىمنى ئاڭلىسا، ئېنىقكى ماڭا
ئەيىب قوياتتى. ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى نەزەردە تۇتقى-
نىمدا يەنىلا سىلىق، لېكىن قەتئىي بولۇشىم كېرەك ئىدى.
شۇڭا ۋەزمىن سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە رەددىيە بەردىم:

— توغرا، ھاجىم، ئۆزلىرى غايىبتىن بېشارەت بېرىدىلا.
مەن سىياسەتتىن بېشارەت بېرىمەن. سىياسەتتە دىنىي زاتلار يەر
تېرىپ، ھالال ياشىسۇن، دېيىلگەن. يەنە يەر تېرىپ، ئەمگەككە
قاتناشمىسا، خەلققە سېلىق سېلىش بولىدىغانلىقىمۇ ئېنىق كۆر-

سىتىلگەن. ئۆزلىرى دىنىي زات بولۇپلا قالماي، يەنە يەر تېرىۋات-
قان كەنت ئاھالىسى. «كەنت ئاھالىلار كومىتېتىنىڭ تەشكىلى
قانۇنى» دا بارلىق كەنت ئاھالىلىرىنىڭ مەجبۇرىيەت ئەمگەك
مەسئۇلىيىتى بارلىقى بەلگىلەنگەن. شۇڭا ئۆزلىرىنى مەھەللە
دەرىجىلىك ھاشارغا چىللىدۇق. بۇنىڭدىن باشقا يەنە كەنت دەرد-
جىلىك، يېزا دەرىجىلىك، ھەتتا ناھىيە دەرىجىلىك ھاشارمۇ بار.
ئۇنىڭغىمۇ بېرىشلىرى كېرەك. قانداق، چىقالامدىلا؟

— بولىدۇ، تېخنىك ئۇكام، مەن چىقاي، قاچان چىقسام بولاركىن؟

— ئەتە ئەتىگەندە.

— ئوبدان، ئوبدان. سورىۋالمىسام، ئېرىق بويىدا تۇنەپ قالماي دەيمىنا؟ !...

يۇسۇپ مەخسۇم تەنە قىلغىنىچە چىقىپ كەتتى. مەن ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۈلۈپ قويدۇم ـ دە، مىراۋۇتقا جېكىلىدىم.

— يۇسۇپ مەخسۇم چىقىدىغان بولدى، باشقىلارنى تولۇق تەشكىللە.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئېرىق چېپىشقا چىققانلارنىڭ سانى ئادەتتىكىدىن كۆپ ئىدى. كەتمەننىڭ «گۈپ ـ گۈپ» قىلغان ئاۋازلىرى ھەممىلا ياقتىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىراق، يۇسۇپ مەخسۇمنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. گەرچە ھېچكىم ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تېخىچە كەلمىگىنى ئۈچۈن تىت ـ تىت بولاتتىم. شۇڭا ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇپ يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش» ناملىق رومانىنى كۆرۈشكە باشلىدىم.

كىشىلەر بىردىنلا جىمىپ كەتتى. قارىسام، ئۇلار ئېرىقتىن چىقىپ، بىرى بىلەن قول ئېلىشىپ قىزغىن كۆرۈشۈۋېتىپتۇ. ئادەملەر ئارىسىدا تۇرغان كىشىنىڭ كىملىكىنى ئېنىق كۆرمىگەن بولساممۇ، لېكىن ئۆزۈمچىلا پەرەز قىلدىم. ئۇ چوقۇم

يېزىلىق پارتكومدىن كەلگەن تۇراق شۇجى. چۈنكى، قۇدۇق گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن چاغدىمۇ كىشىلەر تۇراق شۇجى بىلەن مۇ- شۇنداق كۆرۈشكەن ئىدى.

ئالدىراش ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. بىراق، قاراپلا نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم. چۈنكى، كېلىۋاتقىنى تۇراق شۇجى بولماستىن، بەلكى جۇمە مەسچىتىنىڭ خاتىپى يۇسۇپ مەخسۇم ئىكەن. كۆرۈشۈۋاتقان كىشىلەردىن بىرى ئىززەت - ئىكرام بىلەن سورىدى:

— ئەتىگەندىلا كېلىپ قاپتىلا، مەخسۇم؟

يۇسۇپ مەخسۇم ماڭا قاراپمۇ قويماستىن تەنە قىلدى:

— خانىنىڭ ئەمرىنى تۇتماق ۋاجىپ، قانۇن بويىچە ئېرىق چېپىشقا كەلدىم.

مىراۋۇت پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى.

— ۋاي ھاجىم، — دېدى ئارىدا بىرى، — بىز تۇرۇپ ئۆزلىرىگە ئىش نەدە؟ بولدى، بىزلا قىلىۋېتىمىز. ئۆزلىرى قايتىپ كەتسىلە.

— شۇنداق، قايتىپ كەتسىلە.

— شۇنچە ئادەم تۇرۇپ، ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلساق قانداق بولىدۇ؟!

يۇسۇپ مەخسۇم ئۈندىمەيلا كەتمەننى قولىغا ئالدى. ئەتراپ- تىكىلەر ئۇنى توسىدى. بىرپەس سۆيلەشتىن كېيىن، يۇسۇپ مەخسۇم مەھەللە باشلىقى مىراۋۇتقا گۆلەيدى:

— مېنىڭ ئەتە - ئۆگۈنلۈك چاملىرىمنىمۇ بېرىۋەتسىلە، ئىشلىۋېتىپ بىراقلا كېتەي.

مىراۋۇت بىرنېمە دېگۈچە باشقىلار يەنە ئاق قۇشقاچتەك ۋىچىرلىشىپ كەتتى:

— بولدى، كېتىۋەرسىلە مەخسۇم.

— ھەممىسىگە بىز بار.

— ئەمدى كېلىپ يۇرمىسلە مەخسۇم.

شۇ گەپلەر بىلەن مەخسۇم بىر كەتمەنمۇ چاپمايلا قايتىپ كەتتى. تېخى تۈنۈگۈنلا مەخسۇم ئىشلىمىسە ئىشلىمەس بولغان كىشىلەر ئەمدىلىكتە بىراقلا بىر يۈز سەكسەن گرادۇس بۇرۇلۇپ ياخشىچاق بولۇۋالغانىدى. ئېرىق چېپىشنىڭ ئالدى - كەينىدە ئەڭ ئوسال بولغىنى يەنىلا مەن بىلەن مىراۋۇت ئىدۇق. غەزەپلەنگەن مىراۋۇت دېھقانلارنى تىللايتتى:

— ئەجەب خۇمسىلىق قىلىشتىڭغۇ بۇگۇن؟! ھۇ خوتۇن تالاق مۇناپىقلار. قېنى، سەنلەرنىڭ تۈنۈگۈنكى گېپىڭ؟! خەپ، يەنە شۇنداق دەپ بېقىشە قېنى؟ كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسەتمەيدىغان بولسام...

ھېچكىم ئۈنچىقمايتتى. پەقەت كەتمەننىڭ يەرگە كۈچەپ ئۇرۇلغان ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەن يىراقلاپ كېتىۋاتقان يۈسۈپ مەخسۇمغا قاراپ ئەلەملىك خۇرسىندىم.

## 2

كۈزنىڭ سوغۇق شاملى پۈتۈن بىر كېچە ياتاق دېرىزىسىنى جالاقلىتىپ چىقتى. بەزىدە ئۇخلاپ، بەزىدە ئويغىنىپ تاڭ ئاتقۇزدۇم. قارىسام، كىتاب - ماتېرىياللىرىم، يوتقان - كۆرپەم بىر قەۋەت نېپىز توپىغا كۆمۈلۈپ كېتىپتۇ. ئەينەككە قاراپ كۈلۈۋەتتىم. چۈنكى، قاپقارا بۇدۇر چاچلىرىمغا توپا قونۇپ ئاق چاچلىق مويسىپىتقا ئوخشاپ قاپتىمەن. ناشتا قىلىش ئۈچۈن ئاينۇرخان ئانا ئابىدە ئارقىلىق ئەۋەتىپ بەرگەن سېرىق قوناق زاغرىسىنى چىشلىدىم. بىراق بىرلا چىشلەپ ناشتا قىلىشتىنمۇ يالتايدىم. چۈنكى، نانغىمۇ قۇم ئورناپ كەتكەچكە، چىشلىرىم تاش چاينىغاندەك غىرىسلاپ كەتتى.

سىرتقا چىقىپ تېخىمۇ ھەيران قالدىم. كەنت قورۇسى بىر

قەۋەت ئاقۇچ رەڭلىك چۆل توپىسى بىلەن يۇزلەنگەن بولۇپ، ھەممىلا جايدا قومۇش قۇلاقلىرى، قوناق پاخىلى ۋە قۇرۇغان قامغاقلار چېچىلىپ تۇراتتى.

ئادىتىم بويىچە ئېتىز - قىرلارنى ئارىلاشقا چىقتىم. شەرقىي شىمال بورىنى چۆل قۇملىرىنى ئۇچۇرۇپ ئەكېلىپ، يېڭىدىن ئۇنگەن ياپيېشىل بۇغداي مايسىلىرىنىمۇ ئاپئاق قۇم توپىغا كۆمگەنىدى. قۇم دۆۋىلىرىنىڭ يېنىدىكى ئېھاتە ئورمىنىنىڭ ئورەكلىرىمۇ قۇمغا كۆمۈلۈپ قالغاچقا، سۇ ئېلىنماي ئۇسسۇزلۇقتىن قۇرۇشقا باشلىغانىدى.

— كېلىپ قاپتىلا تېخىنىڭ ئۇكام...

ئارقامغا قارىسام، ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى ئاشلىما جۇۋا كىيگەن بىر يىگىت ماڭا قاراپ كېلىۋېتىپتۇ. توپا - چاڭدا ئاق پېلەكتەك ساڭگىلاپ تۇرغان ئۇزۇن قاشلىرىغا قاراپلا ئۇنى تونۇدۇم. ئۇ كەنت ئورمانچىسى ۋاسىل تۆمۈرچى ئىكەن. ئۇ ئازغان كەنتىدىكى بىردىنبىر ئۇرۇق - تۇغقىنى يوق، يەككە - يېگانە كىشى. ئاڭلىشىمچە، ئۇ قوشنا ناھىيىنىڭ قوشتاغ دېگەن يېزىدىن بولۇپ، ئىسلام جەمەتىدىكى ئاسۇدىخان دەيدىغان تول چوكانغا ئۆيلىنىپ، خوتۇنىنىڭ يۇرتىغا كېلىپ يەرلەشكەنىكەن. ۋاسىلنىڭ تۆمۈرچىلىك دۇكىنى ئازغان كەنتىدە خېرىدارلىق دۇكان بولۇپ، دېھقانلار ئورغاق، كەتمەن، كەكە، پالتا، ھەتتا پىچاق قاتارلىق نەرسىلىرىنى ئۇنىڭ دۇكىنىدىن سېتىۋالىدىكەن ياكى رېمونت قىلدۇرىدىكەن. قولى گۈل دېسە يەنىلا مۇشۇ ۋاسىلنى دېسە بولىدىكەن. ئۇ تۆمۈرچىلىك قىلغاندىن باشقا، يەنە بىكار قالغان چاغلىرىدا كىشىلەرنىڭ ساقاللىرىنى ياساپ، چاچلىرىنى چۈشۈرۈپ قويىدىكەن. يەنە ئەرلەرگە شىم - چاپان، ئاياللارغا تۇز كىسىپ تىكىلىدىغان كۆڭلەكلەرنى تىكىپ بېرىدىكەن. تراكتور، ھارۋا، ۋېلىسىپىت قاتارلىق نەرسىلەرنىمۇ ئوڭشايدىكەن. ئاسۇدىخاننىڭ بۇرۇنقى ئېرىدىن قالغان ئىككى بالىسى ۋە

يەتتە سەككىز موچە تېرىلغۇ يېرى بولغاچقا، چاۋار شۇجى ۋاسىل تۆمۈرچىنى ھاشارغا ھېسابلاپ ئورمانچى قىلىۋالغانىكەن. ۋاسىلىنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغىنى ۋە كەمتەرلىكىگە قارىماي، يەنە نېمىشقىدۇ يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ئۇنى «سەن» لەپ چاقىرىدىكەن.

— كېچىچە بوران چىقىپ ئۇخلىيالمىدىم، شۇڭا سەھەردىلا كۆرۈپ باقاي دەپ كېلىشىم.

— ھەي…، — دەپ خۇرسىندى ۋاسىل بېشىنى چايقاپ، — قۇم - بورانغا دالدا بولغۇدەك دەل - دەرەخ قالمىدى. قۇرۇغانلىرىنى كېسىپ قالىۋېتىشتى. كۆكلەۋاتقانلىرىنى ئېشەككە غاجىلىتىپ قۇرۇتۇۋەتتى. شۇجىمۇ يېزىدىكى ئۇ باشلىقتا، بۇ باشلىقتا دەپ كېسىپلا تۇرىدۇ. لېكىن ئورنىغا سالمايدۇ. مۇشۇ ئەتراپتا ئىككى - ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا بەش بارماقتەك ئاق تېرەك بولىدىغان، كېسىلىپ تۈگەپ كەتتى. مۇشۇنداق كېسىۋەرسە، بەش - ئون يىلدىن كېيىن ئازغان كەنتنى قۇم بېسىپ كېتىدۇ…

راست دېگەندەك، جىگدە كۆچەتلىرى ئارىسىدا بىر ئىككى غېرىچ ئېگىزلىكتىكى، دىئامېتىرى ئەللىك - ئاتمىش سانتىمېتىر كېلىدىغان تېرەك كۆتەكلىرى چىقىپ تۇراتتى. كۆتەك تۈۋىدىن يېڭى نوتىلار كۆكلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇچىنى قوي يەۋەتكەچكە، پاخماق بولۇپ ئۆسمىگەنىدى.

— ماڭا قارا، ۋاسىل، — دېدىم مەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — بۇنىڭدىن كېيىن ئىھاتە ئورمىنىدا قوي باققان، قالايمىقان دەرەخ كەسكەن كىشىلەرنى قاتتىق تۇسۇغىن. گېپىڭگە ئۇنىمىسا، ۋاقتىدا ماڭا خەۋەر قىلغىن، بولامدۇ؟

— بولماسمىكىن؟

— نېمىشقا؟

— ئىھاتە ئورمىنى بۇ خەقنىڭ يايلىقىغا ئايلىنىپ قالدى،

ھەتتا چارۋىلارنى ئىچىلدىن چىقىرىپلا قويسا، خاتاسىز ھالدا مۇشۇ يەرگە كېلىدۇ، شۇڭا توساشقا بولماسمىكىن؟

— خاتىرجەم بول، مەن ئەتىلا كەنت بويىچە جىددىي يىغىن چاقىرىپ، ئورمان قوغداشنى تۈزۈملەشتۈرىمەن. يەنە ئۆزى تىكىپ، ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئىھاتە ئورمىنى سالدۇرىمەن. شۇ چاغدا ئىھاتە ئورمىنىدا پادا بېقىپ، دەرەخ كېسىدىغانلار چىقامدۇ، يوق؟ كۆرۈپ باقارمىز.

ئەتىسى ئەتىگەندە كەنت قورۇسىغا «قۇم تۇپراقنى تىزگىنلەپ، ئەۋلادلارغا بەخت يارىتايلى» دېگەن تېمىدا لوزۇنكا ئېسىلدى. لوزۇنكا خەتلىرىنى ئۆزۈم يازدىم. يىغىنغا كەنتتىكى چوڭ - كىچىكنىڭ ھەممىسى قاتناشتى. چاۋار شۇجىنى «ئورمان قانۇنى» ۋە «ئىھاتە ئورمىنىنى باشقۇرۇش نىزامى» توغرىسىدا سۆزلەشكە تەكلىپ قىلسام، ئۇ چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقنى نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش توغرىسىدا بىرمۇنچە مۇناسىۋەتسىز گەپلەرنى قىلدى. مەن ئامالسىزلىقتىن باش رولغا چىقىپ، دۆلەتنىڭ ئورمان قانۇنى، ئازغان كەنتىدىكى ئىھاتە ئورمىنىنىڭ زىيانغا ئۇچراش ئەھۋالى، بۇنىڭ كەلگۈسىدىكى زىيىنى توغرىسىدا تەپسىلىي سۆزلىدىم. ئىسرائىلىيە ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى ئەرەب ئەللىرىنىڭ قۇم تۇپراقنى تىزگىنلەش توغرىسىدىكى تەجرىبە - ساۋاقلىرى توغرىسىدا قىلغان سۆزلىرىم كىشىلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى. ئاخىرىدا كەنت باشلىقى تۇرسۇن ئاكا ئۆزىنىڭ يىغىن ئېچىش ئۇسۇلى بويىچە ئاۋۋال مېنىڭ دېگەنلىرىمنى قوللايدىغىنىنى، ئاخىرىدا كىشىلەر كونا يولدا مېڭىپ، قوي - كالىلىرىنى ئىھاتە ئورمىنىدا باقسا بىر - ئىككىنى بوغۇزلاپ ئىبرەت قىلىدىغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. يەنە كەنتتە قۇرۇلغان ئىھاتە ئورمىنى بەرپا قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە ئۇنىڭ مەجبۇرىيەت - ھوقۇقى توغرىسىدا؛ بۇنىڭدىن كېيىن يولغا قويۇلىدىغان كىم تىكسە شۇ ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئىھاتە ئورمىنى

توغرىسىدا ۋە ئورمان ئەھيا قىلىشتىكى يەرلىك تەدبىرلەر توغرىسىدا ئەتراپلىق توختالدى. يەنە كۆچەت قويۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالمىغان ئائىلىلەرگە نىسبەتەن مەجبۇرىيەت ئەمگىكىگە ھېسابلاپ كۆچەت تىككۈزۈپ، كۆچەتلەرنى كەنت كوللېكتىپ ئىگىلىكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش مەسىلىسىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى.

ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئازغان كەنتىدە ئومۇمىي خەلق سەپەرۋەرلىكىگە كېلىپ، ئىھاتە ئورمىنى بەرپا قىلىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. ئۈچ كۈن ئىچىدىلا ئۈزۈنلۈقى تۆت يۈز مېتىر كېلىدىغان ئورەك چېپىلىپ، بىر ھەپتە ئىچىدىلا ئون مىڭ تۈپتىن ئارتۇق كۆچەت قويۇلدى. يەرلىك كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ قولىلۇقتا ئورمان بەرپا قىلىش ئەنئەنىسى بويىچە تېرەك كۆچەتلىرى بىلەن جىگدە، ئۆرۈك كۆچەتلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ تىكتى. ئاندىن توشقان ۋە چارۋىلارنىڭ غاجىلىۋېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، كۆچەت غولىنىڭ بىرەر مېتىر ئېگىزلىكىچە بولغان ئارىلىقىنى قومۇش بىلەن ئوراپ چىقتى.

ئىھاتە ئورمىنى بەرپا قىلىش ياخشى باشلىنىش بولسىمۇ، لېكىن ئاسانغا چۈشمىدى. ئەڭ قىيىن ئىش يەنىلا پادىچى باللارنىڭ ئىھاتە ئورمىنىدا پادا بېقىشىنى تۇسۇش ئىدى. ئۇلار كالا - قويلىرىنى ئورمانغا ھەيدەپ قويۇپ، ئۆزلىرى «چۈك - كالتەك» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئويۇن بىلەن ئاۋارە ئىدى. بۇنداق چاغلاردا ۋاسىل تۆمۈرچى كانىيى يىرتىلغۇدەك ۋارقىراپ، كالا - قويلارنى ئۇياقتىن - بۇياققا قوغلاپ يۈرەتتى.

ئاي تولغان كۈز كېچىسى ئىدى. ئەمدىلا يېتىشىمغا يوتقىنىمنىڭ ئۈستىگە بىر دۈۋە توپا - چالما «پاققىدە» چۈشتى. چۆچۈپ قارىسام، تورۇسنىڭ لاي سۇۋىقى تۆكۈلگەنىكەن. ئورنۇمدىن تۇرۇپ يوتقان - كۆرپە ۋە ئۇستەل - ئورۇندۇقلىرىمنى تازىلىدىم. ئىشلارنى تۈگەتكىنىمدە ئۇيقۇم قاچقانىدى.

شۇ تاپتا ۋاسىل تۆمۈرچى نەچچە مىڭ مېتىرلىق ئىھاتە

ئورمىنىغا ئۆزى يالغۇز سۇ تۇتماقتا ئىدى. سۇ تۇتۇشنىڭ جاپاسى
ئۇنىڭغا ھېچ گەپ ئەمەس. لېكىن تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدىلا
قۇرغاقچىلىق بولىدىغان بۇ يۇرتتا سۇ تالىشىش نەزىر بەرگەندەكلا
ئادەتتىكى بىر ئىش ئىدى. ئەگەر بىرەرى سۇ تالىشىپ ئۆكتەمـ
لىك قىلسا، ۋاسىل تۆمۈرچى ئاجىز كېلىپ قالاتتى. شۇڭا
غەم ـ ئەندىشە بىلەن كىيىملىرىمنى كىيىپ، ئىھاتە ئورمانلىقى
تەرەپكە ماڭدىم.

كېتىۋېتىپ، بىردىنلا ئابدەنىڭ سۆزلىرىنى ئەسلەپ قالـ
دىم. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسى ئۇنىڭغا
بورىچى كەنتىگە كىرىپ ئىشلەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. ئېنىقـ
كى، بۇ، مەمەت بوسۇغۇنىڭ «قول يەتمىگەن ئامۇت ئاچچىق»
دەپ قىلىۋاتقان زەھەرخەندىلىكى ئىدى. بىراق، ئۇ كەتسە ئاينۇرـ
خان ئانا تىكەندەك يالغۇز قالاتتى. ئۇ چاغدا بىرەر قىيىنچىلىق
تارتىپ قالسا...

— ئادەم ئۆلدى!

ئەمدىلا «كاناي‌چاقىرى» دىن ئۆتۈشۈمگە ئالدى تەرەپتىن بىر
ئايالنىڭ ئەنسىز چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىدىن بىرـ
نەچچە كىشىنىڭ يۇگۈرگەن ئاياغ تىۋىشى ۋە كىچىك بالىلارنىڭ
يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. يۈگۈرگەن پېتىمچە مەھەللىنىڭ ئايىـ
غىدىكى شاخ ئازما بويىغا كېلىپلا جايىمدا تۇرۇپ قالدىم. چۈنـ
كى، ئىھاتە ئورمىنىغا سۇ چىقىرىدىغان چۇشۇرگىنىڭ يېنىدا
بىرنەچچە ئەر كىشى يەنە بىرىنى دەسسەپ ـ چەيلىمەكتە ئىدى.
بىر ئايال ئۇرۇۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدىكى بەستلىك بىر ئەرنىڭ
پۇتىغا چاپلىشىۋالغانىدى. بەستلىك ئەر ئايالنى كۈچەپ تېپەتتى.
قورقۇپ جېنى چىققان سەككىز ـ ئون ياشلار چامىسىدىكى ئىككى
قىز بالا چىرقىرىشىپ تۇراتتى.

يامغۇردەك مۇشت ـ پەشۋا ئاستىدا ياتقان كىشىنىڭ ئۈستىـ
گە ئۆزۈمنى ئاتتىم. بىراق، تاياق ـ توقماق، مۇشت ـ تېپىكلەر

ئەمدىلىكتە ماڭا تېگىشكە باشلىدى. بىرى بېشىمغا قاتتىق تەپتى. يەنە بىرى بېلىمگە كۆچەپ دەسسىدى. مەن ئىڭراپ تۇرۇپ قاتتىق ۋارقىرىدىم:

— ئۇرماڭلار، مەن — مۇختار!

ئۇرۇۋاتقانلار ئاخىر توختىدى. مەن قان ئېقىپ تۇرغان بېشىمنى تۇتۇپ ئاستا ئورنۇمدىن تۇردۇم. بىرىنچى بولۇپ كۆرگىنىم ئەخەت دەيدىغان جېدەلخور بولدى. ئۇ ئالدىنقى قېتىم سۇ تالىشىپ تۇرسۇن سۇپۇرگىنى چانىۋەتكەن، كېيىن قىلمىشىدىن قورقۇپ ئۇرۇمچىگە قېچىپ كەتكەنىدى. قايتىپ كەلگىنىدە، ئۇ ئىش ئۇنتۇلۇپ كەتكەچكە، ئەخەتنى ھېچكىم سۈرۈشتۈرمىگەنىدى. يەردە سۇنايلىنىپ ياتقان كىشى ۋاسىل تۆمۈرچى ئىكەن. خوتۇنى ئاسۇدىخان تېخىچە ئەخەتنىڭ پۇتىغا چاپلىشىپ تۇرۇپتۇ. قورقۇپ كەتكەن قىزلىرى يىغلىشىپ تۇرۇپتۇ. سۇ — كەلكۈنگە ئوخشاش لۆمشىپ، ئېھاتە ئورمىنىغا ئەمەس، بەلكى شەرق تەرەپتىكى بىنەم يەرگە قاراپ ئېقىۋېتىپتۇ.

دەرۋەقە، ئەخەت چاپاق سۇ تالىشىپ ۋاسىل تۆمۈرچىنى ئۇرغانىدى. يەنە كېلىپ، بىرنەچچە قېرىنداشى بىلەن بىرلىشىپ ئۇرغانىدى. كونا - يېڭى ھېساباتلارنى بىراقلا قىلماقچى بولۇپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. لېكىن بىر دۆلەت خىزمەتچىسى ئىكەنلىكىمنى ئېسىمگە ئېلىپ يەنىلا تەمكىنلىك بىلەن سورىدىم:

— نېمىشقا ئۇردۇڭ؟

— چاتىقىڭ نېمە؟!

قانداقلارچە قول ئۇزاتقىنىمنى بىلمەيمەن. ئەخەتنىڭ مۇردىسىگە قويۇۋالغان كەتمىنىنىڭ سېپىنى چىڭ تۇتۇپ كۆچەپ تارتتىم. «تاڭگىدە» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا كەتمەن چۇلدىسى ئەخەتنىڭ ئارقا مېڭىسىگە قاتتىق تەگدى.

— ۋايجان... تېخىنىك ئادەم ئۇردى!

ئېچىنىشلىق ۋارقىراش بىلەن تەڭ، ئەتراپتا قاراپ تۇرغان

بىرنەچچە كىشى كەتمەنلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ماڭا قاراپ يۈگۈرۈ-
لۈپ كەلدى. شۇ تاپتا زوراۋانلىققا ئادەتلەنگەن بۇ لۈكچەكلەرگە
پەقەت زوراۋانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشتىن باشقا ئامالىم يوق
ئىدى. شۇڭا تېخىچە بېشىنى تۇتۇپ ئىنجىقلاپ تۇرغان ئەخەتنىڭ
بۇرنىغا مۇشت بىلەن كۈچەپ بىرنى سالدىم. ئەزەلدىن باشقىلارنى
ئۇرۇپ ئادەتلەنگەن ئەخەت تۇيۇقسىز زەربىدىن خۇدىنى يوقىتىپ
ئوڭدىسىغا يىقىلدى. ئەخەتنىڭ مەيدىسىگە كۈچەپ دەسسىدىم،
ئاندىن كەتمەننى ئۇنىڭ بېشىغا توغرىلاپ ئېگىز كۆتۈردۈم ـ دە،
زەردە بىلەن ۋارقىرىدىم:

— قېنى، جانغا تويغانلار يېقىنراق كېلىڭلار، مۇرادىڭلارغا
يەتكۈزەي!

دەرۋەقە، ئەخەتنىڭ هاياتىغا خەۋپ يەتكەندە ئاكا ـ ئىنىلىرى
«شاققىدە» توختاپ يېلىنىشقا باشلىدى:

— ئوبدان ئۇكام، ئۇنداق قىلمىسىلا، بىز ئېزىپتۇق...

ئۇزاق ئۆتمەيلا ئەتراپتىكى ئۆيلەردىن ئون نەچچە كىشى
يېتىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چاۋار شۇجىمۇ بار ئىدى.
مەن بىرنېمە دېگۈچە ئۇ سوراپ ئۈلگۈردى:

— نېمە ئىش بولدى؟

— ماۋۇ ئەخەتلەر تۈمۈرچىنى ئۇرۇپ قويۇپتۇ.

— هېم... نېمە ئىش بولدىكىن دەپتىمەن. ئۇرسا ئۇز
يۇرتىغا پاتمىغان بىر پالاندىنى ئۇرۇپتىغۇ شۇ؟!

غەزەپتىن قوللىرىم تىترەپ، مۇشتۇم چىڭ تۈگۈلدى. چۈن-
كى، مەنمۇ ۋاسىلغا ئوخشاش ئۆز يۇرتۇمنى تاشلاپ، تەكلىماكان
گىرۋىكىدىكى بۇ قاقاس زېمىننى كۆكەرتمۋاتقان بىر پالاندى ئى-
دىم. بىراق قۇمساز زېمىنغا بولغان مۇھەببىتىم ۋە ئەجرىم
يەرلىك خوجايىنلارنىڭ مۇھەببىتى ۋە ئەجرىدىن كۆپ ۋە چوڭقۇر
ئىدى. بىراق، ياچېيكا شۇجىسى بولغان كىشى يەنىلا يەرلىك
كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى قاراشلىرى بىلەن ماڭا قاتتىق هاقارەت

قىلغانىدى. شۇ تاپتا ئەقىل كۆزلىرى تۇتۇلغان بۇ ئادەمنىڭ بۇرنىغا بىرنى سېلىپ سەگىتىپ قويۇشنىمۇ ئويلىدىم. بىراق، ئۇنداق قىلسام بولمايتتى. چۈنكى، بۇ كىشى ئازغان كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئىدى.

## 3

ئاق قاشقىنىڭ لەرزان يورغىسىغا مەھلىيا بولۇپ كېتىۋاتقىنىمدا، قەلەندەرنىڭ سەدىقە تىلىگەن ئاۋازى دىققىتىمنى تارتتى:

— ھەق ئىللەللاھ، «تۆۋە گۇناھىنى يە، سەدىقە بالانى»... مېھرىبان ئاتا - ئاناڭنىڭ، ئامراق پەرزەنتىڭنىڭ ھەققىدە بولسۇن، ھەق ئىللەللا...

خورجۇن - خالتىلىرىنى ئارتان كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان قىرىق ياشلار چامىسىدىكى قارا ساقال قەلەندەر ئوڭ پۇتىنى ئاۋايلاپ ئاقساقلىغان پېتىچە كېتىپ باراتتى. ئايىغى ئاستىدىكى ئاپئاق قار غىرىسلاپ رىتىملىق ئاۋاز چىقىرىپ تۇراتتى. قەلەندەرنىڭ مېيىپ پۇتى بىلەن ھاسىسىنىڭ ئىزلىرى بىرىكىپ، قار ئۈستىدە غەلىتە بىر خىل ئىز پەيدا قىلغانىدى. ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان قارا ئېشەك قۇلاقلىرىنى توشقاننىڭ قۇلىقىدەك دىڭگايتىپ، شاشلىق بىلەن پۇشقۇرۇپ قوياتتى. بىرەر ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە، قارا ئېشەك ئۆز ئورنىدا «شىپپىدە» توختاپ، خوجايىنىنىڭ بۇيرۇقىنى ئىتائەتمەنلىك بىلەن كۈتەتتى. خوجايىن سەدىقە قىلىنغان بىرەر نەرسىنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كەلگەندە تۇياقلىرىنى شوخلۇق بىلەن يەرگە ئۇرۇپ يەنە پۇشقۇرۇپ قوياتتى.

قەلەندەرنىڭ ئۇدۇلىدىن ئۆتۈپ بولۇپ ئارقامغا قاراپ قاپتىمەن. بىراق، كۆزلىرىم ئۇنىڭ قىپقىزىل كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، يۈرىكىم ئەنسىز ئېغىپ كەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ كۆز-

لىرى خان مەپسىگە بېسىلغان قوتقۇزۇش ئاشلىقىغا تىكىلگەن بولۇپ، جۇرئەت قىلالىسا، ھەممىنى بۇلاپ كېتىدىغاندەك چەك- چىيىپ كەتكەندى.

— توۋا، نېمانچە قارايدۇ بۇ؟

ئالاقىچى ئابباس سوئالىمغا سوغۇقلا جاۋاب بەردى:

— بىرەر خالتا سەدىقە قىلىۋېتەمدىكىن دەۋاتىدۇ.

يېزا باشلىقى ئېلى موللەكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى تەقسىملىگەن قوتقۇزۇش ئاشلىقىنى ئازغان كەنتىگە ئەكېتىۋاتقانىدىم. ئۆتكەن يىلى يازدا قۇرغاقچىلىق ئاپىتى ئېغىر بولغاچقا، ئاشلىق كېمىيىپ كېتىپ، يېڭى يىل كىرمەيلا كەنتتىكى ئەللىك پىرسەنت ئائىلىنىڭ ئو- زۇقلۇق ئاشلىقى تۈگەپ قالغانىدى. شۇڭا نۇرغۇن دېھقانلار يەك- شەنبە كۈنلىرى قوي - كالىلىرىنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ، پۇلىغا ئاشلىق ئالاتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئاران يىگىرمە ئائىلە- گىلا ئاشلىق تەقسىملەنگەن بولغاچقا، تەبئىي ھالدا ئۇن تالىشىد- دىغان ئىشلارنىڭ چىقىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. شۇڭا چاۋار شوجىد- نى ئالدىن خەۋەرلەندۇرمەسەم بولمايتتى. ئەمدىلا شوجىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىشىمگە، قەلەندەر چاققانلىق بىلەن دەرۋا- زىنىڭ تۆمۈر ھالقىسىنى شاراقلىتىپ مۇڭلۇق تىلاۋەتنى باشلىۋەتتى:

— ھەق ئىللەللاھ، «سەدىقە بالانى يە، توۋا گۇناھنى»...

ئىچكىرىدىن بىر ئايالنىڭ «كىرسىلە» دېگەن ئاۋازى ئاڭلى- نىشى بىلەنلا، قەلەندەر تاقەتسىزلىك بىلەن ئۆزىنى ھويلىغا ئات- تى. مەن ھويلىغا كىرگەندە قەلەندەر ئاللىقاچان پېشايۋاننىڭ سۇپىسىدا ئولتۇرۇپ قىرائەتنى باشلىغانىدى. چاۋار شوجى مەست كىشىدەك كۆزلىرىنى يۇمۇپ، گەۋدىسىنى ئىككى يانغا رىتىملىق تەۋرىتىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كېسەلچان ئانىسى پات - پات: «ئاھ، خۇدايا، پەرۋەردىگار!...» دەپ نالە قىلاتتى. ھويلىنىڭ

ئوتتۇرىسىدا تۇرغىنىمنى ئالتە ـ يەتتە ياشلار چامىسىدىكى كىـ-
چىك قىزى پاتىمەدىن باشقا ھېچكىم سەزمىگەنىدى.

— ئاللادىن باشقا ھېچنېمەم يوق غېرىب بەندىمەن. تۇنۇگۇن كېچە ئاللاغا سېغىنىپ، خالىس ئىستىغپار سالغانىدىم. دىلىمغا ئەسكى كىگىز ئارىسىدا ياتقان بىر كېسەلچان مەزلۇم ئايان بول-دى. ئەسكى ـ تۈسكى كىگىز پۈتىدۇ. كىگىز بىلەن مېيىت لەھەتكە كىرىدۇ. بۇ بالايىئاپەتنىڭ بەلگىسى. خۇدايا، مېھرىبان ئانىنى پەرزەنتىدىن ئايرىمىغايسەن، پەرزەنتلەرنىڭ ئۈمىد چىرى-غىنى ئۆچۈرمىگەيسەن! توققۇز ئاي، توققۇز كۈن قورساق كۆتۈ-رۈپ، ئاچچىق تولغاق يەپ، يېمەي يېگۈزۈپ، كىيمەي كىيدۈ-رۈپ پەرزەنتلىرىنى چوڭ قىلغان ئەزىز ئانىلارنىڭ ئۆمرىنى ئۇ-زۇن قىلغايسەن، ئامىن!...

ئۇزاقتىن ئۇزاق قىلىنغان دۇئادىن كېيىن، قەلەندەر نەزى-رىنى چاۋار شۇجىغا يۆتكىدى:

— قارىسام، دۆلەتمەن، كۆيۈمچان ئوغۇل ئىكەنلا. ئاللا ئىگەم ئاشۇ ئەزىز ئانىلىرىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزاق، تېنىنى سالامەت قىلغاي! ئاللانىڭ غېرىب بەندىسىمەن، دۆلەتلىرىنىڭ زىيادە بو-لۇشىنى تىلەيمەن. سەدىقە ئۈچۈن كىچىككىنە بىر نەرسە سورىسام بولارمۇ؟

— بولىدۇ.

— ھەرگىز تارتىنمىسىلا.

— قارا قىشتا كىيىمىم يېلىڭ. كىچىلەردە مۇزلاپ چىقى-مەن. «غېرىب رازى — ئاللا رازى»، ئەگەر ئاللا رازىلىقىنى، ئەزىز ئانىلىرىنىڭ ساقلىقىنى ئىزدىسىلە، ئاشۇ ئۈچىلىرىدىكى جۇۋىلىرىنى سەدىقە قىلغايلا ...

چاۋار شۇجىنىڭ بەدىنى «لاسسىدە» بوشىشىپ كەتتى. چۈن-كى، سىرتىنى قارا رەخت بىلەن تاشلاپ، ئىچىنى قوي تېرىسى بىلەن ئەستەرلەپ تىكتۈرگەن بۇ جۇۋا چاۋار شۇجىنىڭ ئەڭ

ئامراق نەرسىسى ئىدى. بۇ جۇۋا بىلەن بېشىدىكى قارا كۆرپە تۇمىقى قوشۇلۇپ، ئۇنى ئازغان كەتتىدىكى ھەقىقىي مۆتىۋەرگە ئايلاندۇرغانىدى. بىراق، ئاچ كۆز قەلەندەر ئۇنىڭ ئەڭ ئامراق نەرسىسىنى سوراپ ئۇنى تەڭقىسلىقتا قويغانىدى. چاۋار شوجى نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغىنىدا، قەلەندەر دۇئانىڭ ئەۋجىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى. موماي كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي ئوغلىغا نەسىھەت قىلىشقا ئۆتتى:

— يېقىندىن بېرى، كېچىلىرى چۈشۈم بۇزۇلۇپ، كۈندۈزلىرى يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ بىرقىسىملا بولۇپ قېلىۋېدىم. بۇ قارىم سەۋەبىنى تاپتى. ئاق سۈتۈمنىڭ ھەققىدە بولسۇن، مېنىڭ ھەققىمدە بىرنى بەرسەڭ، ساڭا ئاللا ئىگەم نەچچە مىڭنى بەرسۇن. دۆلىتىڭ زىيادە، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن. جۇۋىنى ئۇ كىشىگە بەرگىن! تېزرەك بەر...

چاۋار شوجى تېخىچە بىر قارارغا كېلەلمەي تۇرغىنىدا، قەلەندەر غەلىتىلا بىر گەپنى قىلدى:

— سۆزۈمنىڭ راستلىقىغا ئاللا گۇۋاھ. ئىشەنمىسىلە، جۇۋىنىڭ ئىچ يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ كۆرگەيلا، ئىچىدە بەش يۈەنلىك بىر قەغەز پۇل بار...

چاۋار شوجى جۇۋىنىڭ يانچۇقىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. ھەممەيلەن قىزىقىپ ئۇنىڭ قولىغا قاراپ تۇراتتۇق. ئىچىمدە قەلەندەرنىڭ قارىسىغا قىلغان ھۆكۈمى ئۇچۇن كۈلەتتىم. چۈنكى، پۇل بولسىمۇ، دەل بەش يۈەنلىك بىر قەغەزنىڭ چىقىشى ناتايىن ئىدى. بىراق، چاۋار شوجىنىڭ قولىغا راستتىنلا بەش يۈەنلىك بىر پارچە خەلق پۇلى چىقتى. ھەيرانلىقتا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم. تاسادىپىي توغرا كېلىپ قېلىشىمۇ ياكى قەلەندەرنىڭ راستتىنلا كارامىتى بارمۇ؟ ھېچ نەرسىنى بىلمەيتتىم. چاۋار پاسار شوجى ئۇچىسىدىكى قارا رەختتىن تاشلانغان جۇۋىسىنى قوش قوللاپ قەلەندەرنىڭ ئالدىغا قويدى.

قەلەندەر كۆزىنى يۇمۇپ، گەۋدىسىنى ئىككى يانغا يېنىك تەۋرى-
تىپ دۇئاغا قولىنى كۆتەردى:
— ئامىن!
— ئامىن!...
ھەيران بولغىنىمدىن قەلەندەرنىڭ قارىسى يىتكىچە قاراپ
قاپتىمەن. قاچانغىچە ھاڭۋېقىپ تۇراتتىمكىنتاڭ؟ بىر چاغدا چا-
ۋار شۇجىنىڭ غۇدۇرىغان ئاۋازى بىلەن ئېسىمگە كەلدىم:
— ۋاي ئىسىت، تېخى بىر ئايمۇ كىيمىگەندىم. بىكارلا
كەتتى دېسە، ئىسىت - ئىسىت...
ئارقىدىن موماي ئاچچىقلاندى:
— توۋا دە بالام. سەدىقە قىلغان نەرسىگە ئىچ ئاغرىتساڭ
يامان بولىدۇ.
كۆن ئولتۇرۇشقا يېقىن قۇتقۇزۇش ئاشلىقىنى تارقىتىپ
بولدۇم. كەنتنىڭ دائىرىسى كەڭ، يوللىرى توپىلاڭ بولغاچقا،
ھېرىپ ھالىمدىن كەتكەندىم. شۇنداقتىمۇ، نەتىجىسىنى يېزىغا
دوكلات قىلىشىم كېرەك ئىدى. چۈنكى، يېزا باشلىقى ئېلى
موللەك كېچىلەپ دوكلات ئاڭلىماقچى ئىدى. شۇڭا ئاشلىق تار-
قىتىلغان ئائىلىلەرنىڭ تىزىملىكىنى كۆتۈرۈپ ۋېلىسىپىتىمنى
مىنىپ يېزىغا قاراپ ماڭدىم. ئەمدىلا كەنت قورۇسىدىن چىقى-
شىمغا قەلەندەرنىڭ تونۇش ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى:
— ھەق ئىللەللاھ، «سەدىقە بالانى يە، تۆۋە گۇناھنى»...
مېھرىبان ئاتا - ئانىڭنىڭ، سۆيۈملۈك پەرزەنتىڭنىڭ ھەققىدە
بولسۇن. ھەق ئىللەللاھ...
قەلەندەر يەنىلا پۇتىنى سۆرەپ، ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ
كېتىپ باراتتى. بىراق، دىققىتىمنى تارتقىنى يەنىلا ئەتىگەندىكى
شاش قارا ئېشەك ئىدى. ئۈستى - ئۈستىلەپ ئارتىلغان خالتىلار-
نىڭ ئېغىرلىقى بىلەن قارا ئېشەك سۇغا پىشقاندەك تەرلەپ كەت-
كەن بولۇپ، ئەمدىلىكتە توشقاننىڭ قۇلىقىدەك دىڭگىيىپ تۇرى-
دىغان قۇلىقى سالپىيىپ قالغانىدى. ئېشەككە قىزىل، ئاق رەڭ-

لىك بىرنەچچە خوراز غانجۇغىلاپ ئارتىلغان، مېكىيانلىرىدىن ئايرىلغىنى ئۈچۈن پات-پات ئېچىنىشلىق نالە قىلاتتى. سەدىقە قىلىنغان بۇغداي، قوناق، كېيىم-كېچەك قاتارلىق نەرسىلەر ئارىسىدا يېزىدىن تارقىتىلغان ئىككى خالتا قۇتقۇزۇش ئاشلىقىمۇ ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى.

قۇتقۇزۇش ئاشلىقىنىڭ قەلەندەرگە سەدىقە قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ بىردىنلا ئاچچىقىم كەلدى-دە، ئېشەكنىڭ نوختىسىغا كاپپىدە ئېسىلدىم. بۇ غەلىتە ھەرىكەتتىن چۆچۈپ كەتكەن ئۇزۇن قۇلاق مەخلۇق بىرلا چاپچىۋىدى، ئۈستىدىكى بىرنەچچە خالتا ئاشلىق يەرگە غۇلاپ چۈشتى. تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئىشتىن قەلەندەرمۇ قورقۇپ تىترەپ كەتتى، ئارقىدىن دۇدۇقلاپ تۇرۇپ سورىدى:

— ن... نېمە ئىش؟

— يۈرە، ساقچىغا!

— نېمىشقا؟

بىردەمدىلا يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلاردىن نەچچە ئون ئادەم ئەتراپىمىزغا يىغىلدى. مەن قەلەندەرگە قولۇمنى شىلتىدىم:

— قەلەندەرچىلىكنىڭمۇ يولى بولىدۇ. قائىدە بويىچە پەقەت بىر كۈنلۈك ھاجىتىڭنى تىلىسەڭلا بولدى. بىراق بۇنچىۋالا نەرسىنى تىلەپ نېمە قىلىسەن؟ تىلىگەنلىرىڭ بىر كۈنگە ئەمەس، بىر ئايغىمۇ يېتىدۇ. قورسىقىڭ شۇنچە چوڭمۇ؟ نامرات خەلقنى ئالداپ، قاقتى-سوقتى قىلغىنىڭ ئۈچۈن سېنى ساقچىغا تاپشۇرىمەن. تولا گەپ قىلماي، ياۋاشلىق بىلەن ماڭ! بولمىسا، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن.

قەلەندەر يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— ئوبدان ئۇكام، باللىرىم جىق، سوغۇقتا ھەر كۈنى سىرتقا چىقالمايمەن. شۇڭا...

— سوغۇقتا سەن سىرتقا چىقالمىساڭ، ئاشلىقى يېتىشمىگەن بىچارىلەر چىقالامدۇ؟! بىر كۈندە بىرمۇنچە يىغىۋېلىپ، باشقا كۈنلىرى بىكارغا يېسەڭ ساڭا ھالال بولامدۇ؟ چاققان ماڭ!

— تېخنىك ئۇكام، بولدى قىلسىلا، — دېدى ياشقا چوڭراق بىرەيلەن ئارىغا چۈشۈپ، — سەدىقىنى ئاللا يولىدا بىز بەردۇق. ھالال يەمدۇ، ھارام يەمدۇ ئۇنىڭ جاۋابىنى بۇ تەقسىر ئۆزى بەرسۇن. شۇڭا ئۇنى ماڭغۇزۇۋەتسىلە.
— ئۇ ئالدامچى بىلەن تەڭ بولمىسىلا.
— شۇنداق، ئۇنى كەتكىلى قويسىلا.
مەن كىشىلەرنىڭ نەسىھەتلىرى بىلەن ئاخىر قەلەندەرنى قويۇۋەتتىم. لېكىن ناھىيىدىن بەرگەن قۇتقۇزۇش ئاشلىقىنىڭ ھەممىسىنى تارتىۋالدىم. چۈنكى، ئۇ دۆلەتنىڭ نامرات كىشىلەرگە بەرگەن ياردىمى ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ كىشىلەر ئۆشرە ـ زاكات بېرىشكە ئەمەس، بەلكى ئۆشرە ـ زاكات ئېلىشقا لايىق نامراتلار ئىدى. شۇنداق تۇرسىمۇ، ئۇلار قەلەندەرگە ئالدىنىپ كەتكەنىدى. ئاچچىقىم كەلگىنى كىشىلەرنىڭ نادانلىقى بولماستىن، بەلكى پوچىلىقى بولدى. چۈنكى، كەچ تەرەپتە مەن قەلەندەردىن تارتىۋالغان ئاشلىقنى بېرىدىغانغا بىرمۇ ئادەم تاپالمىدىم. ئاخىر ئامالسىزلىقتىن ئىككى خاتا ئۇنى ۋېلىسىپىتىمگە ئارتىپ، يېزىلىق ئىگە ـ چاقىسىز كىشىلەرنى باقىدىغان ساناتورىيەگە ئاپىرىپ بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم.
بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، بۇ ئىش پۈتۈن يېزىغا پۇر كەتتى. بەزىلەر مېنى توغرا قىپتۇ دېسە، يەنە بەزىلەر ئىمانسىزلىقتا ئەيىبلەشتى. بىراق، مەن كېيىنكى كۈنلەردە ئاشلىق سېتىۋېلىشقا ماڭغان كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپەيگەنلىكىنى كۆردۈم.

## 4

نويابىرنىڭ جۇدۇنلۇق بىر كۈنى تاڭ سەھەردە كىشىلەر ياتىقىمغا «لىققىدە» تولدى. چۈنكى بىر مو يەرنىڭ يىللىق سۇ ھەققى يەتمىش ئۈچ يۈەندىن چۈشكەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەممىسى نارازى بولۇپ ئەرزگە كەلگەنىدى.
دېھقانلار قايىل بولمىسا، سۇ راسخوتىنى يىغقىلى بولمايتـ

تى. لېكىن، «قايىل بولمىدى» دەپلا يىغىمساقمۇ بولمايتتى. چۈنكى، يېزىلىق پارتكومدىن تۆراق شۈجى ناھىيە مەسئۇللىرىغا بارلىق سۇ ھەققىنى پەقەت بىر ھەپتە ئىچىدىلا تولۇق يىغىپ تاپشۇرۇشقا ۋەدە بەرگەن ھەمدە بىزگىمۇ پەقەت بەش كۈنلۈكلا مۆھلەت بەرگەنىدى. خەلقنىڭ نارازىلىقى ئالدىدا مەن يەنىلا ئۇلا-رنى قايىل قىلىش يولىنى تاللىدىم ھەمدە چاۋار شۈجىگە ھېسابات-نى ئاممىغا تولۇق ئاشكارىلاش توغرىسىدا تەكلىپ بەردىم. بى-راق، ئۇ مېنىڭ پوزىتسىيەمدىن نارازى بولدى. چۈنكى، دېھقان خەق دېگەن ئەزەلدىن لەتخور، قاشاق كېلەرمىش. ئەگەر چىشىد-نىڭ ئېقىنى سەللا چىقىرىپ قويسا، كادىرلارنىڭ شىللىسىغا مىنەرمىش. لېكىن مەن ھېساباتنى ئاشكارىلاشنى باھانە قىلىپ، سۇ ھەققى يىغىشتىن ئىبارەت سىياسىي ۋەزىپىگە سۇسلۇق قىپتىمىشمەن. شۇڭا بارلىق جاۋابكارلىقنى مەن ئۈستۈمگە ئالغۇدەكمەن.

شۇ كۈنى راستىنلا قاملاشمىغان بىر كۈن بولدى.

كەنتنىڭ قىرىق يىللىق كونا بوغالتىرى مۇسا ئايۇپ تۇيۇق-سىزلا قان بېسىمى ئۆرلەپ يىقىلىپ قاپتۇ. چاۋار شۈجى ئۇنى دەل ۋاقتىدا ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا يولغا ساپتۇمىش. بولمىسا ھاياتىغا خەتەر يېتەركەن... ئەڭ چاتاق بولغىنى يەنىلا سۇ ھەققىنى يىغىش ئىدى. چۈنكى، بوغالتىر بولمىسا ھېساباتنى ئاشكارىلىغىلى بولمايتتى. ھېسابات ئاشكارىلانمىسا، دېھقانلار قا-يىل بولمايتتى؛ ئۇلار قايىل بولمىسا، سۇ پۇلىنى يىغىشقا بول-مايتتى؛ سۇ پۇلى يىغىلمىسا، مۇقەررەر ھالدا مەن جاۋابكار بولاتتىم.

قانداق قىلىشىمنى بىلمەي جىله بولۇپ تۇرغىنىمدا، «بەخت» ماركىلىق موتسىكلىت مىنىۋالغان مەمەت بوسۇغۇ توپا - چاڭ توزۇتقان پېتىچە كەنت قورۇسىغا كىرىپ كەلدى. مەن يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىنلا، ئاينۇرخان ئانا ئۇنىڭ ئابىدە-

گە كىرگۈزگەن داستىخىنىنى قايتۇرۇۋەتكەنىدى. ئاچچىقىنى چىقىرىدىغان پۇرسەت تاپالماي يۈرگەن مەمەت بوسۇغۇ ئۈچۈن سۇ راسخوتىنى يىغىشتا ئامالسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىنىم ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆچ ئېلىشىنىڭ تېپىلغۇسىز پۇرسىتى ئىدى. مېنىڭمۇ كۆزۈمنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرۇشتىن باشقا ئامالىم يوق ئىدى.

بىراق، ئويلىغىنىمنىڭ ئەكسىچە ئىش بولدى. مەمەت بوسۇغۇ مەن بىلەن تولىمۇ قىزغىن كۆرۈشتى. ھەيران بولۇپ تۇرغىنىمدا، ئۇ مەندىن يەنە سۇ پۇلىنىڭ يىغىلىش ئەھۋالىنى سورىدى. چۈشەندۈرۈشلىرىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سەممىي ھالدا ئىزاھات بەردى:

— باشقا كەنتلەردە ئەللىك يۈەندىن ئاشمىدى. پەقەت ئازغان كەنتىدىلا يەتمىش ئۈچ يۈەنگە بېرىپ قاپتۇ. سەۋەب پەقەت بىرلا. يەنە تاشلاندۇق قۇدۇقتىن سۇ تارتقاندىن كېيىن، ماي پۇلى، ماتور رېمونت ھەققى، قۇدۇق باشقۇرغۇچىنىڭ ئىش ھەققى قاتارلىق چىقىملار قوشۇلۇپ مۇشۇنداق يۇقىرىلاپ كەتتى. قۇدۇقنى ئىشلەتسەك، دېھقانلار چىقىمىغا چىدىمىدى، ئىشلەتمىسەك قۇرغاقچىلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلالمىدۇق. شۇڭا قولاق يوپۇرۇپ يۈرمەيمۇ ئامالىمىز يوق...

ئۇنىڭ سۆزلىرى ئورۇنلۇقتەك قىلاتتى. لېكىن خەلق يەنىلا سۇ راسخوت ھېساباتىنى ئاشكارىلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلاتتى. سۇ ھەققى ھېساباتىنى ئاشكارىلاش ئۈچۈن بوغالتىر موسا ئايۇپ بولۇشى كېرەك ئىدى. بىراق ئۇ يەنىلا بالىنىستىتا...

بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ھەش - پەش دېگۈچە ئۈچ كۈن ئۆتتى. بىراق سۇ راسخوتىدىن بىر پۇڭمۇ يىغىلمىدى. شاپ بۇرۇت كەنت مۇدىرى تۇرسۇن مەتيار بىلەن ئىككىمىز يېزىغا قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي تۇگىشىپلا كەتكەنىدۇق. چاۋار شۇجى بۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە بىزنىڭ تاماشىمىزنى كۆرمەكتە ئىدى.

ئۈچىنچى كۈنى چۈش ۋاقتى ئىدى.

— شەھەرگە كىرەيلى، — دېدى كەنت مۇدىرى تۇرسۇن مەتيار ماڭا قاراپ، — مۇسا دېگەن بۇ قاقۋاشنىڭ قورسىقىدا جىن بار. بولمىسا بۇرۇنمۇ ئەمەس، كېيىنمۇ ئەمەس، دەل ھېساباتنى ئېلان قىلىمىز دېگەندە ئاغرىپ قالامدۇ؟! شۇڭا دوختۇرخانىغا كىرىپ كېسىلىنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقايلى.

— بىراق چاۋار شۇجى ئۇنى كېسەل ھالىتىدە كۆرۈپتىغۇ؟!

— ئەگەر گېپىنى بىر قىلىۋالغان بولسىچۇ؟!

ئۇنىڭ سۆزلىرى گۇمانىمنى قوزغىدى. چۈنكى، مەن بوغالتىرنىڭ ئايالىنى كۆلگە سۇغا چىققان ۋاقتىدا كۆرگەنىدىم. ئۇ خوتۇنىنىڭ ئېرى ئېغىر كېسەل ياتسا غېمىدە يوق يۈرگىنى غەلىتە ئىدى. ئەگەر بوغالتىر مۇسا ئايۇپ يالغاندىن كېسەل بولۇۋالسا، ھازىر نەدە يۈرىدىغاندۇ؟...

— ئۇنىڭ ناھىيە بازىرىدا تۇغقانلىرى بارمۇ؟

— يوق. بولسىمۇ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىدە قونمايدۇ.

— نېمىشقا؟

— چۈنكى، — دەپ كۈلدى كەنت باشلىقى، — كېچىدە كىچىك تەرەتكە كۆپ چىقىدۇ.

مەن شۇندىلا ئۇنى باشلاپ بوغالتىرنىڭ ئۆيىگە ماڭدىم. بوغالتىر مۇسانىڭ دەرۋازىسى قۇلۇپلانغانىدى. كەتمەكچى بولۇپ تۇرۇشىمىزغا باغنىڭ ئىچىدىن بىر ئەرنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. گۇمانىمىز كۈچىيىپ، ئارقا ئىشىك بىلەن بېغىغا كىردۇق. بىراق، كىرىپلا ھەيران قالدۇق، چۈنكى، ئېغىر كېسەل بىلەن بالنىستقا كىرىپ قالغان موسا ئايۇپ پالتا بىلەن ئوتۇن يېرىۋاتقانىكەن. ئۇ بىزنى كۆرۈپ ئوڭايسىزلانغىنىدىن پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى، ئارقىدىن دۇدۇقلاپ تۇرۇپ چۈشەندۇرۇشكە

باشلىدى:

— تېخى ساقايمىغانتىم. بىراق··· سۇ··· سۇ ھەققىدىن ئەنسىرەپ قايتىپ چىققان···

شۇ كۈنى كېچىلەپ سۇ ھەققى ھېساباتىنى تەييارلاشقا كىرىشتۇق. بىراق بوغالتىرنىڭ ئىشكاپى قالايمىقان تالون ئامبىرى بولۇپ، سۇ ھېساباتىنى ئېنىقلاش قىيىن ئىدى. شۇنداقتىمۇ چوقۇم تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن ھېساباتنى رەتلەپ، ئاممىغا ئېلان قىلمىساق جاۋابكارلىققا تارتىلاتتۇق. شۇڭا بىرلا ۋاقىتتا ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ئىش باشلىدۇق. تۇرسۇن مەتيار كەنتنىڭ تېرىلغۇ يەر، بىنەم يەر ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى يەر ھېساباتىنى ئېنىقلاشقا مەسئۇل بولدى. مەن قۇدۇق سۇيى چىقىمى ۋە بىنەم يەرلەرنىڭ سۇ راسخوتىنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولدۇم. بوغالتىر مۇسا ئايۇپ بىلەن كەنت كاسسىرى ھۆددە يەرنىڭ سۇ ھەققى ھېساباتىغا مەسئۇل بولدى.

تاڭغا يېقىن ھېساباتتىن يېڭى مەسىلىلەر بايقالدى. تۇرسۇن مەتيار بىر مىڭ سەككىز يۈز مو بىنەم يەرگە سۇ راسخوتى چېچىلمىغانلىقىنى سېزىپتۇ. مەن بىنەم يەرلەرنىڭ سۇ پۇلى ئالدىن يىغىۋېلىنغانلىقىنى بىلگەن بولساممۇ، لېكىن يىللىق سۇ ھەققىگە ھېسابلانمىغانلىقىنى سەزدىم. بوغالتىر بىنەم يەرلەر سۇ ھەققىنىڭ يېزىلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتىغا تاپشۇرۇلغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن قولىدا ئاران ئىككى مىڭ يۈەنلىك بىرلا تالون تۇراتتى. بۇ ھېساب بويىچە ئاز بولغاندىمۇ ئەللىك مىڭ يۈەنچە پۇل كەم ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، قۇدۇق ماتورىنىڭ رېمونت ھەققى سەككىز مىڭ يۈەنگە يەتكەن بولۇپ، بۇ پۇل بىلەن يېپيېڭى ئۈچ ماتور سېتىۋېلىشقا بولاتتى.

ئەتىگەنلىك ناشتا ۋاقتىمۇ بولدى. بۇ مەسىلىلەرنى ئاممىغا قانداق چۈشەندۈرۈشۈمنى بىلمەيتتىم. ئەينەن ئېلان قىلساق، غەزەپلەنگەن كىشىلەر ئەرزگە ماڭاتتى. يوشۇرساق، قائىدىگە

خىلاپ ئىدى. جىله بولۇپ تۇرغىنىمدا، يېزىلىق پارتكومىنىڭ ماش رەڭ ماشىنىسى كەنت قورۇسىغا كىرىپ كەلدى. ماشىنىدىن باشتا تۇراق شۇجى، ئارقىدىن مەمەت بوسۇغۇ قاتارلىق بىرنەچچە كىشى چۈشۈپ كەلدى. تۇراق شۇجى ئادەت بويىچە كەنت باشلىقى تۇرسۇن مەتيار بىلەن كۆرۈشۈۋېتىپ قولىنى قويۇۋەتمەي تۇرۇپلا سورىدى:

— پۇلنى يىغىپ بولدۇڭلارمۇ؟

— ياق، تېخى...

— نېمىشقا؟

— ھا...

«ۋاققىدە» ئۇرۇلغان كاچات بىلەن تەڭلا تۇرسۇن مەتيارنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى ئاغزىدىلا قالدى. ئىككىنچى رەت ئۇرۇلغان مۇشت بىلەن تەڭ، تۇرسۇن مەتيار ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ چۈشتى. تۇراق شۇجى يىرتقۇچ مەخلۇققا ئوخشاش ئېتىلىپ تۇراتتى. مەمەت بوسۇغۇ ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلىپ تۇرۇپ ئاچچىقىنى بېسىۋېلىشقا ئۈندەيتتى. ئۇنىڭغا يېلىنىپ - يالۋۇراتتى. كەنت باشلىقىنىڭ شاپ بۇرۇتلىرى ئۈستىدىن قىپقىزىل قان سىرغىپ چۈشەتتى. تۇراق شۇجىنىڭ غەزەپلىك نەزىرى بىردىنلا ماڭا يۆتكەلدى.

— سىياسىي ۋەزىپە دېگەن نېمە؟ بىلەمسەن؟ مەن ھاكىمغا بىر ھەپتە ئىچىدە يېزىمىزنىڭ سۇ پۇلىنى تولۇق تاپشۇرىمەن دەپ ۋەدە بەرگەن. ھاكىمنىڭ بۇيرۇقى سىياسىي ۋەزىپە. بىراق سېنىڭ نەزىرىڭدە پارتكوم شۇجىسىنىڭ گېپى نېمىگە ھېساب؟ سەن سولتەك تېخىنىڭ، پارتىيە ئىنتىزامى، دۆلەت قانۇنى دېگەننى بىلەمسەن؟ راسخوت تۆلىمەسلىك — «سۇ قانۇنى» غا خىلاپ جىنايەت. ھاكىمغا، پارتكوم شۇجىسىغا بوي سۇنماسلىقمۇ ئوخشاشلا پارتىيە ئىنتىزامىغا خىلاپ جىنايەت. ئاڭلا! ئەگەر ئىككى كۈن ئىچىدە سۇ راسخوتىنى تولۇق تاپشۇرالمىساڭ، ئۆزۈڭگە

ھېرى بول، غىتمەك تېخنىك...
تۇراق شۈجى ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى «جاققىدە» يېپىپ
كەنت قورۇسىدىن چىقىپ كەتتى. كەنت قورۇسى چاڭ - توزان
ئىچىدە تىنچىپ قالدى. كېيىنكى ئىشلار ماڭا نىسبەتەن تولىمۇ
ئازابلىق ئەسلىمىلەرگە ئايلانغانىدى. كەيپىياتىم بەكلا ئوسال
بولۇپ قاتتىق تالان - تاراجدىن ئامان قالغان كىشىدەك گاراڭ
ھالەتتە ئىدىم. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى، نېمىلەرنى قىلى-
غىنىمنى بىلمەيمەن. پەقەت توختىماي ماڭاتتىم. كىشىلەرنىڭ
پىلدىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىگە ئاڭسىز ھالەتتە قارايتتىم. بىراق،
كىملەر ئىكەنلىكىنى، ماڭا نېمىشقا قارايدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم.
قۇلىقىمغا بىرىنىڭ «پالاق - پۇلۇق» قىلىپ تۇكۇرۇشلىرى
ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قارىسام، ئۇ كەنت باشلىقى تۇرسۇن مەتيار
ئىكەن. كەنت مالىيە ئىشخانىسىمۇ قىزىپ كېتىپتۇ. قورۇدا سۇ
راسخوتى تاپشۇرۇشقا كەلگەنلەر بىر تۇتام - بىر تۇتامدىن پۇلنى
چاڭگاللاپ ئۆچىرەت بولۇپ تۇرۇپتۇ. دېمەك، تۇراق شۈجىنىڭ
كاچىتى كەنت باشلىقى تۇرسۇن مەتيارنىڭ يۈزىگە ئەمەس، بەلكى
نەچچە كۈندىن بېرى پۇل تاپشۇرۇشقا ئۈنىمىغان كىشىلەرنىڭ
يۈرىكىگە تېگىپتۇ...
شۇ قېتىمقى سۇ ھەققىنى يىغىپ تاپشۇرۇش خۇلاسە يىغىنى-
دا، ئازغان كەنتى يېزا بويىچە بىرىنچىلىككە ئېرىشىپ، چاۋار
شۈجى بىلەن بوغالتىر مۇسا ئايۇپلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا بەش
يۈز يۈەندىن نەق پۇل بىلەن مۇكاپاتلاندى.
ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسى مەمەت بوسۇغۇنىڭ چېقىش-
تۇرۇشى بىلەن كېلىپ چىققان قانلىق ئاقىۋەت ئىدى. لې-
كىن، كەنتتىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى «ئىشنىڭ يولىنى
بىلىدىكەن»، «تۇراق شۈجىنى تۇتۇۋالمىغان بولسا، تۇرسۇن
مەتيار زىيان تارتىپ قالاتتى» دېيىشىپ يۈرەتتى. ئېھتىمال،
چاۋار شۈجىنىڭ: «دېھقان خەق دېگەن لەتخور كېلىدۇ،

ئانچە ـ مۆنچە ئەدەپلەپ قويمىسا، ھەددىدىن ئېشىۋېلىپ، گەپ ئاڭلىمايدۇ» دېگەنلىرىمۇ راست بولسا كېرەك. بىراق، ھەر قېتىم ئىشخانا ئالدىدىن ئۆتكىنىمدە قان داغلىرىغا كۆزۈم چۈشۈپ، دىلىمنى ئاچچىق ئەسلىمىلەر چىرمايدۇ. بەزىدە بىنەم يەرنىڭ سۇ پۇلى بىلەن قۇدۇق ماتورىنىڭ رېمونت پۇلى مېنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. بەزىدە تۇراق شۇجىنىڭ كىچىككىنە سۇ پۇلى ئۈچۈن تۇرسۇن مەتيارنىڭ قېنىنى تۆككىنىگە ھەيران قالىمەن. بەزىدە مەمەت بوسۇغۇنىڭ رەڭۋازلىق قىلىپ، تۇراق شۇجىگە ئېسىلغانلىرى كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. ئويلىغانسېرى بۇ ئىشلارنىڭ تولىمۇ سىرلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمەن.

## 5

ئۈچىنچى ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا تۇيۇقسىزلا دەھشەتلىك قارا بوران كۆتۈرۈلدى. كېۋەز ئېتىزلىرىدىكى يېڭىلا بېسىلغان سۇلياۋ يوپۇقلار ئاق بايراقتەك لەپىلدەپ تۇراتتى. قانداقلا بولمىسۇن، قىممىتى يۈز مىڭ يۈەنلىك سۇلياۋ يوپۇقلارنى ساقلاپ قېلىش نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە ئىدى.

كەنت باشلىقى تۇرسۇن مەتيار ئىككىمىز دېھقانلارنى ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تەشكىللەپ يۈرەتتۇق. لېكىن ئۇشقىرتىپ تۇرغان قارا بوران كىشىلەرنى ھالسىرىتىپ قويغانىدى. كەنتتىكى ئاياللار ئىشىك ـ تۈڭلۈكلىرىنى تاقاپ ئۆيلىرىگە مەھكەم بېكىنىۋېلىشقان، مەكتەپ باللىرىمۇ بىخەتەرلىك سەۋەبىدىن قويۇۋېتىلگەنىدى. ئېتىز قىرىدا روھسىز ئولتۇرغان ئەرلەر تاراسلاپ يەلپۈنۈپ تۇرغان سۇلياۋ يوپۇقلارغا قاراپ غەمگە پاتقانىدى. شۇ تاپتا مەنلا ئەمەس، تەپسە تەۋرىمەيدىغان كەنت باشلىقىنىڭمۇ كەيپىياتى ناچار ئىدى. بەزىدە بوراننى، بەزىدە ئالدىغا ئۇچرىغانلا كىشىنى ئەپسانە سۆزلەر بىلەن تىللايتتى.

كەنتنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى سېرىقتوغراق دەپ ئاتىلىدىـ
غان يەرگە كەلگەندە ئاچچىقتىن بوغۇلۇپلا قالدۇق. چۈنكى
يەتتە ـ سەككىز يىلنىڭ ئالدىدا تىكىلگەن نەچچە يۈز تۈپ ئىھاتە
ئورمىنى بىراقلا كېسىۋېتىلگەن بولۇپ، تەكلىماكان چۆلىنىڭ
قۇم تىزگىنلەيدىغان بۇ يېشىل سېپىلى تەلتۆكۈس ۋەيران قىلىنىدـ
غانىدى. دەرەخلەر بىرىنىڭ ئۈستىدە بىرى جەسەتكە ئوخشاش
سوزۇلۇپ ياتاتتى.

ئىھاتە ئورمىنىنى قوغداش تۈزۈمى تۇرغۇزۇلغاندىن كېـ
يىن، كىشىلەرنىڭ ئورمان ئەھيا قىلىپ، قۇم تۇپراق تىزگىنـ
لەش ئېڭى خېلىلا ئۆسكەنىدى. بىراق كىشىلەر يەنىلا ئىھاتە
ئورمىنىنىڭ ئەھمىيىتىنى تولۇق چۈشەنمەيتتى. شۇڭا ئىھاتە
ئورمىنىنى ماڭا دارىتمىلاپ، «تېخنىك ئورمىنى» دەپ ئاتاش
ئومۇملىشىپ كەتكەنىدى. تۈزۈم بىلەن باشباشتاقلىق، باشقۇـ
رۇش بىلەن ھۆكۈمەتسىزلىك كۈچ سىنىشىۋاتقان مۇشۇنداق چاغـ
دا تالان ـ تاراج خاراكتېرلىق ئورمان كېسىش — ئىھاتە ئورمىـ
نىنى قوغداش خىزمىتىگە زور زەربە ئىدى. شۇڭا قانداق بەدەل
تۆلەشتىن قەتئىينەزەر، بۇ قىلمىشنى چوقۇم قاتتىق جازالىماي
بولمايتتى. لېكىن بىرلا قېتىمدا نەچچە يۈز تۈپ تېرەكنى كېسىدـ
ۋېتىشمۇ ئادەتتىكى كىشىنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى.

ئۇ كىمكىنە؟...

تۆت ـ بەش يۈز موچە كېلىدىغان يەردە بىرمۇ كىشى كۆرۈنـ
مەيتتى. دەرەخ كەسكۈچىلەرنىڭ ئىزلىرىمۇ بوراندا پۈتۈنلەي
ئۆچۈپ كەتكەنىدى. بىراق، بۇنچە كۆپ دەرەخنى بىرلا كىشى
كېسىپمۇ بولالمايتتى. شۇڭا يىپ ئۇچى تېپىلماسلىقىدىن غەم
قىلىپمۇ كەتمەيتتىم.

تۇرسۇن مەتيار نامەلۇم دەرەخ كەسكۈچىنى تىللايتتى:

— ھۇ، توڭگۇزنىڭ بۇرنىدىن چۈشكەن موخۇلار، قەبرەڭنى
قۇم باسار، ئىلاھىم! يەتمىش پۈشتۇڭغىچە دوۋزىخى

بولارسەن...

بىز مەسلىھەتلىشىپ ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈندۇق. مەن دەرەخ كەسكەن نەق مەيداننى قوغداشقا، تۇرسۇن مەتيار يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە يېزىلىق ئورمان باشقۇرۇش پونكىتىغا خەۋەر قىلىشقا مەسئۇل بولدى. بىز چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە مۇشۇ جايدا ئۇچرىشىدىغان بولدۇق.

كەنت باشلىقى ئەمدىلا كېتىپ تۇرىشىغا ئۆتكۈسۈلى ئۆچكەن ۋاسىل تۆمۈرچى يېتىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭ سۆزلىشىنى كۈتمەيلا سورىدىم:

— ئېيتە، تۆمۈرچى، دەرەخنى كىم كەستى؟

— سىلى سورىمىسىلا، مەن دېمەي.

— نېمە دېدىڭ؟

— جاھاننىڭ ئىگىسى بولسا، سورايدىغان ئادەم چىقار.

مەن ئۇنىڭ جاۋابىدىن ئىشنىڭ بىرەر نوپۇزلۇق كادىرغا چېتىلىدىغىنىنى پەرەز قىلدىم. بىراق كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ قانۇنسىز دەرەخ كەسكۈچى بىلەن ھېسابلىشىش كېرەك ئىدى. شۇڭا قەتئىيلىك بىلەن سورىدىم:

— ئېنىقراق سۆزلە، زادى كىم كەستى؟

— بىرنەچچە كىشى كېچىدە ئۆيۈمگە كېلىپ، «ئاشكارىلاپ قويساڭ، كۆرىدىغىنىڭ بار، ئۆزۈڭگە ھېزى بول!» دەپ قورقۇتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇلاردىن قورقۇپمۇ كەتمىدىم. بىراق، چاۋار شۇجى بىلەن سىزنى خەۋەرلەندۇرەي، دەپ ئۆيدىن چىقىشىمغا شۇجى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ ماڭا «بوران توختىغىچە ئاغرىپ قال! يۇرتۇڭغا بېرىپ تۇغقانلىرىڭنى يوقلاپ كەل!» دەيدۇ. قارىسام، گەپنىڭ تېگىدە گەپ بار ئىكەن...

— دەرەخنى كىم كەسكەنلىكىنى بىلەمسەن؟

— بىلىمەن. بىراق ئاغزىمدىن چىقىرالمايمەن.

پاراڭلىشىپ تۇرغىنىمىزدا چاۋار شۇجى ۋاسىلنى تىللىغان

پىتىچە يىتىپ كەلدى:

— ھۇ ئىش خوشياقماس لاتا غىلاپ، بوران يوپۇقلارنى ئۇچۇرۇپ كېتىۋاتسا، سەن بۇ يەردە نېمە كاپشىپ يۈرسەن؟ ئاسۇدىخاننى بوران ئۇچۇرۇپ كەتكەندە ئاندىن ھوشىڭنى تاپامسەن - يا... مالىڭ! بېرىپ ئىشىڭنى قىل...

ۋاسىل تۆمۈرچى گەدىنىنى قاشلاپ ئاستا كېتىپ قالدى. چاۋار شۇجىنىڭ بوراننى باھانە قىلىپ قانۇنسىز دەرەخ كەسكۈچىلەر توغرىسىدىكى ئىشنى يوشۇرۇپ قالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى سەزدىم. لېكىن ئەتەي ئۇنىڭغا ئىشەنگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ئاغزىنى تاتىلىدىم:

— بىلەمدىلا، دەرەخنى كىم كەستى؟

شۇجىنىڭ بىردىنلا قوشۇمىسى تۈرۈلدى:

— بىلسەم نېمە دەيسىز؟ بىلمىسەم نېمە دەيسىز؟ ئاسماندىكى ئۇچارقاناتلاردىن باشلاپ، يەردىكى سەكسەنپۈتلارغىچە ھەممىنى سىز باشقۇرامسىز؟ نەچچە يىل شۇجى بولدۇم، نۇرغۇن يەرگە كۆچەت قويدۇم. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئەللىك - ئاتمىش تۈپ تېرەكنى باشقىلارغا بەرسەم نېمە بوپتۇ؟! ئەجەبا، رەھبەرلىك گۇرۇپپا قۇرۇلۇپلا، مېنىڭ ھەممە ھوقۇقۇم سىزگە ئۆتۈپ كەتتىمۇ؟! بىراق ئېسىڭىزدە بولسۇن، مەن يەنىلا ئازغان كەنتىنىڭ شۇجىسى. سىزدىن سوراپ باقاي، ماڭا قاپىقىڭىزنى ئۇچلايدىغانغا سىز قانچىلىك ئادەمتىڭىز؟! مەن ئورمان سالدۇرغاندا سىز نەدە قالغان؟...

سۇلياۋ يوپۇقلار قارا بوراندا توختىماي لەپىلدەيتتى. چاۋار شۇجى تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كەتكەن، قوللىرىنى كۆزۈمگە تىقىدىغاندەك ئەلپازدا ۋارقىرايتتى:

— قولنى كەسمىگۈچە قان چىقمايدۇ، قورۇق گەپ قۇلاققا ياقمايدۇ، بىلەمسىز بۇنى؟! يۇرتنىڭ غېمىنى سىز ئەمەس، مەن قىلىمەن. مەن!!!

چاۋار شۇجىنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا غەرب تەرەپتىكى يولدا بىر ماشىنا پەيدا بولدى. ماشىنىنى كۆرۈپلا چاۋار شۇجىنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ يۇقىرىلاپ كەتتى. ئۇ پات - پاتلا قوللىرىنى شىلتىيتتى. بەزىدە مەيدىسىگە «گۇپ - گۇپ» قىلىپ ئۇراتتى. شۇ تاپتا قانۇنسىز دەرەخ كەسكۈچى چاۋار شۇجى ئەمەس، بەلكى مەندەك قىلاتتىم.

— نېمانداق ئاتىكارچى بالىسىز - ھە؟ گەپ قىلمىسام يىغىنلارنىمۇ ئۆزىڭىزلا ئېچىۋاتىسىز. مېنى چەكلەپ كەنت باشلىقىنى كۆتۈرۈۋاتىسىز. «يېزىدىن كەلدىم» دەپ دېھقانلارنى ئۇرۇپ - تىللاۋاتىسىز. ھەتتا يولدا ماڭغان قەلەندەرلەرگىچە سىزدىن سورىماي ماڭالمايدىغان بولدى. ئەتە - ئۆگۈن سىزسىز ئىت قاۋىمايدىغان، ئېشەكمۇ ھاڭرىمايدىغان ئوخشايدۇ. ئىشلىسىڭىز تۈزۈك ئىشلەڭ، ئىشلىمىسىڭىز كېتىڭ...

ئۇنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى بوران ۋە ماشىنىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى بىلەن ئارىلىشىپ كېتىپ قۇلىقىمغا كىرمىدى. لېكىن، مېنىڭ كۆزلىرىم كېلىۋاتقان ماشىنىدا ئىدى. ماشىنا يېنىمىزغا كېلىپ توختىغاندا، چاۋار شۇجىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ يېزىلىق پارتكومنىڭ ماشىنىسى ئەمەس، بەلكى ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ ماشىنىسى ئىدى.

كەچتە بوران تېخىمۇ كۈچەيدى. بوران ئۈچۈرۈپ كەتكەن سۇلياۋ يوپۇقلار كۆپىيىپ زىيان تېخىمۇ ئېغىر بولدى. ئەڭ ئېغىر زىيان تارتقىنى يەنىلا چاۋار شۇجى بولدى. چۈنكى، ئۇ ئەھاتە ئورمىنىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق جىنايىتى بىلەن خىزمەتتىن توختىتىپ قويۇلغانىدى.

مەن بورانغا قاراپ تۇرىمەن. چاچلىرىم تىنىمسىز يەلپۈندۇ. كۆزلىرىمگە توپا - چاڭ تىقىلىدۇ. قۇلىقىمغا سۇلياۋ يوپۇقلارنىڭ داراقلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ، مەن بورانغا قارشى

هالەتتە تۇرۇپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە پەس ئاۋازدا پىچىرلىدىم: — بوران ھەرقانچە كۈچلۈك بولسىمۇ، لېكىن توغراقنى ئۈچۈرۈپ كېتەلىگەن ئەمەس. چۈنكى ئۇنىڭ يىلتىزى قۇملۇقنىڭ يۈرىكىدە.

## 6

قارا بوراننىڭ قاتتىق گۈركىرىشى بىلەن تەڭ، يېزىلىق پارتكوم يىغىن زالىنىڭ ئەينەكلىرى تاراقلاپ يەرگە چۈشتى. كۆكلىكىنىڭ يېگىنى جەينەكلىرىگىچە تۇرۇۋالغان تۇراق شۇجى غەزەپ بىلەن ۋارقىرايتتى. ساڭگىلاپ قالغان قوۋۇز گۆشلىرى بېشىنىڭ چايقىلىشىغا ئەگىشىپ خام ئۆپكىدەك لىغىلداپ تىترەپ تۇراتتى. يېرىم يۇمۇلغان كۆزلىرى بىردە باغدىكى «قاراسلاپ» سۇنغان ياڭاق دەرىخىگە، بىردە قورقىنىدىن تىترەپ تۇرغان يېزا ـ كەنت كادىرلىرىغا رىتىملىق يۆتكىلىپ تۇراتتى. ئۇ بوران ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا سۇسلۇق قىلغان كادىرلارنى ئەپسانە سۆزلەر بىلەن قاتتىق تىللىماقتا ئىدى.

سۇ راسخوتى يىغىش، چارۋىنىڭ يۇقۇملۇق كېسەل مۇداپىئەسى، ھەتتا ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى زور سىياسىي ۋەزىپە دەۋېلىش يېزىدا مودا گەپكە ئايلانغانىدى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى بوران ئاپىتىنى سىياسىي ۋەزىپە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشى توغرا بولغانىدى. چۈنكى، نەچچە مىليون يۈەنلىك سۇلياۋ يوپۇقلارنى ساقلاپ قېلىش ياكى ساقلاپ قالالماسلىق مەسىلىسى ئەمەلىيەتتە خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىگە ۋە يېزىلىق پارتكومنىڭ رەھبەرلىك قابىلىيىتىگە بېرىپ تاقىلىدىغان زور سىياسىي مەسىلە ئىدى.

بوران ئۈچ كۈن ئىچىدىلا ئازغان كەنتىدىن يىگىرمە ـ ئوتتۇز مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى سۇلياۋ يوپۇقنى ئۈچۈرۈپ كەت-

كەن، لېكىن ئۇزاقتىن بېرى قاتمال باشقۇرۇشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن دېھقانلار ئۆيلىرىدىن چىققىلى ئۇنىماي، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. يېزا سۇلياۋ يوپۇق ئۇستىگە توپىدىن سوپۇن قويۇشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، تەلەپكە لايىق مۇداپىئە قىلىنغان كۆلەم ئۈچ يۈز موغىمۇ يەتمەيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، تۇراق شۇجى: «ئازغان كەنتىدە چاۋار پاسار بولمىغاچقا، خىزمەتلەر يۇرۇشمىدى» دەپ قارايتتى. شۇڭا كەنت باشلىقى تۇرسۇن مەتيارنى ئادەم پاتقۇزمىغان گۇناھى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىپ قويغان بولۇپ، باشقىلارنى قورقۇتۇش ئۈچۈن ئۇنى پات - پات ئۇرۇپ - سوقۇپ قوياتتى. ئۇزۇن يىللىق بوران - چاپقۇنلاردا مۇكچەيگەن بۇ پېشقەدەم مۇدىر ۋىجىك گەۋدىسىنى بوران سوققان قاغا جىگدىسىدەك روھسىز قىمىرلىتىپ قوياتتى. بەزىدە ماڭا يېلىنىش نەزىرى بىلەن قارايتتى. لېكىن مەنمۇ تۇراق شۇجىنىڭ تىل - ئاھانىتىگە قېلىشتىن قورقۇپ تۇراتتىم.

تۇيۇقسىزلا تۇراق شۇجى مېنىڭ ئىسمىمنى چاقىردى:

— مۇختار!

— بار!

— قانچىلىك يوپۇققا بوران مۇداپىئەسى قىلدىڭ؟

راست سۆزلىسەم تەنقىدلىنەتتىم. يالغان سۆزلىسەم ۋىجدانىم يول قويمايتتى. لېكىن، چەكسىز بېسىم ئالدىدا يەنىلا يالغانچىلىق قىلىشنى تاللىدىم:

— ئىككى مىڭ موغا.

تۇراق شۇجىنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. تىترەپ تۇرغان قوللىرى ئالدىدىكى پىيالىنى كاپپىدە تۇتتى. «بېشىمغىلا ئاتىدىغان بولدى - دە؟! خەيرىيەت، ئاتسا ئاتسۇن، يالغان سۆزلىگىنىم ئۈچۈن بېشىمنى يېرىپلىۋەتسۇن.»

بىراق، ئىش ئويلىمىغان يېرىمدىن چىقتى. تۇراق شۇجى

بىردىنلا خۇشال هالدا چاۋاك چالدى. هەيران بولۇپ تۇرغىنىمدا، زالدىكى هەممە كىشى ئەگىشىپلا چاۋاك چېلىشتى. بىراق، مەن خىجالەتتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم.

— ئۇقتۇرۇش، ئەتە ئەتىگەن سائەت سەككىزدە بارلىق كادىرلار ئازغان كەنتىگە يىغىلىپ، بوران مۇداپىئە خىزمەتلىرىنى نەق مەيداندا كۆرۈپ تەجرىبە ئۆگىنىمىز، يىغىن تۈگىدى، تارقىلىڭلار.

يىغىندىن تارقىغاندا قاراڭغۇ چۈشۈشكە ئاز قالغانىدى. يالغان سۆزلىگىنىم ئۈچۈن ئىچىمدە پۇشايمان قىلىشقا باشلىدىم. چۈنكى قاقۋاش شۇجى مېنى يالغانچىلىق قىلغىنىم ئۈچۈن راسا تىللىغان بولسىمۇ مۇشكىلاتتىن قۇتۇلۇپ قالاتتىم. لېكىن، ئۇ ئەمدى يېزىدىكى بارلىق كادىرلارنى يىغىپ، مېنىڭ يالغانچى، كېرەكسىز ئەبلەخ ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلىماقچى ئىدى. ئېغىر بېسىم ئالدىدا قانداق قىلىشنى بىلمەي يېزىنىڭ ئالدىدىكى كالتە بازارغا كېلىپ قاپتىمەن.

— ئەركەك قوينىڭ گۆشى، پاقلان قوينىڭ گۆشى، كېلە خېرىدار، كېلە. ئەرزان ساتتىم، نەق ساتتىم. كېلە...

ئادەم قالمىغان كەچكى بازاردا بىر قاسساپ يىگىت ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن خېرىدار چاقىرماقتا ئىدى. توغرا، تېخى پۇرسەت بار. هېچبولمىغاندا، مېنىڭ ئىختىيارىمدا پايدىلىنىشقا بولىدىغان يەنە بىر كېچە ۋاقىت بار. شۇنداق تۇرۇقلۇق، نېمىشقا غەم قىلىمەن؟! نېمىشقا مۇشۇ ۋاقىتتىن، ئاشۇ ئۈمىدسىزلىكتە كېسەلمەن كىشىدەك خاراموش يۈرگەن كىشىلەردىن پايدىلانمايمەن؟!

— ئۇستام، گۆشتىن ئون كىلو بەرسىلە.

قاسساپ يىگىت ئارزۇسىغا لايىق خېرىدار كەلگىنىدىن بەكلا خۇشال بولدى. مەنمۇ غەم - ئەندىشىدىن قۇتۇلغىنىم ئۈچۈن ئوخشاشلا خۇشال ئىدىم. مەن يەنە ئەللىك گىردە، يىگىرمە دانە

قولچىراغ، ئىككى يۈز مېتىر تاناپ قاتارلىق نەرسىلەرنى سېتىۋ-
ۋالدىم - دە، ۋېلىسىپىت بىلەن ئازغان كەنتكە قاراپ يولغا
چىقتىم. ھەربىر سېكۇنت مەن ئۈچۈن بەكلا قىممەتلىك ئىدى.
شۇڭا ۋېلىسىپىت ئۇچقاندەك كېتىپ بارسىمۇ، لېكىن يەنىلا
ئاستا ماڭغاندەك ھېس قىلاتتىم. ئەمەلىيەتتە ئوڭغۇل - دوڭغۇل
ساي يولىدا بۇنىڭدىن تېز مېڭىشقىمۇ بولمايتتى.

كەنتكە يېتىپ كەلگىنىمدە قاراڭغۇ چۈشكەن، بوراننىڭ
ئەنسىز گۈركىرىشىدىن باشقا ھېچنېمىنى بىلگىلى بولمايتتى.
پەقەت كەنت باشلىقى ئىشخانىسىدىلا جىنچىراغ پىلىلداپ يېنىپ
ئاجىز نۇر چېچىپ تۇراتتى.

دەرۋازىدىن ئەمدىلا كىرىشىمگە ماڭا تاماق ئەكەلگەن ۋاسىل
تۆمۈرچى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم:

— تاماق ئەكېلىۋىدىم.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا، مەن ئۇنىڭغا قوپال تەگدىم:

— تامىقىڭنى قويۇپ ئاباسقا ئېيتقىن، ماۋۇ گۆشنى قىرىق
پارچە قىلىپ، يېرىم سائەت ئىچىدە پىشۇرۇپ بولسۇن. ئەگەر
بىر مىنۇت كېچىكتۈرسە، ھارۋىكەشنى تىرىك تۇرغۇزۇپ قازانغا
تىقىمەن. سەن كالتەكتىن يىگىرمىنى ياساپ كىر! ئادەمنى ئۇر-
سا سۇنمىغۇدەك بولسۇن، ئۇقتۇڭمۇ؟

تۆمۈرچى ماڭا گۇمان بىلەن قارىغاندىن كېيىن يۈگۈرگەن
پېتىچە كەنت قورۇسىدىن چىقىپ كەتتى. ئىشخانىغا كىرسەم،
شاپ بۇرۇت كەنت مۇدىرى ئۇزۇن ياغاچ ئورۇندۇقتا ئۆزىنى
ئارتىپ سوزۇلۇپ يېتىپتۇ. كىرگىنىمنى بىلىپ ئاستا ئورنىدىن
تۇردى. قارىسام، كاچات تەگكەن يۈزى قىزىرىپ كېتىپتۇ. مۇبا-
دا باشقا بىرەرىنى مۇشۇنداق «قۇشقاچ ئوپېراتسىيىسى» قىلغان
بولسا، ئاللىقاچان خىزمەتتىن ۋاز كەچكەن بولاتتى. لېكىن بۇ
پېشقەدەم مۇدىر يەنىلا ئەتە ئېچىلىدىغان نەق مەيدان يىغىنىنىڭ
غېمىگە چۈشكەنىدى.

— قانداق قىلىمىز؟

— مۇشۇككە لازا يېگۈزىمىز.

ئۇ سۆزۈمنى چۈشەنمەي ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇراتتى. مەن قىسقىلا قىلىپ سۆزلىدىم. ئەمەلىيەتتە شۇنداق قىلماي- مۇ ئامال يوق ئىدى:

— يېرىم سائەت ئىچىدە كەنتتىكى كادىر ئىسىملىك ھەممە ھارام تاماقلارنى تولۇق يىغسىلا. يەنە ئورمانچى، زاكۇچى، قۇ- دۇقچى، مال دوختۇرى، يالاڭ ئاياغ دوختۇر، سۇ بوغالتىرى ۋە كەنتىدە يېرى بار دۆلەت كادىرلىرىنىڭ بىرىمۇ كەم قالمىسۇن.

كەنت مۇدىرى تېخىچە ماڭا قاراپ تۇراتتى. مېنىڭ بىردىنلا ئاچچىقىم كەلدى:

— نېمىگە قارايدىلا؟ ئەتە يەنە تۇراق شۇجىنىڭ قوش پەردە- لىك درامىسىنى كۆرگۈلىرى بارمۇ؟ چاققان ماڭسىلا، ھەممىنى چاقىرتىپ كەلسىلە.

مۇدىرنىڭ قارىسى يىتكەندىن كېيىن، يەنە كېچىلىك بوران مۇداپىئەسىنى ئويلاشقا باشلىدىم. راستىنى ئېيتسام، ئازغان كەنتىدىكى بىر مىڭ ئائىلە يۈز يەتمىش نوپۇسنى قانداق تەشكىل- لەش مەسىلىسى بېشىمنى قاتۇرغانىدى. تەدبىر بوش بولسا، ئۇزاق يىللىق قاتتىق - يىرىك باشقۇرۇشقا كۆنۈپ كەتكەن بۇ كىشىلەرگە تەسىر قىلمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇچ كۈنلۈك بوران مۇداپىئەسىدە ھەربىر كىشى ئۆز يېرىگە ئىشلەش ئۇسۇلى مەغلۇپ بولغانىدى. تەدبىر بەك قاتتىق بولۇپ كەتسە، كىشىلەر رەنجىپ قالاتتى. تەكرار ئويلاش ئارقىلىق يەنىلا قاتتىق ئۇسۇل ئارقىلىق ھەممە كۈچنى شەرتسىز بىرلەشتۈرۈشنى قارار قىلدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن يەنىلا تۇرسۇن مەتيارنى قۇربانلىق قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ئەمەلىيەتتە ئەمەلىي ۋە مەسئۇلىيىتى، تەنقىد قوبۇل قىلغۇدەك ئىقتىدارى ۋە خىزمەت قىزغىنلىقى جەھەتتىمۇ ئۇنىڭ- دىن باشقا مۇۋاپىق ئادەممۇ يوق ئىدى.

كەنت كادىرلىرى بىر - بىرلەپ يىغىلىشقا باشلىدى. ئەمەلىيەتتە مۇشۇ كىشىلەرنى قوزغىتىش - قوزغىتالماسلىق ئازغان كەنتىدىكى بارلىق خەلقنى قوزغىتىش - قوزغىتالماسلىققا مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شۇڭا مەن پولاتتىن قاتتىق، پاختىدىن يۇمشاق مۇشۇ ئالاھىدە تەدبىرنى قوللىنىشقا موھتاج ئىدىم.

— مۇختارجان، يىغىلىپ بولدۇق.

كەنت باشلىقىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپلا ئالاقچىنى چاقىردىم:

— ئابباس!

— مەن بار!

— ئىت يەمتى سېنى؟ تاماق قېنى دەيمەن؟

— چېلەككە ئۇسۇپلا كىرگەن ...

— ئەكىر!

ھېيت - بايرامدىن باشقا چاغلاردا تويغۇدەك گۆش يېمەيدىغان بۇ كىشىلەرگە پىننە سېلىنغان بۇ شورپا خېلى تېتىدى.

تاماقتىن كېيىنمۇ ھېچكىم گەپ قىلىشماي جىمجىت تۇرۇشاتتى. مەن ۋاسىل تۆمۈرچىگە ۋارقىرىدىم:

— ھەي تۆمۈرچى، قېنى سەن؟

سۆزۈم تۈگىشىگىلا ۋاسىل قولچىراغلارنى قاتار تىزىپ، كالتەكلەرنى كىشىلەرنىڭ ئالدىغا «توروككىدە» تاشلىدى. ۋەھىمىلىك كۆزلەر بىر - بىرىگە ھەيرانلىق بىلەن قارىشاتتى. مەن شاپ بۇرۇت مۇدىرنىڭ ياقىسىدىن كاپپىدە تۇتتۇم - دە، غەزەپ بىلەن تارتىپ تۇرغۇزدۇم. كەنت كادىرلىرى قورققىنىدىن تىترىشىپ تۇراتتى:

— ۋەزىپەڭ نېمە؟

— كەنت مۇدىرى.

— ئاپەت ئالدىدا مەسئۇلىيىتىڭ بارمۇ، يوق؟

— بار!

— ئادا قىلالىدىڭمۇ؟

— ئادا قىلالمىدىم.

مەن شۇندىلا ئۇنىڭ ياقىسىنى قويۇۋەتتىم ـ دە، مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ ئولتۇرغۇزدۇم. ئاندىن كادىرلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۈنلۈك ئاۋازدا سورىدىم:

— ئاڭلىدىڭلارمۇ؟

— ئاڭلىدۇق!

— ئۈچ كۈنلۈك بوراندا بەش مىڭ كىلوگىرام سۇلياۋ يوپۇق زىيان بولدى. لېكىن قانۇنلۇق سايلانغان كەنت مۇدىرى ئاممىنى ياخشى تەشكىللىمىدى. شۇڭا هازىردىن باشلاپ مېنىڭ دېگىنىم قانۇن. كادىرلار بەش گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، خەلقنى تولۇق تەشكىللەپ، تاڭ يورۇغىچە سۇلياۋ يوپۇقلارغا بوران مۇداپىئە بەلۋېغى قويۇپ ئاخىرلاشتۇرىمىز. تۆت مەھەللىگە ھەربىرىگە بىردىن گۇرۇپپا بارىدۇ. بىر گۇرۇپپا مەن بىلەن كەنت زومىگەرلىرىنى جازالاشقا مەسئۇل بولىدۇ. خەلقنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە كېرەككە كەلمىگەن كادىرنىڭ بىزگە لازىمى يوق. ئەگەر قىلالـمايمەن دېگۈچىلەر بولسا هازىرلا چىقىپ كەتسۇن. قېنى، ئاراڭلاردا شۇنداق بېلى بوشلار بارمۇ؟

— ...

— ۋەزىپىنى ئورۇندىيالامسىلەر؟

— ئورۇندايمىز!!!

ئەلياتقۇ بىلەن تەڭ ئازغان كەنتنىڭ هەممىلا يېرىدە كىشىلەرنىڭ ۋارقىراشقان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. قاراڭغۇ تۈندە قولچىراغ نۇرى پاللىداپ كۆرۈنەتتى. بەزىلەر كەتمەن بىلەن توپا بوشاتماقتا ئىدى. بەزىلەر تاناپ تارتىپ مۇداپىئە توپىسىنىڭ تەكشىلىكىگە نازارەت قىلاتتى. مەن تۇرسۇن مەتيار، ۋاسىل تۆمۈرچى ۋە ئابباس قاتارلىقلارنى ئەگەشتۈرۈپ، ئېتىزغا چىقمىغان كىشىلەرنىڭ دەرۋازىسىنى ئۇرۇپ، ئۇلارنى هەممە كىشىگە ئاڭلىتىپ ئەپسانە سۆزلەر بىلەن تىللاپ يورەتتۇق. شۇ كېچىسى

بىرنەچچە ئائىلىلىكنىڭ دەرۋازىسى قومۇرۇپ تاشلاندى. ئۇلار-
نىڭ ئىچىدە جۇمە مەسچىتىنىڭ ئىمامى يۇسۇپ مەخسۇمنىڭ دەر-
ۋازىسىمۇ بار ئىدى. تاڭ ئاتقۇچە پۈتۈن كەنتنى ئۈچ قېتىم
ئايلىنىپ چىقتۇق. ھېرىپ پۈتۈمنى يۆتكىگۈدەك ھالىم قالمىغان
چاغدا تاڭ يورۇدى. توپا - چاڭغا مىلەنگەن بىرەر مىڭچە كىشى
سېرىق توغراقتىكى ئەڭ ئاخىرقى بىرنەچچە مىنۇتلۇق ئىش بىلەن
ھەلەك ئىدى. كەنتنىڭ توپىلىق يولىدا تۇراق شۈجىنىڭ ماشىنى-
سى پەيدا بولدى. بىراق شۈجى كابىنكىدىن سوغۇقلا قاراپ قويۇپ
ھېچنېمە دېمەستىن كېتىپ قالدى.
چاڭ - توزان بېسىققاندا غۇنچە بويلۇق، پەرىزاتتەك گۈزەل
بىر قىز كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى. ئىشلەۋاتقان كىشىلەر ئۇنىڭغا
قىزىقىپ قاراشماقتا ئىدى. ئۇ كىمكىنە؟...
گۈزەل سېيما يېقىنلاپ كەلدى. مەن شۇندىلا ئۇنىڭ ئابىدە
ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بىراق، ئۇ بۇنچە سەھەردە نېمىگە
كەلدىكىنە؟

## 7

مەن كىشىلەردىن تارتىنىپ يىراقتىلا توختاپ قالغان قىزغا
قاراپ ماڭدىم. يېقىنقى بىر ئايدىن بېرى ئەتىيازلىق ئىشلەپچىقى-
رىش خىزمىتى جىددىيلىشىپ قالغاچقا، ئابىدەلەرنى يوقلاپ با-
رالمىغانىدىم. ئۆزۈمنىڭ يوقلاپ بارغۇم بار ئىدى. لېكىن، ئەر
كىشى بولمىغان ئۆيگە ھەمىشە بېرىپ يۈرسەم ئۆسەك سۆز تارقى-
لىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنىدىم. نەچچە رەت ئابىدەگە ئۆيلى-
نىپ، جانغا تېگىدىغان بويتاقلىق تۇرمۇشىدىن بىراقلا قۇتۇلغۇم-
مۇ كەلگەنىدى. لېكىن ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدىم.
— پاھ! بۇ سىزمۇ مۇختار؟ نېمانداق قارىداپ كەتتىڭىز؟
خۇددى كۆمۈرچىدەك بولۇپ كېتىپسىز.

تېرەم ئەسلىدىمۇ قارامتۇل ئىدى. بىراق، يېقىندىن بېرى كۈن بويى ئېتىز ـ قىرلاردا يۈرۈپ تېخىمۇ قارىداپ كەتكەنىدىم. شۇنداقتىمۇ گەپتە ئۇتتۇرغۇم كەلمىدى:

— ئىچىمدىكى ئوت تېشىمغا تېپىپتۇ.

— ھۇ، ئىزا تارتمايدىغان...

سۆزلەۋېتىپ قىزنىڭ يۈزى «ۋىللىدە» قىزاردى. ئارقىدىن شەھلا كۆزلىرىنى مەندىن قاچۇرۇپ ۋېلىسىپىتنىڭ رولىغا قارىدى.

— قانداق، يەنە شەھەر بالىسىدەك كۆرۈنەمدىم؟

— ياق، — دېدى ئابىدە خۇشاللىقىنى يوشۇرماي، — دېھقان بالىسىنىڭ ئۆزىلا بوپسىز. ئانام يولدىن ئۆتكەنلەردىن سىزنىلا سورايدۇ. خەقلەرمۇ قىزىقكەن. ئانامنى كۆرسىلا سىز- نىڭ گېپىڭىزنى قىلىدۇ، چۆلگە ئورمان قويغىنىڭىز، ساختىپەز قەلەندەرنى ئەدەپلىگىنىڭىز، ھەتتا قوناق تاماقلىرىغا ئامراقلىقى- ڭىزغىچە سۆزلەپ كېتىدۇ. مەھەللىدىكى بالىلارمۇ سىزنى دوراپ شەھەرلىكلەردەك سۆزلەپ باقىدۇ. بىراق بۇزۇپ سۆزلىگەنلىكى- نى بىلمەيدۇ...

ئابىدە — مەن توغرۇلۇق، ئاينۇرخان ئانا توغرۇلۇق نۇر- غۇن نەرسىلەرنى سۆزلىدى. بىراق، نېمىشقىدۇ ئۆزى ۋە مەكتى- پىدىكى ئىشلار توغرۇلۇق ھېچنەرسە دېمىدى. ئاخىرىدا ناھىيە- لىك ئېلېكتر ئېنېرگىيە شىركىتىنىڭ يېزا ئەتراپىدىكى يۇلغۇن- جاي، تېرەكئالدى ۋە توققۇزئېرىق قاتارلىق بىرنەچچە كەنتكە توك سىمى تارتىۋاتقانلىقىنى، مەھەللىدىكى كىشىلەرنىڭ توكچى- لار بىلەن بىرلىكتە جاپالىق ئىشلەۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. مەن بۇ خەۋەرنى يېزىغا يىغىنغا بارغان كۈنى تۇراق شۇجىدىن ئاڭلىغان- دىم. بىراق، بۇنچىلىك تېز يېتىپ كېلىشىنى ئويلىمىغانىدىم. شۇڭا قىزىقىپ سورىدىم:

— بۇ راستمۇ؟

— سىزگە يالغان ئېيتامدىم؟ ھەممىسى راست. قوشنىلار بوران چىقىشىنىڭ ئالدىدىلا ئېلېكتر سىمىغا پۇتلىشىدىغان تېرەك-لىرىنى كېسىپ بولغان. ھازىر پەقەت بىزلا قالدۇق...

مەقسەت ئېنىق بولدى. ئابدە مېنى بېغىدىكى يىگىرمە نەچچە تۈپ تېرەكنى كېسىپ بېرىشكە چاقىرىپ كەلگەنىدى. يادىكارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ تېرەكلەرنى ياسىن ئاكا ئۆز قولى بىلەن تىككەن ھەمدە ئەمدىلا ئۈچ ياشقا كىرگەن يادىكارنى سۇ قۇيغۇزغانىكەن. بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، بۇ تېرەكلەر قۇچاق يەتكۈسىز دەرىجىدە يوغىناپ كەتكەنىدى.

— ئانام نېمە دەيدۇ؟

— سىزگە قاراشلىق شۇ.

— ھازىر تېرەك بەكلا ئەرزان، ھېچقانچە پۇلغا يارىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، لازىم بولغاندا بۇنداق چىرايلىق يوغىنىغان تې-رەكلەرنى تاپقىلى بولمايدۇ. شۇڭا ھازىر كېسىپ قويۇپ، كېلەر يىلى ئۆينى يېڭىلاپ سالساقمىكىن دەيمەن، سىزچە قانداق؟

قىز ئىككى تال ئۇزۇن ئۆرۈم چېچىنى ئويناپ تۇرۇپ خى-جىللىق بىلەن جاۋاب بەردى:

— ئىختىيارىڭىز، مەن دېگەن قىز بالا، سىز نېمە دېسىڭىز شۇ.

ئابدە ئاينۇرخان ئانا ئەۋەتكەن زاغرىلارنى قالدۇرۇپ قايتىپ كەتتى. ئەتىسى ئەتىگەندە بوران توختاپ ھاۋا ئېچىلدى. مەن ۋاسىل تۆمۈرچى بىلەن ئابباسنى باشلاپ تېرەك كېسىشكە كەلدىم.

كۆككە تاقاشقان ئاق تېرەكلەر يوغىنىغانسېرى شاخلىرى ئۆزئارا كىرىشىپ بىر - بىرىگە زىچ تۇتىشىپ كەتكەنىدى. بىلى-شىمچە، دەرەخ كېسىش — خەتەرلىك ئىش ئىدى. ئەگەر نىشان-دىن سەللا چەتنەپ كەتسە ئۆي، ئادەم، كىچىك دەرەخلەرنى يانجىۋېتەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇنداق يوغان تېرەكلەرنى يىقىتقان-

دا، قايسى تەرەپكە يىقىتىش، قانداق يىقىتىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە باش قاتۇرمىسا بولمايتتى. باغنىڭ سىرتى ئابىدەلەر- نىڭ ئۇرۇقلۇق يېرى بولغاچقا، ۋاسىل بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، تېرەكلەرنى ئۇلارنىڭ ئىچىمىزىغا قارىتىپ ئۆرۈيدىغان بولدۇق. چۈنكى، كۆزگى بۇغدايلار تېخى پاكار بولغاچقا، تېرەك بېسىۋال- سىمۇ چوڭ زىيان بولمايتتى. يەنە كېلىپ، باغنىڭ ئۆرۈلگەن تېمىنى يېڭىلاپ سېلىشمۇ ئاسان ئىدى.

پېشىن ۋاقتىغىچە ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈپ تېرەكتىن باشقا ھەممىسىنى يىقىتىپ بولدۇق. ئىشلار ئويلىغىنىمىزدەك كېتىپ باراتتى. ۋاسىل تۆمۈرچى بەكلا پەملىك بولۇپ، ئابباس بىلەن كۆلكە - چاقچاق قىلىشىپ يۇرۇپمۇ تېرەكلەرنى دەل جايىغا تاشلايتتى. مەن كىچىكىمدىن دەرەخكە چىقىپ ئويناشقا ئامراق بولغاچقا، تېرەكنىڭ سەككىز - ئون مېتىرچە ئېگىز يېرىگە چىقىپ ئارغامچا سالاتتىم - دە، يەرگە چۈشۈپ ئابىدە بىلەن بىرگە تېرەكنى يىقىتىدىغان يۆلىنىشكە قارىتىپ سۆرەيتتىم. قولىمىز ئارغامچىدا بىر - بىرىگە تېگىشىپ تۇراتتى. بەدىنىم ئۇنىڭ نازۇك گەۋدىسىگە سوقۇلغاندا يۈرىكىم لەرزىگە كېلەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئابىدە ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك جىمجىت تۇرسىمۇ، لېكىن مەن ئۇنىڭ تېز - تېز نەپەسلىنىۋاتقانلىقىنى، چىرايلىق كۆكسىنىڭ بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ تۇرغىنىنى سېزەتتىم...

مەن تېرەككە ئارغامچا سېلىۋاتاتتىم. تېرەكنىڭ يېرىمىنى كېسىپ قويغان ۋاسىل بىلەن ئابباس تىنچ ئولتۇرۇپ، قەدىمكى پارس شاھى نۇشىرۋان ئادىل توغرىسىدىكى بىر ھېكايىنى سۆز- لەپ ئولتۇراتتى:

— قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، چېرىكلەر مەھكىمىدىن چى- قىپ قارىسا پۇتۇن بەدىنىنى قوتۇر بېسىپ كەتكەن، ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان بىر ئېشەك دەۋاگەرلەر

چالىدىغان قوڭغۇراق خادىسىغا سۈركىلىپ قوڭغۇراقنى جىرىڭلاتقانىكەن...

ھېكايە سۆزلىنىپ شۇ يەرگە كەلگەندە، بىردىنلا بېشىم قايغاندەك بولدى. پەستىن ۋاسىل تۆمۈرچىنىڭ «كەتتى، كەتتى» دەپ ئەنسىز ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلاندى. شۇندىلا ھەممىنى چۈشەندىم. چۈنكى، ئىچىدىن پورلىشىپ كەتكەن تىرەك بولسا ئارغامچا سېلىشقا ئۈلگۈرمەيلا ئۆزىنى كۆتۈرۈپ تۇرالماي، ھەرىلەنگەن تەرەپكە ئۆزىنى تاشلىۋەتكەنىكەن. مەن ئۇن مېتىرچە ئېگىزلىكتە تىرەككە چىڭ يېپىشىپ تۇراتتىم. بۇنداق ھالەتتە يەرگە چۈشسەم ياغاچ ئۈستۈمدىن بېسىپ مىجىقىمنى چىقىرىۋېتەتتى. شۇڭا بىر تەرەپتىن پەسكە سىيرىلغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزۈمنى تىرەكنىڭ دۈمبىسىگە توغرىلاپ يۆتكىلىشكە باشلىدىم.

— ئىسىت، مۇختار...

ئابدەننىڭ چىرقىراپ تۇرۇپ قىلغان نالىسىنى ئاڭلىدىم. ئارقىدىن ئاينۇرخان ئانىنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئىسىت، ئوغلۇم، جېنىم بالام!...

مەن پەقەت ئۆز چەبدەسلىكىمگە تايىنىپلا بۇ بالا ـ قازادىن قۇتۇلالايدىغانلىقىمغا پۈتۈنلەي ئىشىنەتتىم. مۇبادا تىرەك ئۇچى يەرگە تەگكەندە، يەنىلا تىرەكنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ قالسام سىلكىنىشتىن پەيدا بولىدىغان ئىنېرتسىيە بىلەن قوللىرىم تىرەكتىن ئاجراپ كېتىپ بىرەر جايغا سوقۇلۇپ كېتىشىم مۇمكىن ئىدى. شۇڭا پەسكە چۈشۈۋېتىپ ئۆزۈمنى تاشلايدىغان يەر ئىزدىمەكتە ئىدىم. سول تەرىپىمدە سېسىق غازاڭدەك بىر نەرسە تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. تىرەكنىڭ ئۇچى يەرگە تېگىدىغانغا تۆت ـ بەش مېتىرچە ئارىلىق قالغاندا غاراسلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. دېمەك، تىرەكنىڭ ھەرىلەنمىگەن يېرى سۇنغان ئىدى. بۇ ماڭا بېرىلگەن سەكرەش بۇيرۇقى، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى پۇرسەت ئىدى. شۇڭا بەدىنىمنى غازاڭغا توغرىلاپ ئۆزۈمنى پەسكە ئاتتىم.

«گۆپپىدە» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئەتراپنى بىرپەس جىم-جىتلىق باستى. قارىسام، غازاڭنىڭ ئۈستىدە يېتىپتىمەن؛ ئابىدە بارمىقىنى چىشلىگەن پېتىچە تۇرۇپلا قاپتۇ. ئاينۇرخان ئانا ئاللىقاچان ھوشىدىن كېتىپتۇ. ۋاسىلنىڭ قولىدا جەدە ھەرە، ئاباسىنىڭ قولىدا ئاق شاپاق دوپپا، كۆزلىرىدە ۋەھىمە ...

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇلارغا چاقچاق قىلدىم:

— ھە، نۇشىرۋان ئادىل قانداق قىپتۇ؟

سوئالىم بىلەن تەڭلا ھەممەيلەن ئېسىنى يىغىپ مېنى يۆلەشتۇردى. ئورنۇمدىن تۇرۇشىمغا ئابىدە كۆلگىنىچە ئۆي تەرەپكە يۈگۈردى. شۇندىلا ئىشتىنىمنىڭ تېرەك پۇتىقىغا ئىلىنىپ يىرتىلىپ كەتكەنلىكىنى، يىرتىق جايدىن مويلۇق يوتىلىرىمنىڭ كۆرۈنۈپ قالغانلىقىنى سەزدىم. ئوڭايسىزلىنىپ نېمە قىلىشىمنى بىلمەي تۇرسام، ئابىدە بىر ئىشتاننى ئۇزاتتى. مەن بىر قاراپلا، ئۇنىڭ يادىكار ياقتۇرۇپ كىيىدىغان پادىچىلار ئىشتىنى ئىكەنلىكىنى تونۇدۇم.

يۈز بەرگەن ئىشلارغا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. بىراق، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىرنەچچە مىنۇتنىڭ ئالدىدا يۈز بەرگەن ھەقىقىي ئىشلار ئىدى. قانسىراپ تۇرغان جاراھىتىم تېخىچە پىژىلداپ ئېچىشاتتى. ۋاسىل، ئاباسلار قورقۇنچلۇق بىر سىرىك ئويۇنى كۆرگەندەك ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلىشەتتى. ئابىدە ماڭا قاراپ مەنىلىك كۈلەتتى. ئاينۇرخان ئانا ھېلىدىن - ھېلىغا «ئۇھ» تارتاتتى.

بىز مەسلىھەتلىشىپ تېرەكلەرنى تۆت مېتىرلىق ئۆلچەم بويىچە توغراشقا باشلىدۇق. تېرەكنىڭ كۆپىنچىسىدىن تۆت تالدىن جەگە ياغاچ چىقتى. بۇ ياغاچلار بىلەن ئاز دېگەندىمۇ ئون ئېغىزلىق بىر يۇرۇش ئۆينى پۈتتۈرۈشكە بولاتتى.

بىر چاغدا ۋاسىلنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— مۇختارجان، قارىسىلا.

تېرەكنىڭ ئۇچىدا بىر قىزىل رەڭلىك تۇمار چىگىكلىك تۇراتتى. «ئۇ نېمىدۇ؟ كىم، نېمىشقا، قاچان ئاسقاندۇ؟» قىزى-قىپ تۇرغىنىمدا ئابىدە تۇمارنى ئېلىش ئۈچۈن قولىنى سۇندى. بىراق ئاينۇرخان ئانا ئۇنىڭ قولىغا «پاققىدە» قىلىپ بىر شاپىلاق ئۇردى.

— ۋىيەي ئانا، ئەجەب ئاغرىتىۋەتتىڭىز...

— ئەخمەق قىز، سەن نېمىنى بىلىسەن؟ بۇ دېگەن قايسى بىر خۇدادىن قورقمايدىغان مۇناپىقنىڭ شۇملۇقى، بىلەمسەن بۇنى؟!

ئابىدە ئۇقۇشماي قوقاس تۇتۇپ قويغان بالىدەك قولىنى «شاققىدە» تارتتى-دە، دەرھال ئارقامغا ئۆتۈپ قىزىل تۇمارغا بويۇنداپ قارىدى. ئاينۇرخان ئانا قىزىل لاتىنى ئاۋايلاپ ئاچتى. ئىچىدىن بىر ۋاراق سارغىيىپ كەتكەن قەغەز چىقتى. قەغەزدە ئىمىر-چىمىر قىلىپ يېزىلغان ئەرەبچە خەتلەر تۇراتتى. ئاي-نۇرخان ئانا خەتنى ماڭا بەردى. قارىسام، باش-ئاخىر چۈشى-نىكسىز تۇراتتى. بىراق ئوتتۇرىسىدا تۆۋەندىكى مەزمۇندا ئۇي-غۇرچە سۆزلەر يېزىلغانىدى:

«بوسۇغۇ ئاخۇندىن سىزغان، مەينىگارخاندىن تۇغۇلغان مۇ-ھەممەت ئاخۇننى ياسىن ئاخۇندىن سىزغان، ئاينۇرخاندىن تۇغۇل-غان ئابىدىخانغا ئامراق قىلدىم. ئى جانابىي ئاللا، بۇ بەندىلىرىڭ-نىڭ ئارىسىغا مېھىر-مۇھەببەت، ئىشق-سەۋدا سالغايسەن. رىزقىنى بىر-بىرىگە مەڭگۈلۈك قوشقايسەن...»

خەتنى ئوقۇۋېتىپ، ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتىم. تۇۋا، خۇدايىم! مۇنداقمۇ كىشىلەر بولىدىكەن-ھە؟ چوڭلاردىن ئاڭ-لىشىمچە، ئاشىقلىق ئوتىنى خۇدا سالارمىش. بىراق، ئاللا تەرە-پىدىن يارىتىلغان بىر مەككار بەندە ئۆزىنى يارانقان پەرۋەردىگار-

نىڭ ئورنىغا قويۇپ بەندىلەر قەلبىگە ئاشىقلىق ئوتىنى سالماقچى بولسا بۇ كۆپۈرلۈق بولماي نېمە؟! مۇناپىق دېيىشكە توغرا كەلسە مانا مۇشۇنداق هارامزادە كىشىلەرنى دېيىش كېرەككۇ؟! هەمىشە خۇدانى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان ئاشۇ موللىلارنىڭ قەلبىدە خۇ- دانىڭ ئورنى شۇنچىلىك ئاددىي بولسا ـ هە؟…

ئاينۇرخان ئانا ئاللىكىملەرنى غەزەپ بىلەن تىللايتتى. خۇ- دادىن ئۇلارنىڭ جاجىسىنى بېرىشنى تىلەيتتى. ئۇلارنى توختىماي قارغايتتى.

— خۇدا جاجاڭنى بەرگەي! قىيامەتتە يۈزۈڭ قارا قوپار- سەن! يەتمىش پۇشتۇڭغىچە دوۋزىخى بولارسەن!

ئېنىقكى، بۇ مەمەت بوسۇغىنىڭ جىنكەش موللىلار ئارقىلىق ئايدەنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قىلغان سېھرى ئىدى. مەن ئايدەگە قىزنىقىش نەزىرىم بىلەن قارىدىم. ئۇ تېخىچە بىلىكىمگە چىڭ يېپىشقان بولۇپ قوللىرى توختىماي تىترەپ تۇراتتى. ئۇ- نىڭغا ئىچىم ئاغرىدى. چۈنكى، بىچارە قىز ئىككى ـ ئۈچ يىلدىن بېرى مەمەت بوسۇغۇنىڭ قاتتىق ـ يۇمشاق هىيلە ـ مىكىرلىرى بىلەن كۆپ روهىي ئازاب تارتقانىدى. ئەمدىلىكتە جىنكەشلەرنىڭ ئەرزىمەس سېھرى بىلەن يەنە پاراكەندە بولغانىدى. مەن ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ بىردىنلا قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتىم. ئارقىدىن ۋاسىل تۆمۈرچى بىلەن ئابباسمۇ كۈلۈشتى. بىراق، ئاينۇرخان ئانا هې- لىغىچە «توۋا خۇدايىم، توۋا…» دېگىنىچە بارمىقىنى چىشلەپ، بېشىنى چايقايتتى. مۇشتۇمى بىلەن مەيدىسىگە يېنىك ئۇراتتى.

## 8

ناهىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى چاۋار شۇجىنى تەكشۈرۈشكە باشلىدى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكى ئۈچ كىشى- نىڭ تاشقى قىياپىتى بىر ـ بىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇراتتى.

گۇرۇپپا باشلىقى قاش ـ ساقىلى سېرىق ئادەم ئىدى. يەنە بىرى بولسا ئىشىكتىن ئېڭىشىپ كىرمىسە بېشى تۇرۇسقا تاقىشىپ قالىدىغان دارازا؛ كېيىنكىسى قورسىقى توپتەك يۇمىلاق، پەتەك ئادەم ئىدى. بىراق ھەممىسىلا گەپ يېمەيدىغان كاج كىشىلەر ئىدى. ئۇلار چاۋار شۇجىگە قوپاللىق بىلەن تېگەتتى. ھەتتا ئۆيىگە تاماققا تەكلىپ قىلغان تەكەللۇپ سۆزلىرىگىمۇ قولىنى شىلتىيتتى. بۇنداق گەپ يېمەيدىغان تەكشۇرگۇچىلەر ئالدىدا چاۋار شۇجى نېمە قىلارىنى بىلمەي جىلە بولۇپ يۇرەتتى. ئېھتىمال، دېلو گۇرۇپپىسىمۇ كەلمىگەن بولاتتى. لېكىن چاتاقنىڭ ھەممىسى مەمەت بوسۇغۇنىڭ توي باغىقى تارقىتىلغان كۇنى چىقتى. شۇ كۇنى «1 ـ ئىيۇل» پارتىيە بايرىمىدا تەقدىرلىنىدىغان «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى»نى سايلىماقچى ئىدۇق.

چاۋار شۇجى ئىھاتە ئورمىنىنى قالايمىقان كەستۇرگىنى ئۇچۇن ئون بەش كۇنلۇك مەمۇري توختىتىپ قويۇلغاندىن كېيىن، يېزىلىق پارتكوم ئۇنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۇرۇشتۇرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن كەنتتە ئابرۇيى تۆكۇلۇپ كەتكەنىدى. شۇنداقتىمۇ گېپىگە كۆنمىگەن كىشىلەرنى ئېغىزغا ئالغۇسىز سۆزلەر بىلەن تىللاپ قورقۇتۇپ يۇرەتتى.

— باغاق.

ئاببانىڭ سۆزى بىلەن ھەممىمىز باغاققا قىزىقىپ قاراشتۇق. لېكىن قاراپلا ھەيران قالدۇق. چۇنكى، مەمەت بوسۇغۇنىڭ تويلىشىدىغان قىزى يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى تۇراق رازىقنىڭ يالغۇز قىزى تۇرانگۇل بولۇپ، ئۇ قىز يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسىدا ئىشلەيتتى. دېمەك، ئۇ پارتكوم شۇجىسىگە كۇيئوغۇل بولماقچى ئىدى...

— توۋا، قانداق تېپىشقاندۇ؟

ۋاسىلنىڭ سوئالى بىلەن تەڭ بىر ـ ئىككى ھەپتە بۇرۇنقى بىر ئىش ئېسىمگە چۇشتى. شۇ كۇنى يېزىلىق پارتكوم كېينكى

يېرىم يىللىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى. يىغىندىن كېيىن تۇراق شۇجى تۇيۇقسىزلا مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ قالدى:

— ھەي، مۇختار، — دېدى ئۇ ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكىنى يېپىۋېتىپ، — سېنى ئىستىقباللىق بالا دەپ يۈرسەم، نېمە قىلىپ يۈرىسەن - ھە؟ بۇ شىمالىي شىنجاڭ ئەمەس. تويلاشماي سۆرىشىپ يۈرسەڭ تەسىرى ياخشى بولمايدۇ. ئىستىقبالىڭنى تۈگىتىسەن. ماڭ، ھازىرلا ئاينۇرخانغا ئەلچى ئەۋەت. مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە توي تەييارلىقىنى پۈتتۈرسۇن. يەنە ياق دېسە، قىزىنى مەڭگۈ ياتلىق قىلالمايدۇ. ئۇقتۇڭمۇ؟ بولدى، چىقىپ توي تەييارلىقىڭنى پۈتتۈر!

شۇ چاغدا بىلمەپتىمەن. ئەسلىدە بۇ تۇراق شۇجىنىڭ بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقىدىغان ھىيلىسى ئىكەن. شۇ چاغدا، بىر تەرەپتىن مېنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىمنى ھەل قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەمەت بوسۇغۇنىڭ ئابىدەگە بولغان ئۈمىدىنى تولۇق يوققا چىقىرىپ، قىزىنىڭ بەختىنى ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە قىلغانىكەن.

چاۋار شۇجىنىڭ ئاۋازى خىياللىرىمنى بۆلدى:

— بىزگە بىر سان بېرىپتۇ. قېنى، كىمنى يوللاپ بېرىمىز؟ بىرنېمە دەڭلار.

ئىشخانا جىمجىتلىققا چۆكتى. مېنىڭچە، ئەڭ لايىق نامزات يەنىلا كەنت باشلىقى تۇرسۇن مەتيار ئىدى. چۈنكى، ئورمان ئەھيا قىلىشتىن باشلاپ، بوران مۇداپىئەسىگىچە؛ ئىشلەپچىقىرىشتىن باشلاپ، ئوغۇت - سۇلياۋ بىلەن تەمىنلەش مۇلازىمىتىگىچە؛ سۇ باشقۇرۇشتىن باشلاپ، ھاشارغا مەسئۇل بولۇشقىچە بولغان ھەممە خىزمەتلەردە ئۇنىڭ نەتىجىسى زور ئىدى. بىراق، ھەرقانداق ئىشتا ئۆز جەمەتىنىڭ پايدىسىنىلا كۆزلەيدىغان بۇ كىشىلەر ئارىسىدا ھەقىقەتنى تېپىش ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ قىيىن

ئىدى. نېمىدەپ قايىل قىلىشنى ئويلاپ تۇرغىنىمدا، يەنىلا چاۋار شۇجى چاقچاق قىلىپ كەلدى:

— مېنىڭچە، خىزمەتنىڭ ئاچقۇچىمۇ شۇجى، جاپاسىمۇ شۇجى. شۇڭا مېنىلا يوللايلى قانداق؟

شۇجىنىڭ سۆزىگە بىرىنچى بولۇپ شاپ بۇرۇت كەنت باشلىقى قارشى چىقتى:

— يوشۇرۇن ئاۋاز بېرەيلى، كىم چىقسا شۇ ھېساب بولسۇن.

ئارقىدىن ئابباس كۆكلەپ كەتتى:

— كىمنىڭ تۆھپىسى قانچىلىك، كىمنىڭ گۇناھى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرمەيدىغانغا قارىغۇمۇ بىز؟

ھەممەيلەن «پاراققىدە» كۈلۈۋەتتى. مەن سەۋەبىنى چۈشەنمەي گاڭگىراپ تۇرغىنىمدا مەھەللە باشلىقى مىراۋۇت قۇلىقىمغا پىچىرلىدى:

— چاۋار شۇجىنىڭ لەقىمى قارىغۇ...

قۇلاقلىرىغىچە قىزارغان شۇجى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئابباسنى تىللاشقا باشلىدى:

— نېمە دەۋاتىسەن قوتۇر ئېشەك، سېغىزخان كەلگەندەك بىلىنگىنى ئىگىسەنغۇ؟!

چاۋار شۇجىنىڭ بۇ بىر ئېغىز سۆزى بىلەن جېدەل چىڭىغا چىقتى. بۇ سۆز بىلەن تەڭلا ئون نەچچە كىشى تەڭلا چۇلدۇرلىشىپ كەتتى. بىر تەرەپنى قايىل قىلسام، يەنە بىر تەرەپ قوپاتتى. بىرىگە يېلىنسام، يەنە بىرى چالۋاقايتتى. بىلەت تاشلاپ سايلاشنى ئېيتسام، چاۋار شۇجى «ھەيئەتلەر ئارىسىدا سايلايمىز» دەپ تۇرۇۋالاتتى. بىراق، كەنت مۇدىرى تۇرسۇن مەتيار «بەلگىلىمە بويىچە پارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدا سايلايمىز» دەپ تۇرۇۋالدى. ئاخىر تىللىشىش باشلىنىپ كەتتى:

— ھۇ، قارىغۇ!

— هۇ، ئېشەك!
— هۇ، تاز!
— هۇ، ماز!
— هۇ، قىزىل باش!
— هۇ، يۇمشاق باش!
— هۇ، خىيانەتچى!

تۇرسۇن مەتيار تەرەپدارلىرى ئاخىرىدا ئەرز قىلىدىغان بولۇپ يىغىندىن چىقىپ كېتىشتى. دېگەندەكلا، ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندە دېلو تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى يېتىپ كەلدى.

چارشەنبە كۈنى مەمەت بوسۇغۇنىڭ تويى بولدى. مەن ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ توي باغىقىنى تاپشۇرۇۋالغان بولساممۇ، لېكىن يەنىلا تۇراق شۇجىنىڭ ئۆيىگە باردىم. دەرۋازا ئالدىدا ناھىيە رەھبەرلىرى ۋە ئىدارە ـ ئورگانلارنىڭ مەسئۇللىرى تۇراق شۇجى بىلەن بىرگە مېھمانلارنى ئۇزاتماقتا ئىدى. مېھمانلارمۇ، كۈتكۈچىلەرمۇ ئوخشاشلا كۆپ ئىدى. چاۋار شۇجى باشقىچە جانلىنىپ كەتكەن بولۇپ، خىزمەتكارلارغا ۋارقىراپ ئۇياق ـ بۇياققا چېپىپ يۈرەتتى.

ئەتىسىدىن باشلاپ توي توغرىسىدىكى قىزىقارلىق پاراڭلار پۈتۈن يېزىغا پۇر كەتتى. بەزىلەر: «مەمەت بوسۇغۇ تويىدىن كېيىنلا يېزا باشلىقى بولىدىكەن» دېيىشىپ يۈرەتتى. بەزىلەر: «سۇ ئىدارىسىگە باشلىق بولىدىكەن» دېيىشەتتى. بەزىلەر: «چاۋار شۇجى تويغا بىر كالا يېتىلەپ بېرىپتۇ» دېيىشەتتى. ئەمەلىيەتتە چاۋار شۇجى راستىنلا بىر كالا ئاپارغانىدى. لېكىن، كىشىلەر ئېيتقاندەك يېتىلەپ ئاپارماي، بەلكى قول تراكتورىغا بېسىپ ئاپارغانىدى.

دېلو تەكشۈرۈشمۇ داۋاملاشماقتا ئىدى. كەنت قورۇسى ئالدىغا ئامىنىڭ ئەھۋال مەلۇم قىلىشى توغرىسىدا ئېلان چىقىرىلغان بولغاچقا، دېلو گۇرۇپپىسىنى ئىزدەۋاتقانلار خېلىلا كۆپ

ئىدى. قايتىپ چىققانلار تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ نېمىلەرنى سورىغاند-
لىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ قانداق جاۋاب بەرگەنلىكىنى ئۆزئارا يەتكۈ-
زۈشۈپ تۇراتتى. شۈجىنىڭ بىنەم يەرلەرنىڭ سۇ راسخوتىغا خى-
يانەت قىلغانلىقى، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى يەرلەرنى ھەقسىز
ئىگىلىۋالغانلىقى، كەنت ئىگىلىكىدىكى ئورمانلارنى قالايمىقان
كەستۈرۈپ، تۇپراقنى قۇملاشتۇرۇۋەتكەنلىكى توغرىسىدىكى
ئىسپاتلارمۇ بار ئىدى. يەنە قۇدۇق ماتورىنىڭ ماي چىقىمى ھېسا-
بىدا ئۆزىنىڭ قول تراكتورىغا ماي قاچىلىغانلىقى ۋە مېھمان
چىقىمىنى ئارتۇق مەلۇم قىلىپ، كوللېكتىپنىڭ قوشۇمچە كىرىم
پۇللىرىغا خىيانەت قىلغانلىقى توغرىسىدىكى گەپلەرمۇ خېلىلا
كەڭ تارقالغانىدى.

8 - ئاينىڭ باشلىرىدا تۇيۇقسىزلا كەلكۈن كەلدى. غەلىتە
يېرى، قارا كەلكۈن كەلسىلا سۇنىڭ تۇپراقنى بۇزۇۋېتىشىدىن
ئەنسىرەپ، ھەممە يېزىلار كەلكۈن سۈيىنى قۇمبار يېزىسىغا
باشلاپ قويىدىكەن. نەتىجىدە يىل بويى سۇغا قانمايدىغان بۇ يېزا
بىردىنلا كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى
ئالدىنقى سەپ جەڭ مەيدانىغا ئايلىنىدىكەن. ئۇقتۇرۇشنى ئېلىپ-
لا، دېھقانلارنى باشلاپ كەلكۈن مۇداپىئەسىگە چىقىپ كەتتىم.
لېكىن قايتىپ كەلگىنىمىزدە خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ قارىسىمۇ
كۆرۈنمەيتتى. بەزىلەر ئۇلارنى يەنە كېلەرمىش دېسە، بەزىلەر
چاۋار شۈجىنىڭ تويدا ئاپارغان قارا كالىسى كارامىتىنى كۆرسەت-
كەنلىكتىن دېلونى تەكشۈرمەيدىغان بوپتۇ، دېيىشىپ يۈرەتتى.

ئارىدىن بىرەر ھەپتە ئۆتكەندە تۇراق شۈجى ئازغان كەنتكە
كېلىپ خىزمەت تەكشۈردى. ئاخىرىدا چاۋار شۈجىنى راسا قاتتىق
تەنقىد قىلدى:

— خاتالىق بولسا تۈزىتىش، بولمىسا ئىبرەت ئېلىش —
پارتىيىمىزنىڭ تەنقىد ۋە ئۆزىنى تەنقىد قىلىشتىكى ئېسىل ئىس-
تىلى. بىراق سەن چاۋار پاسار شۇنداق قىلالىدىڭمۇ؟ سېنى

تەكشۈرگەنلىك — سىنىڭ مەسىلەڭ بارلىقىنى بىلدۈرەمدۇ؟ شۇجى دېگەن سەندەك بولامدۇ؟ نېمىشقا خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىمەيسەن؟ نېمىشقا ئازراق تەنقىد ۋە تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلالمايسەن؟ سېنى قانداقمۇ پارتىيىنىڭ كادىرى دېگىلى بولسۇن؟ سېنى قانداقمۇ خەلقنىڭ چاكىرى دېگىلى بولسۇن؟ يەنە شۇنداق قىلساڭ، تۇمشۇقىڭنى ئۇچۇرۇۋېتىمەن. كۆرگۈلۈكىڭنى كۆزۈڭگە كۆرسىتىمەن...

شۇنىڭدىن باشلاپ چاۋار شۇجى يەنە جانلىنىپ كەتتى. ئۇ ھەمىشە كونا دوستى، پارتكوم شۇجىسىنىڭ كۈيئوغلى مەمەت بوسۇغۇنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. ئۇنىڭ ئەنجان خورىزىغا ئوخشاش «گۇر - گۇر» ئاۋازى كەنت قورۇسىدا پات - پات ئاڭلىنىپ تۇراتتى:

— تۇراق شۇجى دېدى، مەن چاۋار پاسار يەنىلا ئازغان كەنتىگە شۇجى. خەتمەمنى كىچىكىمدە قىلدۇرۇپ بولغان. ھېچكىمدىن قورقۇشۇم يوق. كۆتۈڭنى غىت قىسىپ، ئىشىڭنى قىلىش...

## 9

ئازغان كەنتىگە توك تارتىلدى. بىراق، تەكلىماكان قۇملۇقلىرى ئارىسىدىكى بۇ كىچىككىنە بوستانلىقتا يورۇقلۇق يەتكۈزۈش ئاسانغا چۈشمىدى.

توك تارتىش خىزمىتىنىڭ تەييارلىقى ئىشلىنىۋاتقاندا، مەن ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتەپكە بىر ئايلىق كۇرسقا ئەۋەتىلدىم. تىزناپ دەرياسى ۋادىسىدىكى بىر يىل مەن ئۈچۈن ھەقىقەتەن كۆڭۈللۈك ئۆتتى. بىراق چارچاپ ھالىمدىن كەتتىم. شۇڭا دەرستىن كېيىنكى دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىمنى ئۇخلاپلا ئۆتكۈزدۈم. بىراق، قايتىدىغانغا بىر ھەپتە قالغاندا، بىردىن جىددىيلە-

شىپ كەتتىم. چۈنكى، شۇ چاغقىچە ئاينۇرخان ئانا بىلەن ئابىدە-
گە بىرەر قېتىممۇ سوۋغات بېرىپ باقماپتىمەن. ئەمەلىيەتتە
ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن مۇئەللىمە قىزنىڭ ئاشۇ گۈل سۈپەت
جىسمى بىلەن چەت سەھرادىمۇ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىمىزنى
نامايان قىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. بىرنەچچە كۈن ئارىلاپ يۈ-
رۈپ، ئاخىر ئىككى يۈز يەتمىش يۈەنگە بىرقۇر كىيىم سېتىۋال-
دىم. لېكىن مال ساتقۇچى قىزنىڭ «ئاياللىرىغا ئالامىلا؟» دەپ
سورىغان سوئالى چېكەمدىن تەر چىقىرىۋەتتى. شۇنداقتىمۇ چاندۇرمايلا «ھەئە» دەپ جاۋاب بەردىم. ئاينۇرخان ئانىغا قىش ۋە
كۈزدە ئىسسىقراق كىيسۇن دەپ ئىككى قۇر ئىسسىق ساقلاش
كىيىمى سېتىۋالدىم. ئۆزۈمگە بىر شىلەپە ئالغۇم بار ئىدى.
بىراق، پۇلۇم يېتىشمەي قالدى. ئالغان نەرسىلىرىم ئاينۇرخان
ئانا بىلەن ئابىدەگە بەكلا ياربدى. بولۇپمۇ ئابىدە مەن ئالغان پۇر
رەڭ كىيىملەر بىلەن گۈزەل توز مەلىكىگە ئوخشاپ قالغانىدى.
ئابىدەنىڭ خۇشاللىقىنى كۆرۈپ، بىرنەچچە كۈنگىچە ماگىزىن
ئارىلاپ تارتقان جاپالىرىم ئۈچۈن رازى بولدۇم.
بىراق، ئازغان كەنتكە كېلىپلا خۇشاللىقىمدىن ئەسەرمۇ
قالمىدى. چۈنكى، چاۋار شۇجى توك تارتىشنى باھانە قىلىپ،
ئائىلىلەردىن ئىككى تالدىن ياغاچنى ئارتۇق يىغقانلىقى ئۈچۈن
غەزەپلەنگەن كىشىلەر قۇترىغان ھەرىدەك تەرەپ ـ تەرەپكە ئەرزگە
ماڭغانىدى. ئاچچىقىم كەلگىنى يەنىلا توك تارتىش باھانىسىدا
نۇرغۇن تېرەكنىڭ بىھۇدە كېسىلگەنلىكى ئىدى.
توك سىمىنى كىشىلەرنىڭ ئىشكى ئالدىغا ئەكېلىپ بولغان
توكچىلار ئائىلىلەرگە ئەكىرىشكە ئامال قىلالماي جىلە بولۇپ
تۇرۇپتۇ. تۇرسۇن مەتيار بىلەن ۋاسىل تۆمۈرچىنىڭ ئېيتىشىـ
چە، يېزىمۇ بۇ ئىشلاردىن خەۋەردار ئىكەن. لېكىن، ئارتۇق
يىغىلغان ياغاچلارنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكى نامەلۇم بولغاچقا، نا-
رازى بولۇۋاتقان كىشىلەرنى قايىل قىلالماي ئامالسىز قاپتۇ.

شىركەتنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى مېنى كۆرۈپلا چېچىلدى:
— قانداق جاھىل خەق بۇ؟! دۆلەت نەچچە مىليون يۈەن
مەبلەغ سالغان يەردە ئاز - تولا بەدەل تۆلىسە نېمە بولى-
دۇ؟! تېخى بىر قارا ساقال، سامان قورساق موللا «توك دېگەن
كاپىرنىڭ نەرسىسى. ئۇنى ئىشلەتسە، ئىماندىن ئاجرايدۇ» دەپ
كاپشىپ يۈرىدۇ. ئىسىت دەيمەن، نەچچە مىليون يۈەنلىك ئۈس-
كۈنىلەرنى نېمىشقىمۇ سۆرەپ كەلگەندىمەن؟! بىر ئايدىن بېرى
ئۆيىمىزنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتۇق. نېمىشقا؟ مۇشۇ خەقنىڭ يامان
گېپىنى ئاڭلاش ئۈچۈنمۇ؟...
ئۇ ئېيتقان ئاز - تولا بەدەل ئائىلىلەرگە ئورنىتىدىغان توك
سىمى خادىسى بىلەن توك سىمى، ئۈز - چات (ۋىكلىۇچاتېل)
ۋە توك سائىتى قاتارلىق ئۈسكۈنىلەرنىڭ پۇلى ئىدى. بەلگىلىمە
بويىچە بۇ چىقىمنى دېھقانلار ئۆزلىرى ئۈستىگە ئالاتتى. لېكىن
چاۋار شۇجى توك تارتىش چىقىملىرىغا قوشۇپ، قالايمىقان سې-
لىق سالغىنى ئۈچۈن ئەسلىدىنلا كەمبەغەل بۇ كىشىلەر چىدىماي
قالغانىدى.
زىددىيەت ئالدىدا بېشىم قاتتى. بۇ ئەسلىدە مەمۇرىيەت يۈر-
گۈزۈشتىكى خاتالىق بولغاچقا، يەنىلا تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق
تۈزىتىشكە بولاتتى. لېكىن، يېزا رەھبەرلىرىنىڭ ئۆيىدە توك
بولغانلىقى ئۈچۈن ئازغان خەلقنىڭ ئەرزىگە قۇلاق سالمىغانىدى.
تەكرار ئويلىنىش ئارقىلىق ئاخىر مەسىلىنى ئۆز كۈچۈمگە تايى-
نىپ ھەل قىلىشنى قارار قىلدىم.
ئاچچىقىمدا ھاراق ئىچىپ ئولتۇرغان مۇئاۋىن دىرېكتورغا
قاراشلىرىمنى ئېيتتىم:
— ھازىرقى مالىمانچىلىقنى بىر - ئىككى كۈندە تۈزىگىلى
بولمايدۇ. لېكىن دېھقانلار يەنىلا قاراڭغۇدا قالدى. سىلەرمۇ
بىكار قالدىڭلار، مېنىڭچە، ئائىلىلەرنىڭ توكىنى ئۆزىمىز تارتاي-
لى. سىلەر چېتىپ بېرىڭلار. بۇنىڭدا دېھقانلار بىلەن بولغان

سۇركىلىشمۇ تۇگەيدۇ. سىلەرمۇ بىكار قالمايسىلەر...

— ياق! — دېدى دىرېكتور قولىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ، — دېھقانلار ئۆزى توك تارتالىسا بىز بۇ يەردە نېمە قىلىمىز؟! مۇبادا بىرەر مەسىلە چىقسا مەسئۇلىيەتنى كىم ئۈستىگە ئالىدۇ؟ ئۇنداق قىلساق ھەرگىز بولمايدۇ.

مەن ئۇنىڭغا يېلىنىشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بىلدىم-دە، شاپ بۇرۇت مۇدىر تۇرسۇن مەتيار، ۋاسىل تۇمۇرچى ۋە ئاببىاسلارنى ئەگەشتۇرۇپ، ۋاسىل، تۇرسۇن مەتيار، مىراۋۇت ۋە ئاببىاسلارنىڭ ئۆيلىرىگە توك سىملىرىنى تارتتىم. ئۇز - چات بېكىتتىم، سائەت ئورناتتىم. ئىشلار تەرتىپلىك ئاخىرلاشقاندىن كېيىن دىرېكتورنىڭ كۆرۈپ بېقىشىنى ئۆتۈندۇم. تارتىلغان سىملارنى كۆرۈپ، دىرېكتور باش - ئايىغىمغا بىرقۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن بېشىنى چايقاپ سۆزلىدى:

— غەلىتە بالىكەنسەن، ساڭا گەپ چۈشەندۇرمەك بەك قىيىن ئىكەن، بوپتۇ، ھەممىسىنى مۇشۇنداق تارتىڭلار، لېكىن توك مەنبەسىگە چېتىش بىزنىڭ ئىشىمىز. ئەگەر بىر ئائىلە خالىغانچە چېتىۋالىدىغان بولسا سەن بىلەن ھېسابلىشىمەن، ئۇقتۇڭمۇ بالا؟

مەن دىرېكتورغا ۋەدە بەرگەندىن كېيىن كەنتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ياشلاردىن بىر گۇرۇپپا تەشكىللەپ، توكچىلىق ساۋاتلىرى بويىچە تەربىيىلەشنى باشلىۋەتتىم. ئاخىرىدا ئۇلارنى سىم تارتىدىغانلار، ئۇز - چات ۋە توك سائىتى ئورنىتىدىغانلاردىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈپ ئىش باشلىۋەتتىم. ماتېرىيالنى بازار باھاسى بويىچە ئېنېرگىيە شىركىتىنىڭ خادىملىرىدىن سېتىۋالدۇق. پۇلنى كىم ئالدىن تۆلىسە، شۇنىڭ ئۆيىگە توك سىمىنى تارتتۇق. شىركەت خادىملىرىنىڭ سىمنى توك مەنبەسىگە ئۇلاپ بەرگىنى ئۈچۈن بەش يۈەندىن پۇل تاپشۇردۇق. نەتىجىدە ھەربىر ئائىلىگە پەقەت سەكسەن يەتتە يۈەن

خەجلەپلا توك يېقىلدى. كەنت بويىچە ئەللىك مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل تېجەپ قېلىندى. بىر ئايدىن ئارتۇق سۆرۈلۈپ ھەل بولمىغان توك تارتىش خىزمىتى پەقەت بەش كۈن ئىچىدىلا تولۇق ئاخىرلاشتى.

لېكىن، كىشىلەر يەنىلا چاۋار شۇجىنىڭ ياغاچ سېلىقى ئۈستىدىن ئەرز قىلماقتا ئىدى. مەنمۇ ئاچچىق يۇتۇپ يۈرەتتىم. چۈنكى، ئەرز قىلغۇچىلار بىلەن مېنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتىم بولمىسىمۇ، لېكىن چاۋار شۇجى ئەرزنىڭ سەۋەبىنى مەندىن كۆرۈپ باتناپ يۈرەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئەينى چاغدا خەلقنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش مەقسىتىدە تەربىيىلىگەن توكچىلار ئەمدىلىكتە تېخنىكىسىنى توك ئوغرىلاشقا ئىشلىتىپ توكنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈۋەتكەنىدى. شۇڭا خەلق يۇقىرىغا سۇنغان ئەرزگە «توكنى ياخشى باشقۇرمىدى» دەپ مېنىمۇ قوشۇۋېلىشقانىدى.

9 - ئاينىڭ باشلىرى ئىدى. كېۋەز ئېتىزىدا ئايلىنىپ يۈرسەم تۇيۇقسىزلا بىرىنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— مۇختارجان!

قارىسام، كەنت ئالاقىچىسى ئابباس «كاناي چاقىرى» تەرەپتىن يۈگۈرۈپ كېلىۋېتىپتۇ. مەن ئۇنىڭ تۇرقىدىن بىرەر جىددىي ئىش چىققانلىقىنى پەملىدىم:

— نېمە ئىش؟

— يۈسۈپ مەخسۇم — مىراۋۇتنى ئۇرۇۋەتتى!

يۈسۈپ مەخسۇمغا ئاچچىقىم كەلدى. چۈنكى ئۇ «توك — شەيتاننىڭ نەرسىسى، ئىشلەتكەنلەر ئىماندىن ئاجرايدۇ» دەپ ئۆسەك گەپ تارقىتىپ، بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىك پەيدا قىلغانلىقى ئۈچۈن مەن مەقسەتلىك ھالدا ئۇنىڭ ئۆيىگە توك تارتىشنى چەكلەپ قويغانىدىم. بىراق، «دۈمبىسى قىچىشقان ئېشەك تۈگمەنگە بېرىپتۇ» دېگەندەك، ئۇ توك تەكشۈرۈۋاتقان مىراۋۇت بىلەن ۋاسىل تۆمۈرچىلەرنى ئۇرۇپ جېدەل تېرىغانىدى.

يۇسۇپ مەخسۇمنىڭ ئۆيىگە قايرىلىدىغان دوقمۇشقا كېلى- شىمگە ئاغزى - بۇرنى قانغا بويالغان مىراۋۇت ۋە كىيىملىرى يىرتىلىپ كەتكەن ۋاسىل تۇمۇرچى بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇلار يۇسۇپ مەخسۇم ۋە ئۇنىڭ ئۆيىدىكى بىرنەچچە ئىشلەمچىنىڭ ئىتتىرىپ سوقۇشى بىلەن يىغلامسىراپ كېلىۋېتىپتۇ.

مېنى كۆرۈپلا ھەممەيلەن جايىدا «تاققىدە» توختىدى. يې- قىن بارسام ئاچچىقىمدا يۇسۇپ مەخسۇملارنىڭ ئاغزى - بۇرنىنى قان قىلاتتىم. بىراق، بۇنداق قىلمىش دۆلەت كادىرىغا نىسبەتەن كەچۈرگۈسىز جىنايەت ئىدى. شۇڭا جايىمدا تۇرۇپ ۋاسىلدىن سورىدىم:

— ئېيتە، ۋاسىل، نېمە ئىش بولدى؟

— يۇسۇپ مەخسۇم توك سائىتىدىن ئۆتكۈزمەي توك ئىشلى- تىپتىكەن، گەپ قىلساق قايىل بولماي...

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىــمەيلا قىــزارغان مىراۋۇت كىچىك بالى- لاردەك يىغلاپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى:

— بولدى، ئىشلىمەيتىمەن بۇنداق خىزمەتنى. تاياق يەپ تۇرۇپ خىزمەت ئىشلەشنى كىم قويۇپتۇ ماڭا؟...

ئەرۋاھىم ئۇچۇپ مىراۋۇتقا ۋارقىرىدىم:

— توختا كىسپۇرۇش. قىلمايمەن دەپلا كېتەمسەن؟ قېنى، قىلغان ئىشىنىڭ نەتىجىسى؟ سەنمۇ كادىرمۇ؟ تېز بول، يېرىم سائەت ئىچىدە مەھەللىدىكى ھەممە كىشىنى يىغ! توك ئوغرىسىنى سازايى قىلىمەن! ھەي ئابباس، سەن يېزىلىق توك تەمىنلەش پونكىتى ۋە ساقچىخانىغا بېرىپ توك ئوغرىسى تۇتۇلغانلىقىنى خەۋەر قىل! تېز كەلسۇن!...

سۆزۈم تۈگىمەيلا يۇسۇپ مەخسۇم يېلىنىشقا باشلىدى:

— ئوبدان ئۇكام، ھەممىمىز مۇسۇلمان، كىچىك ئىشنى يوغىناتمايلى...

— ئاغزىڭنى يۇم، ھۇ جوھۇت! سەنمۇ مۇسۇلمانمۇ؟ ئۆزۈڭ ئىشلەتكەن توكنىڭ ھەققىنى باشقىلارغا تۆلەتسەڭ بۇ ئوغرىلىق

بولمامدۇ؟! ئوغرىدىمۇ ئىمان بولامدۇ؟ ئىمانسىز ئادەم مۇسۇلمان بولامدۇ؟! توك ئوغرىلاپ باشقىلارنىڭ ھەققىنى يېسەڭ ساڭا ھالال بولامدۇ؟! سەن تېخى موللىغۇ، ھۇ ئېشەك ئوغرىسى، ساختىپەز موللا! ھۇ توخۇ پوقى، مەرەز موللا!...

ئازغان كەنتىدە ھېچكىم يۇسۇپ مەخسۇمغا قاش كۆتۈرۈپ قاراپ باققان ئەمەس. لېكىن مەن ئۇنى تىللىدىم. تىللىغاندىمۇ ئەڭ ھاقارەتلىك سۆزلەر بىلەن تىللىدىم. بۇنى كۆرۈپ كىشىلەر ياقىسىنى چىشلىگەن پېتىچە ئۆيلىرىگە قاچتى. ئىشلەمچىلەرمۇ ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قېلىشتى.

بۇ قېتىمقى توك ئوغرىلاش دېلوسىدا يۇسۇپ مەخسۇم قاتارلىق بىرنەچچە ئائىلە قاتتىق جازالاندى. يۇسۇپ مەخسۇم ئۈچ يۈز يۈەن جەرىمانە تۆلىگەندىن باشقا، ئوغرىلاپ ئىشلەتكەن ھەر بىر كۈنلۈك توكنىڭ ھەققى ئۈچۈن ئوتتۇز يۈەندىن جەمئىي سەككىز يۈز يۈەن تولۇقلاپ تاپشۇردى. بۇ ئىشتىن كېيىن، يۇسۇپ مەخسۇم بىلەن چاۋار شۇجىلەر ماڭا تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كەتتى. لېكىن نامرات كىشىلەرنىڭ خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي قېلىشتى.

## 10

ياتاقنىڭ ئالدىغا كېلىشىمگە بۇرنۇمغا سېسىق تاپ پۇراپ كەتتى. ياتاقتا قارىسام ھېچ نەرسە يوق. سىرتقا چىقسام يەنىلا شۇنداق سېسىق. ئېھتىمال، قوشنىلار بىرەر ئۆلۈك توخۇنى تاشلىغان بولسا كېرەك. بىراق، كەنت قورۇسىغا تاشلاپ قويىدىغىنى نېمىسى؟ بەلكىم بىرەر كىچىك بالىنىڭ ئىشىدۇ... بولدىلا، تاشلىۋەتسەملا ئىش پۈتمەمدۇ؟ بىراق نەگە تاشلىغان بولغىيتتى؟ كەنت قورۇسىنى نەچچە رەت ئىزدىگەن بولسامۇ، لېكىن توخۇنىڭ ئۆلۈكى ھېچ يەردىن تېپىلمىدى. ئېھتىمال، قوشنىلارنىڭ بېغىغا تاشلىغان بولسا كېرەك. بولدىلا، ئەجەبمۇ ھېرىپ كەتتىم. راسا بىر ئۇخلىۋالاي...

— تاك... تاك... تاك...
— كىم؟
— مەن!
تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ ئالدىراش بېرىپ ئىشىكنى ئاچتىم. ئابىدە بۆرىنى ئالقىنى بىلەن توسۇپ تۇرۇپ ياتاققا بويۇنداپ قارىدى:
— نېمىنىڭ پۇرىقى بۇ؟ بىرەر نەرسىنى سېسىتىۋەتمىگەنسىز - ھە؟
— ياق، بىر - ئىككى كۈنچە بولدى، مۈشۈنداق سېسىق پۇراپلا تۇرىدۇ، چاشقاننىڭ ئۆلۈكى بولسا كېرەك.
— ئېلىۋەتسىڭىز بولمىدىمۇ؟
— تاپالمىدىم. كارىۋاتنىڭ ئاستى، كىتاب ئىشكاپى، ھەتتا چامادانغىچە ھەممىلا يەرگە قارىدىم، بىراق تېپىلمىدى، قېنى، كىرىڭ، ياتاق پۇرىمايدۇ.
قىز سومكىسىنى ئۈستەلگە قويدى - دە، يېنىك خورسىنغاچ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:
— بۈگۈن ئەتىگەندە مەكتەپ مۇدىرى چاقىرىپ: «بورىچى باشلانغۇچ مەكتىپىگە بېرىڭ» دەيدۇ. زادىلا كاللامدىن ئۆتمىدى. ئاخىر ئۇدۇللا سورىدىم. «نېمىشقا يۆتكىلىمەن؟ مېنىڭ يالغۇز ئانامغا كىم قارايدۇ» دېسەم، بىرمۇنچە گەپ يورغىلىتىپ، ئاخىرىدا: «بۇ يېزىلىق پارتكومنىڭ قارارى» دەيدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپلا تۇراق شۇجىنىڭ يېنىغا ئۇدۇللا كىرىپتىمەن. ئاچچىقىمدا... ئاچچىقىمدا... بولدىلا، دېمەي.
قىزنىڭ بىرەر گەپتە ئوڭايسىزلىنىۋاتقىنىنى بىلدىم. قىزارغىنىدىن قارىغاندا چوقۇم بىرەر نومۇسلۇق گەپ بولۇنغاندەك قىلاتتى. لېكىن، تۇراق شۇجىگە دېسەم خىجىل بولمايدىغان، ماڭا دېسە ئاغزىدىن چىقىرىشقىمۇ بولمايدىغان قانداق گەپ بولغىيتتى؟

— ئاچچىقىڭىزدا نېمە دېدىڭىز؟

— بولدى، سورىماڭ، ئىشقىلىپ ئازغان مەكتىپىدە ئىشلەي دېدىم. قانداق، بوپتىمۇ؟

ئابىدەنىڭ سۆزىگە قىسقىلا ئىپادە بىلدۈردۈم:

— ياخشى بوپتۇ، بىراق ئەتىگىنى، ئاخشىمى ئۆيگە بېرىپ كەلگۈچە جاپا تارتىدىغان بولدىڭىز.

شۇنىڭدىن باشلاپ، ھەركۈنى سەھەردە چېكە چاچلىرى تەرلەپ پېشانىسىگە چاپلىشىپ كەتكەن ئابىدە ئازغان كەنتىنىڭ توپىلىق يولىدا پەيدا بولاتتى. مەن ياتاقنىڭ بىر تال ئاچقۇچىنى ئۇنىڭغا بەردىم. ئۇ خالىغان چاغدا كىرىپ، مەن دەملەپ قويغان چايغا ئېغىز تېگەتتى. چۈشلۈك ئارام ۋاقىتلىرىدا ئاباسىنىڭ شوخ ئوغلى ئىلياس، ۋاسىل تۆمۈرچىنىڭ كىچىك قىزى ئايسەمەر ۋە چاۋار شۇجىنىڭ كىچىك قىزى پاتىمە قاتارلىق بىرنەچچە بالا ئابىدە بىلەن بىرگە ياتىقىمىغا كېلەتتى. بالىلارنىڭ ۋاڭ - چۇڭلىرى بىلەن ئارام ئالالمايدىغان بولدۇم. بىراق، ئابىدەنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن ئاۋارىچىلىككە رازى ئىدىم. ئەمەلىيەتتە، بالىلارنىڭ بولغىنىمۇ ياخشى ئىدى. بولمىسا بويىغا يەتكەن بىر قىزنىڭ مەندەك بىر بويتاق يىگىتنىڭ ياتىقىغا كىرىپ - چىقىپ يۈرۈشى يەرلىك كىشىلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قوياتتى. لېكىن، مۇشۇ بالىلار يېنىمىزدا بولغىنى ئۈچۈنلا، بىز باشقىلارنىڭ سۆز - چۆچەكلىرىدىن خالىي بولاتتۇق.

ياتاق ئەتراپىدىن كېلىۋاتقان سېسىق پۇراق بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتتى. بەزىدە كونا گۆش پۇرىسا، بەزىدە تاپ پۇرىقى كېلەتتى. تولا ئىزدەپ ھالىمدىن كېتىپ، ئاخىر ياتاق ئىشىكىنى يېپىۋېتىپ ئولتۇرىدىغان بولدۇم.

بىچارە پاتىمە دادىسىدىن بەكلا قورقاتتى. كەنت قورۇسىدا چاۋار شۇجىنىڭ ئاۋازى ئاڭلانسىلا قورقىنىدىن كارىۋاتنىڭ ئاستىغا كىرىۋېلىشقا تاسلا قالاتتى. ئەمەلىيەتتە، چاۋار شۇجىمۇ

ئابىدەنىڭ قىزىغا دەرس تەكرارلاپ بېرىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. لېكىن نېمىشقىدۇ خوشال بولۇش ئورنىغا ئابىدەگە نەپرەتلىك قارايتتى. ئۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىش قىيىنمۇ ئەمەس. مەسىلەن، مېنىڭ سەۋەبىمدىن چاۋار شوجى كەنتتە قورۇق جازىغا ئايلىنىپ قالدى. يەنە مېنىڭ سەۋەبىمدىن كىشىلەر ئەرز قىلىدىغان، ھەتتا چاۋار شوجىنىمۇ كۆزىچىلا تىللايدىغان بولدى. قىزىنىڭ مۇئەللىمىمۇ ئادەم تېپىلمىغاندەك مېنىڭ ئەتراپىمدا ئەگىپ يۈرىدىغان بولدى. شۇڭا چاۋار شوجى لايىق تاللاشنى بىلمەيدىغان بۇ مۇئەللىمە قىزنىمۇ يامان كۆرۈپ قالدى. بىراق، ئۇنىڭ قىزى پاتىمە بۇنداق مۇرەككەپ زىددىيەتلەرنى چۈشەنمەيتتى. ئەكسىچە ئابىدە بىلەن ماڭا بەكلا ئامراق ئىدى. شۇ سەۋەبتىن دادىسىدىن ھەمىشە تىل - ئاھانەت ئاڭلاپ تۇراتتى.

بىر كۈنى پاتىمە غەلىتە بىر گەپنى سورىدى:

— مۇختار ئاكا، كالىنىڭ مېڭىسىگە مىخ قاقسا ئادەم ئۆلەمدۇ؟

قىزنىڭ غەلىتە سوئالى مېنى ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. نېمەدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەيتتىم. شۇنداقتىمۇ سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەنچە بەردىم:

— كالىنىڭ مېڭىسىگە مىخ قاقسا ئادەم ئەمەس، كالا ئۆلىدۇ. شۇڭا ھېچكىم كالىنىڭ مېڭىسىگە مىخ قاقمايدۇ...

— ئەمىسە دادام ئاق باش تورپاقنىڭ مېڭىسىگە مىخ قېقىۋەتتىغۇ؟!

پاتىمەنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا ئاباسىنىڭ ئوغلى ئىلياس بىلەن ۋاسىلنىڭ قىزى ئايسەمەر ئۇنى مەسخىرە قىلدى:

— ساراڭ بوپسەن، داداڭ چىلىلغان موللىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ساراڭ بوپسەن.

— نەدىكى ئالجوقا گەپلەرنى قىلىسەن، بىر كۈنى تۆمۈر قونچاقنىڭ ئىسمى بولامدۇ دەيسەن، بىر كۈنى چاشقاننىڭ ئاغزى-

نى تىكمۇەتسە ئادەم بالا ـ قازادىن قۇتۇلامدۇ دەيسەن، سەن راستتىنلا ساراڭ بوپسەن...

باللارنىڭ پاراڭلىرى بىلەن پاتىمە ئېسەدەپ يىغلىغۇەتتى، ئارقىدىن يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلىدى:

— دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى راست، دادام بىزنىڭ ئالا تورپىقىمىزنى يۇسۇپ مەخسۇمغا سويۇپ بەردى. يۇسۇپ مەخسۇم تورپاقنىڭ كاللىسىغا مىخ قېقىۋەتتى، يەنە چاشقاننىڭ ئاغزىنى تىكىۋەتتى، يەنە تېخىنىكىنىڭ... يەنە... بولدى، مەن كېتىمەن. ھى... ھى... ھى...

پاتىمە يىغلىغان پېتىچە چىقىپ كەتتى. ئارقىدىن ئابدەمۇ چىقىپ كەتتى. مەن تېخىچە پاتىمەنىڭ سۆزىگە ھەيران بولۇپ تۇراتتىم. كالىنىڭ كاللىسىغا مىخ قېقىش ۋە چاشقاننىڭ ئاغزىنى تىكىش دېگەنلىرى بەكلا غەلىتە گەپلەر ئىدى. «يەنە تېخىنىك دېگەندەك قىلدى... توۋا، بۇ قانداق گەپ بولدى؟ ئۇ راستتىنلا ساراڭ بولغانمىدۇ؟ ئىسىت كىچىككىنە تۇرۇپلا»...

خىيال سۈرۈپ تۇرسام بىرەيلەننىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ساڭا نېمە بار بۇ يەردە؟ كىچىك تۇرۇپلا بۇزۇقچىلىقنى ئۆگەنمەكچىمىدىڭ؟ ماڭا ئۆيگە، ھۇ، رەسۋا! ئەتىدىن باشلاپ مەكتەپكە بارغىنىڭنى بىر كۆرەي...

قارىسام، چاۋار شۇجى قىزى پاتىمەنىڭ قۇلىقىنى سوزۇپ سۆرىگەن پېتىچە كېتىپ بېرىپتۇ. ئابدە چاۋار شۇجىنىڭ قىزىنى تىللىغان بولۇپ، قىلغان ھاقارىتى ئۇچۇن چىكىسىنى تۇتقان پېتىچە قېتىپلا قاپتۇ. غەزەپتىن تىترەپ كەتتىم. چۇنكى، چاۋار شۇجى ئابدە بىلەن مېنىڭ پاك ھېسسىياتىمغا ھاقارەت قىلغاندى. ئابدە تۇرغان جايىدا قاققان قوزۇقتەك قېتىپلا قالغان، ئالىقىنى بىلەن چېكىسىنى تۇتۇۋالغانىدى. پاتىمە ئاغرىققا چىدىماي چىرقىرايتتى. بىراق، چاۋار شۇجىنىڭ ئامبۇردەك قوللىرى

ئۇنى زادىلا قويۇۋەتمەيتتى. بىر چاغدا ئابىدە چاۋار شۇجىگە قاراپ تاشلاندى. مەن تۇتۇۋالدىم. نېمىشقا تۇتۇۋالغىنىمنى بىلمەيمەن. ئېھتىمال، ئابىدەنىڭ سەۋەبىدىن دىلىنى قارىلىق بېسىپ كەتكەن بۇ ئادەم بىلەن تۇتۇشۇپ قېلىشنى خالىمىغاندىمەن.

ئابىدە تېخىچە ئاچچىقىنى باسالماي يىغلايتتى. چاۋار شۇجىنى تىللايتتى:

— قانداق ئادەم بۇ؟ نەرى شۇجىگە ئوخشايدۇ بۇنىڭ؟! بالىسىغا بىلىم بەرگىنىم ئۇچۇن شۇنداق قىلامدۇ؟...

ئابىدەنى تارتقۇچلاپ ياتاققا كېتىپ باراتتىم. كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىزلا پۇتۇم يەرگە پېتىپ قالدى. پۇتۇمنى تارتىشىم بىلەن تەڭلا، ئېچىلىپ قالغان كاماردىن سېسىق تاپ پۇرىقى، ئارقىدىن سانسىزلىغان ئاق قۇرتلار قىمىلداپ چىقتى. ھەم ھەيران بولدۇم، ھەم قورقتۇم. ئابىدەمۇ قورقۇپ تاتىرىپ كەتكەنىدى.

ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇرغىنىمدا كەنت قورۇسىغا سۇ تۇتماقچى بولۇۋاتقان ئابباس كەتمىنىنى كۆتۈرگەن پېتىچە يېتىپ كەلدى. بىز بىرلىكتە بىر سىرلىق كامارنى كولاشقا باشلىدۇق. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ھەممە ئىش ئايان بولدى. ئەسلىدە بۇ يەرگە بىر ئاق قاشقىلىق قارا كالىنىڭ كاللىسى كۆمۈلگەن بولۇپ باش - كۆزلىرىگە ئون سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى نۇرغۇن مىخ قېقىلغانىدى. مىخ قېقىلغان يەردە سانسىز ئاق قۇرتلار لۆمۈلدەپ تۇراتتى. مەن ھەيرانلىق بىلەن سورىدىم:

— ئابباس، بۇ نېمە ئىش؟

— بىرى سىزنى قەستلەپتۇ.

شۇندىلا پاتىمەنىڭ سۆزلىرى ئېسىمگە كەلدى. دېمەك، ئۇنىڭ دادىسى — ئازغان كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى چاۋار پاسار ئاق باش تورپىقىنىڭ بېشىدىن كېچىپ، ماڭا خۇراپىي ۋاستە بىلەن قەست قىلغانىدى. قارىغاندا ئىشلار پەقەت بۇلا ئەمەس، بەلكى چاشقاننىڭ ئاغزىنى تىكىش ۋە تۆمۈر قونچاققا ئات

قويۇپ سېھىر قىلىش قاتارلىق غەلىتە ئىشلارمۇ باردەك قىلاتتى. نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. چۈنكى، چاۋار شۈجى نارازى بولسا ئوچۇق ئاشكارا پىكىر قىلسا بولاتتى. لېكىن ئۇ نېمىشقا مۇشۇنداق ئەخمىقانە ئىشنى قىلىدىكىنە؟

## 11

مۇھەببەتنى دالا گۈلىگە ئوخشىتىمەن. چۈنكى ئۇ باھاردا تەبىئىي ئېچىلىدۇ. قۇمساز تۇپراقتىن، يامغۇر سۈيىدىن ۋە ئەركە شاماللاردىن كۈچلىنىپ ۋايىغا يېتىدۇ. كۈز كەلگەندە قۇرۇپ كېتىدۇ. بىراق بۇ ئۇنىڭ ئۆلگىنى ئەمەس، بەلكى تەبىئەتنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىغا ماسلاشقىنى. چۈنكى، ئۇ كۈن نۇرىدىن قورقىدىغان پارنىك گۈلى ئەمەس، بەلكى بوران - چاپقۇنلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان دالا گۈلى. شۇڭا قىشتا تىپتىنچ ھالەتتە تۇپراققا يوشۇرۇنۇپ كېلەر باھاردا بىخلىنىشقا تەييارلىق قىلىدۇ.

مەن ئابىدەنى ياخشى كۆرىمەن. بەلكىم تۇنجى رەت كۆرۈشۇشتىلا ياخشى كۆرۈپ قالغاندىمەن. لېكىن، ئۇنىڭغا توي قىلىش توغرىسىدا تەلەپ قويۇشنى ئويلاپ باقمىدىم. چۈنكى، بالدۇر ئۈزۈلگەن مېۋىنىڭ تەمى بولمايدۇ. بىراق، چاۋار شۈجىنىڭ ھاقارەت سۆزلىرى مېنى ئويغا سالدى. ئۇ پاك بىر قىز بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە بىر خەلق ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. بۇ نۇقتىدىن ئۇنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى ئوبرازى تېخىمۇ مۇھىم ئىدى.

كېچىچە ئويلاندىم. ئاخىر ئابىدەگە توي قىلىش توغرىسىدا تەلەپ قويماقچى بولدۇم. ئەتىسى چۈشتە ئويلىغانلىرىمنى ئۇدۇللا ئېيتتىم:

— تويىمىزنى قاچان قىلىمىز؟

قىز ئاۋۋال قىزاردى، كېيىن جىددىي ھالەتكە ئۆتتى:
— چۈش كۆرۈۋاتامسىز نېمە؟ مۇشۇنداق ئاددىيمۇ؟ ماڭا قاچان توي قىلىش تەلىپىڭىزنى ئېيتىپ باقتىڭىز؟ مېنى ئۆزىچە-لا ماڭا ياتلىق بولىدۇ دەپ ئويلىغانمىدىڭىز؟ ھۇ، كالۋا! زىيالىي تۇرۇپمۇ مۇشۇنچىلىك ئىشنىمۇ بىلمەمسىز ياكى بىلىپ تۇرۇپ شۇنداق دەۋاتامسىز؟
ئۇنىڭ دېگەنلىرى راست ئىدى. مەن ئۇنىڭغا قائىدىلىك ھالدا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىم، ھېچبولمىغاندا، مۇھەببىتىمـ-گە گۇۋاھ قىلىپ بىرەر نەرسە سوۋغا قىلىشىم كېرەك ئىدى. بىراق، راستىنىلا سوۋغات بېرەلمىدىم. بۇ ھەرگىزمۇ لايىقىدا بىرەر نەرسە تاپالمىغىنىمدىن ئەمەس، بەلكى بېرىدىغان سوۋغى-تىمنىڭ بەكلا قىممەتلىك ئىكەنلىكىدىن ئىدى. ئۇن نەچچە يىل-دىن بېرى ئانام رەھمەتلىك قالدۇرۇپ كەتكەن زىرىنى يېنىمدىن ئايرىماي ساقلاپ كەلگەن ئىدىم. ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا بۇ زىرىنى تويۇمغا ئىشلىتىشىمنى ۋەسىيەت قىلغانىدى. شۇ تاپتا يىگىرمە يىلدىن بېرى يېنىمدا ساقلىنىپ تۇرغان بۇ قىممەتلىك نەرسىنىڭ ئىشلىتىلىدىغان ۋاقتى كەلگەنىدى. شۇڭا گەپ ـ سۆزسىزلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، چامادانىدىن تاۋار ياغلىققا ئورالغان ئالتۇن زىرىنى چىقاردىم ـ دە، ئابىدەگە ئاۋايلاپ سۇندۇم:
— ئېلىڭ، ئابىدە، بۇ مېنىڭ سىزگە ئاتىغان تويلۇق سوۋ-غىتىم. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بۇنى بىرىگە ساقلاپ كېلىۋىدىم، ئۇ قىزنىڭ ئاخىرىدا سىز بولۇپ قېلىشىڭىزنى ئويلىماپتىمەن. قېنى، ئېلىڭ، يۈرىكىمنى قوشۇپ بىللىلا ئېلىڭ.
ئابىدە چاقچىقىنىڭ راستقا ئايلىنىپ قېلىشىنى ئويلىمىغانمۇ ياكى مېنىڭ ئاچچىق ئەسلىمىلىرىم ئۇنىڭ يۈرەك يارىسىنى ئېچىۋەتتىمۇ، بىردىنلا كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى. ئاندىن پەس ئاۋازدا سۆزلىدى:
— بىلىمەن، مۇختار. سىزمۇ بىر يېتىم بالا، بىراق مەن

روھىي موھتاجلىقىڭىزدىن پايدىلىنىپ مۇھەببىتىڭىزنى ئىگىلەۋالسام بولمايدۇ. مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن. سىزمۇ مېنى ياخشى كۆرىسىز. لېكىن نېمىشقىدۇ تويلۇق سوۋغىڭىزنى قوبۇل قىلىشتىن قورقۇۋاتىمەن. ھېچبولمىغاندا، بىر - ئىككى ئاي ئويلىنىپ بېقىڭ. ئەگەر راستىنلا نەزىرىڭىزدىن ئۆتۈپ قالسام شۇ چاغدا بېرەرسىز…

مەن ئۆزىنىڭ ئوتلۇق مۇھەببىتىنى تولىمۇ رايىشلىق بىلەن سۇنغان، لېكىن مېنىڭ يىگىتلىك غۇرۇرۇمغا يەنە لايىقىدا ھۆرمەت قىلغان بۇ قىزغا قاراپ چەكسىز ئىپتىخارلىق ھېس قىلدىم. ئاخىر مۇھەببەت گۈلىمىزنىڭ ئېچىلىشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈش قارارىغا كەلدىم.

بىراق، كۈتۈش مىنۇتلىرى ئۇزاققا بارمىدى.

كۈزگى بوغداي تېرىش پىلانىنى تەستىقلىتىش ئۈچۈن يېزىغا بارغان ئىدىم. يەنە پارتكوم شۇجىسىنىڭ ئىشخانىسىغا چاقىرتىلدىم.

— نۇرغۇن كىشىلەر، ھەتتا ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغىچە سېنىڭ ناشايان ئىشلىرىڭ توغرۇلۇق دەرد تۆكۈپ كەلدى. سىلەرنىڭ ئازغان كەنتىدىن كېتىشىڭلارنى تەلەپ قىلغانلارمۇ بار. بۇنداق ئەھۋالدا ئاممىنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىشىم كېرەك ئىدى. لېكىن ئابدۇقادىر ھاكىمغا ساڭا ئاتىدارچىلىق قىلىش توغرىسىدا ۋەدە بېرىپ قويۇپتىمەن. ئۇ ئادەم ھەمىشە ساڭا مەسئۇل بولۇشۇمنى تەلەپ قىلىدۇ. بىراق، سېنىڭ ئەھۋالىڭ مۇشۇ تۇرسا، مەن قانداق مەسئۇل بولالايمەن - ھە؟ نېمىگە قاپىقىڭنى تۈرۈسەن؟ پارتكوم شۇجىسى ھەممىلا كىشى بىلەن مۇشۇنداق ئەستايىدىل پاراڭلىشامدۇ؟ بىلسەڭ، بۇ پارتىيىنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرىگە غەمخورلۇق قىلىش سىياسىتى. بىلسەڭ، بۇ ھاكىمنىڭ ئالاھىدە تاپشۇرۇقى. بىلسەڭ، بۇ ئاخىرقى بىر پۇرسەت. يەنە بىر قېتىم دەپ قوياي، دەرھال توي قىل. بولمىسا ئۆزۈڭنى

بورىچى كەنتىدە كۆرسەن...
قەيەردە يۇرگىنىمنى بىلمەيمەن. پەقەت مەست ئادەمدەك
دەلدەڭلىشىپ كېتىپ بارىمەن. خىيالىمدا يەنىلا پارتكوم شۇجە-
سىنىڭ سۆزى. ئۇلار بالىلىرىنى ئابىدەنىڭ قولىدا ئوقۇتماس-
مىش. ھىم، ئۇنىڭ كېچە - كۈندۈزلەپ تارتقان جاپالىرى نەگە
كەتتى؟ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارمىش... ناھايىتى بىر توك ئوغ-
رىسى موللىغۇ؟! ئەجەب، شوجىنىڭ ماڭا مەسئۇل بولغۇسى
كېلىپ قاپتىغۇ؟! ھاكىم ئۇنىڭغا نېمە دېگەن بولغىيتتى؟ دەر-
ھال توي قىل دەمدۇ؟ توۋا، مەن كىمگە كۈيئوغۇل بولىمەن؟
ئاينۇرخان ئانىغىمۇ ياكى تۇراق شۇجىگىمۇ؟ تېخى توي قىلمىساڭ
ئۆزۈڭنى بورىچى كەنتىدە كۆرسەن دەيدۇ. ئەجەبا، بورىچى كەن-
تى جازا لاگىرى ئەمەستۇ؟...
— نېمە قىلىۋاتىدىلا، بالام؟
تونۇش ئاۋاز بىلەن تەڭ ئېسىمگە كەلدىم. قارىسام، ئاينۇر-
خان ئانا كىچىك بىر چېلەكنى كۆتۈرۈپ كۆل بويىدا قاراپ
تۇرۇپتۇ. مەن دەرھال ئۇنىڭ قولىدىكى چېلەكنى ئېلىپ سۇغا
توشقۇزدۇم. كېتىۋېتىپ تۇراق شۇجىنىڭ بايامقى سۆزلىرىنى
تولۇق دېدىم. قېينانا بولغۇچىغا ئەمەس، بەلكى ئۆز ئانامغا
دەۋاتقاندەك ئىشەنچ بىلەن ھەممىنى دېدىم.
— بولدى، بالام، غەم قىلمىسىلا. ئوغۇل چوڭ بولسا
ئۆيلىنىدۇ، قىز چوڭ بولسا ياتلىق بولىدۇ. دەرھال دادىلىرىغا
خەۋەر بەرسىلە. تويغا ئۇلگۇرۈپ كەلسۇن. ئېغىز ئېچىش ئۇلار-
دىن، توي تەييارلىقى مەندىن...
كۆزلىرىمگە يىغا ياماشتى. ئۆز ئانام ھايات بولسىمۇ، مۇ-
شۇنچىلىكلا دېگەن بولاتتى. بىراق، ئاينۇرخان ئانا شۇ تاپتا ئۆز
ئانامدىنمۇ ئۇلۇغ بىلىندى. چۈنكى، ئۆزى تۇغمىغان بىرىگە بۇن-
چىلىك كۆيۈنۈش ھەرقانداق بىر ئانىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان
ئىش ئەمەس ئىدى.

سۇ كۆتۈرۈپ ھويلىغا كىرگىنىمدە لامپۇچكا يورۇقىدا تاپ-
شۇرۇق تەكشۈرۈۋاتقان ئابدەنى كۆردۈم. قىزنىڭ قاپقارا ئۆرۈم
چاچلىرى توك يورۇقىدا باشقىچە جۇلالىنىپ تۇراتتى. كۆزلىرى-
مىز ئۇچراشتى. يۈرىكىم سۇغا ئۇلاشقان بېلىقتەك باشقىچە پىل-
تىڭلاپ كەتتى.

## 12

توي — خۇشاللىق ئىش بولسىمۇ، لېكىن جاپاسىمۇ يەتكۈچە بولىدىكەن. باغاق كۆتۈرۈپ ھاكىم ئىشخانىسىغا باردىم. بىراق، ئۇ كىشى يوق بولۇپ چىقتى. شۇنداقتىمۇ كاتىپ يىگىتكە باغاقنى ھاۋالە قىلىۋېتىپ سەي - كۆكتات بازىرىغا باردىم، ئاندىن ئاي-نۇرخان ئانا بۇيرۇغان سەۋزە، ياڭيۇ، گۇرۇچ، ياغ، تۇز، تازىلىق قەغىزى، ئاچچىقسۇ - لازا قاتارلىق سودىلىقلارنى قىلدىم - دە، ئاببasىنىڭ خان مەپىسىگە بېسىپ يولغا سالدىم. كەچتە بېرىلىدىغان توي چېيى ئۈچۈن ئىككى يەشىك (ئىلى ئالىي ئاق ھارىقى) ۋە ئۈچ يەشىك (شىخو پىۋىسى) ئېلىپ، ۋاسىل تۆمۈر-چىدىن يولغا سالدىم. ئاندىن تىككۈچىدىن ئابدە ئىككىمىزنىڭ تويلۇق كىيىملىرىمىزنى، يەنە ئاينۇرخان ئانا، دادام، تاغاملار ئۈچۈن بۇيرۇتۇپ تىككۈزگەن كىيىملەرنى ئالدىم - دە، كۆتۈر-گەن پېتىم ساتىراشخانىغا كەلدىم.

تويىنىڭ ھارپا كۈنى بولسىمۇ، تېخىچە دادامىلاردىن خەۋەر يوق ئىدى. توي خېتى ئېلىشنىڭ ئالدىدىلا ئۇلارغا خەۋەر بېرىۋەت-كەن ئىدىم. لېكىن توي تەييارلىقلىرى پۈتۈپ قالغاندىمۇ، ئۇلار-دىن خەۋەر يوق ئىدى. بۇ ئىشلارنى ئويلىغانسېرى ئازابلىق تۇيغۇ-لارنىڭ ئەسىرى بولاتتىم.

يۇلغۇنجاي كەنتىگە قاراپ يولغا چىققان ۋاقتىمدا ئاللىقاچان كېچە سائەت ئوندىن ئاشقانىدى. يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇرغان

ئاسمانغا قاراپ بىردىنلا نىغمەت تىكە، ئەلقەر ۋە ھاجىگۈل قاتار-
لىق ساۋاقداشلىرىمنى ئېسىمگە ئالدىم. ئاڭلىسام، ئەلقەر بىلەن
ھاجىگۈل توي قىپتىمىش. مۇبادا ئارىلىق يېقىن بولغىنىدا،
ئۇلار چوقۇم تويۇمغا كېلىپ خىزمەت قىلاتتى. ھېچبولمىغاندا
يېنىمدا ئولتۇرۇپ يىگىت قولدىشى بولاتتى. ئەپسۇسكى، ئۇلار
كېلىمەن دېسىمۇ ئاز بولغاندا ئون كۈنلۈك رۇخسەت سورىمىسا
كېلەلمەيدىغان يەردە ئىدى.

قارا - قارا قاغىلارنىڭ،
قاناتى بولسام.
ئۇچۇپ بېرىپ چىنارنىڭ،
شاخىگە قونسام.
خەقنىڭ يارى يانىدا،
كۈندە كۆرۈشتى.
مېنىڭ يارىم يىراقتا،
كۆزۈمدىن ئۇچتى.

خەلق ناخشىلىرىنى بۇزۇپ ئېيتىپ چىلىق - چىلىق قارا
تەرگە چۆمگەن ھالدا ئابىدەلەرنىڭ ئۆيىگە كەلدىم:
— كەلدى، كەلدى...
ۋاسىلنىڭ باشقىلارغا خەۋەر بېرىپ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلى-
دىم. دېمەك، ئۇلار ھەممىسى يولۇمغا قاراپ تۇرغانىكەن. ئاي-
نۇرخان ئانا كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالغىنىچە سۆزلەپلا كەتتى:
— ۋاي، بالام! ئەجەب ئەنسىرەتتىلە، يولغا تولا قاراپ،
يۈرىكىم تولا سېلىپ...
شاپ بۇرۇت كەنت مۇدىرى تۇرسۇن مەتيار، ۋاسىل تۆمۈر-
چى، ئابباس قاتارلىقلار تال باراڭنىڭ ئاستىغا توك تارتىپ قو-
يۇپ، تويىمىز ئۈچۈن سېتىۋالغان ئالا تورپاقنى سويۇۋاتقانىكەن.

مىراۋۇتمۇ ئۆزى چاقىرىپ قويغان بىرنەچچە يىگىت بىلەن قۇرۇق جىگدە ئوتۇننى قازان بېشىغا توشۇۋېتىپتۇ. مەھەللىدىكى قىز ـ چوكانلار كۆلكە ـ چاقچاقلار بىلەن ئولتۇرۇپ پولۇغا سەۋزە قەلەم قىلىۋېتىپتۇ.

مەن كىشىلەر ئارىسىدىن ئابىدەنى ئىزدىدىم. ئۇ مەكتەپىدىكى بىرنەچچە قىز دوستلىرى بىلەن بىللە ئۆيلەرنى تەييارلاۋاتقانىكەن. مېنى كۆرۈپلا مۇئەللىمە قىزلار چاقچاق قىلىشقا باشلىدى:

— مۇختار، يەنە كەلمىگەن بولسىڭىز، ئەتە ئورنىڭىزغا باشقا بىرىنى تاپاتتۇق جۇمۇ؟!

مەنمۇ قىسقىلا جاۋاب بەردىم:

— مەنمۇ تاڭ ئاتقاندا چىقاي دېگەن، لېكىن سىلەرنى شۇنداق قىلمىسۇن دەپلا قايتىپ چىقتىم.

ئابىدە قىزلارغا قوشۇلۇپ كۈلدى. ھاردۇقۇم چىقىپلا كەتتى. شۇندىلا مەن ئۆزۈمنىڭ يالغۇز ئەمەسلىكىمنى، سەھرادىكى ئادەملەر ئارىسىدىمۇ ئىللىق مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە چوڭقۇر ئادىمىيلىك بارلىقىنى ھېس قىلدىم...

شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە دادام، تاغاملار يېتىپ كېلىشتى. ئۆگەي ئاپام ئابىدە بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. دادامنى كۆرۈپ يىغلىۋېتىشكە تاسلا قالدىم. چۈنكى، ياشلىقىدىكى ئويۇن ـ تاماشىلار ئۇنى خېلىلا جۈدەتكەن بولۇپ، ئۆزىدىن يەتتە ـ سەككىز ياش چوڭ ئاكىسىدىنمۇ قېرى كۆرۈنەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ تويۇمغا ئاتىغان ئون مىڭ يۈەن پۇلنى زورلاپ يۈرۈپ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى. تاغام مېنى بېقىپ قاتارغا قوشقان دادام ئىدى. بىراق، مەن ئوقۇش پۈتتۈرۈپلا جەنۇبقا قايتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرالمىغان ئىدىم. شۇنداق يولۇممۇ بار ئىدى. لېكىن ئۇ مېنى ئۇستى ـ ئۇستىلەپ ئادەمگەرچىلىك قەرزىگە بوغۇپ، ئابىدەنىڭ ئالدىغا «ئۆيۈڭلەرنى يا-

سۈپىلىگىلار» دەپ ئون مىڭ يۈەن پۇل قويۇپ قويدى.
توي كۈنى ئىدى. باغاق تەگكەن ـ تەگمىگەن، تونۇش ـ ناتونۇش، چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايال بولۇپ بىر ەر مىڭغا يېقىن كىشى تويىمىزغا كەلدى. شەھەردە بولسا باغاق تەگمىسە تويغا كەلمەيدۇ. ھەتتا بىر بىنادا تۇرىدىغان كىشىلەرمۇ قوشنىسىنىڭ ئىسمىنى بىلمەي ئۆتۈپ كېتىدۇ. راستىنىلا بىر ەر مىڭچە مېھمان كەلسە، ئوتتۇز مىڭ يۈەن بولمىسا ئۈزاتقىلى بولمايدۇ. لېكىن تىزناپ دەريا ۋادىسىدا ناغرا ـ سۇناي ئاۋازىلا باغاقڭا ھېساب. بىر لېگەن پولۇ بولسىلا ئۈچ مېھمان ئۇزايدۇ. پەقەت ئىككى يۈز جىڭ گۈرۈچ بىلەنلا بىر ەر مىڭچە مېھماننى ئۇزاتقىلى بولىدۇ. ئىسراپچىلىق، زىيادە ھەشەم ـ پەشەملەر يوق. قۇدىلار ئارا سۈت ھەققى، مەسلىھەت چېيى دېگەندەك بىھۇدە رەسمىيەتلەرمۇ يوق. پەقەت داپ ـ ناغرا بىلەن قېتىق ـ زاغرا بولسىلا، ئەتىگەندىن كەچكىچە ناخشا ـ ئۇسسۇل، كۈلكە ـ چاقچاق ئۈزۈلمەيدۇ...
كەچلىك ئولتۇرۇش يېزىلىق پارتكومنىڭ يىغىن زالىدا ئۆتكۈزۈلدى. چايغا يېزىدىكى ھەممە كادىرلار تولۇق قاتناشتى. تۇراق شۇجىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يېزا ئورگىنىدىكى بارلىق كادىرلار ئەللىك يۈەندىن يىغىش قىلىپ تويىمىزنى تەبرىكلىدى. بولۇپمۇ ئىككى ئىش قۇمبار يېزىسىغا نىسبەتەن يېڭىلىق ئىدى. بىرى، يېزىلىق پارتكوم مەجلىسخانىسىنىڭ تۇنجى قېتىم توي ئىشلىرىغا ئاجرىتىلىشى ئىدى؛ يەنە بىرى، ناھىيە ھاكىمىنىڭ چەت يېزىدىكى بىر نامسىز كادىرنىڭ تويىغا قەدەم تەشرىپ قىلغىنى ئىدى. تۇراق شۇجى ئابدۇقادىر ھاكىمغا مېنى توختىماي ماختاپ بېرەتتى. ئۆزىنىڭ تويىمىزغا قىلغان ياردىمىنى كۆپتۈرۈپ سۆزلەيتتى.
توي — قائىدە بويىچە يىگىتنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈلەتتى. بىراق، مېنىڭ يېزىدا ئۆيۈم بولمىغاچقا، يەنىلا ئازغان كەنتىدىكى ياتىقىمغا كۆچۈرۈلدى. كەنت قورۇسى ئالدىغا يەرلىكلەرنىڭ ئا

دىتى بويىچە قۇرۇق پاخال دۆۋىلەپ گۈلخان يېقىلدى. ئابىدە ئىككىمىز قوللىرىمىزنى چىڭ تۇتۇشۇپ ئوت ئۈستىدىن سەكرەپ ئۆتتۇق. دەسلەپتە ئوتتىن ئاتلاشنىڭ سەۋەبىنى پەقەت شامان دىنىنىڭ ئادەتلىرى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغان ئىكەنمەن. بىراق، دەھشەتلىك ئوت ئۈستىدىن ئابىدەنى يېتىلەپ چىققىنىمدىلا، بۇنىڭ يېڭى ئەر ـ ئاياللاردىن ئېلىنىدىغان بىر قېتىملىق ۋاپادارلىق ئىمتىھانى ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

لامپۇچكا يورۇقىدا سۇس رەڭ پەردىلەر بىلەن زىننەتلەنگەن ياتىقىم خېلىلا رومانتىك تۇسكە كىرىپ قالغانىدى. ئابىدەنىڭ مۇئەللىمە دوستلىرى ياتاق تاملىرىغا زىلچا ـ گىلەملەرنى تۇتۇپ، ۋەيرانە ياتاقنى قىز ھۇجرىسى قىلىپ بېزەپ قويۇشقانىكەن. يېڭى ياسانغان قوش كىشىلىك كارىۋات ئۈستىدە ئابىدە جىمجىت يېتىپتۇ. ئۇ تويى گىرىملىرى بىلەن تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئاق ئالمىدەك چىرايلىق كۆكسى ئەنسىزلىك بىلەن بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ تۇرۇپتۇ. ئۇزۇن ئەگمە كىرپىكلىرى ئاھۇ كۆزلىرىنى يوشۇرغان بولۇپ، سۇس تىترەپ تۇرغان لەۋلىرىدىن يەنىلا ئىچكى تۇيغۇلىرى ئاشكارىلىنىپ قالغانىدى.

— ئۇھ ...

مەن ھارغىن ھالەتتە قىزنىڭ يېنىغا ئۆزۈمنى تاشلىدىم.

توۋا دەيمەن. بۇرۇنقى چاغلاردا تويىنى بەكلا رومانتىك، ئۇزاق زامانلارنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن ھەمدە يېڭى بىر تۇرمۇشنىڭ باشلىنىشىدىن دېرەك بېرىدىغان ئالاھىدە مۇراسىم، دەپ بىلەتتىم. لېكىن، مېنىڭ تويۇم بىرەر كارخانىنىڭ لېنتا كېسىش مۇراسىمىدەك ھەيۋەتلىك، لېكىن ئاشخانىدىن تاماق ئېلىپ يېگەندەك ئاددىيلا ئۆتكەنىدى. ھەممىلا ئىش تۇراق شۇجىنىڭ بىر ئېغىز گېپى بىلەنلا بېكىتىلىپ، پەقەت يىگىرمە بىر كۈن ئىچىدىلا تويىنىڭ بارلىق تەييارلىقلىرى پۈتكەنىدى. شۇ تاپتا ئەمدىلا يىگىرمە ياشقا قەدەم قويغان ئابىدە نېمىلەرنى ئويلاۋاتقاندۇ ـ ھە؟

ئىسسىق بىر قول قوللىرىمنى تۇتتى. مەن سەللا كېچىكىسەم، ئۇ قوللارنى مەڭگۈلۈك قاچۇرۇپ قويىدىغاندەك ھېس قىلىدىم - دە، تاقەتسىزلىك بىلەن «كاپپىدە» تۇتۇۋالدىم. ئاندىن ئۇز - چات يىپىنى تارتتىم. توك ئۆچتى. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئابىدەنىڭ يىلىنغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— مۇختار، ئۇنداق قىلماڭ...

لېكىن، مەن تۇنجى رەت ھەمدە ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدىم.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئادەت بويىچە ناشتىلىق ئەكىلىدىغانلارنى كۈتۈپ ئولتۇراتتۇق. بىردىنلا كىشىلەرنىڭ ۋارقىراشقان ئاۋازى ئاڭلاندى. قارىسام، ئازغان كەنتىدىكى دېھقانلار بىر توپ سېمىز كالىلارنى ھەيدەپ كېتىۋاتقانىكەن. بىرئاز ھەيران قالدىم. توۋا، بۇ خامان تېپىدىغان چاغ بولمىسا، كىشىلەر كالا ھەيدەپ نەگە ماڭىدىكىنە؟

— كالىغا تويسۇن.

— ھەممىنى يەۋەتسىمۇ مەيلى.

— ھەق گەپ ئاقمىسا، ۋالىينى ئىزدەيلى.

— ئۈرۈمچىگە، ھەتتا بېيجىڭغا...

كالا يېتىلىگەنلەر تېزلا ئۆتۈپ كېتىشتى. توپىلىق سەھرا يولىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاق توزان خېلىغىچە بېسىقمىدى. ئەمدىلا ئۆيگە قايتاي دەپ تۇرۇشۇمغا كەنتنىڭ خان مەپىسى كۆرۈندى. مەپىدە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ مېھمانلىرىم ئىدى.

كېلىنچەكنىڭ يۈزىنى ئېچىش، تۇخۇم چېكىشتۈرۈش قاتارلىق رەسمىيەتلەر بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزۈلمەكتە ئىدى. ۋاسىل، ئاباس قاتارلىق دېھقان يىگىتلىرى بىلەن مۇئەللىمە قىزلارنىڭ قىقاس - چۇقانلىرى كەنت قورۇسىنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتكەنىدى.

ئابىدەنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ خېلىدىن بېرى كۆزىنى ئۈزمەي تۇرغان ئۆگەي ئاپام ئېغىز ئاچتى:

— پەرىزاتنىڭ ئۆزىكەنلا، قىزىم، مۇختارنىڭ شۇنچە يىراق-تىن ھېچنېمىگە قارىماي يۆتكىلىپ كەلگىنىنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى بىلدىم. پاھ... پاھ...

ئۆگەي ئاپامنىڭ سۆزىدە ئابدەنىڭ گۈزەللىكىنى ماختاش مەنىسى بولسىمۇ، لېكىن يەنە مېنىڭ ئۇلارنى تاشلاپ كەلگىنىمگە بولغان نارازىلىقىمۇ چىقىپ تۇراتتى. ئەمەلىيەتتە مەنمۇ بەزىدە پەرزەنتلىك بۇرچۇمنى ئادا قىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالغىنىم ئۈچۈن ئازابلىنىپ قالاتتىم. شۇڭا دادامنىڭ تويۇمغا ئەكەلگەن ئون مىڭ يۈەن پۇلىنى ئۆگەي ئاپامنىڭ ئالدىغا قويدۇم:

— ئاپا، دادا، خىزمەت ئورنۇم سىلەردىن يىراقتا بولۇپ قالدى. شۇڭا پات - پات يوقلاپ تۇرالمايمەن. يېشىڭلارمۇ چوڭ-يىپ قالدى. سىلەرگىمۇ پۇل لازىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن يېنىڭ-لاردا يوق. مېنىڭ پۇللىرىممۇ ئۆزۈمنىڭ ھاجىتىگە يېتىدۇ. شۇڭا بۇ پۇلنى يەنىلا ئۆزۈڭلار ئىشلىتىڭلار، رەھمەت سىلەرگە...

دادام بېشىنى چايقاپ خۇرسىندى:

— ياق، بالام، ئۇزاقتىن بېرى ئاتىلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلالماي ئازابلىنىپ كەلدىم. ساڭا بېرەلىگەن نەرسىلىرىمنى پۇل بىلەنلا تولۇقلاپ بېرەلمەيمەن. لېكىن بۇ پۇلنى ئالمىساڭ، ئۆلگۈچە ئازاب تارتىدىغان ئوخشايمەن. بۇنداق قىلما! ئەگەر سۆزۈمنى ھازىر چۈشەنمىسەڭ، سەنمۇ دادا بولغىنىڭدا چۈشىنىسەن...

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن دادىلار كەتتى. ئابدە ئىككىمىز يېڭى ئائىلىمىزنى جايلاشتۇرۇش بىلەن ئاۋارە ئىدۇق. بىر جۈپ قارلىغاچ ھەر كۈنى ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدا ۋىچىرلىشىپ سايرىشىپ يۈرەتتى. بىراق، ياتاقتىن ئۆزگەرتىلگەن بۇ يېڭى ئائىلىدە ئۇلار-غا ئۇۋا سالغۇدەك بىرەر مۇۋاپىق جايمۇ يوق ئىدى.

## 13

بىرەر ھەپتىدىن كېيىن ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ دېلو گۇرۇپپىسى ئازغان كەنتىگە يەنە كەلدى. بىراۋغا چىراي ئېچىپ گەپ قىلمايدىغان ئايۇپ ئىسىملىك مۇئاۋىن شۇجى دېلو گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ، ئۇ تاماكىنى كۆپ چېكىدىغان، جىمغۇر كىشى ئىدى. ئۇلار كېلىپلا چاۋار شۇجىنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ ئىشىكنى تاقىۋېتىشتى.

ئۇلار بىلەن بىللە كەلگەن تۇراق شۇجى مېنى چاقىرىپ قۇلىقىمغا پىچىرلىدى:

— دېھقانلىرىڭ كالىلارنى ناھىيىلىك پارتكوم قورۇسىغا يېتىلەپ كىرىپ تېزەكلىتىپ ناھىيە باشلىقلىرىنىڭ ماشىنىلىرىغا باغلاپ بىرمۇنچە ياۋايى قىلىقلارنى قىپتۇ. يەنە كىمدۇر بىرىنى چاۋار پاسارنىڭ كالىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئەرزىمىزنى بېسىۋەتتى، دەپ ئەرز قىپتۇ. شۇڭا ئۇلار ماڭا بىرمۇنچە كايىدى. ئەڭ يامان بولغىنى، يەنە دېلو گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى. ماۋۇ ئايۇپ شۇجى ھىيلىسى كۆپ، كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىش تەس ئادەم. ئۇ مەندىن بىر كادىر سورىغاچقا سېنى تونۇشتۇردۇم. چۈنكى سەنلا بۇ يەردە بولساڭ مەن خاتىرجەم بولىمەن. ئېسىڭدە تۇت، ھەر ئىككى كۈندە بىر قېتىم ماڭا دېلو ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىپ تۇر! ئۇقتۇڭمۇ؟

تۇراق شۇجىنىڭ سۆزلىرىگە قاراپ مەن بۇ قېتىمقى دېلو تەكشۈرۈشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. چۈنكى، پارتكوم شۇجىسى دېلو تەكشۈرگۈچىلەرگە مېنى كۆز - قۇلاق قىلىپ قويغانىدى.

ھەقىقەت ئۈستىدە جان پىدا قىلىش — ھەرقانداق بىر ۋىجدان ئەھلىنىڭ بۇرچى ۋە پەزىلىتى. لېكىن ھەقىقەت ياۋايىلىق ئەمەس، بەلكى مەدەنىيەت نۇرى. شۇڭا نادانلىق قىلىش ھەقىقەت-

نى ياقلاش بولمايدۇ. نادان كىشىلەرمۇ ھەقىقەتكە لايىق كەلمەي-
دۇ. شۇ تاپتا تۇراق شۇجىنىڭ سۆزلىرى مېنىڭ ھەققانىيەت
تۇيغۇمغا زىت بولسىمۇ، لېكىن مەن نادانلىق قىلىپ، ھەقىقەتكە
ئېرىشىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قېلىشىمدىن ئەنسىرەپ، يەنىلا
تۇراق شۇجىنىڭ كۆڭلىنى تىندۇردۇم:

— تۇ شۇجى، خاتىرجەم بولسىلا، چوقۇم ئۆزلىرى دېگەن-
دەك قىلىمەن.

چاۋار شۇجى ئىشخانىغا بىر كەلگەنچە ئۇدا ئۈچ كۈنگىچە
ئۆيىگە قايتمىدى. دېلو گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ ھەربىرى ئۇنىڭ
بىلەن ئىككى - ئۈچ سائەتتىن پاراڭلىشاتتى. نېمىلەرنى دېيىش-
كىنىنى بىلمەيتتىم. بىراق، كەنت باشلىقى تۇرسۇن مەتيار
بىلەن ۋاسىل تۇمۇرچى تەكشۈرگۈچىلەر بىلەن چاۋار شۇجىنىڭ
بىللە تاماق يەۋاتقانلىقىنى، بىللە قارتا ئويناۋاتقانلىقىنى، ھەتتا
چاۋار شۇجىنىڭ خوتۇن - بالىلىرى بىلەن پاراڭلىشىشقا يول
قويۇۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. بۇ ئىشلار دېلو تەكشۈرگۈچىلەردە
ئىشەنچ ۋە قاتتىق قوللۇقنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن دېرەك بېرىپ
تۇراتتى. شۇڭا ئۇلار ئىككىسى پات - پات غۇدۇراپ قوياتتى:

— توۋا، بۇنىڭ نەرى تەكشۈرۈش بولسۇن؟!

مەن ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىدىن بۇنىڭ بىر قىلتاق ئىكەنلى-
كىنى پەرەز قىلدىم. مېنىڭچە، بۇ بوشتەك تۇرغىنى بىلەن،
ئەمەلىيەتتە چاۋار شۇجىنى يېنىدىن نېرى كەتكۈزمەي، شېرىكلى-
رى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ھەمدە
ئارغامچىنى قويۇۋېتىپ مەسىلە ئىگىلەيدىغان بىر تاكتىكا ئىدى.
بىراق يەنىلا ئارغامچىنىڭ ۋاقتىدا يىغىلماي قېلىپ ئىشنىڭ بۇ-
زۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ يۈرەتتىم.

ئۈچىنچى كۈنى كەچتە ئايۇپ شۇجىگە ئويلىغانلىرىمنى ئۇ-
دۇللا ئېيتتىم:

— مەن ئىككى كۈندە بىر قېتىم يېزىلىق پارتكومغا ئەھۋال-

نى دوكلات قىلىدىغان بولغان. لېكىن بۈگۈن ئۈچىنچى كۈنى بولدى. تېخىچە نېمىنى دوكلات قىلىشىمنى بىلمەي يۈرىمەن. شۇڭا ئاز - تولا بىرنەرسە دەپ بەرگەن بولسىلا.

ئايۇپ شۇجى بىرپەس جىمىپ كەتكەندىن كېيىن قىسقىچە چۈشەنچە بەردى:

— چاۋار شۇجىنىڭ ئىپادىسى خېلى ياخشى. بىنەم يەرنىڭ سۇ راسخوتى، توك ئۈچۈن كېسىلگەن تېرەكلەرنىڭ ھېساباتى، كەنتنىڭ مېھمان چىقىمى ۋە كەنت كوللېكتىپ مالىيىسىنى باش- قۇرۇش قاتارلىق تەرەپلەردىكى مەسىلىلەرنى ئىقرار قىلدى. يەنە تۇراق شۇجىنىڭ ئىشخانىسىغا ئاغزى تىكىلگەن قۇمچاقنى تاشلاپ- تۇ. يەنە تۇراق شۇجىگە قارا چاپلاش ئۈچۈن توك خادىسىغا يىغقان ياغـاچـلارنى ئۈزـىـڭ تۆغـقانلىرىغا ئاپىـرىـپ بېرىپـتۇ. ئىنىق- كى، بۇلارنىڭ ھەممىسى رەھبىرىي كادىرلارنى چىرىتىش ئۈچۈن قىلىنغان ...

ئايۇپ شۇجىنىڭ سۆزلىرى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيلەشمىگەن مەسىلىلەر ئىدى. چۈنكى، چاۋار شۇجى ھىيلىگەرلىكتە ئانچە يېتىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن يېزىلىق پارت- كوم شۇجىسى بىلەن بولغان پەۋقۇلئاددە مۇناسىۋىتىگە تايىنىپ ھېچنەرسىنى ئاشكارىلىماي يۈرەتتى. بىراق، ئايۇپ شۇجى قۇي- رۇق تۇتقۇزماي يۈرگەن بۇ ئادەمنى ئىپادىسى ياخشى، مەسىلى- لەرنى خېلى ئەتراپلىق تاپشۇردى، دەپ ماخـتاۋاتاتتى. ئۇ تېخى بىر - ئىككى ئەمەلىيەتكە يېقىن، لېكىن تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەش- مىگەن ئۈچۈرلارنىمۇ رەسمىي بېكىتكەن مەسىلىلەر سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغانىدى. مەن قاتمال ۋەزىيەت بىلەن بىر تەرەپلىمە باھانى سېلىشتۇرۇپ، بۇلارنىڭ تۇراق شۇجى بىلەن چاۋار پاسار- نىڭ ئارىسىنى بۇزۇپ پايدا ئالىدىغان ھىيلە ئىكەنلىكىنى بىلدىم. لېكىن، تۇراق شۇجى دوكلاتىمغا ئىشەنمىسە ھەممىسى بىكارغا كېتەتتى. شۇڭا گۇمان بىلەن سورىدىم:

— شۇنداق دەمدىم؟

— ھەئە، شۇنداق دە. لېكىن چوقۇم كەچلىك تاماقتىن بۇرۇن دەۋەتكىن، ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئۇقتۇم.

دوكلاتىمنى ئاڭلاپ تۇراق شۇجىنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى. ئۇ ئىشخانىدا ئۇياقتىن - بۇياققا توختىماي ماڭاتتى. چاۋار شۇجىنى يۇزسىز، كالۋا، دەپ توختىماي تىللايتتى:

— ھۇ، قارا نىيەت ئوغرى. شۇنچە ياخشىلىق قىلسام يەنە ماڭا زىيانكەشلىك قىلغىنىنى قارا. ئاغزى تىكىلگەن قۇمچاقنى كىم تاشلىغاندۇ دەپتىمەن. لېكىن شۇ قارىغۇنىڭ ئىشى ئىكەنلىكىنى زادىلا ئويلىماپتىمەن. قىزىمنىڭ تويىدا، ئۇنىڭ دامىغا چۇشكىلى تاسلا قاپتىمەن. ھېلىمۇ ياخشى ئەقلىمنى ئىشلىتىپ كالىسىغا ئىككى يۇز يۇەن بېرىپ ئىسپات ئېلىۋاپتىمەن. بولمىسا نېمە كۇننى كۆرەر بولغىيتتىم؟! خەپ، چاۋار پاسار، خەپ...

تۇراق شۇجى قىلتاققا چۇشكەنىدى. مەن تۇلكىدىنمۇ ھىيلىگەر بۇ ئادەمنىڭ ئەسلىدە بەكلا گۇمانخور ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئەگەر مۇشۇ ئەيىبى بولمىغىنىدا، ئۇ ھەرگىزمۇ ئايۇپ شۇجىنىڭ گەپلىرىگە ئىشىنىپ، بوسۇغۇسىدا ئىتقا ئوخشاش ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلىۋاتقان چاۋار پاساردىن گۇمانلانمىغان، كونا - يېڭى ئىشلىرىنى ئاسانلا سۆزلەپ تاشلىمىغان بولاتتى.

تۇراق شۇجىنىڭ ئىشخانىسىدىن چىققىنىمدا قاراڭغۇ چۇشۇشكە ئاز قالغانىدى. دەرۋازا تۇۋىگە كەلگەن ۋاقتىمدا ئايۇپ شۇجى بىلەن ئۇنىڭ ئىككى خىزمەتدىشى ئابباسنىڭ خان مەپىسىگە ئولتۇرۇپ پارتكوم قورۇسىغا كىرىپ كەلدى.

تۆتىنچى كۇنى تۇراق شۇجى تەمىنلىگەن پاش قىلىش ئىسپاتلىرى بىلەن چاۋار پاسار دېلوسىدا زور ئىلگىرىلەش بولدى. چاۋار شۇجى دەسلەپتە ئىسپاتلارنىڭ راستلىقىغا ئىشەنمىدى. لې-

كىن، ئىسپاتتىكى تۇراق شۇجىنىڭ خۇسۇسىي تامغىسى ۋە تو-
نۇش پوچېركىسىنى كۆرگەندىن كېيىن «لاسىدە» بوشاپ كەت-
تى. ئايۇپ شۇجى پۇرسەتنى تۇتۇپ ئىدىيىۋى خىزمەتنى كۈچەيت-
كەندى:

— بۇلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ پارا بەرگەنلىكىڭىزنى ئىس-
پاتلايدىغان پاكىتلار. پارتىيىمىزنىڭ سىياسىتى ئىقرار قىلغان-
لارغا كەڭچىلىك قىلىش. گەرچە بۇ پاكىتلار بىلەن سىزنى
جازالاشقا تامامەن مۇمكىن بولسىمۇ، لېكىن بىز سىزنىڭ ئۇزاق
يىللىق تۆھپىڭىزنى نەزەردە تۇتۇپ ئازراق چىقىش يولى بەردۇق.
قېنى، بۇ پاكىتلارغا نېمە دەيسىز؟

چاۋار شۇجى يەنىلا جىمجىت ئولتۇراتتى. ئايۇپ شۇجى
سۆزىنى داۋام قىلدى:

— پارتكوم شۇجىسىغا ھەر يىلى ئۈچ مىڭ يۈەندىن، تۆت
يىلدا جەمئىي ئون ئىككى مىڭ يۈەن پارا بېرىپسىز. بىراق شۇجى
بۇ پۇللارنى شۇ پېتىچە ساقلاپ قويۇپتۇ. يەنە سۇ پونكىتىنىڭ
پاش قىلىشىچە، بىنەم ئېچىلغان يەرلەرنىڭ سۇ پۇلىنى ئاق
ھۆججەت ئارقىلىق يىغىپ، ئوتتۇز مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇلغا
خىيانەت قىپسىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى سۇ پونكىتى تەمىنلىگەن
ئىسپاتلار...

چاۋار شۇجى ئاخىر پارتلاپ كەتتى:

— تۆھمەت، ھەممىسى تۆھمەت! ئۇ پۇللارنىڭ ھەممىنى
مەن يالغۇز ئالمىدىم...

ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ دەلدەڭشىگەن پېتىچە ئۇياق ـ بۇياققا
ماڭدى. ئاندىن نېمىدۇر دېمەكچى بولۇپ جايىدا «شىپپىدە»
توختىدى. ئاخىرىدا ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا ئازابلىق ھالەتتە
ئۆزگەردى. ئېھتىمال، ئۇ مېنىڭ بىر ـ ئىككى ئېغىز ھەق گەپ
قىلىشىمنى كۈتكەندۇ. لېكىن تېزلا نىيىتىدىن ياندى ـ دە،
ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قوللىرىنى شىلتىدى. بىراق گەپ قىلىشقا

ئۆلگۆرمەيلا مۆكچىيىپ قالدى. ئاندىن ئوق تەگكەن كېيىكتەك «گۆپپىدە» يىقىلدى.

ئۇنىڭ غەلىتە قىلىقلىرىغا قاراپ دەسلەپتە ھىيلە ئىشلەتتى، دەپ ئويلاپتىمەن. لېكىن ئاغزىدىن ئېقىۋاتقان قانغا قاراپ قورقۇپ كەتتىم. چۈنكى، ئۇ جىگەر يەۋاتقان كىشىدەك ئۆزىنىڭ تىلىنى ئۆزى ماچىلدىتىپ چاينىماقتا ئىدى. تىتما - تىتما بولۇپ كەتكەن تىلى قان ۋە تۇكـۇرۇك بىـلەن ئارىلىشىپ، يەرگە پالاق - پالاق قىلىپ چۈشەتتى. پۇتلىرىنى بىردە چىڭ يىغىپ، بىردە تاياقتەك تۈز سۇنۇپ قورقۇنچلۇق خىرقىرايتتى.

مەن ئەنسىزلىك بىلەن ۋارقىرىۋەتتىم:

— چاتاق، ئۇ بولالمىدى.

ئارقىدىن ئايۇپ شۇجىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھارۋا تەييارلا، تېز بول!

كەنت قورۇسىدىن ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتىم. كېتىۋېتىپ بار ئاۋازىم بىلەن ۋارقىرىدىم:

— ئابباس! ھەي ئابباس...

ئەتىسى تاڭ سەھەردىلا چاۋار شۇجىنىڭ جەستى ئازغان كەنتكە قايتۇرۇپ كېلىندى. ئەسلىدە ئۇنىڭ يوشۇرۇن يۈرەك كېسىلى بولۇپ، كەنت ئىشخانىسىدىكى چاغدىلا كېتىپ قالغانكەن. بىز ئۇنى ئۇقمايلا دوختۇرخانىغا ئاپىرىپتىمىز.

ۋەزىيەت بىردىنلا مۇرەككەپلىشىپ كەتتى. چاۋار شۇجىنىڭ ئۆلۈشى دېلو تەكشۈرۈش جەريانىغا توغرا كېلىپ قالغاچقا، ئۆلۈمىنىڭ تەسىرىنى ئويلاشقا توغرا كەلدى. ئۇنىڭ ئۆلۈمى بىلەن خىيانەتچىلىك مەسىلىسىنى يوقىتا چىقارغاندا، كىشىلەرگە دېلودىن قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىشكە بولمايتتى. مەسىلىسىنى ئاشكارىلىغاندا پاكىت - ئىسپاتلار تېخى تولۇق ئەمەس ئىدى. ئەگەر سەللا بىخۇدلۇق قىلىنسا، كىشىلەر يەنە دېلو تەكشۈرگۈچىلەر قوپاللىق قىلىپ، چاۋار شۇجىنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى

بوپتۇ، دەپ قارايتتى. شۇڭا دېلو گۇرۇپپىسى چاۋار شۇجىنىڭ ئۆلۈمىنى ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىگە دوكلات قىلدى. يېرىم سائەتكە قالمايلا، ناھىيىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى يېزىلىق پارتكوم مەجلىسخانىسىدا دېلو ئەھۋالىدىن دوكلات ئاڭلىدى ھەمدە قانۇن دوختۇرلىرى بىلەن بىرگە چاۋار شۇجىنىڭ كېسەللىك دىئاگنوزىغا قاراپ چىقىشتى. بىراق، چىقىرىلغان يەكۇن مېنى بەكلا ئۈمىدسىزلەندۈردى. چۈنكى، ئۆلۈم ۋەقەسىدىن قورقۇپ كەتكەن ئايۇپ شۇجى ئۆزىنىڭ غېمىدە قالغان بولۇپ، قولىدىكى تەكشۈرۈش ئىسپاتىغا ئەمەس، بەلكى تۇراق شۇجىنىڭ رايىغا قاراپ قالغانىدى. تۇراق شۇجى ئەسلىدىكى خىيانەتچىلىك گۇماندارىدىن بىردىنلا دېلو گۇرۇپپىسىنىڭ ئادۋوكاتىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. قىزىق يېرى، يەنىلا تۇراق شۇجىنىڭ ماڭا تۇتقان پوزىتسىيىسى ئىدى:

— ھەي، قوڭالتاق تېخىنىڭ، تېز بول، كادىرلىرىڭنى يىغ!

يېرىم سائەتتىن كېيىنكى كادىرلار يىغىنىدا تۇراق شۇجى جاراڭلىق ھالدا دېلودىن خۇلاسە چىقاردى:

— چاۋار پاسار — پارتىيە بايرىقىغا چۈشكەن داغ. ئىدىيە، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن ئېغىر دەرىجىدە چىرىكلەشكەن بىر پارازىت قۇرت. ئەپسۇس، ئۇ جىنايەتلىرىدىن ھېساب بېرىشكە ئۈلگۈرمەيلا يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ ئۆلدى. بۇ قېتىمقى پەۋقۇلئاددە ئېغىر چىرىكلىشىش دېلوسىدا مەن ئۈچ تۈرلۈك ئىشنى يولداشلارغا ئاشكارىلايمەن. بىرىنچىسى، چاۋار پاسارنىڭ چىرىكلىشىش مەسىلىسىدە مېنىڭ رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىم بار. چۈنكى ئازغان كەنتىدىكى كادىرلار ۋە ئامما ماڭا كۆپ قېتىم ئەھۋال ئىنكاس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مەن چاۋار پاسارنىڭ يالغان گەپلىرىگە ئىشىنىپ كېتىپتىمەن. نەتىجىدە كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ خىزمەت ئاكتىپچانلىقىغا تەسىر يەتتى. شۇڭا سىلەردىن ئەپۇ سورايمەن.

قىزغىن چاۋاكلار چېلىندى.

— ئىككىنچىدىن، چاۋار پاسارنىڭ ئۆلۈمى پەقەت يوشۇرۇن يۈرەك كېسىلى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان. بۇنى قانۇن دوختۇر-لىرىمۇ تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىدى. دېلو تەكشۈرۈش داۋامىدا ئۇنى ئۇرغان، تىللىغان، قىستاپ ئىقرار قىلدۇرغان ئەھۋاللار ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. شۇڭا تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈش ئۇسۇلى توغرىسىدا قالايمىقان گەپ تارقىتىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ئەگەر ئۇسەك سۆز تارقىتىپ، جامائەت پىكرى توپلىغۇچىلار كۆرۈلسە، پارتىيە ئىنتىزامى ۋە دۆلەت قانۇنى بويىچە قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

تۇراق شۇجى سۆزلەۋېتىپ مەغرۇرلۇق بىلەن ئايۇپ شۇجىغا پات - پات قاراپ قوياتتى. ئايۇپ شۇجى قىزىتمىسى بار كىشىدەك چۆپ - چۆپ تەرلەپ كەتكەن بولۇپ، قولياغلىق بىلەن تەرلىرىنى سۈرتۈپ تۇراتتى. بەزىدە ئەلەملىك ھالدا ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى.

— ئۈچىنچىدىن، خىيانەتچى ئۇنسۇر چاۋار پاسار ئۆلگەن بولسىمۇ، لېكىن پولاتتەك جىنايەت پاكىتلىرى ئالدىدا يەنىلا جازادىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. بىنەم يەرلەرنىڭ سۇ پۇلىغا قىل-غان خىيانىتى ۋە مېھمان چىقىمىغا توغرىلاپ يۇتۇۋالغان خىيانىتى ئۈچۈن بەلگىلىمە بويىچە ئوتتۇز يەتتە مىڭ يۈەن تۆلەيدۇ. قالاي-مىقان كېسىۋەتكەن تېرەك ۋە قۇدۇقنىڭ ماي چىقىمىغا ھېسابلاپ قىلغان خىيانىتى ئۈچۈن جازا بېرىشكە تېگىشلىك بولسىمۇ، لېكىن ئائىلىسىدىكى قىيىنچىلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ جازا كەچۈ-رۇم قىلىندى. بۇنىڭدىن كېيىن كەنتنىڭ ئومۇمىي خىزمەتلىرىگە تۇرسۇن مەتيار مەسئۇل بولىدۇ. مۇختار نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىيەتكە ئاساسەن خەلقنى قايىل قىلىش خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ. ئەگەر ئازغان كەنتتىن بىر كىشى يۇقىرىغا ئەرز قىلىدىغان بولسا سەن بىلەن ھېسابلىشىمەن. ئۇقتۇڭمۇ، قوڭالتاق تېخنىك؟

تۇراق شۇجى كەتتى. ئىككى كۈندىن كېيىن چاۋار پاسارنىڭ قول تراكتورى، بىرنەچچە نەسىللىك ئالا كالىسى ۋە دېھقانلارنى ئىشلىتىپ ئېچىۋالغان يىگىرمە نەچچە مو بىنەم يېرى، خىزمەت قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ يۇتۇۋالغان ئوتتۇز يەتتە مىڭ يۈەن خىيانىتىگە ھېسابلاپ كەنتكە قايتۇرۇۋېلىندى.

پاتىمە دادىسىز قېلىشىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىسە كېرەك، ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئويناپ يۈرەتتى. بىراق، مومىسى قاتتىق ئاغرىپ يېتىپ قالغان، دەرد ـ ئەلەم ئۇنى ھالىدىن كەتكۈزۈۋەتكەندى. ئانىسى ئۇچرىغانلا كىشىگە ھال ئېيتىپ، تولا يىغلاپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ يۈرەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ چاۋار شۇجىنىڭ ئەنجان خورىزىدەك «گۇر ـ گۇر» ئاۋازى ئاڭلانمايدىغان بولدى. لېكىن، مەن ئازابلىق خىياللارغا ئەسىر بولدۇم. مۇبادا چاۋار شۇجى تۇيۇقسىزلا ئۆلۈپ كەتمىگەن بولسا، باشقا بىرنەچچە كىشىمۇ بىراقلا پاش قىلىنغان بولاتتى. بىراق، ئۇنىڭ ئۆلۈشى بىلەن تەڭلا يىپ ئۇچىمۇ بىراقلا ئۈزۈلۈپ قالغانىدى.

كىشىلەرنىڭ چاۋار پاسار توغرىسىدىكى سۆزلىرى خىيالىمنى بۆلدى:

— خەقكە قەست قىلسا ئۆزىگە ياندۇ.

— مىخ قېقىلغان كاللا ـ پاچاقنى كۆمگەندىن كېيىن كەنت قورۇسىغا دەسسىمەيدىغان گەپتى...

— ياقەي، يۇسۇپ مەخسۇمنى رازى قىلماپتىكەن، شۇڭا قارغىشىغا كېتىپتۇ.

— ئاغزى تىكىلگەن قۇمچاقنى تۇراق شۇجىنىڭ ئىشخانىسىغا تاشلىمايدىغان ئىشتى...

— ئىشخانىسىغا ئەمەس، ئۆگزىسىگە تاشلاپتۇ.

— زۇۋانى قۇمچاقنىڭ زۇۋانىدەك تۇتۇلۇپ كەتسۇن دەپتۇ ـ دە؟!

— ئاخىر ئۆزىنىڭ زۇۋانى تۇتۇلدى.

— هارام يېگەنلەر شۈنداق بولىدۇ.
— خۇدايا توۋا دەڭلار!
— خۇدايا توۋا!

كىشىلەرنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ مەنمۇ ئەلەملىك خۇرسىندىم. چۈنكى، چاۋار پاسارنىڭ ئۆلۈمى بىلەن مەنمۇ تۇراق شۇجىنىڭ خالىغان چاغدا چالىدىغان دۇمبىقى بولۇپ قالدىم. ئۇ ھەمىشە ئېغىزغا ئالغۇسىز سۆزلەر بىلەن تىللاپ مەندىن ئاچچىقىنى چىقىرىپ يۈرەتتى.

— ئاللاھۇئەكبەر، ئاللاھۇئەكبەر...

ئەسىر نامىزىغا ئەرزان چىقتى. كىشىلەرنىڭ پاراڭلىرى بىردىنلا قاينىغان قازانغا سۇ قۇيغاندەك بېسىقىپ قالدى. مەن جۇمە مەسچىتى تەرەپكە قارىدىم. كەچكى شەپەق نۇرىدا دەرۋازا ئۈستىگە قوندۇرۇلغان يۇمىلاق قۇببە — يىراق - يىراقلاردىن قارىيىپ كۆرۈنەتتى.

# ئۈچىنچى باب

# چۈلۈك

## 1

ئىككىنچى ئاينىڭ باشلىرى بولۇشىغا قارىماي ھاۋا خېلىلا ئىسسىپ قالغانىدى. يېزىلىق پارتكوم قورۇسىنىڭ ئالدىغا ئې-سىلغان قىزىل لوزۇنكىدىكى «خەلقنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىنى ياخشى يۈرگۈزۈپ، نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمىنى غەلىبىلىك ئې-لىپ بارايلى» دېگەن ئاق خەتلەر يىراق - يىراقتىن كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

بۈگۈن قۇمبار يېزىسىنىڭ ئالتىنچى نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىل-لەر قۇرۇلتىيى چاقىرىلىدىغان كۈنى ئىدى. بىرەر ئاينىڭ ئالدىدا ئازغان كەنتىگە شۈجى ۋە كەنت مۇدىرى بولۇپ سايلانغان تۇرسۇن مەتيار بىلەن ۋاسىل تۆمۈرچىلەرمۇ پارتكوم يىغىن زالىغا كىرىپ كېتىۋاتاتتى. مەن ئازغان كەنتىدىن سايلانغان «پەن - تېخنىكا ۋە زىيالىيلار ۋەكىلى» ئىدىم.

كېتىۋېتىپ ئورمان بەلۋېغىدىكى ئاق قوۋزاقلىق دەرەخكە كۆزۈم چۈشتى. ئازغان كەنتىدىكى بۇ غەلىتە دەرەخ ئىككى يىلدىلا پۈتۈن يېزىغا يامراپ كەتكەنىدى. بۇ دەرەخنى يادىكار ئىككىمىز بىرىنچى بولۇپ تاشلاندۇق قۇدۇق بويىدا بايقىغاند-دۇق. بىراق، كىشىلەر سېسىق پۇرىقىدىن قېچىپ، قومۇش

تۇۋىدە سايىدايدىغان ئىسسىقتىمۇ ئۇنىڭ يېنىغا كەلمەيتتى. كې-
يىنچە، بۇ دەرەخ توغرۇلۇق نۇرغۇن يېڭى نەرسىلەرنى بىلدىم.
مەسىلەن، بۇ دەرەخنىڭ ئۇزۇقلۇق سۇمۇرۇش ئىقتىدارى پەۋقۇل-
ئاددە يۇقىرى بولغاچقا، ئەتراپىدىكى باشقا دەرەخلەرگە ئۇزۇقلۇق
يېتىشمەي يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ تۇراتتى. چىلان، ئۆرۈك
قاتارلىق دەرەخلەرنىڭ ياغىچى قاتتىق بولسىمۇ، لېكىن پۇرىقى
مەززىلىك بولغاچقا قوۋزاقلىرىنى قۇرت يەپ كېتەتتى. لېكىن،
بۇ دەرەخنىڭ غولىدىنمۇ بىر خىل سېسىق پۇراق چىقىپ تۇرغاچ-
قا، ئۇنى قۇرتمۇ يېمەيتتى. غەلىتە يېرى، ماتېرىياللىق ئورمانلار
ئون يىلدا ئاران كېسىمگە يېتەتتى. لېكىن، بۇ دەرەخ ئۈچ
يىلدىلا غولاچ يەتمىگۈدەك يوغىناپ كېتەتتى. ياغىچى بەكلا يۇم-
شاق بولغاچقا، بىرەر نەرسە ياساشقىمۇ بولمايتتى. كۆيدۈرگەندە
چوغى قوناق شېخىنىڭ چوغىدەك بىردەمدىلا تۈزۈپ كەتكەچكە،
تونۇرغا ئوت سېلىشقىمۇ يارىمايتتى. شۇڭا نان ياقىدىغان ئايال-
لار، ھەتتا كىچىك باللارغىچە بۇ دەرەخنى پەقەتلا ياقتۇرمايتتى.
شۇڭا كىشىلەر بۇ سېسىق پۇراقلىق دەرەخنى كۆرگەنلا يەردە
كېسىپ تۇراتتى. لېكىن، بۇ دەرەخنىڭ يىلتىزى ئاجايىپ سىر-
لىق بولۇپ، بىرى كېسىلسە نەچچە يۈزى كۆكلەپ چىقاتتى. شۇڭا
كېيىنكى كۈنلەردە كىشىلەر ئۇنى كېسىشتىنمۇ قورقىدىغان
بولۇپ قالدى.

ھەيۋەتلىك دۆلەت شېئىرى ساداسى ئىچىدە خەلق ۋەكىللەر
قۇرۇلتىيى داغدۇغىلىق ھالدا باشلاندى. ئاۋۋال تۇرلۇك دوكلات-
لار ئوقۇلۇپ ئۆتۈلدى. دوكلاتنىڭ ئەمەلىيەت ئاساسى ئاجىز بول-
غاچقا، نۇرغۇن ۋەكىللەر يەنىلا ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. بىراق، مەن
تولىمۇ جىددىيلىشىپ تۇراتتىم. چۈنكى، ئابىدە خەلق دوختۇرخا-
نىسىنىڭ تۇغۇت بۆلۈمىدە تولغاق ئازابى تارتماقتا ئىدى. مەن
ئۇنى دوختۇرخانىدا قالدۇرۇپ يىغىنغا ماڭغىنىمدا، ئۇ ئارقامدىن
قارىغىنىچە كۆزلىرىنى ياشلاپ قالغانىدى.

دوكلات ئاخىرلاشقاندا چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولۇپ قالدى.
يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتى ئورۇنلاشتۇرغانمۇ
ياكى يېزىلىق پارتكوم سايلامغا بەكلا ئەھمىيەت بەرگەنمۇ، پولۇ-
نىڭ گۆشى يوغان - يوغان قىلىپ بېسىلغانىدى. تۇراق شۇجى
ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدا ياچېيكا شۇجىلىرىنى چاقىرىپ، نۆۋەتتى-
كى خىزمەتلەر توغرىسىدا دوكلات ئاڭلاپ يۈرەتتى. قازان بېشىدا
مەمەت بوسۇغۇ بەكلا ئالدىراش بولۇپ كەتكەنىدى. كەپكۈر ئۇنىڭ
قولىدا بولۇپ، پولۇنىڭ گۆشى بەزىلەرگە ئىككى - ئۈچ پارچى-
دىن، بەزىلەرگە بىرەر پارچىدىن تەقسىملىنىپ تۇراتتى. قورسى-
قى بەكرەك ئاچقان كىشىلەر ئۇنىڭ قولىدىكى ماي تامچىلاپ
تۇرغان كەپكۈرگە تەشنالىق بىلەن قارايتتى.

مەن تاماققا قاراپلا ئىشتىھايىم تۇتۇلۇپ، دوختۇرخانىغا قا-
راپ يۈرۈپ كەتتىم. كارىدورغا كىرىشىم بىلەنلا تۇغۇت ئۆيى
تەرەپتىن ئابىدەنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. يۈگۈرگەن
پېتىم تۇغۇت ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلدىم. بىراق، تۇراق شۇجىنىڭ
قىزى — مەمەت بوسۇغۇنىڭ خوتۇنى تۇرانگۈل ئالدىمنى توسۇپ
ئەھۋالنى تونۇشتۇردى:

— ئەنسىرىمەڭ، ھەممە ئىش نورمال، كەچ تەرەپتە يەڭگى-
شى مۇمكىن...

قارىسام، ئابىدەنىڭ چېكىسىدىكى بۇدۇر چاچلىرى تەرلەپ
كەڭ پېشانىسىگە چاپلىشىپ كېتىپتۇ. قورسىقى خېلىلا پەسلەپ
قاپتۇ. مېنى كۆرۈپ ئۇنىڭ تاتارغان چىرايىغا بىلىنەر - بىلىن-
مەس كۈلكە يۈگۈردى، ئاندىن ئاستا سورىدى:

— يىغىن تۈگىدىمۇ؟

— ياق، تاماقتا قايتىپ چىقتىم.

پاراڭلىرىمىز تۈگىمەيلا ئاينۇرخان ئانا كىرىپ كەلدى. ئۇ-
نىڭ قولىدا بوۋاقلار كۆرپىسى، سۈت بوتۇلكىسى، سوسكا ۋە
تازىلىق قەغىزى قاتارلىق نەرسىلەر تۇراتتى. ئۇمۇ ھەدەپ ماڭا

تەسەللى بېرەتتى:

— ئىككى بالىنى تۇغۇپ چولڭ قىلدىم، كۆپ غەم يېمەي، ئاۋۋال خۇداغا، ئاندىن ماڭا تاپشۇرۇپ كېتىۋەرسىلە، بالام.

ئابىدەگە قاراپ كۈلۈۋەتتىم. چۈنكى تېخى بىرنەچچە مىنۇتنىڭ ئالدىدا ۋارقىراپ - جارقىراپ يۈرگەن ئايالىم ئەمدىلىكتە تاتلىققىنە ئۇخلاپ كېتىپتۇ. توۋا دەيمەن، تۇغۇت دېگەن بەكلا غەلىتە بولىدىكەن. ھەم غەملىك، ھەم خۇشاللىق؛ ھەم ئاچچىق، ھەم شۇنداق تاتلىق...

ئابىدەنى ئاينۇرخان ئانىغا تاپشۇرۇپ يېزىغا قاراپ ماڭدىم. كېتىۋېتىپ يولدا نېمىگىدۇر ئاچچىقلىنىپ تۇرغان تۇرسۇن مەتيار قاتارلىق بىرنەچچە كىشىنى ئۇچراتتىم. ۋاسىلمۇ خوراز تاجىسىدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىشىمگىلا تۇرسۇن مەتيار مېنىڭدىن سورىدى:

— ئەھۋال قانداق؟

— خېلى ياخشى.

سۆزۈم تۈگىمەيلا، ئۇ ئاچچىقلىنىپ كەتتى:

— نېمە ياخشى؟ ئايالىڭمۇ ياكى تۇغۇلغان بالاڭمۇ؟ بىزنىڭ خىيالىمىز نەدە؟ سېنىڭ خىيالىڭ نەدە؟ بىلەمسەن؟ سەن مۇئاۋىن يېزا باشلىقى نامزاتى ئىكەنسەن. بىراق ئۇلار بۇنى ۋەكىللەردىن يوشۇرۇپ ھىيلە ئىشلىتىپتۇ. يەنە كېچە ئۇخلىماي، ۋەكىللەرنىڭ ئۆيىگە قاتراپ ئۇلارنى ئالداپتۇ. ئەھۋال شۇ تۇرسا، يەنە ياخشى دەيسەنغۇ؟! سەن بىلمەمسەن ياكى بىزگە چاقچاق قىلىۋاتامسەن؟

شۇندىلا بىرەر ئاي بۇرۇنقى كىچىككىنە بىر ئىش ئېسىمگە كەلدى. شۇ كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئادىتىم بويىچە ئابىدەنى ئايلاندۇرۇپ يۈرەتتىم. چۈنكى ھامىلىدار ئاياللار كۆپرەك مېڭىپ بەرسە تۇغۇتى ئاسان بولارمىش... تۇيۇقسىزلا ئۆتۈپ كەتكەن موتسىكلىت بىلەن تەڭلا، ئەر - ئايال ئىككىمىز قويۇق

توپا ـ چاڭ ئارىسىدا قالدۇق. ئەدەپسىز يولۇچىغا ئاچچىقىم
كېلىپ قارىسام، مەمەت بوسۇغۇ بىلەن يۇسۇپ مەخسۇملار ئد-
كەن.

— نېمە قىلىۋاتىدىكىن بۇ جوھۇتلار؟

ئۇلارغا قاراۋاتقىنىمدا ئابىدەنىڭ سۆزلىرى دىققىتىمنى تارت-
تى. دېمىسىمۇ، خېلىدىن بېرى مەمەت بوسۇغۇ بىلەن بۇ جىن-
كەش موللا بىللە يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ سەھەر ياكى كەچتىكى
يوچۇنلا سەپەرلىرىدە قانداقتۇ بىرەر سىر باردەك قىلاتتى. لې-
كىن، ئۇلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. شۇن-
داقتىمۇ مەن يەنىلا ئابىدەگە چاقچاق قىلدىم:

— ئېغىربوي ئايالغا نىكاھ چۈشمەيدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ
تۇمار پۈتۈكلىرىدىن قورقمىسىڭىزمۇ بولىدۇ...

— ياق، ئۇلارنىڭ يۈرۈشلىرىگە قارىمامسىز؟! «پېسە ئاي-
دىڭدا تېپىشار» دېگەندەك، بۇلارنىڭ كۆڭلىدە بىرەر شۇملۇقى
بولمىسا، كېچىدە ئالۋاستىدەك تىمىسقىلاپ يۈرەمدۇ؟!

ئەسلىدە ئابىدەنىڭ ئېيتقىنىدەك، مەمەت بوسۇغۇ بىلەن
يۇسۇپ مەخسۇم سايلام رىقابىتىنى بالدۇرلا باشلىغانىكەن. ئادەتتە
نامزاتلار بۇنداق بالدۇر ئاشكارىلانمايتتى. لېكىن ئۇلار مېنىڭ
مۇئاۋىن يېزا باشلىقى نامزاتى ئىكەنلىكىمنى قانداق بىل-
دىكىنە؟!... توغرا، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە قالدۇ-
رۇش توغرىسىدىكى لايىھىلەرنى تۈزگەندە پارتكوم شۇجىنىڭ پىك-
رى ئېلىنىدۇ. ئېنىقكى، ئۇلار پارتكوم شۇجىسى تۇراق رازىق
ئارقىلىق مېنىڭ مۇئاۋىن يېزا باشلىقى نامزاتى ئىكەنلىكىمنى
بالدۇرلا بىلگەن ھەمدە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مېنىڭ ئورنۇمنى
تارتىۋېلىشنى پىلانلىغانىكەن. تۇرسۇن مەتيارنىڭ گەپلىرى بىلەن
ئىشنىڭ تېگىنى بىلدىم. لېكىن بىردىنلا ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا
پېتىپ قالدىم. چۈنكى، مەمەت بوسۇغۇ «سۇ» دىن ئىبارەت
ئەمەلىي ھوقۇقى بىلەن مەندىن كۈچلۈك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە،

قىيناتىسىنىڭ تەسىر كۈچى بىلەن تېخىمۇ پۇختا ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە ئىدى. مەن يۇرتۋازلىق خاھىشى بەكلا كۈچلۈك بولغان بۇ كىشىلەر ئارىسىدا يەنىلا نام - نىشانسىز بىر سېرىق تۈك ئىدىم. بۇنداق ئەھۋالدا مېنىڭ سايلىنىشىم قىيىن ئىدى.

چۈشتىن كېيىن سايلام بېلەتلىرى تارقىتىلدى. مېنىڭ ئىسمىم مۇئاۋىن يېزا باشلىقلىرى نامزاتلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىزىلغانىدى. باشتىكى كاتەكچىگە ھازىرقى يېزا باشلىقى ئەبەيدۇللا ئاكا، ئاخىرىسىغا سۇ باشقۇرىدىغان مۇئاۋىن يېزا باشلىقى توختى تۇرۇپنىڭ ئىسمى يېزىلغانىدى. ھەممىشە بېلىق تۇتۇپ ئوينايدىغان مۇئاۋىن يېزا باشلىقىمىز جاڭ شياۋيۇڭ بۇ قېتىمقى سايلامدا ھۆكۈمەت بەنزىسىدىن تەڭشىلىپ، پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلەنگەنىدى. دېمەك، تەشكىل مەن ئۈچۈن رەھبەرلىك بەنزىدە بىر كىشىلىك ئورۇن تەييارلىغاندەك قىلاتتى. بۇ نۇقتىدىن پايدىلىق پۇرسەتمۇ بار ئىدى. بىراق، سايلام بېلەتىنىڭ ئاخىرىدىكى ئاق كاتەكچە يېڭىدىن كۆرسىتىدىغان نامزات ئۈچۈن بوش قالدۇرۇلغانىدى. كىشىلەرنىڭ كىمنى كۆرسىتىشىنى، ھەتتا سايلامدا مەغلۇپ بولسام مەسخىرىلىك قاراشلارنى قانداق قوبۇل قىلىشىنىمۇ بىلمەيتتىم.

باشتا كۆرسىتىلگەن نامزاتلارغا بەلگە قويۇپ ئۆز ئىسمىمغا كەلگەندە توختاپ قالدىم. قوشۇلۇپ ئاۋاز بەرسەممۇ بولاتتى. چۈنكى، مەنمۇ سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە بىر خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ئىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەلبىمدە قۇملۇققا، نامرات خەلققە باغلانغان ئوتلۇق مۇھەببەت بار ئىدى. بىراق، رەھبەر بولغۇچىدا قىزغىنلىق ۋە قابىلىيەتتىن باشقا، يەنە ھەرقانداق پەيتتە خەلق مەنپەئىتىگە سادىق بولالايدىغان قەتئىيلىك بولۇشى كېرەك ئىدى. بىراق مەندە مۇشۇنداق قەتئىيلىك بارمۇ؟ ... چاۋار پاسارنىڭ سۇ ھەققىگە خىيانەت قىلغان قىلمىشلىرىنى سېزىپ تۇرۇپ نېمىشقا يۇقىرىغا ئىنكاس قىلالمىدىم؟ توك خادى-

سى ئۇچۇن يىغىلغان ياغاچلارنى ئىگىلىۋالغىنىنى بىلىپ تۇرۇپ، نېمىشقا ئەرز قىلغان خەلق بىلەن بىر سەپتە تۇرالمىدىم؟ بۇلار-نىڭ ھەممىسىدە يەنىلا چىرىندى كۆچلەردىن قورقتۇم. ئۇلار بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى تالالاشتا يەنىلا قاياققا مېڭىشىمنى بىلمەي ئارىسالدى بولدۇم. ھەقىقەتنى قوغداشتا قەتئىي بولالمى-دىم. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، مەندە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەر-لىك ھوقۇقىغا لايىق كەلگۈدەك قابىلىيەت ۋە خەلق ئاممىسىغا باش بولغۇدەك ساپا بارمۇ؟...

شۇلارنى ئويلاپ ئىختىيارسىز «قوشۇلمايمەن» دېگەن بەلگى-نى قويدۇم.

— نېمە قىلىۋاتىسەن؟

قارىسام، تۇرسۇن مەتيارنىڭ بۇرۇتلىرى غەزەپتىن لىكىل-داپ تۇرۇپتۇ. دېمەك، ئۇ مەن قويغان بەلگىنى كۆرگەندى. ھەقىقەتەن يولىدىكى جان تىكىپ كۆرەش قىلىۋاتقان بۇ پېشقەدەم سەپدىشىمگە نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. شۇ ئەسنادا تۇراق شۇجىنىڭ مېنى ئاگاھلاندۇرغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— مۇختار، بېلەتنى تاشلا!

بوش كاتەكچىگە كىمنى كۆرسىتىشنىمۇ بىلمەيتتىم. ئەمە-لىيەتتە تۇراق شۇجى ئالدىرىتىپ تۇرغاچقا بىرەرنى كۆرسىتىش-كىمۇ ئۈلگۈرمەيتتىم. شۇڭا كەم نامزاتنى كۆرسەتمەيلا بېلەتنى ساندۇققا تاشلىدىم.

نەتىجە ئېلان قىلىندى:

— تارقىتىلغان بېلەت قىرىق توققۇز، يىغىۋېلىنغان بېلەت قىرىق توققۇز. ئىلى موللەك قىرىق توققۇز ئاۋاز، توختى تۇرۇپ قىرىق توققۇز ئاۋاز، مۇختار مۇھەممەت يىگىرمە ئۈچ ئاۋاز...

مېنىڭ ئېرىشكەن ئاۋازىم ئەللىك پىرسەنتكىمۇ يەتمىگەن-دى. زالدا غۇلغۇلا باشلىنىپ كەتتى. باش بېلەت نازارەتچىسىمۇ جىمىپ قالدى. كىم سايلاندىكىنە؟ نېمىشقا نازارەتچى

جىمىپلا كەتتى؟...
خىيال بىلەن تۇرغىنىمدا نازارەتچىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:
— مەمەت بوسۇغۇ يىگىرمە بەش ئاۋاز...
نازارەتچىنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا بىركىمنىڭ تەنە قىلغان ئاۋا-
زى ئاڭلاندى:
— موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىققىچە.
ئۇ مەمەت بوسۇغۇ ئىدى. يۈزۈم لازا سۈركىگەندەك ئېچىش-
تى. مەن ئەيىبكارلارچە بېشىمنى پەس تۇتۇپ ئولتۇرۇپ قالدىم.
— ھۇ، ھارامزادىلەر، — دېدى ۋاسىل تۈمۈرچى دىمىقىنى
قېقىپ، — قېيناتىسى شۇجىلىقىنى پەش قىلىپ ۋەكىللەرنى قور-
قۇتسا، كۆيئوغلى سۇنى دەسمايە قىلىپ خەلقنى ئالدىسا، سايلام-
دىكى ئادىللىق نەگە كەتتى؟ بىر يېزىنى ئاتا ـ بالا سورايدىغانغا
كونا زامان ئەمەسقۇ بۇ؟! نېمىشقا جىم تۇرغۇدەكمىز؟! نېمىشقا
يۇقىرىغا ئەھۋالنى ئىنكاس قىلمايمىز؟!
ۋاسىلنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا باشقا بىرنەچچە ۋەكىلمۇ نارازى-
لىق بىلدۈرۈشكە باشلىدى:
— ئەرز قىلايلى!
— يۇقىرىغا ھەممىنى ئېيتايلى!
— ئەرز قىلغان بىلەن ئاقامدۇ؟!
— سۇ سايغا ئاقىدۇ، پۇل بايغا.
— ئىسىت، ئەجەب ئىش قىلدۇق ـ ھە؟
— تېخى كۆرىدىغىنىمىز بار...
مەن ئۆزۈمدىن ئاغرىنىپمۇ كەتمىدىم. چۈنكى، قولۇمدىكى
بىر بېلەتنى ئۆزۈمگە تاشلىغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا يىگىرمە تۆت
ئاۋاز بىلەن بەربىر مەغلۇپ بولاتتىم. مەمەت بوسۇغۇ يەنىلا
يىگىرمە بەش ئاۋاز بىلەن مۇئاۋىن يېزا باشلىقى بولۇپ سايلىناتت-
تى. دېمەك، بۇ رىقابەتتە مېنىڭ مەغلۇپ بولۇشۇم مۇقىملىشىپ
قالغاندى.

يىغىننى تۈگىتىپ بالنىستقا قايتتىم. خۇشاللىقتىن ئاغزى - قۇلىقىغا يەتكەن ئاينۇرخان ئانا قارا چاچلىق، ئۇلىما قاش بىر بوۋاقنى تۇتۇپ ئابىدەنىڭ يېنىدا تۇرۇپتۇ:

— ئوغۇل ئىكەن، ئوغۇل...

مەن كۆز چاناقلىرى بەختتىن ياشاڭغىراپ كەتكەن ئانا ۋە چىرايى قەغەزدەك ئاقىرىپ كەتسىمۇ، لېكىن غالىبلارچە كۈلۈۋاتقان ئابىدەگە قاراپ ھەممە كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇدۇم. ئۇلارنىڭ ھاياتقا بولغان مۇھەببىتى نۇرغۇن ئازابلارغا بەرداشلىق بېرىشىمدىكى مەنىۋى كۈچ بولغانىدى. ئاخىرىدا بۇنداق ئوتلۇق مۇھەببەت يەنە ئۇلارغا نۇرغۇن ئۈمىد ۋە چەكسىز ئىشەنچ ئاتا قىلدى. گەرچە ئەڭ جىددىي پەيتلەردە ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇرالمىغان بولسامۇ، لېكىن خۇشاللىقتىن ئۇلار بىلەن بىللە ھوزۇرلاندىم. چەكسىز ئىپتىخارلىق بىلەن يورۇق دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقان يۈرەك پارەمنىڭ يېنىغا ئەمەس، بەلكى ئۆلۈپ - تىرىلىشىگە قارىماي، مېنى ئاتىلىق لەززىتىدىن بەھرىمەن قىلغان ئايالىم ئابىدەنىڭ يېنىغا كەلدىم. ئۇ ماڭا پەخىرلىك نەزىرى بىلەن قارىغاندىن كېيىن، پەس ئاۋازدا ئىلتىجا قىلدى:

— ئوغلىڭىزنى كۆتۈرۈپ قويۇڭ.

— قورقىدىكەنمەن.

سۆزۈم تۈگىمەيلا ئاينۇرخان ئانا، چاي كۆتۈرۈپ كىرگەن مۇلازىم قىزچاق، ھەتتا ھالسىزلىنىپ ياتقان ئابىدەگىچە ھەممەيلەن «پاراققىدە» كۈلۈۋەتتى. مەنمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ كۈلدۈم.

بالنىستىن چىققاندا، كەچكى شەپەق زېمىننى سۇس قىزارتقانىدى. تاشلىق يولدا ئاباسنىڭ ئاق قاشقىسى چىرايلىق يورغىلاپ كېتىپ باراتتى. خان مەپىسىدە ياتقۇزۇلغان ئابىدە بىلەن ئوماق ئوغلۇمنىڭ يۈزى شەپەق نۇرىدا قىزارغانىدى. مەن يوتقاننى ئازراق كۆتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ يۈزىنى دالدا قىلىپ قويدۇم. كېتىۋېتىپ ئىختىيارسىز ھالدا يەنە ھېلىقى سېسىق پۇراق-

لىق دەرەخلەرنى كۆرۈپ قالدىم:
— ئاكباس، ئاۋۇ دەرەخنىڭ ئىسمى نېمە؟
— چۈلۈك، سىلەرنىڭ يۇرتتا يوقمۇ؟
— بەلكىم باردۇ...
شۇنداق دەۋېتىپ هارغىن هالدا بېشىمنى چايقىدىم. چۈنكى، سېسىق پۇراقلىق چۈلۈك دەرىخىنىڭ هەممىلا جايدا بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

## 2

قۇرۇپ يىقىلىپ قالغان بۇغداي قولاقلىرى ئاپتاپتا قارىيىپ كۆرۈنەتتى. بۇغداي مايسىلىرىنىڭ توۋىگە ئۇۋا سالغان تورغايمۇ دىمىق ئىسسىقتا مەيدىسىنى ئاقۇچ توپىغا يېقىپ هاسىراپ ياتاتتى. ئازغان كەنتىنىڭ ئېرىقلىرىغا سېلىنغان تېرەكلەرمۇ ئۇسساپ، ياپراقلىرى مەزگىلسىز سارغايغانىدى.
مەمەت بوسۇغۇ مۇئاۋىن يېزا باشلىقى بولغاندىن كېيىن، سۇ باشقۇرۇش ئاساس قىلىنغان بارلىق يېزا ئىگىلىك خىزمەتلىرىگە مەسئۇل قىلىنغانىدى. بىراق، تۇرسۇن مەتيار بىلەن ۋاسىلنىڭ سايلام نەتىجىسىگە نارازى بولۇپ قىلغان گەپلىرى ئۇنى ئىزچىل تۇردە ئازابلاپ كەلگەچكە، سۇ تەقسىماتىدا ئازغان كەنتىنى قىيناپ يۈرەتتى.
— ئەرز قىلايلى، — دېدى تۇرسۇن مەتيار ئۆرۈكلەرنىڭ ئۇسساپ تۆكۈلۈپ كەتكەن غورىلىرىنى تېرىۋېتىپ، — زىرائەتلىرىمىز قۇرۇپ كەتتى، مېۋىلىرىمىز تۆكۈلدى، بۇغداينىڭ ئىككىنچى سۇيىنىمۇ ئالالمىدۇق. ئېنىقكى، بۇ ئۆچ ئېلىش، زەربە بېرىش. يەنە قاراپ تۇرساق، دېهقانلار بىزنىڭ سەۋەبىمىز بىلەن ئاچلىقتىن ئۆلىدۇ.
— ياق، — دېدى ۋاسىل ماڭا قاراپ، — ئېغىلىمدا ئاسۇد-

خان بورداۋاتقان پاقلان بار، شۇنىڭ مەرىدىن كېچەي!

— ياق، — دېدى تۇرسۇن مەتيار قولىنى شىلـ-
تىپ، — بوغالتىرنىڭ ئېيتىشىچە، تۆت ئايلىق مېھمان چىقىمى
تۆت مىڭ يۈەندىن ئېشىپتۇ. ھەممىسى مەي شىاڭجاڭنىڭ بۇيرۇتـ-
مىسى ئىكەن. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە يىل ئاخىرىدا ئون مىڭ
يۈەندىن ئاشىدۇ. مۇشۇنداق تۇرسا پاقلاننىڭ چىقىمىنى نەگە
سوقىمىز؟

— كوللېكتىپ چىقىمغا سوقايلى.

— نېمە؟ ھەي تۆمۈرچى، بۇ خالىغانچە سوقىدىغان سېنىڭ
كەكە - پالتاڭمۇ؟ يىقىلىپ قالاي دەۋاتقان ئىشخانىلارنى كۆرمە-
دىڭمۇ؟! ئەتىيازدا كېۋەز ئوغۇتىنى يۆتكەيمەن دەپ، تراكتور
بىلەن قورۇنىڭ دەرۋازىسىنى ئۆرۈۋەتتىڭ، رېمونت قىلىدىغان
پۇل بولمىغاچقا، ئاباسىنىڭ قويلىرى ئىشخانىلاردا ماياقلاپ يۈرد-
دۇ. سىنىپلار خەتەرلىك بولغاچقا قىزلىرىڭ توپ مەيدانىدا ئوقۇ-
ۋاتىدۇ. توپىغا كۆمسە كۆمەچ پىشىدىغان مۇشۇنداق ئىسسىقتا
ئۇلارغا ئاسانمۇ؟! ئېيتە تۆمۈرچى، ئۇلارنى قىشتا نەدە ئوقۇتىد-
مىز؟! بۇلارغا پۇل كەتمەمدۇ؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە سۈنى دېھقانلار
ئىچىپ، چىقىمنى كوللېكتىپقا سوقساڭ توغرا بولامدۇ؟! ياق،
ئەمدى ئەرز قىلمىساق بولمىدى...

— نەگە ئەرز قىلىمىز؟ پارتكوم شۇجىسىغا مۇئاۋىن يېزا
باشلىقى ئۈستىدىن ئەرز قىلامدۇق؟ بىراق بۇ قېيناتىسىغا كۈيـ-
ئوغلى ئۈستىدىن ئەرز قىلىشقۇ؟! مۇشۇنداق ئەرزدىن قانچىلىك
پايدا چىقار؟!

ۋاسىلنىڭ دېگەنلىرى راست ئىدى. گەرچە ئەرزىمىز يوللۇق
بولسىمۇ، لېكىن كۈيئوغلىنى قېيناتىسىغا چېقىشتۇرۇش خەتەر-
لىك ئىش ئىدى. قۇلاق يوپۇرۇپ يۈرسەك قۇرغاقچىلىقنىڭ زىيىد-
نى تېخىمۇ ئېغىرلاپ كېتەتتى.

مەسلىھەتىمىز پىشمايلا يېزىلىق پارتكومنىڭ ماش رەڭ ما-

شىنىسى كېلىپ يول بويىدا توختىدى. چاڭ ـ توزاڭ بېسىققاندا ماشىنىدىن ئاۋۋال تۇراق شوجى، ئارقىدىن مۇئاۋىن يېزا باشلىقى بولغاندىن كېيىن سەمرىپ، قورسىقى يوملاقلىشىپ قالغان مە-مەت بوسۇغۇ بىلەن يېزىلىق سۇ پونكىتىغا يېڭىدىن كەلگەن باشلىق تۇرامەت قاتارلىقلار چۈشتى. ماشىنا ئىشىكىنىڭ كۆچەپ يېپىلىشىدىن چىققان «جالاق ـ جۇلۇق» ئاۋاز بىلەن تەڭ، ئۆ-رۈك دەرىخىنىڭ ئاستىدا پىتلىنىپ ياتقان بىرنەچچە توخۇ قاقىل-دىغان پېتىچە بوغدايلىققا قاراپ قاچتى. مەن تۇراق شوجىنىڭ ئەلپازىغا قاراپ بىرئاز تەشۋىشلەندىم. لېكىن ئۆزلۈكىدىن كەل-گەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قۇرغاقچىلىق ئەھۋالىنى ئۇلا-رغا كۆرسىتىشنىڭ يەنىلا ئەڭ ياخشى چارە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. چۈنكى، مېنىڭ سۆزلىگەندىن بىر كۆرگەن ئەلا...

بىراق ئېغىز ئېچىشقا ئۈلگۈرمەيلا، يەنە بىر ئاق رەڭلىك مىنىبۇس يېتىپ كەلدى. ئارقىدىن مىنىبۇس ئىشىكى ئېچىل-لىپ، يۈزى خوراز تاجىسىدەك قىزارغان مىراۋۇت بىلەن «كاناي چاقىرى» دىكى ئون نەچچە پىكىرچى دېھقان بىر ـ بىرلەپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ قارىداپ كەتكەن چىرايىغا قاراپلا بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بولغانلىقىنى پەرەز قىلدىم. بىراق، تۇ شوجى بىلەن بۇ ئۇششۇقلار ئارىسىدا زادى نېمە ئىش بولدىكىنە؟...

— ھەممىڭ ئولتۇرۇش!

مەمەت بوسۇغۇنىڭ قەھرلىك بۇيرۇقى بىلەن تەڭ، مىراۋۇت ۋە ئۇنىڭ دېھقانلىرى توپا ئۆرلەپ قالغان شاپتۇللۇق باغدىلا يوكۈندى، ئارقىدىن ۋاسىل تۆمۈرچى بىلەن تۇرسۇن مەتيارمۇ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشتى. مەن تېخىچە نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇراتتىم. تۇراق شوجى ئېرىق بويىدىكى ئاق تېرەكنىڭ ئۈچىنى «قارسىسىدە» سۇندۇرۇپ ئالدى ـ دە، مىرا-ۋۇتنىڭ بېشىغا چېنەپ تۇرۇپ ۋارقىراپ كەتتى:

— نېمىدەپ ئەرز قىلىسەن ـ ھە؟ سۈ تەلەپ قىلغىنىڭمۇ بۇ؟ سەن كالۋا، سۇنىڭ يىگىرمە نەچچە كۈندىن بېرى يېزىمىزدا ئېقمۋاتقىنىنى بىلمەمسەن؟ ناشتاڭغا يوق يېدىڭمۇ ـ ھە؟ كۆزۈڭ كورمۇ سېنىڭ؟ ناھىيە سۇ بەرگەن تۇرسا يەنە سۇ دەۋاسى قىلىپ كىرسەڭ ئەرزىڭ كىمگە تېگىدىغىنىنى بىلەمسەن؟! سەن جىن موللىسى شەيخلەر كىمنى ئۇسسۇلغا سالماقچى ـ ھە؟ مېنىمۇ ياكى مەمەتجان شياڭجاڭنىمۇ؟ گەپ قىلە، ھۇ، بېلى بوش، لاتا غىلاپ!

تۇراق شۇجى قولىدىكى چىۋىق بىلەن مىراۋۇتنىڭ چىمەن-دوپپىسىغا «تارسسىدە» بىرنى سالدى. مەن شۇندىلا مىراۋۇتنىڭ سۇ دەۋاسى قىلىپ ئەرز قىلغانلىقىنى، تۇراق شۇجى بىلەن مە-مەت بوسۇغۇنىڭ ئابدۇقادىر ھاكىمدىن تەنقىد ئاڭلىغانلىقىنى بىل-دىم. قارىغاندا، تۇرسۇن مەتيارنىڭ ئەرز قىلغانلار بىلەن بىرەر باغلىنىشى باردەك قىلاتتى. چۈنكى، ئۇ يېزىغا ئەرز قىلسا ئاقماي-دىغانلىقىنى، ناھىيىگە ئەرز قىلىپ بىللە كىرسە تەسىرىنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا مىراۋۇتقا يول كۆرسى-تىپ قويۇپ، ئۆزى ھېچ ئىش بولمىغاندەك جىمجىت تۇرۇۋالغا-نىدى. مەن ئۇنىڭغا قايىل بولدۇم. گەرچە ئۆزىنىڭ نارازىلىقىنى بىۋاستە دېيەلمىسىمۇ، لېكىن ئامىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئاچچىقىنى چىقارغانىدى. ئەمەلىيەتتە تۇراق شۇجىمۇ كۆپ تەر-گەپ يۇرمەي، بىرنەچچە كۈنلۈك سۇ بېرىۋەتسىلا مەسىلە ھەل بولۇپ كېتەتتى. بىراق، تۇراق شۇجى ھىيلىگەر كۆيئوغلىنىڭ دامىغا چۈشۈپ، ھەق ـ ناھەق تۇيغۇسىنى يوقىتىپ قويغاچقا مىراۋۇتقا توختىماي تىل سالاتتى:

— سەن جىنكەش موللىلارنىڭ ئادەتتە بىلمەيدىغىنىڭ يوق. ئەجەبا، بۇگۈن زۇۋانىڭ تۇتۇلۇپ كەتتىغۇ؟! گاچا بولۇپ قېلىش-تىڭمۇ ـ ھە؟ ھاكىمغا ئاق قۇشقاچتەك ۋىچىرلىغان تىلىڭنى قاغا چوقۇۋەتتىمۇ ياكى يۇرتىنىڭ ئايىغىدا، خەقلەر غۇسلى قىلغان

سۆنی كۆپ ئىچىپ ئەقلىڭدىن كەتتىڭمۇ؟ گەپ قىلە، موخۇ!
بۇ قېتىم چىۋىق دوپپىغا تېگىپ، «قاسسىدە» سۆندی ـ دە،
ئۇچی بىرنەچچە مېتىر يىراققا چاچراپ چۈشتى:

— گەپ قىل دەيمەن، هۇ توخۇ پوقى! گاچا بولۇپ قالدىڭ-
مۇ؟ نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟! ئاڭلا، جىن مولـلىسى خۇمىد-
لار، بۇگۈن سەن خەقنىڭ مەسىلىسىنى هەل قىلمىغۇچە هېچ
يەرگە بارمايمەن. قېنی، گەپ قىل!...

بۇ قېتىمدا چىۋىق مىراۋۇتنىڭ قۇلىقىغا «تارسىسدە» تەگ-
دی. خېلىدىن بېری قىمىرىسىپ، تاتىرىپ ئارانلا تۇرغان مىراۋۇت
بىردىنلا ئورنىدىن سەكرەپ تۇردی ـ دە، تۇراق شۇجىگە تاشلاندى.
دی. سۇ پونكىتىنىڭ باشلىقى تۇرامەت خىزمەت كۆرسىتىش
پۇرسىتىنی چىڭ تۇتۇپ مىراۋۇتنىڭ يەلكىسىدىن كۇچەپ باستى.
مىراۋۇت بولسا تۇرامەتنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن كۇچەپ
تېپىرلايتتى. لېكىن ئورنىدىن تۇرالمايتتى، زەردە بولۇپ بىردەم
كىچىك بالىلاردەك يىغلاپ، بىردەم يولۋاستەك ۋارقىرايتتى:

— مېنىڭ قايسى مەسىلەمنى هەل قىلدىڭلا؟ ئەرز قىلغىنىم-
نىمۇ ياكى هاكىمغا قۇرۇغان بۇغداينى كۆرسەتكىنىمنىمۇ؟ مې-
نىڭ ئارانلا ئىككى مو بۇغدىيىم بار، مۇشۇ خەلقنى دېمىسەم،
«سۇ هەل قىلىمەن» دەپ كۇن بويى چۆرگىلەپ يۈرۈيدىغان
ساراڭمۇ مەن؟ تېخى مېنىڭ مەسىلەمنى هەل قىلامىدىڭلا؟! ئە-
گەر كۆزلىرى كۆرسە، ماۋۇ قۇرۇپ كەتكەن بۇغداينىڭ
مەسىلىسىنى هەل قىلسىلا...

مىراۋۇتنىڭ سۆزلىرى تۈگىمەيلا سۇ پونكىتى باشلىقى تۇرا-
مەت ئۇنىڭ ئاغزى ـ بۇرنىغا بىرنەچچە شاپىلاق ئۇرۇۋەتتى.
ئارقىدىن قىپقىزىل قان مىراۋۇتنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى بويىدى.
ئاردىدا كىمدۇر بىرى كىشىلەرگە قاراپ جېنىنىڭ بارىچە
ۋارقىرىدى:

— سۇ ئىچىدىغانلار، چىقە مەيدانغا!

خېلىدىن بېرى ئاران تۇرغان كىشىلەر بىردىنلا تۇراق شۇجى بىلەن ئۇنىڭ ھەمىراھلىرىغا تاشلاندى. تاماشا كۆرۈۋاتقان قېرىلار، بۇغداي ئېتىزلىرىدىن چۆپ يۇلۇۋاتقان ئاياللار، ھەتتا كىچىك باللارغىچە يەڭلىرىنى تۈرۈپ يۈگۈرۈپ كېلىشتى.

ئەھۋال خەتەرلىك ئىدى. ئەگەر بىرەر كەسكىن تەدبىر بولمىسا، دېھقانلار پارتكوم شۇجىسى بىلەن مۇئاۋىن يېزا باشلىقىنى چالا ئۆلۈك قىلىپ قويىتتى - دە، مۆلچەرلىگۈسىز يامان ئاقىۋەت پەيدا بولاتتى.

مەن كىشىلەر ئارىسىدىن مىراۋۇتنى تارتىپ چىقتىم - دە، ئۇنىڭغا توۋلىدىم:

— مىراۋۇت، ساراڭلىق قىلما. ئادەملىرىڭنى توختات!

مىراۋۇت ماڭا نېمىدۇر دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللەپ تۇرغىنىدا، كىمدۇر بىرى بۇرنۇمغا «گاچچىدە» بىرنى سالدى - دە، كۆزلىرىمدىن ئوت چاقناپ كەتتى. كۆزۈمگە ئاپئاق بوشلۇقتىن باشقا ھېچنەرسە كۆرۈنمەي قالدى. بىراق، قۇلىقىمغا كىشىلەرنىڭ قىلىشقان پاراڭلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى:

— ۋاي ئىسىت، مۇختارنى ئۇرۇۋەتتى.

— كىمنىڭ ئىشى بۇ؟

— مۇشتىنىڭ كۆزى يوق، نېمە قىلىدۇ بۇ ئاداشمۇ ...

— خوپ بولدى، بۇ غالچىغا ...

جېدەل ئاخىر بېسىقتى. مىراۋۇت كۆڭلىكىنىڭ پېشى بىلەن بۇرنۇمدىكى قاننى سۈرتتى. قارىسام، تۇراق شۇجى قورقۇپ ماشىنا كابىنكىسىغا چىقىۋاپتۇ. مەمەت بوسۇغۇ بىلەن سۇ پونكىتىنىڭ باشلىقى تۇرامەت ئارقىدا ئولتۇرۇپ مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپتۇ.

— ئېسىڭدە تۇت، قوڭالتاق تېخنىك، — دېدى تۇراق شۇجى ماشىنا ئەينىكىدىن قولىنى چىقىرىپ، — بۇلار يەنە ئەرز قىلىدىغان بولسا ھېسابىنى سەندىن ئالىمەن...

مىراۋۇت كەتمەننى قولىغا ئېلىپ ماشىنىغا قاراپ ئېتىلدى. باشقا كىشىلەرمۇ بىراقلا يۇگۇردى. بىراق، ئۇلار بارغۇچە ماشىنا توپا ـ چاڭ توزۇتۇپ ئۇچقاندەك كېتىپ قالدى.

شۇ كۈنى كەچتە قان يۇقى كىيىملىرىنى كۆرگەن ئابىدە كۆزلىرىنى ياشلاپ سۆزلەپلا كەتتى:

— نېمە قىلاتتىڭىز خەلقنى توسۇپ؟! سىز قىلالمىغان گەپنى ئۇلارنىڭ قىلغىنى ياخشى ئەمەسمۇ؟! ئەھۋال ئىنكاس قىلسا، مەسىلىنى تۈزەتسە بولمىدىمۇ؟! نېمىدەپ ئادەم ئۇرۇپ، ئۆچ ئېلىپ زەربە بېرىدۇ؟! پارتكوم شۇجىسى خەلققە شۇنداق مۇئامىلە قىلسا باشقىلار قانداق قىلىدۇ؟!

ئەتىسى ئەتىگەندە ئازغان كەنتىگە سۇ كەلدى. سۇدىن كېيىنكى سالقىن شامالدا ئۇسساپ كەتكەن بۇغداي مايسىلىرى ئۇسسۇل ئوينىغاندەك ئىرغاڭلاپ تۇراتتى. بىراق، مەن ئورۇنسىز يېگەن مۇشت ۋە مەمەت بوسۇغۇنىڭ زەھەرلىك كۈلكىسىنى ئەسلەپ يەنىلا ئەلەملىك خورسىنىپ قوياتتىم.

### 3

ماجىرادىن كېيىن مىراۋۇت ئىككىمىزنىڭ جاراھىتى تېزلا ساقىيىپ قالدى. ئوخشىغان بۇغدايلار ۋە خوشاللىقتىن ئاغزى ـ قۇلىقىغا يەتكەن دېھقانلارنى كۆرۈپ ھەممە كۆڭۈلسىزلىكلەرنى بىراقلا ئۇنتۇدۇق. لېكىن، يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى بىلەن مۇئاۋىن يېزا باشلىقىنىڭ كۆڭۈل يارىسى تېخىچە ساقايمىغانىدى. شۇڭا باشلىقنىڭ رايىغا باغلىنىپ قالغان زەمزەم سۇيىمۇ بىر كېلىپ، بىر توختاپ تۇراتتى. شۇنداق ئەھۋالدا ئازغان كەنتىدىكى تۆت مىڭ موچە كېۋەزنى سۇغىرىش ھەقىقەتەنمۇ باش قاتۇرىدىغان قىيىن مەسىلىگە ئايلانغانىدى.

كېۋەزلەر ئۇسساپ ھالىدىن كەتكەن، قاپقارا قولاقلىرى

ساڭگىلاپ تۇراتتى. سۇلياۋ يوپۇقنىڭ ئارىسىدىكى بوش رەتلەر ئاق توپىلاڭ بولۇپ كەتكەنىدى. كېۋەزگە قاراپ خىيال سۈرۈپ تۇرغىنىمدا، قارا كۆك رەڭلىك بىر جىپ ماشىنا يېتىپ كەلدى. ئارقىدىن بىرنەچچە كىشى ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۇدۇللا مەن تەرەپ-كە قاراپ كەلدى. بىر قاراپلا ئۇلارنىڭ ناھىيىلىك سۇ ئىدارىسى ۋە دېھقانچىلىق ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرى ئىكەنلىكىنى تونۇدۇم.

— پاھ، نېمانداق تىمەن مايسىلار بۇ؟! مو بېشىدىن گەپ يوق بىر يۈز كىلوگرام مەھسۇلات چىققۇدەك...

ئۇلار خۇددى مەشۇقىنى ماختىغان يىگىتلەردەك كېۋەز ماي-سىلىرىنى ئەڭ يېقىملىق سۆزلەر بىلەن ماختايتتى. بىراق، بۇنداق قۇرۇق ماختاشلار بىر - ئىككى ھەپتىگە بارمايلا قىممىتى-نى يوقىتىدۇ. چۈنكى، سۇ بولمىسا، ھاياتلىق بولمايدۇ. بەل-كى، مۇشۇنداق تىمەن مايسىلارنى ئۇسسۇتۇپ قۇرۇتۇۋەتكىنىم ئۈچۈن ئەڭ ئاچچىق تەنقىدكە ئۇچرىشىم مۇمكىن. مەن دەر-دىمنى ئۇلارغا ئېيتتىم:

— «چۈجىنى كۈزدە سانا» دېگەن گەپ بار. سۇيىنى ئالالمىساق ياخشى كېۋەزدىنمۇ ياخشى ھوسۇل ئالغىلى بولمايدۇ. ئىسىت، ئەجەب قىينالدۇق...

سۆزۈم تۈگىمەيلا قۇدۇق رېمونتىدا تونۇشقان سۇ ئىدارىسى-نىڭ باشلىقى سەيپىدىن ئاكا ماڭا قاراپ مەنىلىك كۈلدى، ئاندىن غەلىتىلا بىر گەپنى قىلدى:

— سۇ دېگەن يىغلىسىلا كېلىدىغان كىچىك بالىنىڭ كۆز يېشى ئەمەس. قاچان ئېلىش، قاچان ئالالماسلىق پۈتۈنلەي ئادەم-نىڭ ئۆزىگە باغلىق.

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بىردىنلا ئۈمىدلىك ھالدا سورىدىم:

— سەي جۈيجاڭ، ئەگەر مۇشۇ كېۋەزلەرگە سۇ كېلىدىغانلا

بولسا ئاسمانغا چىقىشقىمۇ رازى ئىدىم.

— مۇنداق گەپ، — دېدى دېھقانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇكېرىم سەلەي كۇلۇپ تۇرۇپ، — بىز ھازىر ناھىيىنىڭ كېۋەز پەرۋىشى نەق مەيدان يىغىنىغا نۇقتا تاللاپ يۈرىمىز. قارىساق، بۇ كېۋەزلىرىڭ ھەر جەھەتتىن بولىدىكەن. بىراق، نەق مەيدان يىغىنى دېگەننىڭ تەلىپى يۇقىرى، تەييارلىق ئىشلىرى كۆپ بولىدۇ. شۇڭا سىلەرنىڭ تۇراق رازىق شۇجىمۇ جاپاسىدىن قېچىپ تۇرىدۇ. ئەگەر نەق مەيدان يىغىنى ئاچالىساڭلار، بۇ كېۋەزلەر تەبىئىي ھالدا ناھىيىنىڭ پاختىچىلىق تەجرىبە بازىسىغا ئايلىنىدۇ. ئۇ چاغدا سۇغا سەي جۇيجاڭ، تېخنىكىلىق يېتەكچىلىكتە مەن مەسئۇل بولىمەن. قىيىنچىلىقلىرىڭمۇ بىراقلا تۈگەيدۇ...

بېشىم قاتتى. چۈنكى، ناھىيىنىڭ نەق مەيداندا ئۆلگە كۆرسىتىش تەلىپى بەكلا يۇقىرى ئىدى. بولۇپمۇ بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان بۇ كىشىلەر ئاۋارىچىلىكنىلا كۆرۈپ، پايدىسىنى كۆرمەيتتى. ھەتتا قارشىلىق كۆرسىتىپ، مېنى ئوسال قىلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. بىراق، ياخشى يۇرسەتتىن ۋاز كېچىش بىر يىللىق مول ھوسۇلدىن ۋاز كېچىش ئىدى. شۇڭا نېرۋىلىرىم خېلىلا جىددىيلەشتى. ئاخىرىدا قارامىلىق بىلەن مەيدەمگە ئۇردۇم:

— بولىدۇ، بىز بۈگۈندىن باشلاپ تەييارلىق قىلايلى.

ئۇلار تۇراق شۇجىنى قايىل قىلىش ئۈچۈن يېزىلىق پارتكومغا كەتتى. مەن تۇرسۇن مەتيار بىلەن ۋاسىل تۆمۈرچىلەرنى چاقىرىپ خەۋەرنى يەتكۈزدۈم. دېگىنىمدەكلا ۋاسىل تۆمۈرچى بىرىنچى بولۇپ قارشى چىقتى:

— قاراملىق قىپسىز، بۇ ئاسان ئىش ئەمەس...

ئارقىدىن تۇرسۇن مەتيارمۇ غۇدۇراپ كەتتى:

— جاپادىن تۈگىشىدىغان بولدۇق.

— بولدى قىلىڭلار، — دېدىم مەن قەتئىيلىك بىلەن،
— ئۆزۈڭنى خار قىلىغۇچە كۈچۈڭنى خار قىل دەپتىكەن. ئاشۇ سۇ زومىگەرلىرىگە بويسۇن قىسقۇچە، راسا بىر ئىشلەپ باقمامدۇق؟!

نەق مەيدان يىغىنى ئاخىر ئازغان كەنتىدە ئېچىلىدىغان بولدى. مېنىڭ تەكلىپىم بىلەن بىرىنچى مەھەللە سۇلياۋ يوپۇق-لارنى يىغىشقا؛ ئىككىنچى مەھەللە يوپۇق ئاستىدىكى ئوت - چۆپلەرنى چاناشقا؛ ئۈچىنچى مەھەللە كېۋەزگە ئوغۇت بېرىشكە؛ تۆتىنچى مەھەللە ئوغۇت بېرىلگەن ئېتىزلارنى چۆنەكلەپ، سۇغى-رىشقا مەسئۇل قىلىندى. ۋاسىل تۆمۈرچى ئورمانچى يىگىتلەر بىلەن كېۋەز مايسىلىرىغا بوغۇم قىسقارتىش دورىسىنى چاچىدى-غان، مەن بىلەن تۇرسۇن مەتيار ئومۇميۈزلۈك يېتەكچىلىك قىلىدىغان بولدى. ئۆز ئىشىنى قىلالمايۋاتقان كىشىلەر ئاۋارىچى-لىكلەرنى كۆرۈپ غۇدۇراپ تۇراتتى. لېكىن مېنىڭ چۈشەندۈرۈ-شۇم ۋە تۇرسۇن مەتيارنىڭ تىل - ئاھانەتلىرى بىلەن يەنە جىمىپ قېلىشاتتى.

بىراق، نەق مەيدان يىغىنىنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىدىن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان ئارتۇقچە ئىشلار مېنى جىلە قىلاتتى.
— ھەي تۇرسۇن مەتيار، بۇ ياققا كىلە، ھە لامزەللە ئوغ-رى!

بىرىنىڭ قەھرلىك ئاۋازى ئاڭلاندى. قارىسام، مۇئاۋىن يېزا باشلىقىمىز مەمەت بوسۇغۇ كىشىلەر ئارىسىدا ئوغۇت يۆتكەۋاتقان ياچېيكا شۇجىسىنى تىللاۋېتىپتۇ. مەن قولۇمدىكى ئىشىمنى تاش-لاپ دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا كەلدىم - دە، سىپايىلىك بىلەن سورىدىم:

— مەي شياڭجاڭ، بىرەر ئىش بارمىدى؟
سۆزۈمنى ئاڭلاپلا مەمەت بوسۇغۇ ماڭا مەسخىرىلىك نەزەردە قاراپ قويغاندىن كېيىن سۆزلەپلا كەتتى:

— تولا ئۇستاتلىق قىلما، ئىش بولمىسا مەن كەلسەم بول-
مامدىكەن؟! ئۆزۈڭچە نەق مەيدان يىغىنىنى مەنلا ئېچىۋېتىمەن
دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟ بىراق يۇقىرىغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۇنداق
ئاسان ئەمەس. ماۋۇ شاپ بۇرۇت كالۋا بۇنى بىلمىگىنى بىلەن
مەن بىلىمەن. قېنى ئېيتە، ئېرىقنى قاچان چاپىسەن؟ يولنى
قاچان ئوڭشايسەن؟ ھاكىم ماشىنىدىن چۈشسە ئېتىزغا قانداق
كىرىدۇ؟ ياسىغان كۆۋرۈكلىرىڭ قېنى؟ ئاۋۇ يولدىكى سېسىق
پاخالنى، قۇرۇپ كەتكەن تېرەك شاخلىرىنى قاچان يۆتكەيسەن؟
توپا ئۆرلىتىپ تۇرغان يولغا قاچان سۇ چاچىسەن؟ ياكى ھاكىمنى
توپا ئۆرلەپ تۇرغان يولدىلا ئۆلتۈرەي دەمسەن؟...
مەن تەمكىنلىك بىلەن سۆز قاتتىم:
— يەنە لوزۇنكا ئېسىش، كىچىك شوئار چاپلاش كېرەك.
مەكتەپ بالىلىرىنى يولنىڭ ئىككى چېتىگە قاتار تىزىپ قارشى
ئېلىش كېرەك. يەنە بىر - ئىككى جانلىق سويۇپ قان قىلىش
كېرەك. يەنە...
— بولدى قىل! تولا گەپ يورغىلاتماي گېپىڭنى ئوچۇق
قىل!
مەن ئەمدىلىكتە ئاچچىقىمنى باسالماي قالدىم. چۈنكى، نەق
مەيدان يىغىنى — كېڭەز باشقۇرۇش تەجرىبىسىنى كېڭەيتمەكچى بولۇغان
يىغىن. ھەرگىزمۇ تازىلىق تەكشۈرۈش يىغىنى ئەمەس. لېكىن
شەكىللۋازلىقتا كۆنۈپ كەتكەن بۇ كىشى مېنى مۇناسىۋەتسىز
ئىشلارنى قىلىشقا قىستاپ، ئەمگەك كۈچى جەھەتتە جىددىيچىلىك
پەيدا قىلماقچى ئىدى. بۇ مۇقەررەر ھالدا بىر قولىنى ئون
قىلالمايۋاتقان كادىرلار ۋە ئاممىنى نارازى قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۇس-
تىگە مەمەت بوسۇغۇ مېنى نەق مەيدان يىغىنى ئارقىلىق ئۆزىنى
كۆرسەتمەكچى، دەپ چۈشەنگەنىدى. بۇ، خېلىدىن بېرى مەندىن
ئاغرىنىپ يۈرگەن كىشىلەرگە قىلىنغان قۇتراتقۇلۇق ئىدى. بى-
راق، ئۇنىڭغا ئاچچىقلاش ئەمەلىيەتتە توراق شۇجىگە ئاچچىقلاش

بىلەن باراۋەر ئىدى. شۇڭا ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ قىسقىلا جاۋاب بەردىم:

— خاتىرجەم بولسىلا، شىياڭجاڭ. چاتاق چىقسا مەن بار.

مەمەت بوسۇغۇ بۇنداق جاۋاب بېرىشىمنى ئويلىمىغان بولسا كېرەك. نېمىدۇر دېمەكچى بولدىيۇ، لېكىن گەپنى يۇتۇۋەتتى ـ دە، غەزەپلىك هالدا قولىنى سىلكىدى. ئاندىن موتسىكىلىتىغا مىنىپ يېزا تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك كېتىپ قالدى. ئۇنىڭغا قاراپ خىيال سۇرۇپ تۇرغىنىمدا ۋاسىلىنىڭ قىلغان سۆزى قۇلىقىمغا كىردى:

— چاقىدىغان بولدى ـ دە؟!

مەن بارغانسېرى يىراقلاپ كەتكەن مەمەت بوسۇغۇغا قاراپ ئۆزۈمچىلا مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇدۇم:

چاققاق پىرى مەن ئۆزۈم،
نەسلىم مېنىڭ چاياندۇر.
هەيران قىلىڭ چاقمىسام،
ئەسلىم سىزگە ئاياندۇر...

كېۋەزلىكتە كۆلكە كۆتۈرۈلدى. بىراق «ئون كۆلكىگە بىر يىغا» دېگەن گەپ راست بولسا كېرەك. هايال ئۆتمەيلا، ماش رەڭ جىپ ماشىنا بىلەن يېتىپ كەلگەن تۇراق شۇجى چۇشۇپلا مېنى تىللاپ كەتتى:

— هۇ، هارامزادە تېخىنىك، نىمانداق ئاتكارچى نېمىسەن ـ هە؟ تېخى يېزا باشلىقىغا گەپ ياندۇرغۇدەك بولدۇڭما؟ مەن پارتكوم شۇجىسى تۇرۇپ، «نەق مەيدان يىغىنى ئاچمايمىز» دېسەم، ساڭا كىم قويدى بۇ چوڭچىلىقنى؟! هالىڭغا باقماي پو ئاتىسەن. تەييارلىقنى قىلالماي يەنە گېپىڭ چوڭ. قانداق نېمە سەن؟ ئېسىڭدە تۇت، ئەگەر تەييارلىقنى ياخشى قىلالماي يىغىندا

مېنى ئۇسال قىلىدىغان بولساڭ كەشىڭنى توغرىلاپ، ئەپەندىلى-
كىڭنى قىل ياكى بولمىسا خوتۇنىڭنىڭ كىرىنى يۇي. ئۇقتۇڭمۇ،
ھارامزادە تېخنىك؟!...

غەزەپتىن تىترەپ كەتتىم. چۈنكى ئەمدىلىكتە مەن ئەمەس،
مېنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئاتا - ئاناممۇ ھاقارەتكە قالغانىدى.
ئاچچىقىم بىلەن پارتكوم شۇجىسىغا قاراپ ماڭدىم. بىراق كىم-
دۇر بىرى چاپىنىمنىڭ پېشىنى تارتتى. قارىسام، دېھقانچىلىق
ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇكېرىم ئاكا «جىم تۇر» دېگەن مەنىدە
ماڭا كۆزىنى قىسىپ تۇرۇپتۇ.

تۇراق شۇجى ئاخىر كەتتى. ئېرىق رېمونتى، يول ياساش،
لوزۇنكا چىقىرىش قاتارلىق ئىشلارمۇ تاڭغا يېقىن تولۇق
ئاخىرلاشتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، ئەللىك نەچچە ماشىنىدىن تەركىب تاپقان
ھەيۋەتلىك ماشىنا ئەترىتى قاتار تىزىلغان ھالدا ئازغان كەنتىگە
كىرىپ كەلدى. پارتكوم شۇجىسى تۇراق توختى كېۋەز ئېتىزى-
نىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ ناھىيە مەسئۇللىرى ۋە ئىدارە - ئور-
گان، يېزا - بازار باشلىقلىرىغا يېزىمىزنىڭ ئىلغارلىق تەجرىبە-
لىرىنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى:

— بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق
ھۆكۈمىتى دېھقانلارنى نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇشنىڭ مۇھىم تەدبى-
رى سۈپىتىدە پاختىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى چىڭ تۇتۇپ،
يېزىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن جاپالىق كۈرەش
قىلدۇق...

يىغىن تۈگىگەندە ناھىيە ھاكىمى ئابدۇقادىر ھاشىم قايتىش
ئۈچۈن ماشىنىسىغا چىقتى. مەن خۇددى ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ
قالغان يولۇچىدەك يۈگۈرگەن پېتىم ماشىنىنىڭ ئالدىنى توسى-
دىم. ھاكىم ماشىنىدىن چۈشۈپ سورىدى:

— ھە مۇختار، نېمە گەپ؟

جىددىيلەشكىنىم ئۈچۈن گەپنى قانداق دېيىشىنىمۇ بىلمەيتـ
تىم. يۈرىكىم ھاياجاندىن دۈپۈلدەپ تۇراتتى. تۇراق شۇجى بە-
لەن مەمەت بوسۇغۇنىڭ چىرايى ئېمىشقىدۇ تاتىرىپ كەتكەنىدى.
— سۇ... سۇ بەرگەن بولسىلا...
يىغىلىۋېتىشكە تاسلا قالدىم. ھاكىم مېنىڭ تۇرقۇمغا قا-
راپ، بىر ئاز ئوڭايسىزلانغاندەك بولدى ـ دە، كۆپ سوراپ تۇر-
مايلا جاۋاب بەردى:
— بولىدۇ، سەي جۇجاڭنى ئىزدە!
نەق مەيدان يىغىنىدىن كېيىن ئازغان كەنتىگە يەنە سۇ
كەلدى. كىشىلەرمۇ بايرام شادلىقىغا چۆمدى. سۇنىڭ تۇپراققا
سىڭىشكەن چاغدىكى ھالىتىنى تاماشا قىلىپ تۇرغىنىمدا، سۇ
يۈزىدىن بىر ساقاللىق كىشىنىڭ سېيماسى كۆرۈندى. قارىسام،
يېنىمدا ھېچكىم يوق. ھەيران بولۇپ يەنە سۇغا قارىدىم. شۇندىلا
ئۇ ساقاللىق كىشىنىڭ دەل ئۆزۈم ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئەسلىدە
خىزمەت جىددىيلىكىدە ساقىلىم ئۆسۈپ بوۋايغىلا ئوخشاپ قاپتىـ
مەن. ئۆيگە قايتمىغىنىمغا ئون نەچچە كۈن بولۇپ قاپتۇ. «كې-
ۋەز سۇغۇرىـمەن» دەپ ئايـالىم بىـلەن ئومـاق ئوغـلۇمنىمۇ
ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

4

سەككىزىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قۇمبار يېزىلىق خەلق
ھۆكۈمىتى بىلەن ھەرقايسى كەنتلەر ئوتتۇرىسىدا پاختىچىلىق
ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش بويىچە مەسئۇلىيەتنامە
ئىمزالاندى. نەتىجىدە پاختا مەھسۇلاتىنى دېھقانىنىڭ ئەمەلىي كى-
رىمىگە قارىماي، بەلكى قولىدىكى پاختا سېتىپ بېرىش تالونىغا
قاراپ ئۆلچەيدىغان؛ كادىرلارنىڭ خىزمەت ئۈنۈمىنى شۇ جاينىڭ
ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا

قارىماي، بەلكى پاختا شىركىتى چىقىرىپ بەرگەن ستاتىستىكىغا قاراپ ئۆلچەيدىغان نورمالسىز ۋەزىيەت شەكىللەندى. توختام بى-لەن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىشلەپچىقىرىش جەريانىغا قارىغاندا، قىلچە كاۋاك بولمىغان ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىسى شەكىللەنگەن-دەك كۆرۈنەتتى. بىراق، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىقتىسادىي ئۇنۇم ئىككى قۇتۇپـلاشقان ساختـىتا كۆرۈنۈش ئىدى.

يىغىندا ئوروۇنلاشتۇرۇلغان ۋەزىپىلەر ۋە سىناش تەدبىرلى-رى كاللامدىن ئۆتمىگەچكە ئانچە ئېرەن قىلماپتىمەن. لېكىن ئىككىنچى كۈنى، مۇكاپات ـ جازا ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن چاغدىلا ھەممىمىز جىددىيلىشىپ كەتتۇق. يىغىندا ۋاسىل تۆمۈرچى بى-لەن باشقا بىرنەچچە كەنت مۇدىرى پاختا زاۋۇتى تەمىنلىگەن ستاتىستىكىدا ئارقىدا قالغىنى ئۈچۈن «قۇشقاچ ئوپېراتسىيىسى» قىلـىندى. ئۈچىنـچى كۈنـى يەنـە بىرنـەچچە كەنت مۇدىرى كاچاتلاندى. مەسئۇلىيەتنامە تۈزۈلۈپ بىر ھەپتە بولغان چاغدا، پاختا سېتىپ بېرىش ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق بىر سىياسىي ۋەزىپىگە ئايلاندى. ھەممە كەنتلەردە ستاتىستىكىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن بەس ـ بەستە پاختا سېتىپ بېرىش تالونىنى يىغىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى.

قاپقارا كۆزلەردىن ۋەھىمە ئۈچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى. تۇراق شۇجىنىڭ نەپرەتلىك نەزىرى چۈشكەنلا كىشى كېسەلمەن ئادەمدەك ئارامسىزلىنىپ كېتەتتى، ئەيىبكارلارغا خاس ھالدا كۆزلىرىنى قاچۇراتتى. ئۇلارچە بولغاندا، پارتكوم شۇجىسىنىڭ كۆزىگە قارىمىسىلا پارتكوم شۇجىسىمۇ ئۇلارنى كۆرمەيتتى. بى-راق، كېلەڭسىز گەۋدىلەر يەنىلا ئۇلارنى ئاشكارىلاپ قوياتتى. ئاخىرىدا «چىقە بۇياققا!» دېگەن بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا ئۇلار يەنىلا قارىغا ئېتىش تاختىسى بولاتتى. مۇبادا بىرەرى بېسىمدىن قورقۇپ خىزمەت تاشلىسا، شۇ كۈنىلا يېزىلىق ئىقتىساد باشقۇ-

روْش پونكىتى ئۇنىڭ خىزمەت تارىخىدىكى بارلىق ھېساباتنى تەكشۇرۇپ تېخىمۇ زور بالاغا تىقاتتى. شۇڭا ھېچكىم قارشىلىق كۆرسىتىشكە جۇرئەت قىلالمايتتى.

بەشىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئازغان كەنتىدىمۇ پاختىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش بويىچە سەپەرۋەرلىك چوڭ يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا پاختا سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسى پاختا تېرىلغۇ پىلانىغا ئاساسەن دېھقان ئائىلىلىرىگە ئەمەلىيلەشتۇرۇلدى. پاختا تالونىنىڭ باشقا كەنتلەرگە كېتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن زاۋۇتتا ۋە كەنتتە تالون يىغىدىغان كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇردۇق. پاختىنىڭ تالون چىقىرىپ بېرەلمەيدىغان ھايانكەشلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، سېتىپ بېرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىدىغان گۇرۇپپا قۇرۇپ ۋاسىل تۆمۈرچىنى مەسئۇل قىلدۇق. ۋاسىل كەنت تراكتورىنى ھەيدەپ ھەر كۈنى زاۋۇتقا پاختا توشۇيدىغان بولدى. بىر ھەپتىگە قالمايلا ھەممىلا جايدا سان - سىفىر بىردىنبىر ئۆلچەم قىلىنغان پاختىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى.

ئەمدىلا ئۇخلاي دەپ تۇرۇشىمغا دەرۋازا ئەنسىز داراقلاپ كەتتى. سىرتقا چىقسام ئاباس ئاق قاشقىنىڭ نوختىسىنى چىڭ تۇتقىنىچە ھاسىراپ تۇرۇپتۇ. تەرلەپ كەتكەن ئاق قاشقىنىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرىمۇ بىر كېڭىيىپ، بىر تارىيىپ تۇرۇپتۇ. ئاباسنىڭ ئاق قاشقىنى مىنىپ كەلگىنىگە قارىغاندا، بىرەر جىددىي ئىش يۈز بەرگەندەك قىلاتتى.

— نېمە ئىش؟

— پاختا ھايانكەشلىرىنى تۇتتۇق.

— نەدە؟

— «قىزىل سايدا» ...

ئەگەر بۇ قېتىمقى ھايانكەشلىكنى توسۇپ قالالمىساق كېيىنكى ھايانكەشلىك قىلمىشلىرىنى توسيالمايتتۇق.

شۇڭــا نېرى ـ بېرىسىنى ئويلاشمايلا دەرھال سىرتقا قاراپ ماڭـ
دىم.

— توختاپ تۇرۇڭ!

قارىسام ئابىدە ئوغلىمىزنى كۆتۈرۈپ ئارقامدىن چىقىۋېتىپـ
تۇ. شۇنىڭدىلا ئۇنىڭ مەندىن خاتىرجەم بولالماي ئارقامدىن ئەـ
گىشىپ چىققانلىقىنى سەزدىم. ئۇنىڭ كىچىك بالىدەك ئەنسىز
ھالىتى كۆلكەمنى قىستىغان بولسىمۇ، لېكىن ئايالىم بولۇش
سۈپىتى بىلەن قىلىۋاتقان بۇ قىلىقى قەلبىمدە سۆيۈنۈش تۇيغۇلىـ
رىمنى قوزغىدى. شۇنداقتىمۇ بىرمۇنچە ۋەدە بېرىپ ئۇنى خاتىرـ
جەم قىلدىم ـ دە، دەرھال يېزىلىق قوراللىق بۆلۈمگە باردىم.
ئىككى ئامانلىق ساقلاش خادىمى بىلەن «قىزىل ساي»غا يېتىپ
بارغىنىمدا، بىرەر يۈز مېتىرچە يىراقلىقتا تۇرغان بىر ئۈزۈن
كوزۇپلۇق ماشىنا كۆرۈندى. ئارقىدىن بىرىنىڭ ۋارقىرىغان ئاـ
ۋازى ئاڭلاندى:

— ئۇرۇڭلار بۇ ھارامزادىنى!

قارىسام بىرنەچچە كىشى بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىپ ـ سوـ
قۇپ، ئوپۇر ـ توپۇر بولۇشۇپ تۇرۇپتۇ. مەن ئەھۋالنىڭ چاتاقـ
لىقىنى پەملەپ بار ئاۋازىم بىلەن قاتتىق ۋارقىرىدىم:

— توختاڭلار!

سۆزۈم تۈگىمەيلا تونۇشلا بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

— كىم؟

ئارقىدىن بىرنەچچە قولچىراغ يۈزۈمگە توغرىلاندى. مەن
يۈزۈمگە قولچىراغ تۇتقاننى كاچات بىلەن ئۇرغاندىنمۇ بەتتەر
يامان كۆرەتتىم. بىراق، ئۇلار يەنىلا چارۋا بازىرىدا مال كۆرۈـ
ۋاتقاندەك قولچىراغ نۇرىدا مېنى تاماشا قىلماقتا ئىدى. قولچىـ
راغنىڭ «پال ـ پۇل» قىلىپ تۇرغان ئۇزۇك نۇرىدا بىرىنىڭ
دىقماق گەۋدىسى كۆرۈندى. قاراپلا تونۇدۇم. ئەسلىدە ئۇ ئازغان
كەنتىدىكى ئەخەت بولۇپ، بىرنەچچە قاۋۇل يىگىتلەر بىلەن ۋاـ

سىل تۆمۈرچىنى ئارىغا ئېلىپ ئۇرماقچى بولۇۋاتقانىكەن. ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا ئۇ توختى سوپۇرگىنى چانىۋېتىپ قېچىپ كەتكەن، كېيىنكى يىلى ئېھاتە ئورمىنىغا سۇ تۇتقاندا يەنە ئادەم توپلاپ ۋاسىلنى ئۇرغانىدى. گەرچە شۇ قېتىمقى جېدەلدە مەن ئۇنىڭ ئەدىپىنى راسا بەرگەن بولساممۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئارقامدىن گەپ تارقىتىپ يۈرەتتى. بۇ قېتىم يەنە تار يولدا ئۇچراشقان رەقىبلەرگە ئايلانغانىدۇق. شۇڭا مەن ھەمىشە باشقىلارنىڭ كۆچىگە تايىنىپ نوچىلىق قىلىدىغان ئەخمەتكە يەنىلا قاتتىق ۋارقىرىدىم:

— قېنى، ئەمدى ئۇرە!

ئەخمەت بىلەن ئۇنىڭ شېرىكلىرى بىردىنلا يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك بوشاپ كەتتى. چۈنكى، ئۇلار مەن بىلەن يېنىمدا تۇرغان قوراللىق بۆلۈم خادىملىرىنى تونۇپ قالغانىدى. لېكىن بۇ بىر ۋاقىتلىق ئەھۋال بولۇپ، قىنىغا پاتماي يۈرگەن ئەخمەت بۇرنىغا يېمىگۈچە زادىلا بولدى قىلمايتتى. شۇڭا مەن ئەخمەتنى تېخىمۇ قىستاپ كەلدىم:

— قانداق، ئەخمەت؟ ۋاسىل بىلەن تۇتۇشۇپ باقامسەن؟

— كېلە، ئەخمەت، — دېدى ۋاسىل تۆمۈرچىمۇ چاپىنىنى سېلىپ تاشلاپ، — سەندىن قېچىپمۇ قۇتۇلغىلى بولمىدى. ھەمىشە مۇشۇنداق قاملاشمىغان چاغلاردا دوقۇرۇشۇپ قالدۇق. بوپتۇ، دادامنىڭ قېنى، ئانامنىڭ سۈتى. چىقە، چاپاق!

ئادەتتە بىرەرى ئەخمەتنىڭ «چاپاق» دېگەن لەقىمىنى تىلغا ئالسىلا جېدەل چىقماي قالمايتتى. ۋاسىل تۆمۈرچىمۇ ئەخمەتنىڭ پۇرسەتپەرەس مىجەزىنى بىلگەچكە، بۇ قېتىم ئۇنى چىڭ يەردىن تۇتقانىدى. بىراق، ئويلىمىغان يەردىن ئەخمەت بولسا ۋاسىل تۆمۈرچىگە يېلىنىشقا باشلىدى:

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن تۆمۈرچى؟ ھەممىمىز بىر كەنتتىن تۇرۇپ ئۇرۇشۇپ يۈرەمدۇق؟...

— ئاغزىڭنى يۇم! — دېدى ۋاسىل ئۇنىڭ كۆزىگە قولىنى
چېنەپ تۇرۇپ، — بىز كېيۋەزگە ئىشلىگەندە سەن نەدە قالغان-
تىڭ؟! ئەجەب پاختا ساتىدىغان چاغدا تۇرالماي قاپسەنغۇ؟!
باياتىن بېرى نوچىلىق قىلىپ قىنىڭغا پاتماي يۈرەتتىڭ. ئەمدى
ئەجەب قائىدە سۆزلەپ قاپسەنغۇ؟! بولدى، تولا ھىيلىگەرلىك
قىلماي چىقە مەيدانغا!...

— مۇختارجان، بىز مۇشۇنداق دېيىشەمدۇق؟! ھەممىسى
پاختا ئۈچۈنغۇ؟! بوپتۇ، سىلەر رەنجىگەن بولساڭلار پاختىنى
كەنتكە سېتىپ پۇلىنى مەن ئالاي، قانداق؟

باشقىلارمۇ ئارىغا چۈشۈپ ئارقا - ئارقىدىن سالا قىلىشقا
باشلىدى. ئەخەتمۇ پىلە قۇرتىدەك يۇمشاپ كەتكەن بولۇپ،
يالغان - ياۋىداق ۋەدىلەرنى ياغدۇرۇۋەتتى. بىزمۇ ئورۇنسىز
جېدەللىشىپ يۈرمەي، ئۇلار بىلەن يېڭىسباغ پاختا زاۋۇتىغا
كەلدۇق.

تاڭ يورۇمىغان بولغاچقا زاۋۇت دەرۋازىسىمۇ ئېچىلمىغان-
دى. كېچىچە دەتالاش قىلىپ مەنمۇ بەكلا چارچاپ كەتكەن ئىدىم.
شۇڭا كوزۇپقا «لىققىدە» بېسىلغان پاختىنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈمنى
تاشلاپ ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن. بىر چاغدا بەدىنىم قىزىپ ئويغىنىپ
كەتتىم. قارىسام، كۈنمۇ ئارغامچا بويى ئۆرلەپ قاپتۇ. پاختا
بېسىلغان ھارۋا - تراكتورلارمۇ زاۋۇت دەرۋازىسى ئالدىغا ئۆچى-
رەت بولۇپ تىزىلىپ كېتىپتۇ.

— نېمانداق غەرەز ئۇقمايسىز؟! پاختىڭىز ھۆلكەن دەپ
نەچچە قېتىم دېدىمغۇ سىزگە؟!

پرىيومچىك قىزنىڭ قوپاللىقى ئۈچۈن غەزەپلەندىم. چۈنكى
پىژغىرىم ئىسسىقتا ئۇسساپ ھالىم قالمىغانىدى. مەنلا ئەمەس،
كەنت شۇجىسى تۇرسۇن مەتيار بىلەن كەنت باشلىقى ۋاسىل
تۆمۈرچىلەرمۇ ئۇسساپ كەتكەنلىكتىن لەۋلىرى گەز باغلاپ كەت-
كەنىدى. ئەمەلىيەتتە، يۈز مېتىرلا ماڭساق دوغ دۇكىنىغا چىقات-

تۇق. لېكىن، بىز سۇ ئىچىپ كىرگۈچە بىرەر خالتا پاختا يوقاپ كەتسە، يەنە ئەخەت بىلەن جېدەللىشىپ قالاتتۇق. شۇڭا ھېچ يەرگە مىدىرلىيالماي پاختىلارغا قاراپ ئولتۇراتتۇق. گەرچە كۆڭ غەربكە قىيسايغان بولسىمۇ، لېكىن پرىيومچىكلار قېرىشقاندەك پاختىنىڭ دەرىجىسىنى بېكىتىپ بەرمەي بىزنى قىيىنماقتا ئىدى.

— مۇختارجان، — دېدى ئەخەت ھىجىيىپ، — پاختىنى مەن ساتاي. تالونىنى سىلەر ئېلىڭلار. يەنە كەنتكە ئۈچ مىڭ جىڭ پاختا سېتىپ بېرەي! لېكىن پاختا سېتىشۋالغان پۇللىرىمنى مۇ-سادىرە قىلىۋەتمەڭلار بولامدۇ؟

مەن زاۋۇت سەيناسىدىكى كىشىلەرگە قاراپ ئويلىنىپ قال-دىم. ئىشتىن چۈشىدىغانغا ئاز قالغان بولسىمۇ، لېكىن بىرمۇ كىشىنىڭ پاختىسىغا دەرىجە بېكىتىلمىگەنىدى. شۇڭا كىشىلەر پاختىلىرىنى يەرگە تۆكۈۋېتىپ، خالتىلىرىنى سايىۋەن قىلىپ مۈگدەپ يېتىشاتتى. كىچىك باللار تاقەتسىزلىك بىلەن چىرقى-راپ يىغلىشاتتى. ياشانغان كىشىلەر پرىيومچىكلاردىن زارلىناتتى. بەزىلەر ئۇلارغا چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ يېلىناتتى. بى-زەڭ چىۋىنلار تىنىمسىز گىڭشىلداپ ئۇيقۇغا كەتكەنلەرنىڭ ئارامى-نى بۇزۇپ تۇراتتى. ئەسلىدە ئەخەتنىڭ ھايانكەشلىك قىلىدىغان مەبلىغىنى بىرمەھەل توڭلىتىپ قويۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ پاختا ئەتكەسچىلىك قىلمىشىنى توسۇشنى ئويلىغان ئىدىم. بىراق، پاختا سېتىپ پۇل تېپىشمۇ ئۇنچە ئاسان ئەمەس ئىكەن. قاتناش جاپاسى، ئۆچىرەت ساقلاش، پرىيومچىكلارنىڭ ياخشى - يامان گەپلىرىگە ۋە ئىسسىققا چىداش كېرەك ئىكەن. ئۇنداق بولمىغا-نىدا يىل بويى كېۋەز ئېتىزىدا قىينىلىپ يۈرگەن دېھقانلار پۇل تاپىدىغان بۇنداق ياخشى پۇرسەتنى ھەرگىزمۇ ئەخەتكە ئوخشاش ئاق نانچىلارغا ئاسانلا بېرىۋەتمىگەن بولاتتىكەن...

— ماقۇل دەيلى.

تۇرسۇن مەتيارنىڭ سۆزلىرى خىيالىمنى بۆلدى. ئەمەلىيەت-

ته ئەخەتمۇ بۇ پاختىنى زاۋۇتتىكى ئاۋارىچىلىكتىن قاچقان كىشى-
لەرنىڭ رازىلىقى بىلەن سېتىۋالغان بولۇپ، پەقەت پرىيوم قىلى-
دۇرۇش، كىرا ھەققى ۋە تاغار يۇدۇش قاتارلىق ئاۋارىچىلىكلەر
بەدىلىگە ئازراق پايدىغا ئېرىشەلەيتتى. لېكىن، پاختا ئېلىپ -
سېتىش ھايانكەشلىك قىلمىشى بولۇپلا قالماي، يەنە تالون ئارقى-
لىق مەھسۇلات ئۆلچەيدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىسىنى قالايى-
مىقانلاشتۇرۇپ، ئاخىرىدا يەنىلا ساختىپەزلىك قىلمىشلىرىنى
كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. شۇڭا مەقسەتنى ئېنىق ئېيتتىم:

— بولىدۇ، بۇ پاختاڭنى ئۆزۈڭ سات! لېكىن پۇلىنى
ھايانكەشلىككە دەسمايە قىلماسلىقىڭ ئۈچۈن بانكىغا يۆتكەپ سې-
نىڭ نامىڭدا مۇددەتلىك ئامانەتكە قويىمىز. ئەگەر كەنتتە پاختا
ھايانكەشلىكى چىقمىسا، يەنە كەنتنىڭ دۆلەتكە پاختا سېتىپ
بېرىش ۋەزىپىسى ئورۇندالسا پۇلۇڭنى بېرىمىز. ئۇنداق بولمىسا
پېشانەڭدىن كۆر!

دەرۋەقە، يېرىم سائەتكە قالمايلا ئەخەت پاختىنىڭ پرىيوم
نەتىجىسىنى ئەكەلدى. قاراپ بەكلا ھەيران قالدىم. چۈنكى،
تولۇق بىر كۈن ساقلاپ ساتالمىغان پاختا ئەخەتنىڭ قولىدا يېرىم
سائەتكە قالمايلا پۇلغا ئايلانغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەتمىش نەچ-
چە خالتا پاختىنىڭ بىرەر خالتىسىنىمۇ تەكشۈرمەي، دەرى-
جىسىنى بۇنداق يۇقىرى بېكىتىپ بېرىدىغان ئىشنى زادىلا
كۆرمىگەنىدىم.

ھەممىمىز ئەخەتنىڭ شېرىكلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭ
پاختىلىرىنى يۇدۇپ، تارازىچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ ئىسكىلاتقا
تۆكتۇق. كۆككە تاقاشقان ئاپئاق پاختا دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە يۈز
نەچچە جىڭ ئېغىرلىقتىكى پاختا خالتىسىنى يۇدۇپ چىقىش راستى-
تىنلا قىيىن ئىكەن. شۇنداقتىمۇ پاختا دۆۋىسىگە قويۇلغان شو-
تىنى بويلاپ قارا تەرگە چۈمۈلگەن ھالدا ئاران چىقتىم. ئىشلىرى-
مىزنى تۈگەتكەندە پۈتۈمنى يۆتكىگىدەكمۇ ھالىم قالمىغانىدى.

بىراق، يەنىلا خۇشال ئىدىم. چۈنكى، بۈگۈن ئازغان كەنتىنىڭ نامىدا ئۈچ ـ تۆت مىڭ جىڭ ئەتراپىدا پاختا سېتىلغان بولۇپ، ھېچبولمىغاندا بىرەر ـ ئىككى ھەپتىگىچە تۇراق شۆجىنىڭ تەنقىدىدىن قۇتۇلغانىدۇق. ئىشلارنى تۈگىتىپ ئەمدىلا زاۋۇت ئالدىغا چىقىشىمىزغا ئالدى تەرەپتىن قىيا ـ چىيا كۆتۈرۈلدى. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى شۇ تەرەپكە قاراپ يۈگۈرمەكتە ئىدى. كىشىلەر توپى بىلەن يول بويىغا چىقىپ قاپتىمەن. قارىسام، بىر دۆۋە پاختا لاۋۇلداپ كۆيۈپ تۇرۇپتۇ:
— ھۆلكەن، ھۆلكەن دەيدۇ. ساتمىساق پاكەن دەيدۇ. ئوت ياقسا، كۆيگەن نەرسىمۇ ھۆل بولامدۇ؟! ھا... ھا... ھا...

بىر بوۋاي كىشىلەرگە قاراپ تەلۋىلەرچە كۈلەتتى، توختىماي سۆزلەيتتى. بىراق، ئەمدىلا ئالتە ـ يەتتە ياشلارغا كىرگەن بىر بالا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان پاختىغا ئۆزىنى ئېتىپ ھۆركىرەپ يىغلايتتى. كىشىلەرنىڭ ئوتنى ئۆچۈرۈپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ يېلىناتتى. كىشىلەر چېلەك، داس قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن كۆيۈۋاتقان يالقۇنغا سۇ چاچاتتى. بىراق، قىپقىزىل ئوت يالقۇنى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقاتتى. تۇيۇقسىزلا ئوت ئۆچۈرۈش سىگنالى چېلىندى. ئارقىدىن كىشىلەرگە پەرۋاسىزلىق بىلەن ھومىيىپ يۈرىدىغان پرىيومچىكلارنىڭ ھەممىسى چېلەك، سوپۇرگە قاتارلىق نەرسىلەرنى كۆتۈرگىنىچە يۈگۈرۈپ چىقىشتى.
تولا يىغلاپ ھالىدىن كەتكەن بالا ئوت يالقۇنىدىن بىرنەچچە مېتىر يىراقتىلا ئولتۇرۇپ قالغانىدى. تېخىچە ھۆركىرەپ يىغلايتتى. بوۋاي يەنىلا كىشىلەرگە قاراپ كۈلەتتى، ساراڭدەك توختىماي سۆزلەيتتى، بىراق كۆزلىرى ياشلانغانىدى.
— بىر كۈن قۇرۇتسىمۇ ھۆل بولسا ئوت قويسا قۇرۇيدۇ. ھا... ھا... ھا...

بوۋايغا قاراپ ئىختىيارسىز ھالدا ئارامسىزلىنىپ كەتتىم.

كۆيۈۋاتقان پاختىنىڭ ئاچچىق ئىس - تۈتەكلىرى دىماغلىرىمنى ئېچىشتۇرغان بولسا كېرەك. تۇرسۇن مەتيارمۇ ئاق شاپاق دوپپىد-سىنى قولىغا ئېلىپ تىنىمسىز مۈجۈيتتى. پات - پات ئازابلىق ئىڭرايتتى. ۋاسىل تۆمۈرچى ئوت ئۆچۈرۈۋاتقانلارغا قاراپ تۇر-غان كىشىلەر ئارىسىدىن ئۆتۈشكە ئۇرۇنۇپ باقاتتى. لېكىن، تاماشا كۆرۈۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدىن چىقالماي تىت - تىت بولات-تى. زەردە بولغىنىدىن گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى چىشلەيتتى.

5

پارتكوم شۇجىسى تۇراق رازىق يېزىنىڭ ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا دوكلات بېرىۋاتاتتى:

— بىز بۇ يىل ناھىيىلىك پارتكومنىڭ توغرا رەھبەرلىكى، يېزىمىزدىكى ئون سەككىز مىڭدىن ئارتۇق خەلق ئاممىسىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىلىق پاختىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا يېڭى رېكورت ياراتتۇق. خەلقنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئارزۇسىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئەمەلگە ئاشۇردۇق. مەن بۇ مۇناسىۋەت بىلەن يېزىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە خەلق ئاممىسىدىن سە-مىمىي ھال سورايمەن ۋە سىلەرگە چەكسىز مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن!

زالدا گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى كۆتۈرۈلدى. بىراق، ئىختىيارسىز يۈرىكىمنىڭ بىر يەرلىرى ئېچىشقاندەك بولدى. ئەلەملىك كەيپىياتتا ئۆزۈمچىلا قىمىرلاپ كەتتىم. قارىسام، يېزا باشلىقىمىز ئېلى موللەكمۇ چايدان، كىرلىك قاتارلىق مۇكاپات بۇيۇملىرىغا قارىغىنىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپتۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ خىيالى ماڭا ئايان. چۈنكى، ئۇ پاختا كۆرسەتكۈچىنى ئورۇنداش ئۈچۈن يېزا ۋە كەنت مالىيىسىدىن تالون سېتىۋېلىشقا

خەجلەنگەن پۇللار ئۇچۇن ئىچىنىپ يۈرەتتى. كەنت كادىرلىرى-
مىز بولسا ۋەزىپە ئورۇنداشنىڭ يېڭى يولىنى تاپقانلىقى ئۇچۇن
خۇشال ئىدى. ھەممىدىن بەكرەك خۇشال بولۇۋاتقىنى يەنىلا
مۇئاۋىن يېزا باشلىقىمىز مەمەت بوسۇغۇ ئىدى. ئۇ بىر تەرەپ-
تىن، تۇراق شوجى ئاجرىتىپ بەرگەن نەچچە يۈز مىڭ يۈەن پۇل
بىلەن تەشكىللىك ھالدا پاختا ئەتكەسچىلىكى قىلىپ نۇرغۇن
شېرىنكانە تاپقانىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزى مەسئۇل بولغان
بىرنەچچە كەنتنىڭ ھەممىسىدە پاختا مەھسۇلاتى ئاشقانلىقى ئۇچۇن
نەچچە مىڭ يۈەن مۇكاپاتقا ئېرىشكەنىدى. يۇلغۇنجاي، بورىچى
قاتارلىق بىر قىسىم كەنتلەرنىڭ كادىرلىرى بانكىدىن قەرز ئې-
لىپ تالون سېتىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرىدا يەنىلا پاختا
ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالماي ھەم كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى قۇرۇ-
تۇۋەتكەن، ھەم يىللىق مۇكاپاتتىن قۇرۇق قالغان بولغاچقا،
ئىچى ئاچچىق بولۇپ زادىلا ئۇلتۇرالماي قالغانىدى. بىراق،
تۇراق شوجى بىرىنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىرى سىرتقا چىقىپ
كېتىۋاتقان كەنت كادىرلىرىغا قاراپ بىردىنىلا ئاچچىقلىنىپ
كەتتى:

— ھۇ قوڭالتاق مۇدىر، يېرىم سائەت بولماي ئىشتان
بېغىڭنى قولتۇقلاپ نەگە بارىسەن - ھە؟ مېنىڭ گېپىم ئىچىڭنى
سۈرۈۋەتتىمۇ؟ مەن شۇنداق سوغۇق كېلىدىغان گەپ قىلدىممۇ؟
... ھۇ، لاتا غىلاپ مۇدىر...

تۇراق شوجىنىڭ ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن ھاقارەت سۆزلى-
رى بىلەن ئىختىيارسىز ھالدا ئىككى ئاينىڭ ئالدىدىكى بىر
ئىشنى ئېسىمگە ئالدىم.

10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى. نۇرغۇن كەنتلەر يىل
بېشىدا كېۋەز ئېتىزلىرىنىڭ مەھەللىۋى ئوغۇتىغا سەل قارىغانلى-
قى ئۇچۇن ئۇششۇك ماڭغۇچە تولىمۇ ئاجىز كېۋەز مايسىلىرى
سويغان پىيازدەك ئېچىلىپ قالغان بولۇپ، ئېتىزدىكى زاپاس

پاختىلار ئاخىرلىشىپ، شادىلاردىن باشقا ھېچنېمە قالمىغانىدى. بىراق ئازغان كەنتىدە كېۋەز ئوغۇتى تولۇق ئەمەلىيلەشكەنلىكى ۋە ئۇدا بەش قېتىم بوغۇم قىسقارتىش دورىسى چېچىلغانلىقى ئۈچۈن ھەربىر تۈپ كېۋەزدە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يەنىلا ئۈچ ـ تۆت داندىن غوزا بار ئىدى. مەن 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىسىدىلا ئۇششۇك ماڭغاندىن كېيىنكى سوغۇق تېمپېراتۇرىدا غوزىنىڭ ئېچىلمايلا سېسىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ يوپۇرماق چۈشۈرۈش دورىسى چېچىپ، غوزىلارنىڭ قۇياش نۇرىغا بولغان ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلغانىدىم. شۇڭا ئازغان كەنتىنىڭ پاختىلىرى ئېتىزدىمۇ، زاۋۇتتىمۇ ئوخشاشلا كۆپ بولۇپ، كەنت كادىرلىرىمۇ، دېھقانلارمۇ بەكلا خۇشال ئىدى. بىراق، باسقۇچلۇق پاختا سېتىپ بېرىش خۇلاسە يىغىنىدا خۇشاللىقلىرىمىز خاپىلىققا ئايلاندى.

شۇ كۈنى ۋاسىل ئىككىمىز ئوتتۇز نەچچە ئائىلىلىك دېھقاننىڭ ئىككى يۈز نەچچە خالتا پاختىسىنى پىرىيومدىن ئۆتكۈزگەنىدۇق. بىراق، ئەتىسى ئەتىگەندە زاۋۇتتىن كەلگەن ستاتىستىكىدا بۇ پاختىلارنىڭ ھېساباتى يوق بولۇپ چىقتى. ئەكسىچە، مەمەت بوسۇغۇ نۇقتىدا تۇرغان كەنتلەرنىڭ پاختا ستاتىستىكىسى خېلىلا كۆپ بولۇپ، بىرەر خالتىمۇ كېۋەز ساتمىغان كەنتلەرنىڭمۇ نەچچە يۈز جىڭ ھېساباتى تۇراتتى. جىلە بولۇپ تۇرغىنىمدا تۇراق شۇجى ئادەت سۆزلىرى بىلەن مېنى قاتتىق تىللاپ كەتتى:

— ھۇ، قوڭالتاق تېخنىك، يىل بويى كېۋەز ئوغۇتلايمەن دەپ يەرگە نۇرغۇن پۇلنى كۆمۈۋەتتىڭ. قېنى ئۇ ئوغۇتلار؟ قېنى شۇ پاختىلار؟ چاشقان كامىرىغا كىرىپ كەتتىمۇ؟ ياكى ئوغلۇڭنىڭ تېگىگە كۆرپە قىلىۋەتتىڭمۇ؟ نېمىشقا تېخىچە يەتمىش پىرسەنتتىن ئاشالمايسەن؟ «موزاينىڭ يۇگۇرۇشى سامانلىقىچە» دېگەندەك، سەنمۇ شۇنچىلىك نەرسىمىدىڭ؟...

زادىلا چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. چۈنكى، قىلچە ئەمەلىيەت

ئاساسى بولىۋاتقان مۇكاپات بىلەن جازا، تەقدىرلەش بىلەن تەنقىد مېنىڭ قۇملۇقتا بىخلانغان غايىلىرىمگە ۋە ھەق - ناھەق ئېنىق ئايرىلغان كىشىلىك قىممەت قاراشلىرىمغا ئەجەللىك زەربە بولغا-نىدى. يۈتكىلىپ كەلگەن بىرنەچچە يىلدىن بېرى قۇملۇقتىكى بۇ خىلۋەت زېمىننى كۆكەرتىش يولىدا ئىزچىل تىرىشتىم. تۆت يىل ئىچىدە كەنت ئەتراپىغا ئون نەچچە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئىھاتە ئورمىنى سالغۇزدۇم. كەنت كوللېكتىپ جۇغلانمىسىنى يۈز مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، ئەسلىدىكى قەرزدار كەنتنى يىلىغا ئەللىك مىڭ يۈەندىن كوللېكتىپ جۇغلانمىسى بار كەنتكە ئۆزگەرتتىم. قىش-لىق بىكارچىلىق بىلەن يازدىكى كەلكۈن سۈيىدىن پايدىلىنىپ ئىككى مىڭ مودىن ئارتۇق سالا ئېتىز بەرپا قىلدىم. ھازىر دېھقانلارنىڭ قول ئەمگىكىنىڭ ئورنىنى تراكتور مەشغۇلاتى ئېلىپ، كىشىلەر بوش ۋاقىتلىرىدا قوشۇمچە كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنالايدىغان بولدى. يەرلىك ئېسىل مېۋە سورتلىرى بىلەن ئۆزگەرتىلگەن باغلار، كۆلەملەشكەن قوغۇن - تاۋۇز ئېتىزلىرى ۋە ئائىلىلەردىكى كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىۋاتقان مەكىت چوڭ قۇيرۇقلۇق قويلىرى مېنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشقا باشلىغان چۈش-لىرىم ئىدى. بىراق، كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ كېتىۋاتقان ئورۇنسىز تەنقىد بىلەن يوشۇرۇن چەتكە قېقىش مېنىڭ تاقەت قاچامنى توشقۇزغانىدى.

ئورنۇمدىن قانداقلارچە تۇرغىنىمنى بىلمەيمەن، ئاچچىقىم بىلەن يىغىن زالىدىن چىقىپ كېتىۋاتقىنىمدا تۇراق شۇجىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھۇ، ساراڭ تېخنىك، نەگە بارىسەن؟ ئولتۇر جايىڭدا!

— زاۋۇتقا بارىمەن! ئاقماس تالون يازىدىغان خومسىلارنىڭ كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتىمەن!

تۇراق شۇجى «مېنى مۇنداق گەپ قىلىدۇ» دەپ ئويلىمىغان بولسا كېرەك، تۇيۇقسىز ئاچچىقلاپ كېتىشىم بىلەن ئۇ گاڭگى-

راپ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى. ئادەتتە يىغىنلاردا ئۇخلاپلا
چىقىدىغان كەنت كادىرلىرىمۇ پارتكوم شۇجىسىنىڭ ئالدىدا قىلا-
لىغان يۇرەكلىك سۆزلىرىم ئۇچۇن چۆچۈپ كېتىشكەنىدى. ھەم-
مەيلەن ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قارىشىپ تۇراتتى.

— نېمە؟ تا... تالون دېدىڭمۇ؟ قايسى تالون؟

تۇراق شۇجىنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا مەن ئالدىن يىغىپ تەييار-
لاپ قويغان ئۈچ مىڭ ئىككى يۈز جىڭ پاختا تالوننى تۇراق
شۇجىنىڭ ئالدىغا قويدۇم. زالدا كادىرلارنىڭ غۇدۇرىغان ئاۋاز-
لىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

— ئەسلىدە تالونى بار ئىكەنغۇ؟!

— ئەمەلىيەتتە ئازغان كەنتنىڭ ساتقان پاختىسى ھەممىدىن
كۆپ.

— نېمىشقا سانى ئازلاپ كەتتىكىنا؟

— شۇ ئەمەسمۇ؟

— ساننى بىرى ئوغرىلاپ كەتكەن گەپ...

تۇراق شۇجى قولۇمدىكى تالونلارغا قاراپ دەسلەپتە ماڭا
ھۈرپەيدى. بىراق، مەن ئۇنىڭ كۆزىگە مىختەك قادىلىپ قارى-
دىم. ئارقىدىن ئۇ كۆزىنى رەئىس سەھنىسىگە يۆتكەپ غەزەپلىك
ھالدا ۋارقىرىدى:

— مەي شياڭجاڭ!

بىراق، رەئىس سەھنىسىدە مەمەت بوسۇغۇنىڭ قارىسىمۇ
كۆرۈنمەيتتى. تۇراق شۇجى بىردىنلا ئۇستەلنى قاتتىق مۇشتلاپ
ماڭا ۋارقىراپ كەتتى:

— جايىڭغا قايت! مەن چوقۇم ھېسابلىشىمەن، زاۋۇت
بىلەن، تالون يازغۇچىلار بىلەن، يەنە ستاتىستىكا ئالغۇچىلار
بىلەن، ئىشقىلىپ، ھەممىسى بىلەن ھېسابلىشىمەن، خەپ...

ئەتىسى پاختا زاۋۇتىنىڭ ستاتىستىكىسىدا خاتالىق بارلىقى
ئىسپاتلاندى. يېڭى ستاتىستىكىدا ئازغان كەنتنىڭ پاختا سېتىپ

بېرىش ۋەزىپىسىنى توقسەن پىرسەنتتىن ئاشۇرۇپ ئورۇندىغانلىقى ئېنىق يېزىلغانىدى. تۇراق شۇجىنىڭ ئېيتىشىچە، ستاتىستىكا خادىمى خاتالىقىنى تونۇپ، تۇراق شۇجىدىن ئەپۇ سورىغانمىش. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا، باشقا كەنت كادىرلىرىمۇ ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىنىش ئەھۋالىدىن گۇمانلىنىپ كوتۇلداپ كېتىشتى. لېكىن بىرەرىمۇ پاختا تالونلىرىنى يىغىپ كېلىپ زاۋۇت ستاتىستىكىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىزچىل تۇردە زاۋۇت ستاتىستىكا ئىشلىشقا مەسئۇل بولۇپ كېلىۋاتقان مەمەت بوسۇغۇ بىردىنلا تىزناپ دەرياسىدىكى ئەمگەككە مەسئۇل بولۇپ كېتىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن تۇراق شۇجىمۇ كەنتلەرنىڭ ۋەزىپىسىنى بۇرۇنقىدەك سۈرۈشتۈرمەيدىغان، ھېچبولمىغاندا ئارقىدا قالغانلارنى قاچاتلىمايدىغان بولدى. پاختا ستاتىستىكىسى توغرىسىدىكى نارازىلىقمۇ تەدرىجىي بېسىقىپ قالدى.

گەرچە قۇمبار يېزىسىنىڭ بۇ يىللىق ئىشلەپچىقىرىشىدا تارىخىي رېكورت يارىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن ناھىيىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۆرسەتكۈچىنى ئورۇندىيالمىدۇق. تالون سېتىۋېلىشقا يېزا بويىچە خېلى كۆپ پۇل خەجلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاخىردا يەنىلا ۋەزىپە ئورۇندالمىغانلىقى ئۈچۈن يېزا مەسئۇللىرى ناھىيىلىك يىللىق خىزمەت خۇلاسە يىغىنىدا تەنقىدلەنگەنىدى. بىراق، تۇراق شۇجى يېزىنىڭ ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا ماختىنىپ سۆزلىمەكتە ئىدى:

— يولداشلار، سىياسىي لۇشيەن بەلگىلەنگەندىن كېيىن كادىر ھەل قىلغۇچ ئامىل. شۇڭا كادىرلار مەسىلىسى بارلىق خىزمەتچىلىرىمىزنىڭ ئىچىدە يەنىلا ئاچقۇچلۇق مەسىلە...

تۇراق شۇجىنىڭ سۆزى ئۈزۈلۈپ قالدى. چۈنكى، يىغىن زالىغا بىرمۇنچە چاقىرىلمىغان قاتناشقۇچىلار كىرىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ناھىيە ھاكىمى بىلەن ناھىيىلىك تەشكىلات

بۇلۇمىنىڭ باشلىقى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. ئۇلارغا قاراپلا، تۇراق شۇجىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. سۆزلەۋېتىپ، نېمىگىدۇ ئىشارەت قىلىپ كۆتۈرۈلگەن قوللىرى بوشلۇقتا توخ-تاپ قالغانىدى. رەئىس سەھنىسىدە كېرىلىپ ئولتۇرغان مەمەت بوسۇغۇنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ بەتتەر ئىدى. ئۇ ئالدىراپ پەگاھقا چۈشۈۋالغان بولۇپ، پۇتلىرى خۇددى بەزگەك كېسىلىگە گىرىپ-تار بولغان كىشىنىڭكىدەك لاغىلداپ تىترەيتتى. زالدا يەنە چۈشىنىكسىز ئاڭلانغۇدەك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى:

— يولداشلار، — دېدى ناھىيە ھاكىمى زالدىكى كىشىلەرگە تەكشى قاراپ چىققاندىن كېيىن، — قومبار يېزىسى ناھىيىمىز-دىكى نوپۇسى كۆپ، تېرىلغۇ كۆلىمى كەڭ يېزىلارنىڭ بىرى. شۇڭا پارتكومنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، تۇرلۇك خىزمەتلەرنى يەنىمۇ ياخشىلاش ئۈچۈن ناھىيىلىك پارت-كوم دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق يول-داش مۇختار مۇھەممەتنى يېزىلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلى-قىغا تەيىنلەشنى قارار قىلدۇق...

ھاكىمنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا زالدا قىزغىن چاۋاك ساداسى كۆتۈرۈلدى. ھاكىم ئامالسىزلىقتىن سۆزىنى توختىتىپ، كىشى-لەرنىڭ تىنچلىنىشىنى كۈتۈشكە مەجبۇر بولدى. خېلىدىن بېرى مۇز ئۆرلەپ تۇرغان زال بىردىنلا ئىسسىپ كەتكەندەك بولدى. ئېھتىمال، تۇراق شۇجى بىلەن مەمەت بوسۇغۇمۇ ئىسسىغان بولسا كېرەك، ئۇلار تۇرۇپ - تۇرۇپلا ئۇھ تارتاتتى. ئارامسىزلىنىپ، پېشانىسىدىكى تەرنى پات - پات سۈرتۈپ قوياتتى.

## 6

بىر ۋاراق ئۇقتۇرۇشنىڭ بۇنچە كارامىتى بارلىقىنى ئويلى-مىغانىكەنمەن. يېزىلىق پارتكومغا مۇئاۋىن شۇجى بولۇپ ئىك-

كىنچى كۆنىلا، تۆراق شۆجى ماڭا بىر ئېغىز ياسىداق ئىشخانا
ئاجرىتىپ بەردى. ئىسمىمنى «ئۆنداق تېخنىك، مۆنداق تېخ-
نىك» دەپ چاقىرىشلىرىنىڭ ئورنىغا «مۆ شۆجى» دېگەن غەلى-
تە، لېكىن يېقىملىق ئاتالغۆ بىلەن ئالماشتۆردى. كىشىلەرمۆ
ماڭا ھۆرمەت بىلەن قارايدىغان بولۆشتى. يەنە ماي چىقىمىنى يېزا
مالىيىسىدىن ئاتچوت قىلىپ بېرىش شەرتى بىلەن ئۆز خىراجى-
تىمگە بىر موتىسكلىت سېتىۋېلىشىمنى ئالاھىدە تاپىلىدى. مەس-
ئۆلىيىتىممۆ ئېغىرلاشتى. ئازغان، يۆلغۆنجاي، قۆمدۆڭ ۋە
قومۆشدۆڭ قاتارلىق تۆت كەنتنىڭ تۆرلۆك خىزمەتلىرىنى مېنىڭ
نۆقتىلىق يېتەكلىشىمگە تاپشۆردى. بىرنەچچە كۆن ئۆتمەيلا تۆر-
مۆشۆممۆ ئۆزگەردى. يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسى ئابدەنى يېزا
ئوتتۆرا مەكتىپىگە يۆتكەپ كەلدى. ئۆلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئابدە-
نىڭ چېنىقىش مۆددىتى توشقانمىش...

مەن ئىشلەيدىغان بۆ كەنتلەر يېزا مەركىزىگە يېقىن بولۆپ،
ئۆچ ۋاخ تاماقنى ئائىلىدە يېيىشكە بولاتتى. قاتناش جاپاسى يوق
دېيەرلىك ئىدى. لېكىن ناھىيە ۋە يېزا رەھبەرلىرى ئىشلەپچىقى-
رىش ۋە باشقا خىزمەتلەرنى تولا تەكشۆرىدىغان بولغاچقا، بۆ
كەنتلەردىكى دېھقانلار رەھبەردىن ھېيىقمايدىغان، بىرەر ئىشقا
ئانچە ئالدىراپ كەتمەيدىغان قاشاق كىشىلەرگە ئايلانغانىدى.
شۆڭا يېزىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان تۆرلۆك سېلىشتۆرۆپ باھالاش
خىزمەتلىرىدە ھەمىشە ئارقىدا قالاتتى. يېزا كادىرلىرىنىڭ ھەم-
مىسى بۆ كەنتلەردە ئىشلەشتىن قاچاتتى. مەن ئانچە قورقۆپمۆ
كەتمىدىم. چۆنكى، ماڭا نىسبەتەن پەقەت ۋاقىت بولسىلا، قىلغى-
لى بولمايدىغان قىيىن ئىش يوق ئىدى. لېكىن، يامان يېرى
يەنىلا مەمەت بوسۆغۆنىڭ دۆشمەنلىكى ئىدى. ئۆ ھەمىشە پايلاق-
چىلاردەك تىمىسقىلاپ، خىزمەتلەردىن قۆسۆر ئىزدەپلا يۆرەتتى.
بەزىدە ساددا دېھقانلار ئارىسىدا پو ئېتىپ، ئۆزىنى كۆتۆرۆپ،
مېنى چۆكۆرۆپ يۆرەتتى. شۆڭا ماڭا بولغان بېسىممۆ خېلىلا

ئېغىرلىشىپ قالغانىدى.
ئۈچ كۈندىن بېرى ئۆيگىمۇ قايتالماي قۇمدۆڭ كەنتىدە تۇ-
رۇۋاتىمەن. كەنت شۇجىسى تۇرا سېدىق ماڭا كونا تونۇش.
چۈنكى، ئەينى يىلى يادىكارنىڭ ئۆيىگە بىر قوينىڭ گۆشىنى
كۆتۈرۈپ كىرىپ، مەمەت بوسۇغۇدىن يەتكۈچە تىل ئاڭلىغان
كىشى شۇ ئىدى. گەرچە كۆرۈمسىز بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تولىمۇ
تەمكىن كىشى. مەن يولۇققان ھەرقانداق چىگىش مەسىلىلەرمۇ
ئۇنىڭ قولىدا ئاسانلا بىر ئىشقا ئايلىنىپ كېتەتتى. قىلچىمۇ
كىبىرى يوق ئىدى. قاچانلا قارىسام، ئۇنىڭ خىزمەت بىلەن
ئاۋارە بولۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆرەتتىم. بىراق نېمىشقىدۇر ئۇ
كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە يەنىلا ئانچە ياخشى ئوبرازغا ئىگە ئەمەس
ئىدى. كەنت كوللېكتىپ ئىقتىسادىمۇ، دېھقانلار تۇرمۇشىمۇ
ئوخشاشلا ناچار ئىدى.
— تۇراخۇن شۇجى، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — ماۋۇ
يەردىكى كېۋەز مايسىلىرى نېمىشقا ئالا ئۈنۈپ قالدى؟
— بىلمىدىم، — دەيتتى ئۇ بېشىنى چايقاپ، — كېۋەز
ئورنىنى ئالماشتۇرماي تېرىۋاتقىنىمىزغا بەش يىل بولدى. ئېھ-
تىمال تەكرار تېرىپ، يەر ھېرىپ قالغان بولسا كېرەك. مايسى-
لىرى تولۇق ئۈنسىمۇ يەتتىنچى ئايغا بارمايلا قۇرۇپ كېتىدۇ.
— يەر ئالماشتۇرساڭلار بولمامدۇ؟
— كۈزدە كېۋەز ئېچىلىپ بولالمايدۇ. ئېچىلمىغان كېۋەز-
لەرنى مەجبۇرىي ئاغدۇرۇپ بۇغداي تېرىۋەتسەك دېھقانلار ئەرز
قىلىدۇ. شۇڭا داۋاملىق كېۋەز تېرىشقا رۇخسەت قىلدۇق.
شور ئۆرلەپ تۇرغان تۇپراق ئەتىيازنىڭ ئاپتىپىدا قارىيىپ
كۆرۈنەتتى. ئۈنۈپ چىقىۋاتقان مايسىلار بەكلا ئاجىز بولۇپ،
قىڭغىر - قىيسىق ھالەتتە ئىدى. يول بويىدىكى تېرەكلەر تولۇق
كېسىۋېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆتەكلىرى كولاپ چىقىرىۋې-
تىلمىگەن بولغاچقا، كۆتەكلەردىن كۆكلەپ چىققان نوتىلار تارال-

مىغان چاچتەك پاخپىيىپ تۇراتتى. ئەمەلىيەتتە كېرەككە كەلمەي-
دىغان بۇ پارازىت كۆچەتلەر كېۋەز مايسىلىرى بىلەن ئوزۇقلۇق
تالىشىپ، مايسىلارنىڭ تىمەن ئۆسۈشىگە تەسىر يەتكۈزگەنىدى.
— كۆتەكنى چىقىرىۋېتىپ، باشقىدىن كۆچەت قويساڭلار
بولمامدۇ؟
— چولىمىز تەگمىدى، مايسا ئازاد قىلىش ئاخىرلاشقاندا
ئىشلىسەك قانداق؟
— بولىدۇ.
— مايسا كەم جايلارغا مايسا تولۇقلىساق قانداق؟
— بولىدۇ.
مەن سوئال نەزىرىم بىلەن ئۇنىڭغا قارايمەن. بىراق ئۇ ھېچ
ئىش بولمىغاندەك سۇلياۋ يوپۇقنىڭ ئىچىگە توغرا كەتكەن مايسى-
لارنى كولاپ چىقىرىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. مەن بۇ غەلىتە
ئادەمگە قىزىقىش نەزىرىم بىلەن پات - پات قاراپ قويياتتىم.
تۆتىنچى كۈنى يېزا چۈشۈرگەن كېۋەز تېرىلغۇ پىلانى بىلەن
ئەمەلىي تېرىلغان كېۋەز كۆلىمى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ بەكلا
زور ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئەگەر كۆلەم ئەمەلىيلەشمىسە،
بۇنداق ھارغىن تۇپراقتا كېۋەزنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىغا كاپالەت-
لىك قىلىش قىيىن بولاتتى - دە، يىللىق مەھسۇلات كۆرسەتكۈ-
چىنى ئورۇندىغىلى بولمايتتى. شۇڭا پەقەت تېخنىكىلىق تەدبىر-
لەرنى كۈچەيتىش ئارقىلىقلا مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، پاختىچىلىق
ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا بولاتتى.
ماي ئېيىنىڭ ئاخىرى ئىدى. مەن يەنىلا ئاشۇ كۆتەكلىك
يەردە توختىدىم. كۆتەكتىن كۆكلەپ چىققان نوتىلار تېخىمۇ
قويۇقلىشىپ كەتكەن، ئەتراپتىكى كېۋەز مايسىلىرى خۇددى كا-
لىتىسى يېتىشمىگەن بوۋاقتەك شاداپاچاق بولۇپ ئۆسكەنىدى.
جىرىم سېلىش مەزگىلىمۇ ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن، كۆتەك-
لەرنى چىقىرىۋەتكەن تەقدىردىمۇ يەنىلا كۆچەت قويۇشقا

بولمايتتى.

ئاخىر نىمىلا دېسەم ماقۇل دەيدىغان ياچېيكا شۇجىسىدىن گۇمانلىنىپ قالدىم. ئەسلىدە ئۇ كۆرۈنۈشتە ماقۇل دەپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۆزى بىلىپ ئىش قىلىدىغان جاھىل ئادەم ئىكەن. شۇڭا خىزمەتتە ئۇنىڭغا تايىنىش خىيالىمدىن ۋاز كېچىپ، يېڭى كەلگەن ستودېنت راخماننى چاقىردىم:

— راخمان! ھەي راخمان…

كېۋەز مايسىلىرىنىڭ تۈۋىدە مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ سېرىق پىت ئاپىتىنى تەكشۈرۈۋاتقان بالا چىراي، سېرىق چاچ يىگىت ئاۋازىمنى ئاڭلاپلا قىر ياقىلاپ مەن تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەلدى. مەن جىددىي ھالەتتە كېلىۋاتقان يىگىتكە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قىر ئۈستىدە تېز - تېز يۆتكىلىۋاتقان پۇتىغا قارايتتىم. كۆڭ- لۈمدە، كېۋەز مايسىلىرىغا تېپىۋېتىپ غوزا چېچەكلەرنى تۆكۈۋې- تىشىدىن ئەنسىرەپ تۇراتتىم. بىراق، ئۇنىڭ قەدەملىرى شۇنچە تېز بولسىمۇ، لېكىن قىر ئۈستىدە بىمالال مېڭىپ كەلمەكتە ئىدى.

— ئېسىڭدە تۇت، ئۇكا، كۆلەم ئەمەلىيلەشمىگەن ئەھۋالدا ۋەزىپە ئورۇنداشتا پەقەت بىرلىك مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشقىلا تايى- نىمىز. شۇڭا چېچەك ئوغۇتنى چوقۇم ياخشى بېرىشىمىز كې- رەك. سېنىڭ ۋەزىپەڭ بىر ھەپتە ئىچىدە مۇشۇ ئۈچ يۈز مو يەرگە ئەڭ ئاز بولغاندا بىر يۈز يىگىرمە قاپ ئاق ئوغۇت تەييار- لاش، ئۇقتۇڭمۇ؟ ئەگەر بىر قاپ كەم قالسا سېنى تۇتىمەن.

تولىمۇ روھلۇق يۈرىدىغان بۇ بالا ماڭا خۇشاللىق بىلەن جاۋاب بەردى. لېكىن، مەن يەنىلا ئەنسىرەپ تۇراتتىم. چۈنكى، قاشقاقلىشىپ كەتكەن دېھقانلار ئۇنىڭدەك تەجرىبىسىز بالىنىڭ گېپىگە كىرمەسلىكى مۇمكىن ئىدى. بىراق قومۇشدۆڭ خەلقى- نىڭ يۇلغۇنجاي كەنتىدىن ئالىدىغان ئېرىق دەۋاسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا بارىدىغىنىم ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھاۋالە قىلمايمۇ ئامالىم يوق

ئىدى. ئېرىقنى پىلانلاپ، قوزۇق قېقىش ۋە ئازغان كەنتىدىكى يېڭى سېلىنغان ئىھاتە ئورمانىغا سۇ ھەل قىلىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن كەم دېگەندىمۇ بىر ھەپتىگىچە قۇمدۆڭ كەنتىگە قارىشالمايتتىم.

دەرۋەقە، تۆت كۈندىن كېيىن راخمان ئالدىمغا قىزارغان پېتىچە كەلدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، دېھقانلار ئوغۇت سېتىۋالغىلى پۇلىمىز يوق دەپ تۇرىۋالغاچقا، بىرەر قاپمۇ ئوغۇت يىغالماپتۇ. كەنت شۇجىسى تۇرا سېدىقمۇ بىرنېمە دېيەلمەپتۇ.

شۇ كۈنى كەچتە كېچىلەپ كادىرلار يىغىنى ئاچتۇق. مەن يىغىندا ئاددىيلا سۆزلىدىم:

— كادىرلار پەقەت خەلقنىڭ خىزمىتىنى قىلغىنىمىز ئۈچۈنلا ئىش ھەققى ئالىمىز. بولمىسا ئۇلارغا بىزنىڭ نېمە كېرىكىمىز؟! مېنىڭچە، ئاش - پۇلغا ئۆچ ئادەم يوق. كېۋەزنى ئوغۇتلىسا مەھسۇلاتنىڭ ئاشىدىغانلىقىنى، قولىغا كۆپرەك پۇل كىرىدىغىنىنى بىلمەيدىغان ئادەممۇ يوق. بىراق دېھقانلار نېمە ئۈچۈن ئوغۇت تەييارلاشقا ئۇنىمايدۇ؟ بۇنىڭدا چوقۇم بىر سەۋەب بار. سىلەر خەلق ئارىسىدىن كەلگەن كادىرلار، شۇڭا سەۋەبىنى بىلمەي قالمايسىلەر. قېنى، دەڭلار. دېھقانلار نېمە ئۈچۈن ئوغۇت بەرمەيدۇ؟ ئوغۇتلاشنى خالىمامدۇ ياكى راستىنلا ئوغۇتقا قۇربى يەتمەمدۇ؟...

جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. تۇرا سېدىق قىيىن بىر ئىشقا دۇچ كەلگەن كىشىدەك بېشىنى تۇتۇپ غەمكىن ھالەتتە ئولتۇراتتى. باشقا كادىرلارمۇ ھېچ نەرسە دېمەيتتى. ئاخىر يەنىلا راخمان گەپ باشلىدى:

— مەن ئوغۇت بەرمىگەن بىر دېھقان بىلەن سۆزلەشتىم. ئەمەلىيەتتە ئۇمۇ كېۋەزنى ئوغۇتلاشنى خالايدىكەن. ئوغۇتىمۇ بار ئىكەن. لېكىن بىز كېۋەز ئېتىزلىرىنى بىرتوتاش ئوغۇتلايمىز دەپ، خۇسۇسىيلاردىن يىغقان ئوغۇتنى داش قازانغا تۆكۈپتىمىز.

نەتىجىدە ئوغۇت بىرىنىڭ يېرىگە كۆپ، بىرىنىڭ يېرىگە ئاز چۈشۈپ ئۇلارنى نارازى قىلىپتۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، ئوغۇتنى يىغىپ، يەنە ئۆزۈڭلار ئوغۇتلاڭلار دەپ تارقىتىپ بەرسەك يېزا باشلىقلىرى ئۇنىماپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كېۋەزنى بۇنداق ئىختىيارىي ئوغۇتلىغاندا تراكتور بىرلا ئائىلىنىڭ يېرىدە مەشغۇلات قىلىدىغان بولغاچقا، مەشغۇلات بوشلۇقى تارىيىپ، ئىش ئاۋۇماي، ماي ۋە ۋاقىت ئىسراپچىلىقى كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىن تراكتورچىلارمۇ نارازى، شۇڭا قايسى خىل ئۇسۇلدا ئوغۇتلاشنى بىلەلمەي ئامالسىز قالدۇق.

مەن تۇرا سېپىدىققا سوئال نەزىرىم بىلەن تىكىلدىم. ئۇ پەقەت شۇ گەپنىلا كۇتۇپ تۇرغاندەك ماڭا قاراپ جىلمىيىپ ئولتۇرۇپتۇ. مەن شۇندىلا بۇ تەدبىرلىك ئادەمنىڭمۇ راست گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي، بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالغانلىقىنى بىلدىم.

مەسىلە ئايدىڭلاشتى. خەلق ئۆز ئوغۇتىدا ئۆز يېرىنى ئوغۇتلاشنى تەلەپ قىلغان، لېكىن بۇنداق قىلغاندا، تراكتورنىڭ مەشغۇلات دائىرىسى كىچىكلەپ، ۋاقىت ۋە ماي ئىسراپچىلىقى كېلىپ چىققاندىن باشقا، مايسىلارنىڭ يانجىلىپ كېتىشى ئېغىر بولغاچقا، راخماننىڭ چېچەك ئوغۇتى يىغىشى قىيىنغا چۈشكەندى. بىراق، تراكتورنىڭ مايسىلارنى يانجىشىدىن كېلىپ چىققان زىيان ھەرقانچە ئېغىر بولسىمۇ، لېكىن كېۋەزنى ئوغۇتلىماي تاشلاپ قويغاندىن كېيىنكى زىياندەك ئېغىر بولمايتتى. شۇڭا دېھقانلارنىڭ ئۆز ئوغۇتى بىلەن ئۆز يېرىنى ئوغۇتلىشىغا يول قويۇش بىلەن بىرگە، كېۋەزگە ئوغۇت بېرىشنىڭ پايدىسى توغرىسىدا تەشۋىقات ئېلىپ بارىدىغان بولدۇق. يەنە يىل ئاخىرىدا يەر ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۈچ مودىن ئاز يېرى بار ئائىلىلەرنىڭ يەرلىرىنى بىر جايغا يىغىپ، تراكتور مەشغۇلاتىغا قولايلىق شارائىت يارىتىپ بېرىدىغان بولدۇق. بۇ قارار ھەممە كىشىنىڭ كاللىسىدىن ئۆتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە كېۋەز ئېتىزلىرىغا چېچەك ئوغۇتى بېرىش

باشلىنىپ كەتتى. راخمان ئوغۇتلاش نۆۋىتى كەلگەن ئائىلىلەرنى تەييارلىق قىلىشقا بۇيرۇيتتى. ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىنى تۇرۇۋې- لىپ، سېيالكا ساندۇقىغا ئوغۇت تۆكەتتى. دېققەتسىزلىكتىن كېۋەز مايسىلىرىنى باستۇرۇۋەتكەن تراكتورچىغا غەزەپ بىلەن ۋارقىرايتتى. مەن ئۇنىڭ ئاپتاپتا كۆيۈپ قىزىرىپ كەتكەن چىرا- يىغا قاراپ كۈلەتتىم. كۆڭلۈمدە يارامىلىق بىر ھەمراھقا ئېرىش- كىنىم ئۈچۈن خۇشال ئىدىم.

## 7

ناشتا قىلىۋاتقىنىمدا، يېزىلىق رادىئو ئۈزۈلىنىڭ جىددىي ئۇقتۇرۇشى ئاڭلاندى:

— ئۇقتۇرۇش، بۈگۈن ئەتىگەن ئۇرۇمچى ۋاقتى سائەت سەككىزدە بارلىق يېزا ئورگان كادىرلىرى ۋە مەھەللە دەرىجىلىك- تىن يۇقىرى كادىرلارغا يېزا ئورگىنىدا جىددىي يىغىن ئېچىلى- دۇ. ۋاقتىدا قاتنىشىشىڭلارنى سورايمىز...

— نېمە يىغىن ئاچىسىلەر؟

ئابىدەنىڭ سورىغان سوئالىغا بېشىمنى چايقاپ تۇرۇپ جاۋاب بەردىم:

— بىلمىدىم. لېكىن كېۋەز باشقۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك يى- غىن ئېچىلىدۇ.

زالغا كىرسەم، يېزا - كەنت كادىرلىرى لىققىدە تولۇپ كېتىپتۇ. تۇراق شۇجى، ئىلى موللەك ۋە مەمەت بوسۇغۇ قاتار- لىقلار رەئىس سەھنىسىدە ئولتۇرۇپتۇ. مۇناسىۋەتسىز يىغىنلاردا مەن رەئىس سەھنىسىگە چىقمايتتىم. شۇڭا ئادىتىم بويىچە ئال- دىنقى رەتتىكى بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردۇم. يوقلىمىدىن كېيىن، مەمەت بوسۇغۇ ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن تەكەللۇپ سۆز- لىرى بىلەن تۇراق شۇجىنى سۆزگە تەكلىپ قىلدى. ئىرپەس چاۋاكلار چېلىندى. ئاندىن تۇراق شۇجى جىددىي ھالەتتە سۆز- لەشكە باشلىدى:

— پارتىيىمىز جان ـ دىلى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان پارتىيە. پارتىيە كادىرلىرى — خەلقنىڭ چاكىرى. بىز ھەرقاچان بىزنى ئۆستۈرگەن، بىزنى تەربىيىلىگەن پارتىيە ۋە خەلق ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىمىزنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كې-رەك. لېكىن، مەن قومدۆڭ كەنتىنىڭ 2 ـ مەھەللىسىدىكى ئۈچ يۈز مو كېۋەزلىكنى كۆرۈپ قاتتىق خىجالەتچىلىكتە قالدىم. چۈنكى ئوتتۇز مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنغان كېۋەز ئېتىزىدا بىر تالمۇ غوزا يوق. ئويلاپ بېقىڭلار، يېزىلىق پارت-كومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مېنىڭ ياردەمچىم يولداش مۇختار مۇھەممەت نۇقتىدا تۇرغان كەنتتە مۇشۇنداق ئەھۋال كۆرۈلسە مەن خىجىل بولمامدىم؟! خەلق مەنپەئەتىگە ئېغىر زىيان يەت-كۈزگەن مۇنداق مەسئۇلىيەتسىز قىلمىشنى تەنقىد قىلىشقا تې-گىشلىكمۇ، يوق؟ ...

مەن گۇمانلاندىم، ھېچبولمىغاندا، تۇراق شۇجىنىڭ كۆتەك-لىك مەيداندىكى كېۋەزلەرنى كۆرگەنلىكىدىن گۇمانلاندىم. چۈن-كى، مايسىلىرى شالاڭ بۇ كېۋەزلىكتە شامال ئۆتۈشۈشنىڭ ياخ-شىلىقىدىنمۇ ياكى چېچەك ئوغۇتىنىڭ ياخشى بېرىلگەنلىكى-دىنمۇ، پىشقان غوزىلارنىڭ سانى سەككىزىنچى ئاي كىرمەيلا ئاللىقاچان يەتتە دانىدىن ئاشقانىدى. بۇ ئاز كۆرۈلىدىغان ئەھۋال ئىدى. راخمان كېۋەزنى ئوغۇتلاشتىن باشلاپ، سۇغىرىش ۋە ئۆسۈمىنى خىمىيىۋى ئۇسۇلدا كونترول قىلىشقىچە بولغان ئىش-لارنىڭ ھەممىسىگە بەكلا كۈچىگەن بۇ بىرنەچچە ھەپتىدىن بېرى تاماقنىمۇ ئېتىزدا يەپ، چۈشلۈك ئۇيقۇسىنىمۇ ئېتىزدا ئۇخلاپ ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. بىراق، كۆتەكلەرنىڭ ئەتراپىدىكى ئون مې-تىرچە دائىرىدە دەرەخ يىلتىزى كېۋەز مايسىلىرى بىلەن ئوزۇق-لۇق تالىشىپ قالغاچقا، كېۋەزلەردە كۆك چېچەكلەردىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. لېكىن، بۇ پۈتۈن بىر مەيدان يەردىكى كېۋەزنىڭ مول ھوسۇل مەنزىرىسىگە قىلچە تەسىر يەتكۈزەلمەيت-

تى. لېكىن، تۇراق شۇجى پۈتۈن كۈچىنى گېلىغا يىغىپ، مەن
بىلەن راخماننى تەنقىد قىلماقتا ئىدى. پەرىزىمچە، تۇراق شۇجى
يەنىلا مەمەت بۇسۇغۇنىڭ ئىنكاسى بويىچە مېنى تەنقىد قىلىۋاتات-
تى. جىم تۇرسام كىشىلەرنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچرايتتىم. نارا-
زىلىق بىلدۇرسەم ئېنىقكى، يېزىلىق پارتكومىنىڭ ئىناۋىتىگە
تەسىر يېتەتتى. قايتا - قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق پارتكومىنىڭ
نوپۇزىنى قوغداشنى مۇھىم بىلدىم - دە، يەنىلا جىم تۇرۇش
يولىنى تاللىدىم. بىراق تۇراق شۇجى كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ
تېخىمۇ قاتتىق تىللاشقا باشلىدى:

— راخمان! لاتا غىلاپ ستودېنت، قېنى سەن؟ چىقە
بۇياققا...

بىچارە راخمان رەئىس سەھنىسىنىڭ ئالدىدا خۇددى سۇغا
چۈشكەن مۇشۇكتەك شۈمشىيىپ قاراپ تۇراتتى. تۇراق شۇجى
ئېغىزغا ئالغۇسىز سەت گەپلەر بىلەن راخماننى توختىماي تىللايت-
تى. ئارىلاپ - ئارىلاپ ياچېيكا شۇجىسى تۇرا سېيدىقنىمۇ تىللاپ
قوياتتى.

ئورۇنلۇق تەنقىد ئادەمنى ئالغا باستۇرىدۇ. لېكىن ئورۇن-
سىز تەنقىد كىشىنىڭ روھىنى بوغۇپ، ئىتتىپاقلىق ۋە خىزمەتكە
زور زىيان يەتكۈزىدۇ. مەن يېڭىلا خىزمەتكە چىققان تەجرىبىسىز
بىر ياشنىڭ ئورۇنسىز تەنقىدكە بەرداشلىق بېرەلمەي قېلىشىدىن
ئەنسىرىدىم. يىغىندىن كېيىلا كەيپىسىز ھالەتتە راخماننىڭ ياتى-
قىغا باردىم. دەرۋەقە، راخمان يوتقىنىنى بېشىغا پۈركەپ، بۇ-
قۇلداپ يىغلاپ يېتىپتۇ. يېڭىدىن كەلگەن بىرنەچچە قىز - ئو-
غۇل زىيالىي ياش ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىۋاتقانىكەن. مېنى كۆرۈپلا
زۇلپىيە ئىسىملىك قىز ئاق قۇشقاچتەك ۋىچىرلاپ كەتتى:

— مۇ شۇجى، شۇنداقمۇ تەنقىد قىلامسىلەر؟ ياخشى ئىشلى-
گەن كادىرلارنى تەنقىدلىسەڭلار كىمنىڭ ئىشلىگۈسى كېلىدۇ؟
سىزمۇ رەھبەر تۇرۇقلۇق، نېمىشقا بىرەر ئېغىز ھەق گەپ قىلى-

مايسىز؟...

ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدىم. راستتىمنى ئېيتسام، ئۇلارنىڭ پاك قەلبىگە سىياسىي كۈرەشلەرنىڭ يۇيسىمۇ چىقمايدىغان قارا داغلىرىنى چۈشۈرگۈم يوق ئىدى. ئەمەلىيەتتە مەن يېزىلىق پارت-كومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى تۇرۇپ، ئۇلارغا ناھەقچىلىق ئۈستىدە دەرد تۆكسەم ئۇلار دەردىنى كىمگە تۆكىدۇ؟

مەن راخماننىڭ ياتىقىدىن روھسىز ھالەتتە قايتىپ چىقتىم. ئۇنىڭ بوغۇلۇپ يىغلىغان ئاۋازى خېلىغىچە قۇلاق تۈۋىمدىن كەت-مىدى. كاللامغا نۇرغۇن سوئاللار كەلدى. ئۆز - ئۆزۈمگە سوئال قويدۇم:

«نېمىشقا ئالىي مەكتەپتىكى كۆڭۈللۈك خىزمىتىمنى تاشلاپ، بۇ خىلۋەت ماكانغا كەلدىم؟ قاچانغىچە ئۆز غايە - ئېتىقادىم بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق ئىجتىمائىي كۈرەشلەر بىلەن زېھنىمنى خورىتىمەن؟ بۇ ئازابلىق ۋە مەنىسىز كۈنلەر قاچان تۈگەيدۇ؟...»

تۈنجى قېتىم ئۈمىدسىزلىككە پاتتىم. خىياللار بىلەن يادى-كارنىڭ تۆپىراق بېشىغا كەلدىم. يولغۇن چېچەكلىرى بىلەن باش-قىچە قىزىرىپ كۆرۈنىدىغان مۆڭلۈق قەبرە يىللارنىڭ ئۆتۈشى، بوران - چاپقۇنلارنىڭ سوقۇشى بىلەن خېلىلا پاكارلاپ قاپتۇ. ياسىن ئاكىنىڭ قەبرىسىمۇ سىنچىلاپ قارىمىسا بىلگىلى بولمىغۇ-دەك ھالەتكە كىرىپ قاپتۇ. ئۇلارمۇ مۇشۇ قۇمساز زېمىن ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ياش ھاياتىنى بېغىشلىغان ئېسىل كىشىلەر ئىدى. بى-راق، ۋاقىت ھەممىنى ئۇنتۇلدۇردى. ئون يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە مەنمۇ يادىكارنىڭ قاچانلا قارىسا تۇرۇلۇپ تۇرىدىغان ئۇلىما قاشلىرىنى، قارامتۇل چىرايىنى ۋە بىرەر ئىشقا كىرىشكەندە كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدىغان ئالدىراڭغۇ مىجەزىنى ئۇنتۇپ كەتتىم. بەلكىم، بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ھەممىنى ئۇنتۇشۇم مۇمكىن. ئۇ چاغدا باشقىلارنىڭ خاتىرىسىدە ياسىن ئاكا، يادىكار

ۋە تۇرسۇن سۇپۇرگى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ سىيماسى خۇددى نامەلۇم قۇم دۆۋىسىدەك جىمجىتلا غايىب بولۇشى مۇمكىن. ئىدىست، نېمىشقىمۇ يۆتكىلىپ كەلگەن بولغىيتتىم؟! نېمىشقىمۇ گىياھ ئۆتمەيدىغان قاقاس قۇملۇققا ئۇۋا سالغان بولغىيتتىم؟! ئىسىت...

ئۆيگە كىرىپلا كارىۋىتىمغا ئۆزۈمنى تاشلىدىم. ئۇخلىيالماي ئۇياقتىن - بۇياققا نەچچە رەت ئۆرۈلدۈم. بىردىن باشلاپ يۈز گىچە ساناپ چىقتىم. لېكىن يەنىلا ئۇيقۇم كەلمىدى...

يۇمشاق قول ئاۋۋال چاچلىرىمنى، ئاندىن چېكەمنى تۇتتى. مەن ئۇنىڭ تىنىقىدىنلا ئابىدە ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

— نېمە بولدىڭىز؟

— ھېچنېمە.

— ئاشۇلار بىلەن بىرنېمە دېيىشىپ قالدىڭىز، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟! مەن قاچانغىچە ئۇلارنىڭ قارىغا ئېتىش تاختىسى بولىمەن؟! تۇراق شۇجى مېنى پارتكوم يىغىنىدا ئۆزۈڭنى تەكشۈرەيسەن دەيدۇ. يەنە تېخى تەكشۈرۈش دوكلاتىمنى تەشكىلات بۆلۈمىگە، ناھىيىدىكى تۆت چوڭ بەنزە رەھبەرلىكىگە تاپشۇرغۇدەك، نېمىشقا؟ كېچىلەپ ئىشلىگىنىم، خەلق ئۈچۈن ساداقەتمەن بولغىنىم ئۈچۈنمۇ؟ ياكى پىت بېسىپ كەتكەن كېۋەز مايسىلىرىنى ئوغۇتلاپ، يەتتە - سەككىزدىن غوزىلىغان مول ھوسۇللۇق كېۋەزگە ئايلاندۇرغىنىم ئۈچۈنمۇ؟ ياق، ئەمدى ھەرگىزمۇ ئۇلارغا بوزەك بولمايمەن. باغلاپ قويسىمۇ بۇنداق سەھرايىقىيامەتتە تۇرمايمەن. كېتىمەن. يىراققا، تۇراق شۇجى بىلەن مەمەت بوسۇغۇنىڭ قولى يەتمەيدىغان يەرگە كېتىمەن. ئەمەلدار بولمىساممۇ مەيلى، كاتىپلىق، تەرجىمانلىق ياكى دەرۋازىۋەنلىك قىلسامۇ مەيلى، كەتكىنىم كەتكەن...

— نېمە؟ تەسلىم بولدىڭىزمۇ؟

ئابىدەنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلىنىپ ئورنۇمـ

دىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتىم. يارامغا تۇز سەپكىنى ئۇچۇن ئۇنى راسا تىللىغۇم كەلدى. قەھرىم بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدىم. بىراق، مۇڭلانغان قارا كۆزلەرگە قاراپ يەنە نىيىتىمدىن ياندىم. چىن يۈرەكتىن سۆيگەن ئادىمىمگە ئازار بەرگۈم، ئۇرۇنسىز دەتالاش قىلغۇم كەلمىدى. دېمىسىمۇ، ئۇ ماڭا تېگىپ، قىلچە راھەت كۆرۈپ باقمىدى. مەن بىلەن ئازغان كەنتىدە نەچچە يىل جاپا تارتتى. تۇرمۇشتا ئۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىدى. خىزمەت-تىن كېلىپلا ئۆي ئىشلىرىنى قىلدى، بالىغا قارىدى. نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىشتىن باشلاپ، كېسەللەرگە قاراشقىچە بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى قىلدى. ئۇنىڭ يېشىدىكى ياش چوكانلارنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك رېستوراندا ناخشا ئېيتىپ، ئۇس-سۇل ئويناپ يۈرىدۇ. لېكىن ئۇ يېشىغا ماس كەلمىگەن ھالدا شۇنداق جاپاكەش ۋە تىرىشچان…

ئەتىسى ئەتىگەندە ئابىدەنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن ئىشقا چىقتىم. يوقلىمام ئەمدىلا ئاخىرلىشىشىغا بىرمۇنچە ماشىنا يېزا قورۇسىغا كىرىپ كەلدى. مەن ھەيرانلىق بىلەن تۇراق شۇجىگە قارىدىم. ئۇمۇ ئوخشاشلا ماڭا ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ تۇرۇپتۇ. كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئا-ساسلىق مەسئۇللىرى بولۇپ، بىرەر مۇھىم ئىشى باردەك قىلات-تى. ئاۋۋال تۇراق شۇجى، ئارقىدىن مەمەت بوسۇغۇ پالاقشىغان پېتىچە چىقىپ كەتتى. ئارقىدىن تۇراق شۇجى مېنى چاقىرىپ قالدى:

— ھەي، مۇ شۇجى!

ئالدىراش ھالدا سىرتقا چىقتىم. ئۇ گەپ - سۆز قىلمايلا مېنى ئۆزىنىڭ ماشىنىسىغا تارتتى. بىز ھەش - پەش دېگۈچە ماشىنا بىلەن قۇمدۆڭ كەنتىدىكى كۆتەكلىك مەيدانىغا يېتىپ كەل-دۇق. ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى يولداش لى شياۋيىڭ بىلەن ناھىيە ھاكىمى ئابدۇقادىر ھاشىم ناھىيە مەسئۇللىرىنى

ئەگەشتۈرۈپ ھەممە كېۋەزلەرنى تەپسىلىي كۆردى. مەن تېخىچە ھۆكۈم كۈتۈپ تۇرغان جىنايەتچىدەك دەككە - دۈككىدە تۇراتتىم.

— ياخشى، — دېدى لى شۈجى مۇرەمگە ئۇرۇپ قويۇپ، — بۈگۈن بىز تۆۋەن ھوسۇللۇق كېۋەز ئېتىزلىرىدىن مول ھوسۇل ئېلىشنىڭ ئۈلگىسىنى كۆردۈق. قېنى، سىز سۆزلەپ بېرىڭ.

قىلچە تەييارلىقسىز بولمىغاچقا، نېمە دېيىشىمنى بىلمەي خېلىلا ھودۇقتۇم. لېكىن يەنىلا ئەمەلىيەتنى سۆزلىدىم. ئەسلىدىكى قىيىنچىلىقنى، ھەل قىلىش تەدبىرلىرىمنى ۋە كېۋەزنىڭ يېتىلىش ئەھۋالىنى قىسقىچە سۆزلىدىم. يىغىندا ئابدۇقادىر ھاشىم قاتارلىق رەھبەرلەر قۇمبار يېزىسىنىڭ پاختىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئەمەلىي ئىشلەش روھىنى ماختىدى ھەمدە باشقا يېزا - بازارلاردىمۇ مۇشۇنداق ياخشى تەجرىبىلەرنى كېڭەيتىشنى تەلەپ قىلدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن، كۆتەكلىك مەيداندا قۇمبار يېزىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش نەق مەيدان يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىندا تۇراق شۈجى توختىماي سۆزلىدى:

— دانا داھىيىمىز ماۋ جۇشى «كەمتەرلىك ئادەمنى ئالغا باستۇرىدۇ، مەغرۇرلۇق ئادەمنى ئارقىدا قالدۇرىدۇ» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. ئەسلىدە بۇ كېۋەزلەردە بىر تالمۇ غوزا بولمىغانلىقى ئۈچۈن مەن مۇ شۈجىنى قاتتىق تەنقىد قىلدىم. ئۇمۇ تەنقىدنى كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلدى. نەتىجىدە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بۇ كېۋەزلەر ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يەتتە دانىدىن غوزىلىدى. مانا بۇ توغرا تەنقىدنىڭ نەتىجىسى...

تۇرسۇن مەتيار ماڭا يېقىن كېلىپ چاقچاق قىلدى:

— مۇ شۈجى، ئۆزلىرىنىڭ سۇن مايمۇندەك كارامەتلىرى بار جۇمۇ؟!

— ياق، — دېدى ۋاسىل بىرنەچچە قەدەم نېرىدا بىزگە قاراپ

تۇرغان مەمەت بوسۇغۇغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ، — مۇ شۇجى جىن
مولللىسىغا ئوقۇتقان گەپ. بولمىسا بىر تالمۇ غوزا يوق كېۋەزدە
نەدىمۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە يەتتە ـ سەككىز داندىن غوزا
چۇشىدۇ؟!
ئەتراپتىكىلەر قاقاقلاپ كۈلدى. مەمەت بوسۇغۇ پوكاندەك
قىزاردى. مەنمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ كۈلدۈم. تولا كۈلگەچكە،
راخمانىنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتكەنىدى.

## 8

پاختا — سۇ تەلىپى تۆۋەنرەك بولغان ئىقتىسادىي زىرائەت
بولۇپ، يىل بويى سۇغا قانمايدىغان بۇ چاڭقاق زېمىنىنىڭ ئالاھىدە
مەھسۇلاتى ئىدى. شۇنداقلا بۇ يەردىكى نۇرغۇن خۇشاللىق ۋە
خاپىلىقلارنىڭ ھەممىسى پاختا بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.
يۇلغۇنجاي كەنتىدە كېۋەزنىڭ ئۈچىنچى سۇيىنى ئېلىۋاتقاند-
دۇق. كەنت شۇجىسى تۇرسۇن توختى بوسۇغۇ ئىشتىنىنىڭ
پۇچقاقلىرىنى تۇرۇۋېتىپ دېھقانلارغا ۋارقىراپ ـ جارقىراپ يۇ-
رەتتى. سۇ ئۇلۇغ بولغاچقا، ئوتتۇزدىن ئارتۇق ئادەممۇ يېتىشەل-
مەي تۇراتتى.
شۇجى چىراي شەكلى ئادەتتىچە، كىچىك پېئىل ۋە مېھماند-
دوست كىشى ئىدى. بىراق ئەمدىلا يىگىرمە بەش ياشلار چامىسىد-
دىكى چىرايلىق خوتۇنى توغرىسىدا نۇرغۇن غەلىتە پاراڭلارنى
ئاڭلىدىم. ياغاچچىلىقتىن كېلىپ چىققان كەنت باشلىقى روزىمۇ-
ھەممەتنىڭ ئېيتىشىچە، شۇجى تۇرسۇن توختى بوسۇغۇ كۆرۈم-
سىز ئادەم بولسىمۇ، لېكىن چىرايلىق خوتۇنى سەۋەبىدىن يېزىدا
ھېچكىمدىن قورقمايدىغان ئالاھىدە سالاھىيەتكە ئىگە ئادەم ئىد-
كەن. چۈنكى، تۇراق شۇجى بىلەن تۇرسۇن توختى بوسۇغۇ
ئوتتۇرىسىدا ئالاھىدە بىر خىل سىرلىق مۇناسىۋەت بولۇپ، ئۇلار

شامال ئۆتمىگۈدەك دەرىجىدە يېقىن ئىكەن. بۇنداق ئادەملەرنى چىڭ تۇتسام ئەرز قىلىپ ئاۋارىچىلىك تاپىدىكەن، بوش تۇتسام باشقا كادىرلارنى باشقۇرالمايدىكەنمەن. شۇڭا ئېھتىياتچان بولۇ-شۇم كېرەك ئىكەن.

سۇ تۇتۇۋاتقان تۇرسۇن توختى شۇجىگە قاراپ، خىيال سۈ-رۈپ تۇراتتىم. تۇيۇقسىزلا كەنت يولىدا تۇراق شۇجىنىڭ «213» تىپلىق جىپ ماشىنىسى پەيدا بولدى. بۇ يېڭىدىن ئەكەلدۈرۈلگەن ئالاھىدە ماشىنا بولۇپ، قېنىق كۆك رەڭگى يىراق - يىراقلاردىن كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. بىراق، ماشىنىنى كۆرۈپلا جۇدۇنۇم تۇتتى. چۈنكى، تۇراق شۇجى بۇ ماشىنىغا ئولتۇرغاندىن بۇيان نېمىشقىدۇر ھىيلە - مىكىرلىرى بارغانسېرى كۆپەيگەنىدى. يېزا باشلىقى ئىلى موللەكنى ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىگىلا مەسئۇل قىلىپ، بارلىق ئىقتىسادىي ئىشلارنى مۇئاۋىن يېزا باشلىقى مە-مەت بوسۇغۇنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرغانىدى. يەنە مەن باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان ئىنتىزام تەكشۈرۈش ۋە سىياسىي قانۇن قاتارلىق خىزمەتلەرنى مۇئاۋىن شۇجى جاڭ شياۋمىڭغا تەڭشەپ بېرىپ، ئۇنىڭ مەسئۇللىقىدا ئۇدا ئىككى يىلدىن بېرى سېرىق تاختاي جازاسى ئېلىپ كېلىۋاتقان يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇت پونكىتىنىڭ ئىشلىرىنى ماڭا تۇتقۇزغانىدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ياسىداق ماشىنىدا چىقىرىلغان قارارلار ئىدى. ماشىنىنى كۆرۈپلا تۇرسۇن توختى بوسۇغۇ سۇ كەچكىنىچە دەرھال ماشىنا تەرەپكە يۈگۈردى. مەنمۇ پارتكوم شۇجىسىنى ساقلاتماسلىق ئۈچۈن قىر ياقىلاپ ماشىنا تەرەپكە قاراپ ماڭدىم.

قىسقىچە ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن تۇراق شۇجىنىڭ چىرايى بىردىنلا جىددىي تۈس ئالدى:

— بايام، — دېدى ئۇ ماڭا قاراپ، — ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە يىغىنغا كىرىپ چىقتىم. يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى ئۆلچەمگە يەتكەن ناھىيىلەرنى تەك-

شۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن بۇرۇن بىرنەچچە يېزىدا تەكشۈرۈشتە بولىدىغانلىقىنى ئالاھىدە ئۇقتۇردى. شۇڭا سىز چۈشتىن كېيىنلا بىر قىسىم كادىرنى تەشكىللەپ، كەنتلەرگە بېرىپ تەييارلىق قىلىڭ. ۋەزىپە چوقۇم ئون بەش كۈن ئىچىدە تۈگىسۇن.

مېنىڭ كاللامدىن ئۆتمىدى. چۈنكى كېۋەز باشقۇرۇش ھالقىلىق باسقۇچقا كىرگەن چاغدا كەسپىي خىزمەتلەرنى ئىشلەش — مەركىزىي خىزمەت بىلەن قوشۇمچە خىزمەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالماسلىق مەسىلىسى ئىدى. مۇبادا كېۋەزنىڭ ئاخىرقى ئوغۇتى ئەمەلىيلەشمىسە ياكى سۇيى كېچىكسە بىر يىللىق مول ھوسۇلدىن ئۈمىد قالمايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ مەزگىلدە كېۋەزنىڭ ئۆسۈمىنى خىمىيىۋى ئۇسۇلدا كونترول قىلىش ۋە يوپۇرماق ئوغۇتى بېرىشمۇ ئوخشاشلا مۇھىم ئىدى. شۇڭا قاراشلىرىمنى ئوچۇقلا ئېيتتىم:

— كېۋەز باشقۇرۇش ئاخىرقى مەزگىلگە كىردى. مۇشۇنداق چاغدا كەسپىي خىزمەتلەرگە كېتىپ قالسام چاتاق چىقارمىكىن؟

— خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى تۇراق شۇجى سەل تېرىككەن ھالدا، — مەن بار. ئۇزۇن يىللىق سىناقلاردىن ئۆتكەن پېشقەدەم سانغۇنلىرىمىز بار. ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ باھالىشى بار دەۋاتسا، تەييارلىق قىلمىساق بولامدۇ؟! بۇ دېگەن سىياسىي ۋەزىپە، سۇسلۇق قىلىشقا كىمنىڭ ھەددى؟!

تۇرسۇن توختى بوسۇغۇ پارتكوم شۇجىسىنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ «پېشقەدەم سانغۇنلىرىمىز بار» دېگەن سۆزلىرىدىن ھوزۇرلىنىپ كۈلدى. گەرچە قايىل بولمىغان بولساممۇ، لېكىن پارتكوم شۇجىسىنىڭ كەسكىن بۇيرۇقى ئالدىدا يەنە ئىككىلىنىپ تۇرۇشۇمنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى.

يېزىدىن ئايرىلغىنىمغا ئون ئۈچ كۈن بولغاندا، مەن تەشكىللىگەن ۋاقىتلىق خىزمەت گۇرۇپپىسى يېزا مەركىزىدىن ئەللىك نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بورىچى ئۇچاستىكىسىغا يېتىپ كەلدى. بۇ قېتىمقى خىزمەت گۇرۇپپىسىدا يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشى ئىشخانىسى قاتارلىق تارماقلاردىن ئون نەچچە كادىر بولغاچقا، ياتاق ۋە تاماق ئىشىدا خېلى كۆپ قولايسىزلىقلار كۆرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن تارىخىي مەسىلىدە ئايلىنىپ قالغان، بىرمۇنچە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا پايدىلىق بولدى. بارغانلا يەردە خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ، مەسىلىلەرنى نەق مەيداندا تۈزەتتۇق. تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ ھامىلىدارلىق تەكشۈرۈشىدىن باشلاپ، ئىتتىپاق بولمىغان كەنت بەنزىلىرىنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنلىرىنى چاقىرىشقىچە؛ يەنە يول، ئېرىق - ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى، داۋالىنىش، مائارىپ ۋە ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق خىزمەتلەردىكى نۇرغۇن مەسىلىلەرگىچە تولۇق ھەل قىلىندى. يېزىغا قايتقىنىمدا زىيادە چارچاش سەۋەبىدىن قاتتىق زۇكامداپ كەتكەنىدىم. پۈتۈن بەدىنىمدىن سوغۇق تەر چىقىپ تۇراتتى.

ئۆيگە كىرمەيلا، تۇراق شۇجىنىڭ ئىشخانىسىغا باردىم. ئۇ كارىۋىتىدا ئوڭدىسىغا يېتىپ، نىمىدۇر بىر ئىشنى خىيال قىلىۋاتقانىكەن. مېنى كۆرۈپ ئېرەنسىزلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى - دە، دوكلاتىمنى كۈتمەيلا بىر يېڭى خەۋەرنى يەتكۈزدى:

— ناھىيە يولغۇنجاي كەنتىدە نەق مەيدان يىغىنى ئاچىدىغان بولدى.

— نېمە نەق مەيدان؟

— كېۋەزنى ئۆستۈرۈۋېتىپتۇ...

شۇنىڭدىلا سەلبىي نەق مەيدان يىغىنى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بىراق، زادىلا ئىشەنگۈم كەلمىدى. چۈنكى، دەسلەپكى ۋە ئوتتۇرا مەزگىللىك باشقۇرۇشى بەكلا ياخشى بولغان كېۋەزلەرنىڭ پەقەت

ئون نەچچە كۈن ئىچىدىلا سەلبىي نەق مەيدان يىغىنى ئاچقۇدەك ناچارلىشىپ كەتكەنلىكىگە ئىشىنىش قىيىن ئىدى. لېكىن تۇراق شۈجى بۇنداق ئىشتا چاقچاق قىلمايتتى. شۇڭا تەئەججۈپ بىلەن سورىدىم:

— بوغۇم قىسقارتىش دورىسىنى چاچماپتىمۇ؟

— نېمە؟ — دېدى تۇراق شۈجى ماڭا ھۈرپىيىپ، — سىز مەندىن سوراۋاتامسىز؟ قىزىق گەپ بولدىغۇ بۇ؟! مەن كىمدىن سورايمەن ئەمدى؟!

مەن تۇراق شۈجىنىڭ پوزىتسىيىسىدىن ھەيران قالدىم. چۈنكى، ئۇ چىرايلىق ۋەدىلەر بىلەن مېنى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى ئىشلەشكە ئەۋەتكەندى. بىراق مەسىلە كۆرۈلگەندە، يەنە كېلىپ ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ ئالدىدا جاۋابكار بولىدىغان چاغدا ئۇ مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرماقتا ئىدى. ئېنىقكى، قول ئاستىدىكى مەندەك كادىرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ گەپلىرىگە ئىگە بولالمىغان ئادەم يۇقىرىنىڭ ئالدىدا ھەممە مەسئۇلىيەتنى ماڭا دۆڭگەپ قويۇشى تامامەن مۇمكىن ئىدى. شۇڭا مەن ئەڭ يامان ئاقىۋەتكە تەييارلىق قىلىشىم، تەنقىدنىڭ ئورۇنلۇق ياكى ئورۇنسىز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دادىل قوبۇل قىلىشىم؛ ئېغىر ياكى يېنىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سالماق بولۇشۇم؛ تەنقىد ئارقىلىق مەسىلىنى تۈزىتىش مەقسىتىگە يېقىندىن ماسلىشىشىم كېرەك ئىدى. بىراق، بېشىمنى قاتۇرغىنى يەنىلا بىر ئادەم بىلەن كېيىنكى خىزمەتلەرنى قانداق ئىشلەش مەسىلىسى ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى شەكسىز ئىجرا قىلسام، مەسىلە چىققىسىلا ماڭا دۆڭگەپ، مېنى باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتەتتى. ئىجرا قىلمىسام، يۇقىرىغا بوي سۇنۇشتىن ئىبارەت تەشكىل پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلغان بولاتتىم.

ئەتىسى ئەتىگەندە رەتلىك تىزىلغان بىرمۇنچە ئالىي دەرىجىلىك پىكاپ يۇلغۇنجاي كەنتىگە كىرىپ كېلىشتى. كېۋەزنىڭ

كىرىشىپ كەتكەن يان شاخلىرىنى قىرقىۋاتقان دېھقانلار ئىشلەۋې-
تىپ ناھىيە رەھبەرلىرىگە قورقۇمسىراپ قارايتتى. ناھىيىلىك
پارتكومنىڭ يېزا خىزمىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن شۇجىسى ۋاڭ
جيەنشىن قولىغا باتارېيىلىك كانايىنى تۇتۇۋېلىپ، يېزىمىزنىڭ
پاختىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئەيىبلىرىنى ئاچماقتا ئىدى:

— بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ناھىيىلىك پارتكوم پاختىچى-
لىق ئىشلەپچىقىرىشىنى دېھقانلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش-
تىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم بىر سىياسىي ۋەزىپە سۈپىتىدە چىڭ
تۇتتۇق. گەرچە كۆپ ساندىكى يېزا - بازارلار پاختىچىلىق ئىش-
لەپچىقىرىشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنى توغرا تونۇپ، تېخ-
نىكىلىق تەدبىرلەرنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرگەن بولسىمۇ، لې-
كىن قۇمبار يېزىسى مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان. ئالدىمىزدىكى
بۇ كېۋەزلىك — قۇمبار يېزىسى قومۇشدۆڭ كەنتى 3 - مەھەللى-
سىنىڭ كېۋەزلىرى بولۇپ، ياخشى باشقۇرۇلمىغانلىقى ئۈچۈن
كېۋەزلەر كۆككە زورلاپ ئۆسۈپ كەتكەن...

ۋاڭ شۇجى سۆزىنىڭ ئىنتوناتسىيىسىگە بەكلا كۈچەۋەتكەن-
لىكى ئۈچۈن ئاۋازى يېتىشمەي بوغۇلۇپ قالغانىدى. ناھىيە ھا-
كىمى ئابدۇقادىر ھاشىم قولىدىكى يانچۇق مېترى بىلەن كېۋەز
بوغۇملىرىنىڭ ئارىلىقىنى ئۆلچەيتتى. پات - پات ئۈمىدسىزلىك
بىلەن باش چايقايتتى. مەن خىجالەتچىلىكتە ئاچچىق يۇتۇپ قاراپ
تۇراتتىم.

— تۇراق شۇجى، — دەپ سورىدى ھاكىم ئەتراپتىكىلەرگە
دەرد تۆكۈۋاتقان تۇراق شۇجىدىن، — نەچچە يىل كېۋەز بىلەن
ھەپىلىشىپمۇ تېخىچە قانداق باشقۇرۇشنى بىلمىدىڭلارمۇ؟

تۇراق شۇجى ئاران تېپىلغان سۆزلەش پۇرسىتىدىن پايدىلى-
نىپ قايناپلا كەتتى:

— قانداق قىلارمەن، ھاكىم؟ بىرمۇنچە داشۆسىڭ بەردىلە.
لېكىن بۇ خەق بۇغداي بىلەن غېشىنىڭ پەرقىنى بىلمەيدۇ. مەن

ھەممە ئىشقا يېتىشەلمىسەم، بەرگەن ئادەملىرى تېخى كېرەككە كەلمىسە، مۇشۇنداق ئىش چىقماي قالاتتىمۇ؟!

تۇراق شۇجىنىڭ سۆزلىرىگە قاراپ غەزەپتىن بوغۇلۇپ كەتتىم. چۈنكى ئارىمىزدىكى خۇسۇسىي ئارازلىق ئۆچ ئېلىپ زەربە بېرىشكە، بىگۇناھ خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە زىيانكەشلىك قىلىشقا، ھەتتا يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلدىن پايدىلىنىپ زەربە بېرىشكە قاراپ ئۆزگەرگەنىدى.

نەق مەيدان يىغىنى ئاخىرلاشتى. ھەيۋەتلىك ماشىنا ئەترىتىمۇ توپا - چاڭلار ئىچىدە ئاستا - ئاستا يىراقلاپ كەتتى. لېكىن ماشىنا ماتورلىرىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازلىرى بېسىقمايلا، بىرىنىڭ تىللىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— سەنمۇ پارتكوم شۇجىسىمۇ؟ پارتكوم شۇجىسى سەندەك بولامدۇ؟ ھۇ پارىخور ئوغرى، ھۇ، پاھىشىۋاز ئوغرى···

قاراپلا ھەيران قالدىم. چۈنكى، يۇلغۇنجاي كەنتىنىڭ شۇجىسى تۇرسۇن توختى بوسۇغۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى، ھەمىشە ئۆيىگە چىللاپ مېھمان قىلىپ تۇرىدىغان ئاغىنىسى تۇراق شۇجىنىڭ ياقىسىغا چىڭ ئېسىلىپ تۇرۇپتۇ. تۇراق شۇجى ئۆزى ئەڭ ئامراق بۇ پېشقەدەم سانغۇننى مۇشت - پەشۋا بىلەن راسا ئۇرغىلى تۇرۇپتۇ. ئاغزى - بۇرنى قانغا بويالغان تۇرسۇن توختى بوسۇغۇ تۇراق شۇجىنىڭ ياقىسىنى قويۇۋەتمەي ھەدەپ تىللىغىلى تۇرۇپتۇ:

— ئالساڭ شۇجىلىكىمنى ئالسەن، جېنىمنى ئالمايسەنغۇ؟! يەنە نېمىدىن قورقاتتىم؟ ساڭا تۇز بەرسەم، سەن ھايۋان تېخى يالىڭاچ بولۇپ، خوتۇنۇمنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ يۈرىسىنا؟! ئۆزۈڭچە بۇ يەرگە نەق مەيدان باشلاپ كەپسەن. مېنى خاتالىققا چېتىپ يىقىتماقچىمىدىڭ؟! ھۇ خۇمسى ئوغرى، سېنىڭ ھوقۇقۇڭ شۇنچە زورمۇ؟! قوللىرىڭ خەقنىڭ خوتۇنىغا يەتكۈدەك شۇنچە ئۇزۇنمۇ؟! قولۇڭدىن كەلسە سولىتىۋەت، ئات-

قوزۇۋەت! ...

ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇكېرىم يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇلارنى ئاجراتتى. ئاندىن تۇراق شوجىنى تارتىپ ماشىنىغا چىقىرىپ قويدى. ماشىنىلار چاڭ - توزانلار ئىچىدە ئۇزاپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن تۇرسۇن توختى بوسۇغۇ تېخىچە توختىماي تىللايتتى. تىللاپمۇ ئاچچىقى چىقماي، كىچىك بالىلاردەك ھۆركىرەپ يىغلايتتى. ياش تامچىلىرى ساقاللىق يۈزىنى بويلاپ تاراملاپ ئاقاتتى.

كىشىلەر تۇرسۇن توختى شوجىنىڭ يىغىسىدىن ھەممىنى بىلدى. ئۆزلىرى ئەۋلىيا بىلىدىغان پارتكوم شوجىسىگە لەنەتلەر ئوقۇدى. تۇرسۇن شوجى خورلانغان ئەرلىك غۇرۇرى ئۈچۈن پارتكوم شوجىسىدىن قىساس ئېلىشقا قەسەملەر قىلدى.

مەن ئۆز - ئۆزۈمگە پىچىرلىدىم:

— چولۇكلەرنىڭ ھەممىسىنى قومۇرۇۋېتىش كېرەك.

## 9

ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشىنى كۆرۈپ ئاچچىق يۇتۇپ بوغۇلۇپلا كەتتىم. چۈنكى، ئۇقتۇرۇشتا قومبار يېزىسىنى پىلانلىق تۇغۇت ئىجتىمائىي تەربىيە پۇلىنى يىغىش ۋە ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ئىپادىسى ياخشى ئەمەس، دەپ تەنقىدلىگەنىدى. دېمىسىمۇ، نامرات يېزىدا قورساق مەسىلىسىنى ھەل قىلالمايۋاتقان كىشىلەردىن ئىجتىمائىي تەربىيە پۇلى يىغىش ھەقىقەتەن قىيىنغا چۈشكەنىدى. شۇڭا جاڭ شياۋمىڭ بۇ خىزمەتكە مەسئۇل بولغان مەزگىللەردە پىلانىنىڭ سىرتىدا تۇغۇلغانلار سانى خېلىلا كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئىجتىمائىي تەربىيە پۇلىنى يىغىش نىسبىتى يىگىرمە پىرسەنتكىمۇ يەتمىگەنىدى. مەن مەس-

ئۇل بولغان يېرىم يىلدىن بېرى، تەكرار ھالدا قانۇنغا خىلاپ
پەرزەنت كۆرگەن بىر قىسىم ئائىلىلەردىن ئاز - تولا تەربىيە
پۇلى يىغقان بولساقمۇ، لېكىن يىل بېشى، سېرىقتال مەزگىللى-
رى بولغاچقا، يىغىش نىسبىتىدىن خېلىلا تۆۋەن ئىدى. ئەڭ
يامان بولغىنى يەنىلا تۇراق شۇجىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقى-
رىشىنى باھانە قىلىپ، ئاياللارنىڭ ھامىلىدارلىق تەكشۈرۈش
ئىشلىرىغا ۋاقىت بەرمەسلىكى ئىدى. مەن پىلانلىق تۇغۇت خىز-
مىتىگە مەسئۇل بولغىنىم ئۈچۈن مەسىلە كۆرۈلگەندە مېنى جازا-
لاشنى ئويلاپ يۈرەمدۇ ياكى نوپۇس ئىشلەپچىقىرىشىنىڭمۇ ئىز-
چىل تۇردە سان ئۆزگىرىشى قىلىدىغىنىنى بىلمەمدۇ، ھەر قې-
تىمقى ھامىلىدارلىق تەكشۈرىدىغان دوختۇرلارنى كۆرسىلا مې-
نىڭ ئومۇملۇق ئېگىم توغرىسىدا توختىلىپ بىرمۇنچە تەنقىد
قىلاتتى - دە، ئۇلارنى قۇرۇقلا يولغا سېلىپ قوياتتى. شۇ
سەۋەبتىن، پىلانلىق تۇغۇت ئىدارىسىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، بىز-
نى ناھىيە بويىچە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىپ تەنقىدلىگەنىدى.

تۇزىتىش تەدبىرلىرىنى مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن يېزىلىق
پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىغا كىردىم. قارىسام، ئىشخانا مۇدىرى
ئايىنىسا تېخىچە مىچىلداپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئەرلەرگە ئوخشاش
كەڭ يەلكىسى بىلەن چىلگە قوغۇندەك يوغان كۆكسى ئېسەدەشكە
ئەگىشىپ، رىتىملىق سىلكىنىپ تۇراتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇمۇ
ماختىسا تېرىسىگە سىغماي قالىدىغان، تەنقىدلەنسە گېلىدىن غىزا
ئۆتمەيدىغان كادىرلاردىن ئىدى. لېكىن، خىزمەتتىكى ئورتاق
مەسئۇلىيەت تۇپەيلىدىن ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت ئىدارىسى
ئۇنىڭ بىرنەچچە ئايلىق ئىش ھەققىنى تۇتۇپ قالىدىغانلىقىنى
ئۇقتۇرغانىدى. شۇڭا يەنىلا ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىدى:

— ئايىنىسا، يىغلىماي سۆزلەڭ. يەنە قانداق مەسىلە بار؟
قانداق ھەل قىلىمىز؟ قاراشلىرىڭىزنى تولۇق سۆزلەڭ،
بولامدۇ؟

— پىلانغۇ بار، — دېدى ئاينىسا يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ، — ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش تەدبىرلىرىنى چوقۇم پەسىلدە بىر قېتىم ئەمەلىيلەشتۇرۇش كېرەك. بولمىسا ھامىلە چوڭلاپ كەتسە بىر تەرەپ قىلىشقا بولمايدۇ. يەنە پىلانلىق تۇغۇق قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغان ئائىلىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەربىيە پۇلىنى نىسبەتلەشتۇرۇپ يىغىش ۋە ئىدارىگە تاپشۇرۇش كېرەك. يەنە ئۆلچەمگە يەتكەن پىلانلىق تۇغۇت پونكىتى قۇرۇش ئۇچۇن ئىشخانا ئەسلىھەلىرىنى تولۇقلاش كېرەك. لېكىن بۇ خىزمەتلەرنىڭ بىرىمۇ ئەمەلىيلەشمىدى. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا قانداقمۇ نەتىجە قازانغىلى بولىدۇ؟! ھى... ھى ... ھى...

ئاينىسانىڭ ئېيتقانلىرى توغرا. گەرچە يىل ئاخىرلىششقا بىر ئايلا ۋاقىت قالغان بولسىمۇ، لېكىن پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى بۇ مۇھىم تەدبىرلەر تېخىچە ئەمەلىيلەشمىگەنىدى. ئەگەر داۋاملىق تاشلىنىپ قالسا، ئېنىقكى تۇراق شۇجى بۇ مەسىلىلەردىن پايدىلىنىپ ماڭا زەربە بېرەتتى. شۇڭا قولۇمغا قەلەم ئېلىپ ئەمەلىيەتچانلىقى بولغان بىر پىلان تۈزۈشكە كىرىشتىم.

ھەرقانداق پىلان يۇقىرىنىڭ تەلىپى بىلەن يەرلىكنىڭ ئەمەلىيىتىنى بىرلەشتۇرۇش ئاساسىدا تۈزۈلىدۇ. لېكىن ئەمەلىيەتچانلىقى ئوخشاش بولمىغاچقا، پىلانىنىڭ قىممىتىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا ئادىتىم بويىچە پىلاندىكى كونكرېت تەدبىرلەرنى ئەمەلىيەتكە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇشقا تىرىشتىم.

تۇراق شۇجى مەن تۈزگەن بۇ پىلاننى ئاڭلاپ چىققاندىن كېيىن، ئاۋۋال باش بارمىقىنى چىقىرىپ مېنى ماختىدى، ئاندىن قىسقىچە ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىپلا ئىشنى تۈگەتتى:

— ياخشى تۈزۈپسىز. مۇشۇ بويىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈڭ.

مەن تۇراق شۇجىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپلا قالدىم. چۈنكى، ئىشخانا ئەسلىھەلەرنى تولۇقلاشقىلا بەش مىڭ يۈەندىن ئار-

تۇق چىقىم قىلىش كېرەك ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يىللاردىن بېرى يىغىلىپ قالغان بەش يۈز مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پىلانلىق تۇغۇت ئىجتىمائىي تەربىيە پۇلىنى يىغىشتا، يېزىلىق پارتكوم ئادەم كۈچى ۋە ۋاقىت ئاجرىتىپ بەرمىسە بولمايتتى. بىراق، پارتكوم شۇجىسى ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، مەن تۈزگەن پىلانلارنى يەنىلا مېنىڭ ئورۇندىلىشىمغا تاپشۇرغانىدى. ماڭا ئايان. خىزمەتتىكى قىيىنچىلىقنى تەكىتلىسەم، ئۇ كۆزىنى مىت قىلمايلا رەت قىلىدۇ ياكى مېنى تەدبىرسىزلەر قاتارىغا چىقىرىۋېتىدۇ. بۇنداق ئاقىۋەتتىن ساقلىنىش ئۈچۈن مەن ئۇنىڭغا يېلىنىشىم ياكى تاكاللىشىپ كۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇرۇشۇم كېرەك. بىراق، ھەر ئىككىلا ئۇسۇل مەن ئۈچۈن بىھۇدە ئىش ئىدى. شۇڭا گەپ - سۆزسىزلا چىقىپ كەتتىم.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇششۇك مېڭىپ، سۇ قەغەزدەك قېلىنلىقتا مۇز تۇتتى. يەرمۇ توڭلاپ كەتكەچكە، قەدەملىرىمدىن غاراسلاپ ئاۋاز چىقىپ تۇراتتى. تېخى تونۇگۇنلا ياپيېشىل تۇرغان دەرەخ يوپۇرماقلىرى كەچ كۈزنىڭ ئىزغىرىن شامىلىدا تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

پۇتۇن بىر كېچە قىزىپ چىقتىم. زۇكام تەسىرىدىن بەدىنىمدىن سوغۇق تەر چىقىپ تۇراتتى. ئىچىدە ئاتەش يېنىپ تۇرسىمۇ، لېكىن توڭلىغىنىمدىن چىشلىرىم توختىماي كاسىلدايتتى.

ئەمدىلا بوسۇغىدىن ئاتلىشىمغا ئاينۇرخان ئانا كايىپ كەتتى:

— شۇنداق قاتتىق ئاغرىغان تۇرۇقلۇق، ئارام ئالماي يەنە خىزمەتكە ماڭغانلىرى نېمىسى؟! خىزمەت دېگەننى ئادەم ھايات بولسا، تەن ساق بولسا ئىشلىگىلى بولىدىغان گەپ. بولدى بالام، ئابىدە يېزىغا ئېيتىپ قويسۇن. بۈگۈن ھېچ يەرگە بارماي ئۆيدە ئارام ئالسىلا...

ئانىنىڭ ئېيتقانلىرى توغرا، مەن شۇ تاپتا ئارام ئېلىشقا موھتاج ئىدىم. ھېچبولمىغاندا، ئىسسىق يوتقانغا پۈركىنىپ جىمجىت يېتىۋالسام ئوخشىتىپ ئېتىلگەن شويلىدىن بىر - ئىككى قاچا ئىچىپ بىرلا تەرلىنىۋالسام چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتەتتىم. لېكىن، شۇ تاپتا يېتىپ ئارام ئالغۇدەك ۋاقتىم يوق. ئىككى كۈن بۇرۇنلا كەنت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمەت يىغىنىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدىم. دېمەك، بۈگۈن — يېرىم يىلدا ئاران بىر قېتىم كەلگەن پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى ئىشلەش پۇرسىتى ئىدى. مۇشۇنداق چاغدا يېتىپ قالسام ئورنۇمدا ئىش بېجىرىپ تۇرغۇدەك ئادەم يوق، شۇڭا ئۇنىڭ توسىقىنىغا ئۇنىماي ئالدىراش يېزىغا قاراپ ماڭدىم. يېغىن زالىنىڭ ئالدىغا كېلىشىمگە ئابدەننىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھەي مۇختار، دورىڭىز...

«SMZ» دېگەن لاتىنچە خەتلەر ئويۇلغان بۇ دورا ماڭا خېلىلا تونۇش. ھەمىشە زۇكامداپ بېشىمنى كۆتۈرەلمەي يېتىپ قالغىنىمدا، مۇشۇ دورىدىن ئىككى تالىلا ئىچىۋالسام ساقىيىپ كېتەتتىم. مەندىن ئەنسىرەپ كېچىچە كىرپىك قاقمىغان ئابدە تاڭ يورۇشى بىلەنلا خەلق دوختۇرخانىسىغا بېرىپ يەنە مۇشۇ دورىنى ئېلىپ كەلگەنىدى.

— ھازىرلا ئىچىۋېلىڭ.

— ماقۇل.

— دوختۇرغا كۆرۈنۈپ بېقىڭ.

— ماقۇل.

— مايلىق نەرسە يېمەڭ.

— ماقۇل...

يىغىندا خېلى ئۇزاق سۆزلىدىم. پىلانلىق تۇغۇت ئىجتىمائىي تەربىيە پۇلى يىغىش ئۇچۇن يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇت پونكى-

تىنىڭ كادىرى بىلەن ھەممە كەنتلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمە-
تىگە مەسئۇل كادىرلىرىنى تۆت گۇرۇپپىغا بۆلدۇم. ۋاقىت چې-
كى ۋە مەسئۇلىيەت سۇرۇشتۇرۇش ئۇسۇللىرىغىچە ئېنىق بېكى-
تىپ چىقتىم.

يىغىن تارقالغاندا چارچاپ ھالىم قالمىغانىدى. پۇت - قول-
لىرىم سىرقىراپ ئاغرىيتتى. ئازراق ماڭا - ماڭمايلا ھاردۇق
يېتىپ ياتقۇملا كېلەتتى. بىراق يەنە داۋاملىق مېڭىشىم، ھېچ-
بولمىغاندا تۆۋەنگە ئەۋەتىلگەن كادىرلارنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى
تەكشۈرۈپ يولۇققان مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشىم، خىزمەتنىڭ
نورمال يۈرۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشىم كېرەك ئىدى. ئىككى
تال دورا ئىچىپلا ۋېلىسىپىتىمگە مىنىپ قۇمدۆڭ كەنتىگە قاراپ
يولغا چىقتىم. كەنت قورۇسىغا ئەمدىلا كىرىشىمگە بالا كۆتۈر-
گەن بىر ئايال ھۆركىرەپ يىغلىغان پېتىچە ھال ئېيتىشقا باشلى-
دى:

— پىلان سىرتىدا بىر بالام بار ئىدى. تەربىيە پۇلىنى
تاپشۇرغۇچە بالىنىڭ دادىسى رەھمىتى كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەت-
تى. شۇنىڭدىن بېرى، تۆت بالام بىلەن تۇرمۇشتا كۆپ قىينال-
دىم. ھەتتا ھاشارغا كەتسەم بالىلىرىم ئۆيدە ئاچ قالدى. پۇل
بولمىغاچقا، يىل بويى گۆشسىز غىزا يەيمىز. ياغلىق تاماق
يېمىگىنىمىزگىمۇ نەچچە كۈن بولدى. شۇنداق تۇرساق، كادىرلار
يەنە جەرىمانە دەپ كەپتۇ. پۇل يوق دېسەم ئىتتىرىپ، دۈشكەللەپ
كەنتكە ئەكەلدى. ئۇبدان شۇجى، سىلىدىن خوش بولاي. پۇلغا
ئېشىنغىچە ئۇلار مېنى بۇنداق قىستىمىسۇن. ھى... ھى...

ئايالنىڭ يىغىسى بىلەن ئەتراپىمىزغا بىرمۇنچە كىشى يىغىل-
دى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇت ئىجتىمائىي تەربىيە پۇلى
يىغىدىغانلارمۇ، تەربىيە پۇلىنى تاپشۇرمايدىغانغا پۇرسەت ئىزدە-
ۋاتقانلارمۇ ۋە تاماشا كۆرىدىغانلارمۇ بار ئىدى. ئايالنىڭ سۆزىگە
ياق دېسەم، تۇرمۇش ئەھۋالى ھەقىقەتەن ئالاھىدە ئىدى. ماقۇل

دېسەم، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت جاۋابكارلىقىنى سۇرۇشتۇرمەيدىغان ياكى ئىجتىمائىي تەربىيە پۇلىنى كەچۈرۈم قىلىدىغان بەلگىلىمە يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇلى بار كىشىلەرمۇ ئىمكان بار پۇل تاپشۇرماسلىققا يوچۇق ئىزدەپ بىزگە قاراپ تۇراتتى. شۇڭا خىزمەتكە بولغان پاسسىپ تەسىرىنى ئويلاپ يەنىلا ئۇنىڭغا قاتتىق تەگدىم:

— نېمىگە يىغلايلا؟ ئەجەبا، ئۇ بالىنى سىلى تۇغمىغانمۇ؟! ھەي تۇراخۇن شۇجى، قېنى سىلى؟ مۇشۇنچىلىك ئىشنىمۇ بىر تەرەپ قىلالمىدىلىمۇ؟ ئاڭلاپ تۇرسىلا، بىرەرى يەنە مۇشۇ خوتۇندەك كۆكەرمىلىك قىلسا دەرھال يېزىغا ئەۋەتسىلە، كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتىمەن!

ئىككى كىشى تېخىچە يىغلاۋاتقان ئايالنى ئىتتەرگەن پېتىچە ئىشخانىغا ئەكىرىپ كەتتى. ئايالنىڭ ئېسىگە بېشىغا كۈن چۈشكىنىدە ئۆلۈپ كەتكەن ئېرى يەتكەن بولسا كېرەك، بىردىنلا ئۈن قويۇپ يىغلىۋەتتى. تاماشا كۆرۈپ تۇرغان كىشىلەر ياقىسىنى چىشلىگەن پېتىچە دەرھال تارقىلىپ كەتتى. مەن ياچېيكا ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ يەنە ئىككى تال دورا ئىچتىم. ئاندىن تۇرا سېدىق شۇجىنى چاقىرىپ بايامقى ئايالنىڭ قىيىنچىلىقىنى تىلغا ئالدىم:

— سىياسەتتە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ ئىجتىمائىي پۇلىنى كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدا بەلگىلىمە يوق. لېكىن بىزنىڭ ئۇنىڭدەك قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە غەمخورلۇق قىلىش مەجبۇرىيىتىمىز بار. شۇڭا بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئايالنى مەجبۇرىيەت ئەمگىكىدىن كەچۈرۈم قىلىۋېتىڭلار. پىلانلىق تۇغۇت ئىجتىمائىي تەربىيە پۇلىنى ھازىرچە سۈيلىمەڭلار. ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشىلانغاندا يىغساقمۇ بولىدۇ. لېكىن خىزمەتكە بولغان پاسسىپ تەسىرىنى ئويلىشىپ ئۇنى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە يولغا سېلىۋەتسىلە، باشقىلارغا پۇل تاپشۇرمىغىنى ئۇچۇن يېزىغا ئەۋە-

تىپ بەردۇق دېسىلە...

قۇمدۆڭ كەنتىدىكى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قومۇشدۆڭ كەنتىگە يېتىپ كەلدىم. ئەمدىلا دەرۋازىدىن كىرىشىمگە ئاغزى بۇرنى قانغا بويالغان بىر كەنت كادىرى ئالدىمغا كەلدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بەش ئوغۇللۇق بىر ئائىلە كىشىلىرى بىرلىشىپ ئۇنى ئۇرۇپ قويۇپتۇ. بىللە بارغان ئىككى كادىر قورقۇپ قېچىپ كېتىپتۇ. ئەھۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال يېزىلىق ساقچىخانىغا ئالاقە يېزىپ ئادەم ماڭدۇردۇم. ئاندىن كەنت شۇجىسى ئايۇپ داۋۇت ئارقىلىق تارقىلىپ كەتكەن كادىرلارنى يىغىپ، خىزمەتنى قايتىدىن تەرتىپكە سالدىم.

ئىشلىرىم تۈگىگەندە ئاللىقاچان كېچە سائەت ئىككىدىن ئاشقانىدى. ئۆيگە كەلسەم ئابىدە ئۇخلاۋاتقان ئوغلىمىزغا قارىغىنىچە مېنى ساقلاۋاتقانىكەن. تۇرقۇمغا قاراپلا چېچىلىپ كەتتى:

— سىز دېگەن ماشىنا ئەمەس، ئادەم. مۇشۇنداق ئىشلەپ بىرەر چاتاق چىقسا كىم ئىگە بولىدۇ؟! ئاز - تولا ئارام ئېلىپ، داۋالىنىپ ئىشلىسىڭىزمۇ بولاتتىغۇ؟!...

ئابىدەنىڭ تاپا - تەنىلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ تامىقىمنى يېدىم. ئاندىن دورامنى ئىچىپلا كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلىدىم.

ئەتىسى ئەتىگەندىن باشلاپ بېلىمنىڭ ئاغرىقى باشقىچە كۆچەيدى. قۇلاقلىرىمدىن پات - پات ۋىڭىلداپ ئاۋاز چىقىپ تۇراتتى. ماغدۇرسىزلىقتىن ئۆرە تۇرغۇدەكمۇ ھالىم قالمىغانىدى. بىراق، دوختۇرغا كۆرۈنگۈدەك ۋاقتىم يوق ئىدى. شۇڭا ئىككى تال دورا ئىچىۋېلىپلا يەنە خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتىم. بىراق، بېلىمنىڭ ئاغرىقى بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى.

ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە بولالماي قالدىم - دە، ئامالسىزلا دوختۇرخانىغا باردىم. سۈيدۈك - قان ئەۋرىشكىلىرى تەكشۈرۈلدى. ئاخىرىدا ھېلىقى يىلى كېچىدە توختى سوپۇرگى رەھمەتلىكنى داۋالىغان دوختۇر بالا دىئاگنوز قەغىزىنى كۆتۈرۈپ كىردى.

ئۇ ھازىر ئوتتۇز ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بەستلىك يىگىت بولۇپ، ئەينى يىللىرى ئاۋاق دوختۇر بالا ئىكەنلىكىگە ھېچكىمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئۇ مېنى كۆرۈپلا ئاچچىقلاپ كەتتى:

— قانداق ئادەمسىز؟ شۇنداق ئېغىر يۇقۇملانسىڭىزمۇ يەنە ئىشلەپسىز. ئۆلگۈچە ئىشلىمەكچىمىدىڭىز؟! ياپياش تۇرۇپلا جىددىي خاراكتېرلىك بۆرەك ياللۇغى بوپسىز. نېمە دورا ئىچكەندىڭىز؟ قانداق ئىچكەن؟

دوختۇر بالا جاۋابىمنى ئاڭلاپلا ئالىقىنى بىلەن پېشانىسىگە بىرنى ئۇردى - دە، يەنە چېچىلىشقا باشلىدى:

— ئەخمەقلىق، ئۇچىغا چىققان ئەخمەقلىق. «SMZ» ئەكس تەسىرى بەكلا كۈچلۈك دورا. شۇڭا ئادەتتە بىر سوتكىدا پەقەت تۆت تاللا ئىچىلىدۇ. بىراق سىز بىر سوتكىدا سەككىز تالدىن ئۇدا بەش كۈن ئىچىپسىز. شۇڭا مۇشۇنداق چاتاق چىققان گەپ. ئىسىت، ئىسىت، چاپىقىنى ئالمەن دەپ كۆزىنى قارىغۇ قىپسىز. بۇنچە قىينىلىپ يۈرگىچە ئوكۇل ئاستۇرسىڭىزمۇ بولاتتىغۇ؟! ھەي ئىسىت، ھەي ئىسىت…

دوختۇر ئىككى - ئۈچ ھەپتە بالنىستتا يېتىپ داۋالانمىسام بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇڭا رۇخسەت سوراش ئۈچۈن تۇراق شۇجىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم. ئۇنىڭ گۆشلۈك يۈزى ساڭگىلاپ كەتكەن بولۇپ، يەنە خاپا كۆرۈنەتتى:

— قانچە پۇل يىغدىڭلار؟

— يەتمىش بەش مىڭ يۈەنگە يەتتى.

— بولدى قىلىڭ، — دېدى ئۇ ماڭا قول شىلتىپ، — بىرىنچىدىن، يېزىمىز نامرات. خەلق بۇنچە ئېغىر سېلىقنى كۆتۈرەلمەيدۇ. شۇڭا پۇل يىغىشنى دەرھال توختىتىڭ؛ ئىككىنچىدىن، خىزمەتكە تولا قاتراپ ھېرىپ - چارچىدىڭىز، ئايىغىڭىزمۇ كونىراپ كېتىپتۇ. شۇڭا جەرىمانە پۇلىدىن يىگىرمە بەش مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ كېلىڭ. يېزا رەھبەرلىرىگە بىرەر جۈپتىن ئاياغ

ئالايلى...

نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدىم. چۈنكى، پىلانلىق تۇغۇت ئىجتىمائىي تەربىيە پۇلى قانۇن بويىچە يۇقىرىغا تاپشۇرۇلىدىغان مەخسۇس پۇل بولۇپ، خۇسۇسىيلار ئۇچۇن ئاياغ سېتىۋېلىشقا بولمايتتى. ئەگەر رەھبەرلەر بۇ پۇلغا ئاياغ سېتىۋالسا بولىدىغان يېرى بولغىنىدا، مېنىڭمۇ جېنىمنى قىيناپ جاپا تارتىپ يۈرۈشۈمنىڭ، نامرات كىشىلەرنىمۇ قىيناپ يۈرۈشۈمنىڭ قىلچە زۆرۈرىيىتى قالمىغان بولاتتى. بىراق، تۇراق شۇجى ئاياغ سېتىۋېلىش باھانىسىدا مېنىڭدىن يىگىرمە بەش مىڭ يۈەن پۇل سوراۋاتقانىدى. توۋا، بۇنچە كۆپ پۇل خەجلىگۈدەك قانداق ئېسىل ئاياغلاردۇ ئۇ؟!...

قەلبىم زىددىيەت بىلەن تولدى. ماقۇل دېسەم يۇقىرىغا نېمە دەيمەن؟ يىگىرمە بەش مىڭ يۈەننى نەگە ئاپاردىڭ دېسە، قايسى ئىسپاتنى كۆرسىتىمەن؟ تىلخەت بەرمىسەم ئايىنسامۇ پۇل بەرمەيدۇ. مەن تىلخەت بېرىپ ئەكىرگەن پۇلغا تۇراق شۇجى تىلخەت بەرمەيدۇ. تىلخەت بېرىشنى تەلەپ قىلسام، ئېنىقكى، ئۇ يەنە غەزەپلىنىدۇ. بۇنىڭدا ئۇنىڭغا قانۇنسىز پۇل ئەكىرىپ بېرىپمۇ بەربىر يامان بولىمەن. ياق دېسەملا كۆرىدىغىنىم بار. چۈنكى، نەچچە يىلدىن بېرى ھەق - ناھەق ئۈستىدە تىك تۇرۇپ تارتقان خاپىلىقلىرىم ئازمۇ؟!...

مەن مۇرەككەپ زىددىيەت ئالدىدا يەنىلا مەسىلىنى ھەل قىلىش پۇرسىتىگە موھتاج ئىدىم. بىراق، زىددىيەتلىك كەيپىياتىمنى ئاشكارىلاپ قويۇشمۇ ئوخشاشلا پايدىسىز ئىدى. شۇڭا تۇراق شۇجىغا كەسكىن جاۋاب بەردىم:

— ماقۇل، پۇلنى ھازىرلا ئاجرىتىپ كىرەي!

پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىغا كېتىۋېتىپ كاللامغا بىر ئەقىل كەلدى. كۆرۈنۈشتە ماقۇل دەپ تۇرۇپ، ئاستىرتىن يەنىلا ئۆز خاھىشىم بويىچە ئىش كۆرۈش بىرقەدەر مۇۋاپىق چارە ئىدى.

ئۇنىڭدا پەقەت ئايىنىسا چاندۇرۇپ قويمىسىلا، مەنمۇ خىيانەتچىگە ئايلىنىپ قالمايتتىم. تۇراق شۇجىمۇ مەندىن رەنجىپ يۈرمەيتتى.

ئىشخانىغا كىرسەم ئايىنىسا قارلىغاچ قانىتىدەك ئەگمە قاشلىرىنى تېرىۋاتقانىكەن. ئۇ مېنى كۆرۈپلا يۈزىنى ئالقىنى بىلەن توسۇپ نازلىنىپ كۈلدى. ئۇنىڭ قىلىقلىرىدىن بىرئاز سەسكەنگەن بولسامۇ، لېكىن چاندۇرمايلا ئۆز مەقسىتىمنى ئېيتتىم:

— پۇلنى تاپشۇرۇۋەتكەنمۇ؟

— ياق.

— هازىرلا تاپشۇرۇۋەتسىلە. ئەگەر كېچىكتۇرۇپ قويۇپ بىرەر ئاۋارىچىلىك تاپسىلا، ئەتىلا كېپىشلىرىنى توغرىلايمەن. ئۇقتىلىمۇ؟

ئايىنىسا كۆزۈمگە قاراپ بىرپەس تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن سومكىسىنى كۆتۈرۈپ، دولان قويىنىڭ قۇيرۇقىدەك يوغان ساغرىسىنى ئويناتقان پېتىچە چىقىپ كەتتى.

پىلانلىق تۇغۇت ئىجتىمائىي تەربىيە پۇلى يىغىش خىزمىتىنى خۇلاسىلاش ئۈچۈن يىغىن زالىغا كېتىپ باراتتىم. تاسادىپىيلا تۇراق شۇجى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدۇق.

— پۇلنى ئالدىڭىزمۇ؟

— ياق.

— نېمىشقا؟

— ئىدارىنىڭ هېساب نومۇرىغا كىرگۈزۈپ بانكىغا قويۇۋېتىپتۇ. ئەمدى دوكلات يېزىپ ئاجرىتىپ كېلىمەن.

تۇراق شۇجى بېشىنى چايقىغان پېتىچە جىمجىتلا كېتىپ قالدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدەك ئۇزۇن يىللىق مالىيە باشقۇرۇش تەجرىبىسىگە ئىگە بۇنداق ئادەمنى ئالدىغىلى بولمايتتى. لېكىن، سەۋەب ئىزدەپ رەت قىلغىنىم يەنىلا پرىنسىپنى تەكىتلەپ ئۇرۇشقىنىمدىن ياخشى ئىدى.

شۇ يىلى يېزىمىز نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە ناھىيە بويىچە «ئىلغار يېزا» بولۇپ مۇكاپاتلاندى. تۇراق شۇجىمۇ شەرەپ سەھنىسىگە چىقىپ مۇكاپات ئالدى. بىراق، ئۇ پەخىرلە-نىشنىڭ ئورنىغا يەنىلا ئاچچىقلاپ يۈرەتتى. بولۇپمۇ ئەينى يىللە-رى ماڭا ئاتاپ ئىجاد قىلغان «لاتا غىلاپ ستودېنتلار» دېگەن پاتېنت سۆزلىرى بىراقلا ئاۋۇپ كەتكەنىدى. بۇنداق چاغلاردا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ياش كادىرلار غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كېتەتتى. بىراق، مەمەت بوسۇغۇنىڭ ئاغزى خۇشاللىقتىن قۇلىقىغا يېتەتتى. مەن بولسام كۈنسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان بەل ئاغرىقىمنىڭ غېمىدە ئىدىم.

## 10

11 - ئاينىڭ ئاخىرى ئىدى. مەن تۇراق شۇجىنىڭ ئورۇن-لاشتۇرۇشى بويىچە يېزا ئورگان كادىرلىرى بىلەن ھەرقايسى كەنت، مەكتەپ، پونكىت ۋە تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى يېزىغا يىغىنغا چاقىرتقانىدىم. يېقىندىن بېرى، كىشىلەر ئارىسىدا تۇ-راق شۇجىنىڭ ناھىيىگە مۇئاۋىن ھاكىم بولىدىغانلىقى توغرىسى-دىكى پاراڭلار تارقىلىپ يۈرەتتى. لېكىن، راست - يالغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. شۇنداقتىمۇ، مەن تۇراق شۇجىنىڭ مىجەزىدە بەزى ئۆزگىرىشلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى سەزدىم. ئۇ كۆپىنچە «213» تىپلىق جىپ ماشىنىسى بىلەن ئۆيىدىن يېزىغا، يېزىدىن كەنتكە، كەنتلەردىن ناھىيە بازىرىغا قاراپ توختىماي چېپىپ يۈرەتتى. كىشىلەر بەكلا سۈرلۈك كۆرۈنىدىغان بۇ ئادەمگە جىپ ماشىنا يېتىپ كەلمەستىنلا دەرھال يول بېرىشەتتى. لېكىن يەنىلا تۇراق شۇجى ئۇلارنى تىللاپ كېتەتتى. ھەتتا تورغاي چۈرۈلدە-ماستا كېلىپ دەرۋازىسى ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان شوپۇرنى؛ چۈش-تە تاماققا كېلىدىغان ياكى كەلمەيدىغىنىنى سورىغان ئايالىنى؛

ماشىنا سىگنالىغا قۇلاق سالمىغان هارۋىكەشلەرنى؛ ئۆزىگە يول
بوشاتمىغان پادىچى باللارنى؛ تاماقنىڭ تۇزىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن
ئاشپەزنى؛ ئۇستەلنى چالا سۈرتكەن ئالاقچىنى؛ دەرۋازىنى ۋاق-
تىدا ئاچمىغان قاراۋۇلنى تىللاپ رەسۋا قىلاتتى. ئەگەر بىرەرى
قاپىقىنى تۈرۈپلا قويسا، مۇشت - پەشۋا دېگەن نەقلا ...

تۇراق شۇجى مېنى يەنە چاقىرتىپ قالدى:

— كادىرلار يىغىلىپ بولدىمۇ؟

— يىغىلىپ بولدى.

— ياخشى، يىغىننى مەمەت بوسۇغۇ شياڭجاڭ باشقۇرۇپ
تۇرسۇن. سىز دەرھال پاختا زاۋۇتىغا بېرىپ يىللىق ستاتىستى-
كىنىڭ خاتالىقىنى تۈزىتىپ كېلىڭ. ئەگەر ئۇلار خاتالىقىنى
يەنىلا تۈزەتمىسە، ئىككىمىز هاكىمنىڭ ئالدىغا دەۋاغا
كىرىمىز...

تۇراق شۇجى بىر قېتىملىق يىغىندا: «پاختا زاۋۇتى قۇمبار
يېزىسىنىڭ پاختا ستاتىستىكىسىنى باشقا يېزىلارغا قوشۇۋېتىپ-
تۇ» دېگەنىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ مەسىلىنى ئىنقىلاش ستاتىستىكا
خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان مەمەت بوسۇغۇغا ئەمەس، بەلكى ماڭا
يۈكلەنگەنىدى. شۇنداقتىمۇ رازىمەنلىك بىلەن پاختا زاۋۇتىغا قا-
راپ ماڭدىم. كەسپكە مەسئۇل دىرېكتورنىڭ ياردىمىدە بارلىق
تالونلارنى ئەكەلدۈرۈپ بىر - بىرلەپ هېسابلاپ چىقتۇق. چۈش-
لۈك تاماق ۋاقتىغىچە نەچچە رەت هېسابلاپ چىققان بولساقمۇ،
لېكىن قىلچىلىك خاتالىق چىقمىدى. شۇندىلا تۇراق شۇجى ئىگى-
لىگەن ئۇچۇرنىڭ توغرىلىقىدىن گۇمانلىنىپ قالدىم. ئېھتىمال،
بۇ مەمەت بوسۇغۇنىڭ ئالىجوقى گەپلىرى بولسا كېرەك. ئۇ يېزا
ئىگىلىك ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولغاچقا، كېمەيگەن پاختىنىڭ
جاۋابكارلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مۇشۇنداق گەپ تاپقان بولۇشى
مۇمكىن ئىدى. بىراق، تۇراق شۇجى نېمىشقا كەسپكە مۇناسى-
ۋەتلىك ئادەمنى ئەۋەتمەي، مېنى ئەۋەتتىكىنە؟ ئويلىغانسېرى بۇ

ئىشنىڭ بىر ئاز غەلىتە ئىكەنلىكىنى سېزەتتىم. لېكىن سەۋەبىنى بىلمەيتتىم. بەزىدە ئۆزۈمنىڭ گۇمانخورلۇقى ئۈچۈن كۈلەتتىم.

يېزىغا قايتقىنىمدا ھەممە كادىرلار چۈشلۈك تاماققا كېتىشكەندى. پەقەت تۇراق شۇجىلا ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدا بېلىنى قۇشلىغان پېتىچە تاماكا چېكىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا ئەھۋالنى قىسقىچە دوكلات قىلدىم:

— زاۋۇت ستاتىستىكىسىدا خاتالىق يوقكەن. بىرنەچچە ئادەم بىرلىشىپ ئۇدا ئۈچ قېتىم تەكشۈرسەكمۇ خاتالىق چىقمىدى. ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ يەنە تەكشۈرەمدۇق؟

تۇراق شۇجى جاۋابىمدىن رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى:

— بوپتۇ، سىز تەكشۈرۈپ خاتالىق بايقىمىغانىكەنسىز، ئۇلارنىڭ ستاتىستىكىسى توغرا دېگەن گەپ. مەنمۇ قايىل بولدۇم. مېنىڭچە، قايتا دەۋالىشىپ يۈرمەيلى.

پارىڭىمىزنى تۈگىتىپ سىرتقا چىقسام راخمان، شياۋ روڭۋۇ ۋە زۇلپىيە قاتارلىق بىرنەچچە ياش كادىر نىمىدۇر بىر ئىشنى دەتالاش قىلىۋاتقانىكەن. تۇرقىدىن قارىغاندا ئۇلار بىرەر ئىشقا قاتتىق رەنجىگەندەك قىلاتتى. دەرۋەقە راخمان مېنى كۆرۈپلا قاقشاپ كەتتى:

— مۇ شۇجى، نەگە كەتتىلە؟ يېزىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەكشۈرەيدىغان مۇشۇنداق پەيتتىمۇ كېتىپ قالغانلىرى نېمىسى؟! باشقا چاغلاردىغۇ دەردىمىزنى ئىچىمىزگە يۇتۇپ يۈرىمىز. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئىزدەپ كەلگەن چاغدىمۇ ئىككى ئېغىز ھەق گەپ قىلمىسىلا قانداق بولىدۇ؟!

راخماننىڭ گېپىدىن ھەممىنى بىلدىم. ئەسلىدە تەشكىلات بۆلۈمى بىرەر - ئىككى ئايدىن كېيىن چاقىرىلىدىغان يەتتىنچى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەييارلىقى بىلەن كادىرلارنى تەكشۈرۈشكە كەلگەنىكەن. بىراق، تۇراق شۇجى مېنىڭ بىرەر مۇ-

ھىم ئەھۋالنى ئاشكارىلاپ قويۇشۇمدىن ئەنسىرەپ، مېنى زاۋۇتقا ماڭغۇزۇۋەتكەنىكەن. بۇ ئەمەلىيەتتە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگە قارشى ھەرىكەت بولۇپ، چەكلەنگەن قىلمىش ئىدى. بىراق، تۇراق شۇجى پارتكوم شۇجىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيە پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلغانىدى.

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم. شۇ ئەسنادا، يان تەرەپتىكى «مۇتىۋەر» دەپ ۋۇنۇسكا ئېسىلغان ساتىراشخانىدىن تۇرسۇن مەتيار، ۋاسىل تۆمۈرچى، تۇرا سىدىق ۋە ئايۇپ ئابدۇللا قاتارلىق بىرنەچچە كەنت كادىرى چىقىپ كېلىشتى. پاراڭ تېخىمۇ قىزىرىدۇ:

— بۇ زاماندا ئۆزىنىڭ غېمىنى ئۆزى يېمىسە، ھېچكىمنىڭ ھېچكىم بىلەن كارى يوق.

— شۇنى دەيمەن. شۇنداق چاغدىمۇ كېتىپ قالغان بارمۇ؟!

— خەقلەر جىم تۇرمىدى.

— سىرتقا چىقىپ ئۆزئارا قولاق قېقىشتى.

— تۆگىنى تۆگە كۆرسىتىپ، گەپ تاپىدىغان بولدى - دە؟!

مەن تۇراق شۇجىنىڭ قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن غەزەپلەندىم. چۈنكى، ئۇ مېنىڭ «پارتىيە نىزامنامىسى»دە بەلگىلەنگەن سايلاش - سايلىنىش ۋە ھەق - ناھەق مەسىلىسىدە پىكىر قىلىش ھوقۇقۇمنى يوقىقا چىقارغانىدى. بىردىنلا تەشكىل مېنى ئىزدىمىسە تەشكىلنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىزدەشنىمۇ ئويلىدىم. بىراق، سۆھبەتلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىسەممۇ، لېكىن پىكىرلىرىم پەقەت مېنىڭلا پىكرىم بولسا، يەنىلا ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنىپ كەتمەيتتى. ئەمەلىيەتتە ھەق - ناھەق مەسىلىسىدە يەنىلا خەلقنىڭ، كۆپچىلىكنىڭ قىلغان گېپىلا ھەقىقىي چەك

باسىدىغان، بىرەرى مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن ئاغدۇرۇۋېتەل-
مەيدىغان، ۋاقىتنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئىس-
پات بولاتتى. شۇڭا نەزىرىمنى تېخىچە نارازىلىق بىلەن سۆزلى-
شىپ تۇرغان كادىرلارغا يۆتكىدىم. ئۇلار قۇمبار يېزىسىدىكى
هوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنى سەمرىتىپ كەلگەن چولۇك سۇ-
پەت رەھبەرلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. مەن بىردىنلا
تەشكىلنى ئىزدەش خىيالىمدىن ۋاز كەچتىم. چۈنكى، پىكىر
قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن بولسامۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ
ھەممىسى باشتىن - ئاخىر تولۇق سۆزلەش پۇرسىتىگە ئېرىشكە-
نىدى. شۇڭا تەمكىنلىك بىلەن ئۇلارغا جاۋاب بەردىم:
— خەلقنىڭ كۆزى بار.

## 11

بارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھەممىسى يىلتىزىغا تايىنىپ ياشاي-
دۇ. چولۇك دەرىخمۇ ئۆسۈملۈكلەر ئائىلىسىگە مەنسۇپ. شۇڭا
ئۇمۇ بۇ قانۇنىيەتتىن مۇستەسنا ئەمەس.
تۇراق شۇجىنىڭ ئاچچىقى تېخىمۇ يامانلىشىپ كەتتى. يا-
چېيكا شۇجىلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان تۇرسۇن توختى بو-
سۇغۇ ناھىيىلىك پارتكومغا دەۋا قىلغان، بىراق نەچچە كۈنگىچە
دەۋا سورايدىغان ئادەم تاپالمىغاچقا، ئاخىر زەردە بولۇپ، تۆمۈر
دەرۋازىغا بىرلا ئۇسسۇپ قان ئىچىگە يىقىلغان؛ بۇ ئىشنىڭ
تەسىرىدىن ئەنسىرىگەن ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتې-
تىدىكى رەھبەرلەر ئۇنى دەرھال بالنىستقا ئالدۇرغان؛ لېكىن
ئۇ كىشى «ئەرزىمنى سورىمىساڭلار ئۆلۈپ بېرىمەن!» دەپ داۋا-
لىنىش ۋە تاماق يېيىشنى رەت قىلغانىدى. بۇ ئىش جەمئىيەتتىكى
قىزىق نۇقتا مەسىلىسىگە ئايلانغان بولۇپ، ھەممە كىشى ئېغىز-
دىن چۈشۈرمەي يۈرەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىر قىسىم دېھ-

قانلار تۇراق شۇجىنىڭ كۇيئوغلى مەمەت بوسۇغۇ بىلەن بىرلى-
شىپ، سۇ راسخوتىغا خىيانەت قىلغانلىقى توغرىسىدا ۋىلايەتكە
ئەرز قىلغانىدى. ۋالىي نەچچە يۈز كىشىنىڭ ئىمزاسى قويۇلغان
ئەرزنامىنى كۆرۈپ ئابدۇقادىر ھاكىمغا قاتتىق كايىغانىدى. ھا-
كىم ئەرز قىلغانلارنى ئەمدىلا قايتۇرۇپ كېلىشىگە مەمەت بوسۇ-
غۇنىڭ يېڭى ياساتقان ئۆيىگە ئىشلەۋاتقان ياغاچچىنىڭ قولىنى
ھەرە ئۈزۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇمۇ قان يۇقى قولىنى ياغلىق
بىلەن بوينىغا ئېسىپ، ناھىيىلىك پارتكومغا ئەرز قىلىپ
كەلگەنىدى ...

شۇ تاپتا مەنمۇ تۇراق شۇجىنى ئىزدەپ يۈرەتتىم. چۈنكى، قىرىق ياشتىن تۆۋەن دۆلەت مەمۇرلىرىدىن ئېلىنىدىغان «قوش تىل» ئىمتىھانىنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى مەسلىھەتلەشمىسەم بولمايتتى. بۇ قېتىمقى ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلەرنىڭ بىر ئايلىق ئىش ھەققى تۇتۇلىدىغان بولغاچقا، كۆپلىگەن كادىرلار نېمە قىلارىنى بىلەلمەي جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى. شۇڭا مەن ئۇلارغا ئۆگىنىش ۋاقتى، ئۆگىنىش ئورنى ۋە ئۆگىنىش يېتەكچىسى قاتارلىقلارنى بېكىتىپ بېرىشىم كېرەك ئىدى.

كوچىغا چىقىشىم بىلەن تەڭلا «213» تىپلىق كۆك رەڭلىك جىپ ماشىنا كۆرۈندى. بازار كۈنى بولغاچقا كوچىدا ئادەم خېلىلا كۆپ ئىدى. تۇراق شۇجىنىڭ شوپۇرى توختىماي سىگنال بېرەتتى. بىراق ۋارقىراپ - جارقىراپ يۈرۈشكەن تىجارەتچىلەرمۇ سودىسى بىلەن بولۇپ ماشىنىغا يول بېرىشنى ئۇنتۇغانىدى. بىرنەچچە مېتىر يىراقتا راخمان بىلەن شىياۋ روڭۋۇ بىرنەچچە ياش كادىر بىلەن چاقچاقلىشىپ تۇراتتى. ماشىنا يېقىنلاپ كەلگەندە تۇراق شۇجىنىڭ ئاق سېرىق چىرايى ئېنىق كۆرۈندى. ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن بۇ ئادەم خېلىلا ياداپ قالغان بولۇپ، لىغىرلاپ تۇرىدىغان گۆشلۈك يۈزى كىچىكلەپ قالغاندەك قىلاتتى.

غەلىتىلا سېزىم بىلەن ئىختىيارسىز ئارقامغا ياندىم. نې-

مشقا شۇنداق قىلغىنىمنىمۇ بىلمەيمەن. ئېھتىمال، ئادەملەر يول تالىشىپ يۈرگەن تار كوچىدا پارتكوم شۇجىسىنى ئاۋارە قىلغۇم كەلمىگەندۇ.

— ھەي مۇختار!

تۇراق شۇجى مېنى چاقىردى. قارىسام، ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈۋاتقانىكەن. يېنىغا كېلىپلا، ھاراقنىڭ سېسىق پۇرىقىنى سەزدىم. دېمەك، ئۇ ئالىلقاچان تەڭشىلىپ قالغاندى.

— كەنتلەرگە بارمىدىڭىزمۇ؟

— سىلىنى ساقلاپ...

— نېمىشقا؟ قاچاندىن بېرى ئىككىمىزنىڭ كىندىكى بىر بولۇپ قالدى؟ سىز بىرەر يەرگە بارماقچى بولسىڭىز چوقۇم مەن ھەمراھ بولامدىم؟

— ياق، ئىمتىھان بارئىكەن.

— نېمە ئىمتىھان؟

— «قوش تىل» ئىمتىھانى.

سۆزۈم تۈگىمەيلا ماشىنا سۈرتۈش بىلەن ساقال تاراشقىلا ئادەتلەنگەن لەتخور شوپۇر گەپنىڭ بىلىگە تەپتى:

— داشۆسىڭ تۇرۇقلۇق، سېلىمۇ ئىمتىھاندىن قورقامدىلا؟!

ئۇنىڭ گېپى ئويلىمىغان يەردىن تۇراق شۇجىنىڭ ستودېنتلارنى ياقتۇرمايدىغان كونا كېسىلىنى بىراقلا قوزغىۋەتتى. تۇراق شۇجى بىرنەچچە مېتىر يىراقتا پارلاق سىلىشىپ تۇرغان ياشلارنى كۆرستىپ ئاغزىنى بۇزدى:

— نېمە؟ داشۆسىڭ دېدىڭما؟ ئاۋۇ راخمان بىلەن شياۋ روڭۇلارمۇ داشۆسىڭغۇ؟! ئۇلار قانچىلىك نېمىلەر ئىدى؟ مۇ شۇجىمۇ داشۆسىڭغۇ؟! بۇ قانچىلىك نېمە ئىدى؟! كىندىكىمنىڭ ئاستىدىمۇ داشۆسىڭدىن ئۈچى بار! ھاجەتخانىغا كىرسەممۇ داشۆسىڭ، كارىۋاتقا چىقساممۇ داشۆسىڭ... ھا... ھا... ھا...

تاماشا كۆرۈۋاتقان بازارچى كىشىلەر پاراققىدە كۈلۈشتى. شياۋ روڭۋۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى يېڭىلا پۈتتۈرۈپ كەلگەن ستۇدېنت بولۇپ، يېزىمىزنىڭ باغۋەنچىلىك مەيدانىدىكى بىر خەنزۇ دېھقانىنىڭ ئوغلى ئىدى. كىچىكىدىن ئۇيغۇر بالىلار بىلەن بىللە ئويناپ چوڭ بولغاچقا، ئۇيغۇرچىنى ئانا تىلىدەك پىششىق بىلەتتى. كىشىلەرمۇ كىبىرسىز بۇ يىگىتكە بەكلا ئامراق ئىدى. لېكىن شۇ تاپتا ئۇ تۇراق شۇجىنىڭ ھاقارەتلىك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھەيرانلىقتىن قاراپلا قالغانىدى.

— نېمە دەيدۇ ماۋۇ سامان قورساق؟ ھېلى بىكار...

قارىسام، راخمان سوقۇشقاق چۆجە خورازلاردەك تۇراق شۇجىگە ھۆرپىيىپ تۇرۇپتۇ. خۇشامەت پاراڭلارغا كۆنۈپ قالغان تۇراق شۇجى راخماننىڭ تىللىغان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ جايىدا تۇرالمايلا قالدى:

— ھۇ، تۇك تاشلىمىغان سويما! نېمە دەۋاتىسەن ـ ھە؟ ھېلى بىكار دەيسەنغۇ؟ قانداق قىلماقچىدىڭ ـ ھە؟ ئوبدان ئاڭلا! سەن نېملەر پالان نېمەمگە ھېساب! ئۇقتۇڭمۇ؟

ھاقارەتلىك سۆزلەر ئالدىدا قانلىرىم قىزىدى. ئۇنىڭ لازىدەك قىزارغان يۈزىگە راسا كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالغۇم كەلدى. بىراق، بۇ ئادەمنى ئۇرۇشقا قەتئىي بولمايتتى. چۈنكى، ھاراق ئىچكەن كىشىلەر مەست بولىدۇ. مەست بولسا قالايمىقان سۆزلەيدۇ. بۇنداق ئادەملەر تاياق يېسە، كىشىلەر يەنىلا ئۇرغۇچىلارنى ئەيىبلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالدىمىزدىكى بۇ مەست باشقا كىشى ئەمەس، بەلكى قۇمبار يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى، بىزنىڭ رەھبىرىمىز ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن بولغان كۈرەشتە جىسمانىي كۈچكە ئەمەس، بەلكى قان چىقارماي جان ئالىدىغان سىياسىي ۋاستىگە تايىنىش كېرەك ئىدى. ئەكسىچە بولغاندا، تەشكىلىي تۈزۈم قارىشى يوق لۈكچەك ھېسابلىنىپ ئېغىر زىيان تارتىپ قالاتتۇق. شۇلارنى ئويلاپ مەن راخماننى توسىدىم. لې-

كىن تۆراق شۆجى تېخىمۆ ئەزۋەيلەپ مېنىمۆ قوشۆپ تىللاشقا
باشلىدى:

— هۆ، لاتتا غىلاپ داشۆسىڭلار، ئاڭلاپ قويۆش، كالتە
ئىشتىنىمنىڭ ئىچىدىمۆ داشۆسىڭدىن نەچچىسى بار...

كىشلەر قاقاقلاپ كۆلۆشەتتى. راخمان چىشىنى غۆچۆرلىـ
تىپ «ئەجەپ كەتكۆزۆۋەتتۆق، ئىسىت، ئىسىت...» دەپ توخـ
تىماي غۆدۆرايتتى.

مەن — راخمان، شياۋ روڭۋۆ قاتارلىقلارنى باشلاپ تۆراق
شۆجىنىڭ يېنىدىن كەتتىم. غۆژمەكلىشۋالغان كىشلەر توپى
تېخىمۆ زورايدى. نېمە ئىش بولغىنىنى بىلمەيدىغان كىشلەرمۆ
يېنىمىزدىن ئۆتۆپ تۆراق شۆجى تەرەپكە قاراپ يۆگۆرەيتتى. بىز
نومۆس كۆچىدىن تېز - تېز چامداپ يېزىلىق ئوتتۆرا مەكتەپكە
كىرىپ كەتتۆق.

مەكتەپ مەسئۆللىرى بىلەن بىرلىكتە «قوش تىل» ئۆگىنىـ
دىغانلارغا دەرسخانا، ئوقۆتقۆچى ۋە ماتېرىيال قاتارلىق جەهەتلەر-
دىن ياردەم بېرىش توغرىسىدا خېلى ئۆزاق سۆزلەشتۆق. پاراڭلىـ
رىمىز تۆگىگەندە كۆن ئولتۆرغان بولۆپ، كەچكى شەپەق زېمىنـ
نى قىپقىزىل قىزارتىۋەتكەنىدى. يېزا بازىرىمۆ جىمىپ، ئەخلەت-
لەر بىلەن مەينەتلىشىپ كەتكەن كوچىلار تىمتاسلىقتا چۆمگەنـ
دى. ئورگان كادىرلىرىمۆ ئىشتىن چۆشۆپ كەتكەن، يېزىلىق
پارتكوم قورۆسىدىمۆ بىرمۆ ئادەم كۆرۆنمەيتتى. بىراق، ئەمدىلا
قورۆغا كىرىپ تۆرۆشىمىزغا بىر چوكان گاه يىقىلىپ، گاه
ئورنىدىن تۆرۆپ يۆگۆرۆپ چىقتى. ئۆنىڭ تار يوپكىسى بېلىگىچە
تۆرۆلگەن بولۆپ، قارىغاندا هاجەتخانىدىن قېچىپ چىققاندەك قىـ
لاتتى. بۆ ئايال يۆگۆرۆپ كېلىۋېتىپ توختىماي «ئاھ - ۋاھ»
لاپ، يوغان قوللىرى بىلەن مەيدىسىگە ئۆراتتى.

يېقىنلاپ كەلگەندىلا ئۆنىڭ پىلانلىق تۆغۆت پونكىتىنىڭ
باشلىقى ئاينىسا ئىكەنلىكىنى بىلدۆق. راخمان ئۆنىڭ ئالدىنى

توسۇپ سورىدى:
— ئاينىسا، نېمە بولدىلا؟
ئاينىسا جىددىيلىشىپ كەتكەچكە ئاغزىغا گەپمۇ كەلمەيتتى. پەقەت قولى بىلەن پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى تەرەپنى ئىما قىلاتتى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن شۇ تەرەپتە بىرەر ئېغىر ۋەقە يۈز بەرگەنلىكىنى پەرەز قىلدۇق - دە، شۇ تەرەپكە قاراپ يۈگۈردۇق.
قارىساق، يېزا قورۇسى ئىچىدە پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىدىن باشقىلىرى پۈتۈنلەي تاقاق ئىكەن. پەقەت ئاينىسانىڭ ئىشخانىسىلا قىيا ئوچۇق تۇرۇپتۇ. ئىشخانىغا كىرىپلا ۋارقىرىۋېتىشكە تاسلا قالدىم. كىرىسلودا ئىشتىنى تىزىغا چۈشۈپ قالغان، مويلۇق بەدىنى، ھەتتا ئۇيات يەرلىرىگىچە ئوچۇق تۇرغان بىر ئەر سۇنايلىنىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ بىر قولى كىرىسلودىن پەسكە ساڭگىلاپ قالغان، يەنە بىر قولى كۆكرىكىنى چىڭ باسقان ھالەتتە تۇراتتى. سىنچىلاپ قاراپ، ئۇ كىشىنىڭ باشقا بىرى بولماستىن، بەلكى دەل بىزنىڭ تۇراق شۇجى ئىكەنلىكىنى تونۇدۇم. ھەممىمىز نەپرەت ياكى ئېچىنىش ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان چۈشىنىكسىز تۇيغۇ بىلەن بېشىمىزنى چايقىدۇق. ئەلەملىك خورسىندۇق.
ئېغىلدىنمۇ بەتتەر سېسىق پۇراپ كەتكەن ئىشخانىدىن دەرھال سىرتقا چىقتۇق. لېكىن ھاۋا ئالماشتۇرۇشقا ئۈلگۈرمەيلا، شياۋ روڭۋۇنىڭ غورقىرىتىپ قۇسۇۋاتقىنىنى كۆردۇم. راخمان ھەدەپ تۈكۈرەتتى، ھەسرەت بىلەن باش چايقايتتى...
— تېز ماڭ، — دېدىم راخماننىڭ مۈرىسىدىن ئىتتىرىپ تۇرۇپ، — دەرھال دوختۇر چاقىر!
ئۇزاق ئۆتمەيلا، دوختۇرخانا باشلىقى ئىككى سېستىرانى ئەگەشتۈرگەن ھالدا ئالدىراش كىرىپ كەلدى. قىسقىلا تەكشۈرۈشتىن كېيىن، ئۇ بېشىنى چايقاپ، روھسىز ھالەتتە سېستىرالارنى

باشلاپ چىقىپ كەتتى. چۈنكى، تۇراق شۈجىنىڭ يۈرىكى ھەر دا-
كەتتىن توختىغانىدى. مەن يېزا باشلىقى ئىلى موللەك بىلەن
مەسلىھەتلىشىپ مىيىت ئۈزىتىشقا تەرەپ - تەرەپلەرگە خەۋەر
بېرىۋەتتىم. لېكىن ئەتىسى پېشىنغىچە ئاران ئەللىككە يېقىن
كىشى كەلدى. كەلگەنلەرمۇ ناھىيە، يېزا رەھبەرلىرى، يېزا
ئورگىنى بىلەن كەنت كادىرلىرى ۋە مەرھۇمنىڭ ئۇرۇق -تۇغقان-
لىرى ئىدى.

تۇپراق بېشىدىن قايتقان ۋاقتىمدا، بىر توپ كىشىلەرنىڭ
يول بويىدا تۇرۇپ ئۈنلۈك ئاۋازدا قىلىشقان پاراڭلىرىنى ئاڭلى-
دىم:

— ئىسپىرتتىن زەھەرلىنىپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ.
— ياق، پاھىشىۋازلىق قىلىۋېتىپ ئۆلۈپتۇ.
— ھەممىسى بىكار گەپ، خەقنىڭ قارغىشىغا كېتىپتۇ.
— دوزاخقا كىرگەي ئىلاھىم...

خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم. چۈنكى، ئۇ
مېنىڭ ئون يىللىق رەھبىرىم ئىدى. نېمىلا بولمىسۇن، مەن
ئۇنىڭ قاتتىق - يىرىك تەنقىد - تەنبىھلىرى بىلەن پىشىپ
يېتىلدىم، رەھبەرلىك ئورنىغا چىقتىم. ئۇنىڭ ياخشى - يامان
ئىشلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن بولسامىمۇ، لېكىن توسۇي-
دىغان چاغلاردا قورقۇپ ھېچنېمە دېيەلمىدىم. ھەتتا ئۇنىڭ نەپ-
سانىيەتچىلىك، چىرىكلىك قىلمىشلىرىنى كۆرمەسكە سالدىم.
ئاخىرىدا ئۇلا ئەمەس، ئاشۇ نامرات خەلقمۇ زور زىيان تارتتى.
مەن تۇراق شۈجىنىڭ ئالدىدا، قۇمبار يېزىسىنىڭ نامرات خەلقى
ئالدىدا قەرزدار بولدۇم.

كۆزلىرىمنى پاراڭلىشىۋاتقان كىشىلەردىن قاچۇرۇپ تېزلا
ئۆتۈپ كەتتىم. لېكىن، تۇيۇقسىزلا يول بويىدىكى ئورمان بەلۋ-
غىدا ئۆسكەن يوغان بىر توپ چۇلۇك دەرىخىنى كۆرۈپ قالدىم.
ئەپسۇسكى، ئۇ چۇلۇك دەرىخى ھەمىشە سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان
ئېرىق بويىدا تۇرۇپمۇ سىرلىق ھالەتتە قۇرۇپ كەتكەنىدى.

# تۆتىنچى باب

## سەركە

### 1

تۇنجى قار قېلىن ياغدى. قارا كۆرپە تۇماقلىرىنى قۇلاقلىـ
رىغىچە چۆكۈرۈپ كىيگەن ئەرلەر بىلەن يۇڭ رومالدا يۈز ـ
كۆزلىرىنى چىڭ ئورىۋېلىشقان ئاياللار ئاپئاق قارنى غىرسىلدىـ
تىپ دەسسىگىنىچە پارتكوم يىغىن زالىغا كىرىپ كېلىشتى.
ئۇلار قومبار يېزىلىق يەتتىنچى نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلـ
تىيىغا سايلانغان ۋەكىللەر بولۇپ، بۈگۈن ئۆتكۈزۈلىدىغان نۆـ
ۋەت ئالمىشىش سايلىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەنىدى.
يېقىندىن بېرى، ھاۋا سوغۇق ئىدى. يېزىلىقلار بۇنداق
چاغلاردا بورداۋاتقان جانلىقلىرىنى سويۇپ، مەشكە ئېسىلغان قاـ
زانلىرىغا لىققىدە گۆش سالاتتى ـ دە، ئۆيدىن تالاغا چىقماي،
ئۆتكەن ـ كەچكەن ئىشلار توغرىسىدا پاراڭ سېلىشىپ كۈن
ئۆتكۈزەتتى. لېكىن مۇشۇنداق قاتتىق سوغۇقتىمۇ مەمەت بوسۇـ
غۇنىڭ پائالىيەتلىرى بەكلا قىزىپ كەتكەنىدى. ئەتىگەندىن تاكى
يېرىم كېچىگىچە بىر توپ كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ
ئايلىنىپ يۈرىشەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى جەمئىيەتتىكى ئىچەرـ
مەن ـ چېكەرمەنلەر، تىجارەتچىلەر، بىنەمچىلەر، ئۇسسۇلچى ۋە
سازەندىلەر بولۇپ، ئالاھىدە بىر سايلام گۇرۇپپىسىنى شەكىللەنـ

دۆرگەندى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنى سۇ پونكىتىنىڭ يېڭى كەلگەن
باشلىقى تۇرامەت كونترول قىلىپ تۇراتتى. قارىماققا بۇ قوشۇن
بەكلا ھەيۋەتلىك بولۇپ، ھاراق سورۇندا قىلىشقان كۈلكە -
چاقچاقلىرى، چالغان ساز - پازلىرى خىلۋەت يېزىنىڭ كېچە
جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى. كېچە سائەت ئىككىلەردىن كې-
يىن غورقىرىتىپ قوسۇۋاتقانلار، جېدەل چىقىرىپ مۇشتلىشى-
ۋاتقانلار، ھاراق زاكۇسكىسى ئۈچۈن توخۇ ئوغرىلاۋاتقانلار، ئۆز
ئۆيىنى تاپالماي قارلىق دالىغا يۈرىكىنى يېقىپ ئۇخلاۋاتقانلارنىمۇ
قەدەمدە بىر ئۇچراتقىلى بولاتتى. مەمەت بوسۇغۇمۇ «گۈلدۈرى
بار، يامغۇرى يوق» بۇ كىشىلەردىن پايدىلىنىش ئۈچۈنلا ئۇلارغا
«ھە - ھۇ» دەپ قوياتتى. لېكىن سورۇن راسا قىزىپ، سورۇن
ئەھلى ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن تاپتىن چىققاندا «غىپپىدە» تىكى-
ۋېتىپ، ئۆزىنىڭ پەۋقۇلئاددە گۇرۇپپىسىغا قايتىپ كېلەتتى.
بۇ سەپنى يەنىلا يۇسۇپ مەخسۇم تەشكىللىگەن. ئۇلار جىنكەش
موللىلاردىن تەركىب تاپقان گۇرۇپپا بولۇپ، سېھىر - جادۇ
قىلىپ، ۋەزىپىسىز دېھقان ۋەكىللىرىگە خىزمەت ئىشلەشكە مەس-
ئۇل ئىدى. بىر - ئىككى يىلدىن بېرى بىنەم ئېچىپ، يەر
تېرىپ، سۇ راسخوتى تاپشۇرماي خېلىلا ئەتلىنىپ قالغان يۇسۇپ
مەخسۇم مەمەت بوسۇغۇنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ھەج قىلىپ ھاجى
بولۇپ كەلگەندى. شۇنىڭدىن باشلاپ، سەللىسى تېخىمۇ يوغى-
ناپ، «202» تىپلىق بىر جىپ ماشىنا بىلەن كەنتمۇ كەنت،
يېزىمۇ يېزا ئەگىپ يۈرەتتى. بۇ قېتىمقى سايلام رىقابىتىدە يۇ-
سۇپ مەخسۇمنىڭ غايىبتىن بەرگەن بېشارەتلىرى نەتىجىسىدە
ساددا كىشىلەر مەمەت بوسۇغۇنىڭ يېزا باشلىقى بولىدىغانلىقىغا
شەكسىز ئىشەنگەندى. بىراق، مەمەت بوسۇغۇنىڭ سايلام رىقابى-
تىدىكى ھەقىقىي كوزىرى تۇرامەت زەنجاڭ ياكى يۇسۇپ مەخسۇم
ئەمەس، بەلكى يېڭىدىن تەيىنلەنگەن پارتكوم شۇجىسى جاڭ شياۋ-
مىڭ ئىدى.

جاڭ شۈجى ۋەكىللىكىدىكى بۇ سەپ مەمەت بوسۇغۇنىڭ ئاساسلىق تايانچىسى بولۇپ، ئۇلار ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە تەشكىلىي جەھەتتىن زىچ بىرلەشكەنىدى. بارلىق پائالىيەت خىراجىتىنى مەمەت بوسۇغۇ ئۈستىگە ئالغان، جاڭ شۈجى خالىغان چاغدا خالىغان كىشىلەرنى چاقىرىپ، خالىغان جايدا مېھمان قىلىپ، ھېسابنى خاتىرىلەپ قويسىلا مەمەت بوسۇغۇ ياكى تۇرامەت زەنجاڭ كېچىلەپ كېلىپ پۇلىنى تۆلەيتتى. ئەلۋەتتە، بۇ پۇللار مېھمان چىقىمى سۈپىتىدە سۇ راسخوتىغا قوشۇلۇپ كېتەتتى. بۇ يەنىلا ئەڭ مۇھىم سەپ بولۇپ، ئۇنى جاڭ شۈجى بىر قوللۇق يېتەكلەپ تۇراتتى. جاڭ شۈجى بۇنداق سورۇنلاردا ھەر خىل سەۋەب ۋە شەكىللەر بىلەن ناھىيىنىڭ ھوقۇق مەركىزىدىكى ئاساسلىق رەھبەرلەرنى مېھمانغا چاقىراتتى. لېكىن، ئاخىرىدا يەنىلا ئۇلارنى مەمەت بوسۇغۇنى يېزا باشلىقى قىلىپ ئۈستۈرۈپ بېرىشتىن ئىبارەت بىرلا نىشانغا يېتەكلەپ تۇراتتى. بۇنداق سورۇنلارنىڭ بەزىلىرىدە مەمەت بوسۇغۇ بولاتتى، بەزىلىرىدە بولمايتتى. لېكىن، ھېساب ئۈزىدىغان چاغدا ئۇ چوقۇم پەيدا بولاتتى.

سايلام يېقىنلاشقانسېرى مەمەت بوسۇغۇنىڭ ھوقۇقىمۇ قار يومىلىكىدەك يوغىنىغىلى تۇردى. ئەبەيدۇللا ئاكا قانۇنلۇق يېزا باشلىقى بولسىمۇ، لېكىن جاڭ شۈجىنىڭ نەزىرىدىن ئۆتەلمىگىنى ئۈچۈن ھوقۇق تەقسىماتىدا ئاللىقاچان بىر چەتتە قالغانىدى. ئورگان كادىرلىرىنى باشقۇرۇش، تەمىنات ۋە پاراۋانلىق قاتارلىق ئىشلار ئەسلىدە مەن مەسئۇل بولغان خىزمەتلەر بولسىمۇ، لېكىن جاڭ شۈجىنىڭ بىر ئېغىز گېپى بىلەنلا ھەممىسى مەمەت بوسۇغۇغا ئۆتۈپ كەتكەنىدى. شۇڭا مەنمۇ جىمىپ كەتكەنىدىم.

ۋەكىللەر يىغىن زالىنىڭ پەلەمپىيىگە چىققاندا ئاياغلىرىغا چاپلىشىپ قالغان قار ـ مۇزلارنى تازىلاش ئۈچۈن پۇتلىرىنى پەلەمپەيگە ئۇراتتى. بەزىلەر قاپقارا كۆرپە تۇماقلىرىدىكى قارلار-

نى چۈشۈرۈش ئۈچۈن تۇماقلىرىنى كۆچەپ سىلكىيتتى.

گەرچە مەمەت بوسۇغۇنىڭ سىياسىي ئوبرازى پەردازلىنىپ، ھەل بېرىلگەن مىس ھالقىدەك جۇلالىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قولى ئارقىلىق سېلىنىپ ئىشلىتىلمەيلا چاك كەتكەن كەنتلەرنىڭ ئىشخانا قۇرۇلۇشلىرى، سۇ سىڭمەس ئۆستەڭلىرى ۋە ئىشلىتىلمەيلا خەتەرلىك بولۇپ قالغان دەرسخانا قۇرۇلۇشلىرى كىشىلەرنىڭ ھەممىشە تالاش - تارتىش قىلىدىغان قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرى ئىدى. ئۇ يېڭى ياساتقان خان سارىيىدەك كاتتا ئۆيلەر بىلەن ناھىيە يېقىندا تارقاتقان ئارتۇق يىغىۋېلىنغان سۇ راسخوتىنى قايتۇرۇش توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشىمۇ كىشىلەرنىڭ يەنە بىر سۆز تېمىسى ئىدى.

جاڭ شۈجى يېقىندىن بېرى يىغىنلاردا مەمەت بوسۇغۇنىڭ نەتىجىلىرىنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەي ماختاپ تۇراتتى. لېكىن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئېرىق - ئۆستەڭ رېمونتى ئۈچۈن بەرگەن بىر يۈز ئون توننا سېمونتنىڭ يامغۇردا قېلىپ ئۇيۇل تاشتەك قېتىپ قالغانلىقىنى تېلېۋىزورغا چىقىرىپ، جاڭ شۈجىنىڭ ماختاشلىرىنى يوققا چىقارغانىدى. يەنە مەمەت بوسۇغۇمۇ ئۆزىنىڭ كۈچلۈك تەشكىللەش قابىلىيىتىنى نامايان قىلىشقا ئالدىراپ كېتىپ، خىزمەتكە كىچىككەن ۋە ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالمىغان كادىرلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ ئەدەپلەپ يۈرەتتى. بۇ كىشىلەر مەمەت بوسۇغۇغا ئاشكارا گەپ قىلالمىسىمۇ، لېكىن ئىچىدە ئۇنى يەۋەتسىمۇ دەردى چىقمىغۇدەك دەرد بولۇپ يۈرەتتى.

ئاخىر قۇمبار يېزىسىنىڭ 7 - نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى داغدۇغىلىق باشلاندى. رەئىس سەھنىسى بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرىكىگە ئوپمۇئوخشاش بېزەلگەنىدى. سەھنە مەركىزىدە ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى لى شۇخەي ئولتۇراتتى. جاڭ شۈجى بىلەن ئەبەيدۇللا ئاكا، مەن بىلەن مەمەت بوسۇغۇ لى شۇجىنىڭ

ئىككى يېنىدا ئۆز دەرىجىمىز بويىچە رەتلىك ئولتۇراتتۇق.

ھاۋامۇ، يىغىن كەيپىياتىمۇ ئوخشاشلا سوغۇق ئىدى. ئالاقىچى يوغان مەشكە پات - پات ئوتۇن سېلىپ تۇراتتى. مەن قۇرۇلتاي رىياسەتچىسى بولغىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى روھلۇق تۇتۇشقا تىرىشاتتىم. يىغىنمۇ تەرتىپلىك كېتىپ باراتتى.

بىراق، چۈشتىن كېيىنكى گۇرۇپپا مۇزاكىرىسىدە ئازراق چاتاق چىقتى. كىچىك ئىشنى چوڭايتىشقا ئامراق لى شۈجى ئىككى بىسلىق سۆز قىلىپ ۋەكىللەرنىڭ كاللىسىنى سەگىتىپ قويدى:

— خەلق قۇرۇلتىيى — خەلق ئاممىسىنىڭ خوجايىنلىق ھوقۇقىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئاساسلىق دۆلەت تۈزۈمى. بەزىلەر بىر - ئىككى سائەتتىن بېرى توختىماي ئۇخلاۋاتىسىلەر. خەلق بەرگەن ھوقۇققا خىيانەت قىلىپ قۇرۇق پاراڭ سېلىۋاتىسىلەر. مېنىڭچە، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر داۋامىدا مۇشۇ قىلىقىڭلار ئۈچۈن چوقۇم پۇشايمان قىلىسىلەر. ئۈمىدىم شۇكى، زال سوغۇق بولسىمۇ مۈگدەپ قالماڭلار. نۇرغۇن كىشى زالغا كىرەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ سىلەرنى تاقەتسىزلىك بىلەن ساقلاۋاتقىنىنى ئۇنتۇپ قالماڭلار...

مۇزاكىرىگە تۇتۇش قىلغىنىمىزدا ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈندۇق، ۋەكىللەر مەشكە قويۇلغان قارا چەينەككە ئوخشاش قايناشقا باشلىدى. جاڭ شۈجى بىلەن مەن بىر گۇرۇپپىدا ئىدۇق. ئۇمۇ جىمجىت ئولتۇرۇپ ۋەكىللەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماقتا ئىدى. راخمان ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى سۆزلىمەكتە ئىدى:

— لى شۈجى توغرا ئېيتتى. بىز ئۆزىمىزگە ئەمەس، بەلكى يېزىمىزدىكى نەچچە مىڭ خەلققە ۋەكىل بولۇپ قۇرۇلتايغا قاتناشتۇق. شۇڭا مۇشۇنداق قىممەتلىك ھوقۇقنى قەدىرلەپ، خەلق ئۈچۈن ئادالەتنى ياقلىشىمىز كېرەك. مەن ھۆكۈمەت دوكلاتىدىكى ئىككى مەسىلە توغرىسىدا ئۆزۈمنىڭ پىكرىنى بايان قىلىپ

ئۆتمەن. بىرىنچىدىن، ئالدىنقى نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پارتىيىنى ئومۇم ئۈچۈن قۇرۇش، ھاكىمىيەتنى خەلق ئۈچۈن يۈرگۈزۈش يېتەكچى ئىدىيىسى بويىچە مائارىپ خىزمىتىنى قانداق ئىشلىگەنلىكى توغرىسىدىكى مەسىلە. بىز ئالدىنقى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، ھەربىر نوپۇستىن يىلىغا تۆت يۈەندىن مائارىپ راسخوتى يىغدۇق. يېزا بويىچە ئون سەككىز مىڭ نوپۇستىن ھەر يىلدا يەتمىش ئىككى مىڭ يۈەن راسخوت يىغىلدى. بۇ ئۈچ يىلدا ئىككى يۈز مىڭ يۈەندىن ئارتۇق راسخوت يىغىلدى دېگەن گەپ. لېكىن دېھقان بالىلىرى مۇشۇنداق قاتتىق سوغۇقتا يەنىلا خەتەرلىك ھەم شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ۋەيرانە سىنىپتا ئوقۇۋاتىدۇ. يېقىلغۇ مەسىلىسى ھەل قىلىنمىغاچقا، ئۆيلىرىدىن مەدەك ۋە ئوتۇن ئەكېلىپ ئىسسىنىۋاتىدۇ. شۇنى بىلگۈم بار، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ شۇنچىۋالا مەبلىغىنى بىز زادى نېمىگە ئىشلەتتۇق؟ قانداق ئىشلەتتۇق؟ ئىككىنچى مەسىلە، ئالدىنقى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتى بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنمۇ دېگەن مەسىلە. مەسىلەن، ھەر يىلى يىغقان يۈز مىڭ يۈەندىن ئارتۇق سۇ قۇرۇلۇش تەرەققىيات مەبلىغى بىلەن دۆلەتنىڭ تۇر قۇرۇلۇش مەبلىغىنى قوشۇپ، يىگىرمە كىلومېتىرغا يېقىن سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسىدۇق. لېكىن سۇ ئېرىقتا ئەمەس، بەلكى يوللاردا ئېقىۋاتقىنى ئۈچۈن ۋەكىللەرنىڭ ھەممىسى مۇزلاپ كەتكەن يوللاردا مېڭىپ ئاران كەپتۇ. ئاڭلىشىمچە، يىقىلىپ پۇت - قولىنى سۇندۇرۇۋالغان ئوقۇغۇچىلار بار ئىكەن. نېمىشقا دوكلاتتا مەبلەغنىڭ بۇزۇپ - چېچىلغانلىقى، سۈپەتسىز قۇرۇلۇش قىلىغانلىقى تىلغا ئېلىنمايدۇ؟ بۇ مەسىلىلەرنى خەلق بىلمەمدۇ ياكى دوكلات بەرگۈچىلەر قەستەن يوشۇرۇۋاتامدۇ؟ قاچانلاردا يوللىرىمىز يولغا، ئېرىقلىرىمىز ئېرىققا ئوخشايدۇ؟

راخمانىنىڭ يىغىندىكى ئۆتكۈر سۆزلىرى جاڭ شۈجىنىڭ قىز-

غىن چاۋىكىغا مۇيەسسەر بولدى. ئەزالارمۇ قىزغىن چاۋاك چې- لىشتى. سايلام يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ ئېلىپ بېرىلدى. بېلەت تارقىتىلغۇچە بولغان ئارىدا نەتىجىنىڭ زادى قانداق بولىدىغىنىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. كېيىنكى خىزمەتلەردە مەمەت بوسۇغۇنىڭ قولىغا قاراپ ئۆتىدىغىنىمنى ئويلىسام ئاچچىق يۇتاتتىم.

بېلەت تارقىتىلدى. ھەممە ۋەكىللەر بېلەتنى قولىغا ئېلىپلا كىتىرلىتىپ بىرنېمىلەرنى يېزىشقا باشلىدى. بېلەت تارقىتىلغا- نىكەن، قانداق توشقۇزۇش ۋەكىللەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇقى ئىدى. ئۇلارنى توختىتىشقا ياكى باشقا ۋەھىمىلىك گەپلەر بىلەن قورقۇ- تۇشقا بولمايتتى.

ئاخىر بېلەت نەتىجىسى ئېلان قىلىندى:

— مەمەت بوسۇغۇ يەتتە ئاۋاز، مۇختار مۇھەممەت قىرىق ئۈچ ئاۋاز ...

قىزغىن چاۋاكلار چېلىندى. مەن ۋەكىللەرنىڭ شادىمان كەيپىياتىدىن ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتكەن ئوغلى ئۈچۈن تەنتەنە قىلىۋاتقان ئاتا - ئانىلارنى كۆرگەندەك بولدۇم. بىراق، يېنىمدا ئولتۇرغان رەھبەرلەر تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، خۇددى قوقاسقا دەسسەپ پۇتىنى كۆيدۈرۈۋالغان توخۇدەك تۇرالماي قې- لىشقانىدى. ئۇلار ھەسرەتلىك تىناتتى، باشلىرىنى چايقايتتى. مەن يۇرتۋازلىق خاھىشى بەكلا كۈچلۈك بۇ كىشىلەرنىڭ ماڭا ئىشەنگىنىگە ھەيران قالغانىدىم.

ئۈچىنچى قېتىم بېلەت تاشلاشتا مەمەت بوسۇغۇ، پېشقەدەم مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ئوبۇل رىشىت ۋە سۇ پونكىتىنىڭ باشلىقى تۇرامەت ئەمەت قاتارلىقلار مۇئاۋىن يېزا باشلىقى نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلدى. قائىدە بويىچە ئۇلاردىن ئىككىسى سايلانماقچى ئىدى. لېكىن، ئويلىمىغان يەردىن ئوبۇل رىشىت بىلەن راخمان مۇئاۋىن يېزا باشلىقى بولۇپ سايلىنىپ، يەنىلا مەمەت بوسۇغۇ بىلەن تۇرامەت ئەمەت شاللىنىپ كەتتى.

ئادەمسىز يولدا خېلىغىچە ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ يۈردۈم. ئۆتۈكۈمنىڭ ئاستىدىن قارنىڭ غىرىسلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قەيەرگە بارغانلىقىمنى، نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىمنى بىلمەيمەن. بىر چاغدا چىگىش خىياللار بىلەن ئاسمانغا قارىدىم. كۆل رەڭ بۇلۇتلار ئۆزئارا گىرەلىشىپ، ئەتراپ خىرەلىشىپ كېتىپتۇ. قارىغاندا يەنە قار ياغىدىغاندەك قىلاتتى.

## 2

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن قۇمبار يېزىسىغا بىر توپ ئالاھىدە مېھمانلار يېتىپ كەلدى. ئۇلار ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ۋە تەشكىلات بۆلۈمى قاتارلىق تارماقلاردىن تەشكىللەنگەن خىزمەت گۇرۇپپىسى بولۇپ، كىمدۇر بىرىنىڭ: «سايلام قانۇنلۇق ئە-مەس!» دېگەن ئەرزىگە ئاساسەن يەتتىنچى نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىل-لەر قۇرۇلتىيىنى تەكشۈرۈشكە كەلگەنىدى.

مەنمۇ سايلامدىكى قانۇنلۇق بولمىغان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى سەزگەنىدىم. مەسىلەن، مەمەت بوسۇغۇنىڭ كېچە ئۇخلىماي، دەرۋازا مۇشتلاپ، سايلام رىقابىتى ئېلىپ بارغان قىلمىشىدا رىقابەتتىكى ئادىللىق گەۋدىلەنمىگەنىدى. تۇراق ئۇجىنىڭ يېزا باشلىقى نامزاتىنى تاللايدىغان ھەل قىلغۇچ تەكشۈرۈشتە مېنى خاتا ستاتىستىكىنى ئېنىقلاشقا ئەۋەتىۋەتكىنىدە باراۋەرلىك گەۋدى-لەنمىگەنىدى. ئەڭ يامان بولغىنى يەنىلا خەلق بەرگەن ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ، خەلقنىڭ يىلىكىنى شورىغان بىر چۈلۈكنى پەرداز-لاپ، ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك ئىزباسار دەپ كۆرسىتىش ئىدى. بۇنىڭدا ئاممىنىڭ پىكرىگە قۇلاق سېلىنمىغان بولۇپ، ئاشكارا بولۇش پرىنسىپى قىلچىمۇ گەۋدىلەنمىگەنىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش سىياسىتىنىڭ ئادىل،

باراۋەر ۋە ئاشكارا بولۇش پرىنسىپىغا خىلاپ قىلمىشلار ئىدى. بىراق، خەلقنىڭ كۆزى بار. ھەقىقەت ئۈستىدە ئەڭ نوپۇزلۇق پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى يەنىلا خەلقنىڭ قولىدا. شۇڭا ئۇلار سايلامدىكى بۇ قانۇنسىز مەسىلىلەرنى يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ھەل قىلىشقانىدى. شۇ سەۋەبتىنمۇ مەنمۇ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىغا ئارتۇقچە سۆزلەپ يۈرمىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاينۇرخان ئانىنىڭ ئۆپكە مەنبەلىك يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ قېلىپ يېتىپ قالغان. ھامىلدارلىق تەسىرىدىن بولسا كېرەك، ئابىدەنىڭ قول - پۇتلىرى ئىششىپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئۇلارنى ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا بالنىستقا ئالدۇرغانىدىم. يەنە ۋاقىت چىقىرىپ ئوغلۇمغا قارىمىسام بولمايتتى. شۇ سەۋەبتىنمۇ تەكشۈرۈش گـۇرۇپپىسىغا قاراشـقۇدەك ۋاقـىت چىقىرالماي يۈرەتتىم.

— بالام، كۆك ئۈزۈم تېپىلارمۇ؟

ئاينۇرخان ئانىنىڭ ئاددىي تەلىپىمۇ مەن ئۈچۈن ئەڭ مۇقەددەس بۇيرۇق. شۇڭا كۆك ئۈزۈم ئىزدەپ ئازغان كەنتىگە قاراپ ماڭدىم. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى، ۋاسىل ئىككىمىزنىڭ تىرىشچانلىقىمىز بىلەن كەنت بويىچە كۆلەملىك ئۈزۈملۈك باغ بەرەر مىڭ موغا، ئانارلىق باغلار سەككىز يۈز موغا يەتكەن؛ دېھقانلارنىڭ بۇ يىللىق باغۋەنچىلىك كىرىمى كىشى بېشى كىرىـ مىنىڭ ئەللىك پىرسەنتىنى ئىگىلىگەنىدى. لېكىن ئىككىنچى ئاينىڭ باشلىرىدا جەنۇبنىڭ ھاۋاسى خېلىلا ئىسسىپ كېتىدۇ. بۇنداق چاغدا ئۈزۈملەرنىڭ سۈيى قېچىپ تەمىدىن كېتىدۇ. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئېغىزغا تېتىغۇدەك مېۋە تېپىش ئاسانغا چۈشمەيدۇ. شۇ خىياللار بىلەن بىرنەچچە ئۆيگە كىرىپ يەنىلا ئۈمىدسىزلىنىپ قايتتىم. ھەممە ئائىلىلەرنىڭ مېۋە ساقلايدىغان ئىسكىلاتلىرى ئىسسىق كېلىپ، ئۈزۈم ۋە ئانارلار سېسىشقا باشلىغانىدى. ساقـ لىرىنىڭمۇ بېغىشى قۇرۇپ مونەكلىشىپ قالغانىدى.

ناھىيە بازىرىغا قۇرۇق قول قايتتىم. لېكىن ئانىغا بەرگەن ۋەدەم مېنى قىيناپ ئارامىمغا قويمىدى. شۇڭا بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، ئاخىر «بەخت يولى» دىكى مېۋە - چېۋە، سەي - كۆكتات بازىرىغا كەلدىم. بازاردىكى مەنزىرە ئازغان كەنتىدىكى مەنزىرىدىن ئاسمان - زېمىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. قەغەزگە ئورالغان ئاپېلسىن بىلەن ئالمىلار يېڭى پېتىچە بولۇپ، كىشىلەرنىڭ تالىشىپ سېتىۋالىدىغان مېۋىسىگە ئايلانغانىدى. سورتلۇق ئۈزۈملەر ھازىر ئۈزگەندەك يالتىراپ تۇراتتى. بېغىشلىرىنىڭ سۈيىمۇ قاچمىغان بولۇپ ياپيېشىل ئىدى. باھا تالىشىپ يۈرۈپ بىر كىلوگرامنى ئۈزۈمنى تۆت يۈەنگە ئالدىم - دە، باققال ئايالدىن سورىدىم:

— ئاچا، سىلەر بۇ ئۈزۈمنى نەدىن ئەكېلىسىلەر؟

— ئاتۇشتىن.

— ۋاقتىدا سېتىپ چىقىرالمىساڭلار بۇزۇلۇپ قالامدۇ؟

— ياق، بۇزۇلمايدۇ. يەشىكنىڭ ئاستى - ئۈستىگە زەھەرسىز ئازوت قەغىزى قويۇلغان. بۇ خىل قەغەزدە ئورالغان ئۈزۈملەر يەنە بىر ئايغىچە ھېچقانداق بولمايدۇ.

دوختۇرخانىغا قايتقۇچە مېۋىلەرنى ھۆل پېتىچە ساقلاش تېخنىكىسى ۋە ھۆل پېتى ساقلاش ئىسكىلاتى توغرىسىدا ئويلىنىپ چىقتىم. ئەگەر ھەم زەھەرسىز، ھەم پايدىلىق بولسا، نېمىشقا بىزمۇ بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىپ كۆرمەيمىز؟ ئەگەر بىر يەشىككە بەش كىلوگرامدىن يۇقىرى، سەككىز كىلوگرامدىن تۆۋەن قىلىپ قاچىلىساق، ئادەتتىكى شەھەر ئاھالىلىرىمۇ يەشىكلەپ سېتىۋالالايدۇ. بۇنىڭدا ئىستېمال بازىرىمۇ تولۇق ئېچىلىدۇ. دېھقانلارنىڭ يانچۇقىغىمۇ پۇل كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەرلىك مېۋە - چېۋىلەرنىڭ قاتناش كىراسى ئاز بولغاچقا، باھاسىمۇ ئىچكىرىدىن چىقىدىغان مېۋىلەرگە قارىغاندا ئەرزان توختايدۇ...

مېۋىلەرنى كۆتۈرۈپ ئەمدىلا ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ كارىدورىغا كىرىشىمگە چاقىرغۇم سايراپ كەتتى. قارىسام، چاقىرغۇدا تونۇش نومۇر چىقىپ تۇرۇپتۇ. ئۇزۇملەرنى ئاينۇرخانغا ئەكىرىپ بېرىپ يەنە يېزىغا قاراپ يولغا چىقتىم. چۈنكى، جاڭ شۇجى مېنى چاقىرتقانىدى.

ئىشخانىغا كىرسەم، ئۇ قەپەستىكى قۇشقاچلارغا يەم بېرىۋاتقانىكەن. قۇشقاچلار ئۇ تاشلىغان يەمگە قارىماي ئۆزىنى قەپەسكە ئۇراتتى. جاڭ شۇجى بىرنەچچە ئاي بېقىپمۇ ياۋايىلىقىنى تاشلىمىغان قۇشقاچلىرىدىن نارازى بولۇپ بىرئاز تېرىكىپ قالغان ئىدى. قۇشقاچنىڭ قەپەستىكى مۇڭلۇق سايرىشىدىن ئارامسىزلىنىپ پات ـ پات ئەلەملىك تىنىپ قوياتتى. ئۇ مېنى كۆرۈپلا سۆزلەپ كەتتى:

— غەلىتە ئادەم ئىكەنسىز. خىيالىڭىزدا سايلام دېگەن پاختىدىن مول ھوسۇل ئالغاندەك ئاسان ئىشمۇ؟ غەلىبە قىلسىڭىزلا ئىش تۈگەمدۇ؟ قارىسام غەمسىزلا يۈرىسىز، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى سىزنى تەكشۈرمەي ئەجەبا مېنى تەكشۈرۈۋاتقانمىدۇ؟ ياكى سايلامدا مەغلۇپ بولۇپ ساراڭدەك يۈرگەن مەي شياڭجاڭنى تەكشۈرۈۋاتقانمىدۇ؟ ئەگەر مەسىلىنى ماڭا ئېنىق تاپشۇرسىڭىز پارتكوم شۇجىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن سىزنى قوغداپ قېلىشىم مۇمكىن، ئۇنداق بولمىسا بۇ ئىشنى يىغىشتۇرۇش قىيىن...

جاڭ شۇجىنىڭ سۆزلىرىدىن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ مېنى تەكشۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلدىم. بىراق، ئۇلار مېنى نېمىشقا تەكشۈرىدۇ؟ ئەجەبا، كېچىچە ئۇخلىماي ۋەكىللەرنىڭ دەرۋازىسىنى مۇشتلىدىممۇ؟ كادىرلارنى سىناپ تەكشۈرۈشتە رەڭۋازلىق قىلدىممۇ؟ ياكى جاڭ شۇجى مېنىڭ ئاغزىمدىن ماتېرىيال توپلاپ بېرىپ تۆھپە ياراتماقچىمۇ؟ ياكى مايمۇننىڭ يولۋاسنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ھەيۋە كۆرسەتكىنىدەك، خىزمەت گۇرۇپپىسى مېنى تەكشۈرۈۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ماڭا ئۆزىنىڭ شۇجىلىق

نوپۇزىنى ھېس قىلدۇرماقچىمۇ؟ بىراق، مەن ئۇچۇن ھەممىسى بەربىر. سايلامدىكى نەتىجە خەلقنىڭ ھوقۇقى ۋە رايى. ئۇنىڭغا مەن ياكى باشقىلارنىڭ بىرنېمە دېيىشىمىز ئورۇنسىز. ئاق دېگەن مەڭگۈ ئاق. قارا دېگەن ھامىنى قارا. ئالتۇن — ئەخلەت ئارىسىدا كۆمۈلۈپ ياتقىنى بىلەنلا ئەخلەتكە ئايلىنىپ كەتمەيدۇ. تەكشۈرسە تەكشۈرۈۋەرسۇن. ھەق ـ ناھەق ئايدىڭلاشقاندا بىرنېمە دېسەممۇ كېچىكمەيمەن. ئۇنىڭدىن بۇرۇن جىددىيلىشىشنىڭ، ئالدىمدا تۇرغان مۇنۇ كىشىنىڭ مەمەت بوسۇغۇغا يان باسقانلىقى، «قورقـ قان ئاۋۋال مۇشت كۆتۈرۈپتۇ» دېگەندەك خىزمەت گۇرۇپپىسى باشلاپ كەلگەنلىكى ئۇچۇن ئاچچىقلىنىشىمنىڭ قىلچە زۆرۈريىـ تى يوق ...

جاڭ شۇجى ماڭا زەردە قىلدى:

— نېمانداق گەپ قىلمايسىز؟ قاچانغىچە گەپ قىلماي تۇرـ ماقچىسىز؟

پارتكوم شۇجىسىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى كۈتمەيلا ياندۇـ رۇپ سوردىم:

— ئائىلەمدىكىلەرنىڭ يېرىمى دېگۈدەك بالنىستقا كىرىپ قالدى. باشقا ئىش بولمىسا، ئىشلەپ تۇرۇپ، كېسەل داۋالىتايـ مىكىن دېگەن...

جاڭ شۇجى غەزەپتىن تۆمۈردەك تاتىرىپ كەتتى. ئۇ مەن ئۇچۇن كۆڭۈل قويۇپ پىلانلىغان غەمخورلۇقىنىڭ ئاسانلا رەت قىلىنغىنى ئۇچۇن قاتتىق تېرىككەندى. مېنىڭ ئاچچىقىممۇ شۇ تاپتا ئۇنىڭدىن قىلچە كەم ئەمەس. ئۇ پارتكوم شۇجىسى بولۇش سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ، قاتماللىشىپ كەتكەن كادىرلارنى تەكشۈرۈش ئۇسۇلى پەيدا قىلغان ناچار ئاقىۋەتنى ماڭا دۆڭگەپ قويغانىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ۋەكىللەرنىڭ يۇقىرى كۆرسەتكەن نامزاتنى سايلىماسلىقىدىكى سەۋەب نامزاتنىڭ لاياقەتسىزلىكىدە ئەمەس، بەلكى مېنىڭ پىلانلىق ھالدا ھوقۇق تارتىۋالغانلىقىمدا

ئىدى. ئەمەلىيەتتە مەندە خەلق ئۈچۈن خالىس ئىشلەيدىغان ئوت-
لۇق يۈرەكلا بار ئىدىكى، ھەرگىزمۇ ئۇ ئېيتقاندەك خەلقتىن
پايدىلىنىپ ھوقۇق تارتىۋالىدىغان قارا نىيەت يوق ئىدى. گەرچە
خەلقنىڭ يىلىكىنى شورايدىغان پارازىت قۇرتلارغا، باشقىلارغا
تايىنىپ جان باقىدىغان سېسىق چۈلۈكلەرگە چىش - تىرنىقىم
بىلەن ئۆچ بولسامۇ، لېكىن خەلقتىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى باب-
لاشنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغانىدىم. لېكىن، ھەق - ناھەق ئايرىل-
مىغان ئەھۋالدا ئاچچىقلانسام، ئېنىقكى، بۇ تەشكىلنىڭ تەكشۈ-
رۈشىگە ماسلاشمىغانلىق مەسىلىسى بولاتتى - دە، ئىش تېخىمۇ
يوغىنايتتى. شۇڭا قانچىلىك ئاچچىقىم كېلىشىدىن قەتئىينەزەر،
يەنىلا سالماق بولۇشۇم كېرەك ئىدى.

— ئىختىيارىڭىز، — دېدى جاڭ شۇجى ئەلەم بىلەن بېشىنى
چايقاپ، — مەن دەيدىغاننى دەپ بولدۇم. مېنىڭچە، سىزدەك
ئەقىللىق ئادەمگە بۇنداق گەپلەرنى دەپ يۈرۈش ھاجەتسىز ئىدى.
بوپتۇ، ئىشلىرىڭىزنى قىلىۋېرىڭ.

مەن ھەسرەت يۇتۇپ كېتىۋاتقىنىمدا جاڭ شۇجىنىڭ تىللى-
غان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھۇ، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ...

غەزەپ بىلەن ئارقامغا ئۆرۈلدۈم. لېكىن قاراپلا جىمىپ
قالدىم. ئۇ يەم يېگىلى ئۇنىمايۋاتقان قۇشقاچلىرىغا ئاچچىقلاۋات-
قانىكەن. ئېھتىمال، ئۇ قۇشقاچنى تىللىغان بولۇپ مېنى تىللى-
غاندۇ. لېكىن، مېنىڭ زېھنىم خورىتىدىغان بۇنداق كاللا سو-
قۇشتۇرۇشقا قىلچە رايىم يوق. شۇ تاپتا، ۋاسىل تۆمۈرچى،
راخمان، شىياۋ روڭۋۇلار مېنى ساقلاپ تۇرىدۇ. ئۇلار بىلەن
مېۋىلەرنى ھۆل پېتى ساقلاش تېخنىكىسى ئۈستىدە مۇزاكىرىلى-
شىشىم كېرەك.

دەرۋازا ئالدىغا چىقىشىمغىلا ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ قال-
دىم. مېنى كۆرۈپلا ھەممىسى دادىلىنىپ كەتتى:

— قانداق تەكشۈرۈش بۇ؟ قېتىق ئىچكەن قوتۇلغان، تاۋاق يالىغان تۇتۇلغان.

— تېخى مۇختار شۇجىنىڭ سايلامدىكى قانۇنسىز قىلمىشىنى تاپشۇرۇڭلار دەيدۇ. ھەقىقىي قانۇنسىز قىلمىشنى نېمىشقا تەكشۈرمەيدۇ؟!

— خەلق قۇرۇلتىيىغا دىنىي كۈچلەر ئارىلىشىپ يۈرسە، ھاكىمىيەتنىڭ كارى بولمىسا، يەنە قانۇندىن ئېغىز ئاچقىنى نېمىسى؟!

— خەلق ھىمايە قىلىدىغان، ياش، بىلىملىك كىشى سايلانسا نەرى بولمىغۇدەك؟!

— قاپاق پۇل ئەمەس، باراڭ پۇل.

— جاھان نېمە بولۇپ كەتتى زادى؟!

مەن ئۇلارغا جىددىي ھالدا سۆزلىدىم:

— ھەق - ناھەق ھامان ئايرىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇچۇن ۋاقىت كېرەك. مېنىڭچە، بۇ ئىشلارغا زېھنىمىزنى خوراتمايلى. ۋاسىل، سەن ئەتىلا قەشقەر، ئاتۇش تەرەپلەرگە بېرىپ مېۋىلەرنى ھۆل پېتى ساقلاش تېخنىكىسىنى كۆرۈپ كەل! راخمان، سەن يېزىدىكى باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق كەسپىي ئائىلىلىرىنىڭ سانى، كۆلەملىشىش ئەھۋالى ۋە ئۇلارنىڭ مېۋە سورتلىرى ۋە مەھسۇلات مىقدارى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئىگىلە! شياۋ روڭۋۇ، سىز ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانى بىلەن يېزىمىزنىڭ تەرەققىيات پىلانى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى تېپىپ چىقىڭ! بىز بۇ يىللىق ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانى بىلەن ئىقتىسادىي تەدبىرلەرنى قايتا تۈزمىسەك بولمايدۇ. بۇ ئىشلارنى چوقۇم بىر ھەپتە ئىچىدە پۈتتۈرۈشۈڭلار كېرەك، ئۇقتۇڭلارمۇ؟

ۋاسىل، راخمان قاتارلىقلار ئۆز ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى. مەنمۇ ئايالىم بىلەن قېيىناتامنىڭ كېسىلىگە قاراپ كۈن ئۆتكۈزدۈم. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندە تەكشۈرۈش گۇرۇپ-

پىسى جىمجىتلا قايتىپ كەتتى. جاڭ شۇجىننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن يېزىمىزنىڭ يەتتىنچى نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا قانۇنسىز مەسىلە يوقلۇقىنى ئىنكاس قىلى-غانلىقى ئۈچۈن خىزمەت گۇرۇپپىسى قايتىپ كېتىپتىمىش. بى-راق، بىرلا سوئال كاللامغا كىرىۋالدى. «مەسىلە بولمىسا، خىزمەت گۇرۇپپىسى نېمىشقا كەلدى؟»

## 3

پارتكوم يىغىن زالى ئىس - تۈتەككە تولغانىدى. يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ ئالدىغا شياۋ روڭۋۇ تۈزگەن قۇمبار يېزىسى-نىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانى توغرىسىدىكى تولۇقلىما لاھى-يە قۇيۇلغانىدى. يىغىنغا پارتكوم ھەيئەتلىرىدىن باشقا يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرى بىلەن مەمەت بوسۇغۇ، شياۋ روڭۋۇلارمۇ قاتناشتۇرۇلغانىدى.

دېموكراتىيە — سىياسىي مەدەنىيەتنىڭ سىمۋولى بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۇسسۇلغا سېلىپ، ئاخىرىدا يەنىلا ئۆزىنىڭ گېپىنى ھېساب قىلىدىغان شەكىل. شۇ سەۋەبلىك مۇھىم يىغىنلاردىمۇ ھەق گەپ قىلىدىغانلار بەكلا ئاز بولىدۇ. پۇرسەتپەرەسلەر بولسا بۇنداق رەسمىيەتچىلىكتىن پايدىلىنىپ خۇشامەت قىلىدۇ ياكى خاتا قىلى-مىشلارغا يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىپ، ئۆزى ئۈچۈن دەسمايە توپلايدۇ. شۇ تاپتا ھەممەيلەن بىراقلا جىمىپ كەتكەن بولۇپ، كۆڭلىدە يىغىننىڭ يۆلىنىشىنى كۆزىتىپ تۇراتتى. بولۇپمۇ مە-مەت بوسۇغۇ خېلىدىن بېرى بۇرنىنىڭ تۈكىنى يۇلغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، پىكىر قىلىشنىڭ مۇۋاپىق پەيتىنى كۈتۈپ تۇراتتى.

يىغىن زالىدا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. بىراق، بۇنداق جىمجىتلىق ھەمىشە پارتلاش ئالدىدىكى يانار تاغقا ئوخشاش نى-

پىي بولىدۇ. مۇزاكىرە تېمىسى بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدىلا ھەممە
كىشىگە يەتكۈزۈپ بېرىلگەن. ئۇلارنىڭ كاللىسىدا قوشۇلۇش
ياكى قارشى تۇرۇش توغرىسىدا ئېنىق سان بار. لېكىن ھەممەي-
لەن بىرىنچى بولۇپ پىكىر قىلىشتىن قورقىدۇ. ئۆزىنىڭ كۆز-
قارىشى بىرىنچى قول رەھبەرنىڭ كۆزقارىشى بىلەن ئوخشاش
چىقسا، رەھبەرگە يارىغىنى ئۈچۈن خۇشال بولىدۇ. مۇبادا كۆز-
قاراشلىرى پەرقلىنىپ قالسا ياكى رەھبەرنىڭ قارىشىغا زىت
بولۇپ قالسا ئۇۋالچىلىققا قالىدىغان گەپ. شۇڭا ھەممە كىشى
ئاساسلىق رەھبەرنىڭ كۆزقارىشىنى بىلىشكە تەقەززا بولۇپ جىم-
جىت تۇرۇشىدۇ. ئەگەر رەھبەرنىڭ مۇددىئاسى ئاشكارىلانسىلا،
ئۇلار دەرھال ئۆزىنىڭ پىكرىنى ئاشۇ يۆلىنىشكە توغرىلايدۇ -
دە، رەھبەرلىككە ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن دەرھال ياقا يىرتىپ
مەيدانغا چۈشىدۇ. ئۇ چاغدا ساراي شائىرلىرىغا خاس شېرىن
سۆزلەر، مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا خاس ئۆتكۈر ۋە جىددىي نۇتۇقلار
ئارقا - ئارقىدىن ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. يىغىن مەيدانىمۇ بىردىنلا
جانلىنىپ كېتىدۇ.

كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش مېنىڭ بىرنەچچە يىلدىن
بۇيانقى ئارزۇيۇم ئىدى. قۇمبار يېزىسىنىڭ يىراق - يېقىنىدا
«قوغۇن ماكانى» دېگەن نامى بار ئىدى. بۇ يېزىدا ھەر خىل
قوغۇن سورتلىرى تولۇق بولۇپلا قالماي، يەنە قوغۇن تېرىش
ئەنئەنىسىمۇ بار ئىدى. كىشىلەردە «ئاسىم ئاقچى»، «ئابلا چىل-
گە» قاتارلىق لەقەملەرمۇ خېلى كۆپ ئىدى. كىشىلەر ئابىدەنىڭ
تاغىسى ھەمدۇللا بوۋاينى «ھەمدۇل كۆكچى» دەپ ئاتىشاتتى.
كىشىلەرنىڭ قوغۇن - تاۋۇز تېرىش ئارزۇسى كۈچلۈك بولسى-
مۇ، لېكىن پىلان ئىگىلىكى يولغا قويۇلۇۋاتقان ئەھۋالدا يۇقۇرى-
نىڭ قوشۇلماسلىقىدىن ئەنسىرەپ ئېغىز ئاچالمىغانىدىم. بى-
راق، ئۆتكەن يىلى بەشىنچى ئايدا يۈز بەرگەن كىچىككىنە بىر
ۋەقە مېنى ئىزچىل ئازابلاپ، ئاخىر مۇشۇنداق قاپ يۈرەكلىك

قىلىشقا مەجبۇر قىلىنغانىدى.

بىر كۈنى كەچتە ئابىدەنىڭ تاغىسى ھەمدۇللا «كۆكچى» ئۆيىمىزگە كىچىك بالىلاردەك يىغلىغان پېتىچە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇۋچىلىققا بارغان كىمدۇر بىرى توشقان قوغلاپ، ئۇنىڭ ساي بويىدا ئاچقان ئىككى موچە بىنەم يېرىگە بېرىپ قاپتۇ-دە، تېرىغان قوغۇنلىرىنى كۆرۈپتۇ. بىرەر سائەتتىن كېيىن قوغۇنلۇققا تۇراق شۇجى، يۇلغۇنجاي كەنتىنىڭ شۇجىسى تۇرسۇن توختى بوسۇغۇ ۋە كەنت مۇدىرى روزى مۇھەممەت قاتارلىق بىر توپ كىشىلەر توپلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇلار تۇراق شۇجىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەمدىلا چېچەك تاشلىغان سويمىلارنى ئۈزۈپ، قوغۇن پېلەكلىرىنى يۇلۇپتۇ. بوۋاي ئۇلارنىڭ قول - پۇتلىرىغا ئېسىلىپ يالۋۇرۇپتۇ. بىراق، تۇراق شۇجى تېخىمۇ ئاچچىقلاپ، مۇشتۇمدەك چوڭلۇقتىكى توڭ سويمىنى ئېلىپ بوۋاينىڭ ئاغزىغا تىقىپتۇ. بوۋاينىڭ ئەسلىدىلا «گىلدىڭلاپ» قالغان ئىككى تال چىشى تۆكۈلۈپ كېتىپتۇ. شۇنداقتىمۇ تۇراق شۇجى يەنىلا بولدى قىلماپتۇ. ئەكسىچە، يېرىم سائەتتىلا كەنتتىكى ھەممە دېھقانلارنى يىغىپ، سويمىلىرى پۇلاڭلاپ تۇرغان پېلەكلەرنى ھەمدۇللا بوۋاينىڭ بويىنىغا ئېسىپ ئۇنى كىشىلەر ئارىسىدا سازايى قىپتۇ.

بوۋايغا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي بەكلا قىينالدىم. قوغۇن تېرىش خاتا دېسەم، قوغۇن يېيىش توغرا. توغرا دېسەم، شۇ تاپتا قۇمبار يېزىسىدىكى نۇرغۇن دېھقانلارنىڭ پەقەتلا كېۋەز تېرىغۇسى يوق. بېشىمنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ قاپتىمەن. بىر چاغدا دەرۋازىمىز «جاققىدە» يېپىلدى. قارىسام بوۋاي ئىككى تال چىشىنى ئالدىمغا تاشلاپ قويۇپ جىمجىتلا چىقىپ كېتىپتۇ.

شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئازابلىرىنى يېنىكلىتەلمىگىنىم ئۈچۈن ھازىرغىچە پۇشايمان قىلىمەن. چۈنكى، ھەمدۇللا «كۆكچى» ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغانىدى. بوۋاينىڭ ئۆلۈمى

توغرىسىدىكى خەۋەر يېقىن - يىراققا پۇر كەتتى. ماڭا تېخىمۇ قاتتىق تەسىر قىلغىنى يەنىلا ناماز چۈشۈرگەن كۈندىكى پاراڭلار ئىدى:

— ھەمدۇللا كۆكچى ناھەق كەتتى.

— قوغۇن تېرىمىسا ئۆلمەيتتى.

— تۇراق شۇجىدىنمۇ تاياق يېمەيتتى.

— ئىسىت، ئۆلىدىغان چاغدىمۇ قوغۇن پېلىكىگە ئېسىلىپ ئۆلۈپتۇ.

— كۆزى ئوچۇق كەتتى.

— قوغۇن دېگەن جەننەت مېۋىسى. قوغۇن تېرىغانلار ئۆلسە جەننەتكە كىرىدۇ...

— ياق، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلار دوزاخقا كىرىدۇ!

مەن ھەمدۇللا «كۆكچى» نىڭ ئۆلۈمىگە ئازابلىنىپ يۈرگەن كۈنلىرىمدە، ئايىنۇرخان ئانىمۇ مەندىن باتناپ يۈردى. گەرچە ھېچنېمە دېمىسىمۇ، لېكىن بىر خىل ئېچكى ئازاب چىرايىدىن بىلىنىپلا تۇراتتى. بەزىدە يوشۇرۇنچە كۆز يېشى قىلاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئابىدە ماڭا تەسەللى بېرەتتى، كۆڭلۈمنى ياسايتتى. لېكىن، مەن يەنىلا ئۆزۈمنى ئەيىبلەپ يۈرەتتىم. دېمىسىمۇ، قوغۇن دەپ تىلى چىققان، قوغۇن يەپ ئايىغى چىققان ھەمدۇل بوۋاينىڭ ئاخىرىدا يەنىلا قوغۇن دەپ جان بېرىشى ھەرقانداق كىشىنى ئويغا سالاتتى.

قۇمبار يېزىسىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانى بىر ئاينىڭ ئالدىدا چاقىرىلغان خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغانىدى. لېكىن، ئۇ پىلان خەلق ۋەكىللىرىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش توغرىسىدىكى تەكلىپ - پىكىرلىرىگە زىت ئىدى. شۇڭا مەن كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش توغرىسىدا لايىھە تەييارلاپ يۈرەكلىك ھالدا پارتكوم ھەيئەتلىرى يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنغانىدىم.

— قېنى، بىرنەرسە دېمەمسىلەر؟
جاڭ شۈجىننىڭ سۆزى يەنىلا جاۋابسىز قالدى. چۈنكى، يىغىن قاتناشقۇچىلىرى تېخى ھەقىقىي قوزغاتقۇچى سەۋەبكە ئېرىشمىگەنىدى. شۇڭا مەن يەنىلا ئۆز تەشەببۇسۇمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم:
— پىلاندىكى ئىككى مەسىلە بىرقەدەر مۇھىم. بىرىنچىسى، ئون پىرسەنت كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمىنى قوغۇن - تاۋۇز، سەي - كۆكتاتقا قايتۇرساق يىللىق پاختىچىلىق كۆرسەتكۈچىنى ئورۇندىيالامدۇق، يوق؛ ئىككىنچىسى، ئىھاتە ئورمىنى بەرپا قىلىش مەقسەت قىلىنغان ياڭاق كارىدورى يېزىمىزنىڭ تۇپراق، ھاۋا ۋە سۇ شارائىتىغا ماس كېلەمدۇ، يوق؟ مۇشۇ ئىككى مەسىلە توغرىسىدا نۇقتىلىق پىكىر قىلىپ باقساڭلار، خاتا بولسىمۇ ھېچقىسى يوق.
— قوغۇن - تاۋۇز، سەي - كۆكتات، — دەپ سۆز باشلىدى مۇئاۋىن يېزا باشلىقى راخمان، — يېزا بويىچە ئاران بەش يۈز مولا كۆلەملەشتۈرۈپ تېرىلىدۇ. مېنىڭچە، تۆت مىڭدىن ئارتۇق ئائىلىسى بار بىر يېزىدا بۇنچىلىك كۆلەمنى كۆپ دېگىلى بولمايدۇ. پاختىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغىمۇ ئەكس تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، قوغۇن - تاۋۇز مەسىلىسى ناھىيىمىز ئۈچۈن تەمىنلەش ئېھتىياجىنى قاندۇرالماي كېلىۋاتقان بىر مەسىلە. بازاردىكى قوغۇنلارمۇ ئاساسەن قوشنا ناھىيىلەردىن كەلتۈرۈلگەن. كىراسى قوشۇلۇپ باھاسىمۇ قىممەت. ئەگەر ئۆزىمىز تېرىساق باھاسى ئەرزانراق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلقىمىز قوغۇن - تاۋۇز تېرىشقا ئامراق...
خېلىدىن بېرى پۇرسەت كۈتۈۋاتقان مەمەت بوسۇغۇ ئۆزىنىڭ سايلامدىكى يەنە بىر رىقابەتچىسى بولغان راخماننىڭ سۆزىگە دەرھال قارشى چىقتى:
— ئامراق دەپ تېرىساق، ئۈچ دەپ تېرىمىساق، يۇقىرىغا

نېمىدەپ جاۋاب بېرىمىز؟! بىز خەلقنىڭ ئاغزىغا قارامدۇق ياكى خەلق بىزنىڭ ئاغزىمىزغا قارامدۇ؟ كىم كىمگە رەھبەرلىك قىلىدۇ؟ خەلقنىڭ گېپى گەپ بولسا، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكومنىڭ گېپى نېمىگە ھېساب؟!

مەمەت بوسۇغۇنىڭ سۆزى ئالىلقاچان مودىدىن قالغان كونا مۇقامغا يۆتكەلگەنىدى. ئەمەلىيەتتە ئەمەلىي ئىشلەش ئارقىلىق پاختا ۋەزىپىسىنىمۇ ئورۇنداشقا، سەي - كۆكتات، قوغۇن - تاۋۇزدىنمۇ پۇل تېپىشقا بولاتتى. بىراق، بىر يېزىنىڭ نەچچە ئون تۇمەن دەن پاختا سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى پەقەت بىر - ئىككى ئادەمگە تايىنىپلا ئورۇندىغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. شۇڭا مەقسەتلىك ھالدا جىم تۇرۇۋالدىم. مەمەت بوسۇغۇنىڭ سۆزلىرىگە يەنىلا شىاۋ روڭۋۇ رەدىيە بەردى:

— ناھىيە يېزىمىزنىڭ يىگىرمە يەتتە مىڭ مو پاختىچىلىق تېرىلغۇ كۆلىمىگە، ئەللىك مىڭ كىلوگرام پاختا ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسى چۈشۈرگەن، بۇ ۋەزىپىنى قىرىق مىڭ مو كۆلەمگە تايىنىپ ئورۇنداپ كەلدۇق. ئەمەلىيەتتە ستاتىستىكىغا ئېلىنمىغان ياردەمچى ئېتىز كۆلىمى ئون ئۈچ مىڭ موغا يېتىدۇ. مېنىڭچە، ئون مىرسەنت كېۋەز كۆلىمىنى سەي - كۆكتات، قوغۇن - تاۋۇزغا ئاجراتساق، پاختا ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا قىلچىمۇ تەسىر كۆرسەتمەيدۇ.

— توغرا، — دېدى خېلىدىن بېرى جىمجىت ئولتۇرغان ئىلى موللەكمۇ ئارىغا چۈشۈپ، — يېزا بويىچە زاپاس كۆلىمى ئەڭ ئاز كەنت يەنىلا بورىچى كەنتى. تۇپراق ئۈنۈمدارلىقىمۇ تۆۋەن، خەلقىمۇ نامرات. «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، پاختا ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن نەچچە يىلدىن بېرى كوللېكتىپنىڭ نەچچە يۈز مىڭ يۈەن پۇلىغا ساختا تالون سېتىۋالدى. مېنىڭچە، تالون سېتىۋېلىشقا ئىشلەتكەن پۇلغا دېھقانلارغا ئوغۇت ئېلىپ بەرسەكمۇ يەنىلا ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا

بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كوللېكتىپنىڭ ياردىمى بىلەن ۋەزىپە ئورۇندىلىنىپلا قالماي، يەنە خەلقنىڭ قولىغىمۇ پۇل كىرەتتى...

— پاختىچىلىق ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا بولىدۇ، — دېدى راخمانمۇ روھلۇق ھالدا، — بۇنىڭدا ساختا تالونغا خەجلەيدىغان پۇل يانچۇقتا قالغاندىن باشقا، يەنە دېھقانىنىڭ قوغۇن - تاۋۇز، سەي - كۆكتات سېتىۋېلىشقا خەجلەيدىغان پۇلىمۇ تېجىلىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ناھىيە بويىچە كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، يېڭىلىق ياراتقۇدەكمىز. مېنىڭچە بۇ ياخشى ئىشقۇ؟! خەلقمۇ رازى، يۇقىرىمۇ رازى ...

راخماننىڭ سۆزى تۈگىمەيلا جاڭ شۇجى تەنە قىلدى:

— ھەممە يېزىلار پاختىچىلىقنى ئاساس قىلىۋاتسا، بىز قوغۇن - قاپاق، سەي - كۆكتات تېرىساق قانداق بولىدۇ؟! مۇبادا ناھىيە رەھبەرلىرى «ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىكىر يولى ئېنىق ئەمەس» دەپ تەنقىدلىسە قانداق قىلىمىز؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇيغۇر دېھقانلار كۆكتات تېرىشنى بىلمەيدۇ. مۇبادا باشقۇرۇشقا ماسلاشمىسا قانداق قىلىمىز؟!

جاڭ شۇجىنىڭ سۆزى بىلەن مەمەت بوسۇغۇ قايتىدىن جانلىنىپ كەتتى. ئۇ قولىنى شىلتىپ ئۈنلۈك ئاۋازدا سۆزلىدى:

— پاختا ئارتۇق تېرىلىپ ھوسۇل كۆپ ئېلىنسىمۇ، دۆلەت ھەممىسىنى بىر تۇتاش سېتىۋالىدۇ. بىراق قوغۇن - قاپاق، سەي - كۆكتات سېتىۋالىدىغان شىركەت بولمىسا، ئېشىنچە مەھسۇلاتنى قانداق ساتىمىز؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھۆل نەرسىلەر تېز سېسىيدۇ، ساقلاش قۇلايسىز. پايدا چىقسا ھېچكىم بىر نېمە دېمەيدۇ. لېكىن زىيان تارتسا، ھەممە كىشى قوغۇن - قاپاق، سەي - كۆكتاتلىرىنى ناھىيىلىك پارتكوم قورۇسىغا تۆكۈپ ئۈستىمىزدىن ئەرز قىلىدۇ. ئۇ چاغدا...

مەمەت بوسۇغۇ تىلغا ئالغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئەمەلىي مەسىلىلەر ئىدى. مەن ئۇنىڭ مەسىلىگە ئەمەس، ئادەمگە

قاراپ گەپ قىلىدىغان پۈرسەتپەرەسلىكىنى بىلىپ تۇرساممۇ،
لېكىن شۇ تاپتا مېنى ئالدىن ئاگاھلاندۇرغىنى ئۈچۈن ئىچىمدە
ئۇنىڭدىن خۇشال بولدۇم.

— ئۇ چاغدا، — دېدى جاڭ شۈجى مەمەت بوسۇغۇنىڭ
سۆزلىرىنى قۇۋۇەتلەپ، — سىلەر يېزىدا قالىسىلەر، تەنقىدىنى
مەن ئاڭلايمەن.

— تېرىقمۇ تېرىمايلى، قۇشقاچمۇ قورۇمايلى.

— ئەڭ ياخشىسى تېرىمايلى.

— يۇقىرى نېمە دېسە شۇنى قىلايلى...

كىشىلەر ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا جاڭ شۈجى بىلەن مەمەت
بوسۇغۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۇەتلەشكە باشلىدى. دەل شۇ چاغدا جاڭ
شۈجى ماڭا قاراپ مىيىقىدا كۈلدى. مەمەت بوسۇغۇ بولسا جاڭ
شۈجىنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا قىلىنۋالغان بىر جۈملە سۆزى ئۈچۈن
ھۇزۇرلىنىپ كېرىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ سايلامدىكى مەغلۇبىيەت-
تىن كېيىن مۇشۇنداق بىر ئالاھىدە ئۇسۇلغا ئادەتلەنگەنىدى.

ئازچىلىق كۆپچىلىككە بويسۇنۇش — پارتىيىنىڭ تەشكىلىي
پرىنسىپى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پارتىيە ئىچىدىكى بارلىق زىددىيەت-
لەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئۆلچىمى. مۇشۇنداق زىددىيەتلىك ئەھۋال-
دا داۋاملىق ئۆزىنىڭ گېپىنى يورغىلىتىش، ئېنىقكى، پارتكوم-
نىڭ ئىتتىپاقلىقىنى بۇزاتتى. شۇڭا مەن يەنىلا چېكىنىش يولى-
نى تاللىدىم:

— يولداشلار، ھەممەيلەن تولىمۇ قىممەتلىك پىكىرلەرنى
قىلدىڭلار. بولۇپمۇ يولداش مەمەت بوسۇغۇ مۇھىم بىر مەسىلى-
نى، يەنى بازار مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ يېزا ئىسلاھاتى
ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتا ئويلاشمىساق بولمايدىغان
مەسىلە. شۇڭا مەن داۋاملىق ئويلىنىشقا تېگىشلىك دەپ قاراي-
مەن. مېنىڭچە، مۇزاكىرىنى توختىتىپ جاڭ شۈجىنىڭ پىكرىگە
قۇلاق سالايلى.

باشقىلارنى چۈشىنىش بەزىدە بەكلا قىيىن بولىدۇ. مەسىلەن، بايامقى سۆزلەرنى قىلغاندا، جاڭ شۈجى: «قوغۇن - تاۋۇز، سەي - كۆكتات تېرىشنى رەت قىلىدۇ» دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن جاڭ شۈجى مەن زادىلا ئويلىمىغان بىر گەپنى قىلدى:

— يېزىمىز نامرات يېزا. شۇڭا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيىگە يۈرۈش قىلىشتا پىكىر يوللىرىمىز كەڭرەك بولۇشى، باشقىلار مېڭىپ باقمىغان يوللاردا دادىل مېڭىپ بېقىشىمىز كېرەك. مەن يېزا باشلىقى مۇختارنىڭ تەكلىپىنى قوللايمەن. مېنىڭچە، ئون قېتىم مۇزاكىرە قىلغاندىن كۆرە، بىر قېتىم ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىش يەنىلا مۇھىم، بوپتۇ، ئون پىرسەنت كۆلەمنى قوغۇن - تاۋۇز، سەي - كۆكتات تېرىشقا ئاجرىتايلى. بۇ ئىشقا يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىدىكى رەھبەرلەر مەسئۇل بولۇپ ئىشلەڭلار. مەن ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ئەھۋالنى دوكلات قىلاي...

جاڭ شۈجىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىدىن بىردىنلا يەنە بىر قېتىملىق ئېغىر سىناقنا دۇچ كەلگەنلىكىمنى سەزدىم. جاڭ شۈجىنىڭ «دوكلات قىلاي» دېگىنى — ئەمەلىيەتتە مەسئۇلىيەتنى ماڭا دۆڭگەپ قويغىنى ئىدى. «يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىدىكى رەھبەرلەر مەسئۇل بولۇڭلار» دېگىنى — چاتاق چىقسا سەن مەسئۇل دېگىنى ئىدى.

مۇزاكىرە يېرىم كېچىگىچە داۋاملاشتى. يېزىغا يېقىن كەنتلەردە سەي - كۆكتاتنى ئاساس، قوغۇن - تاۋۇزنى قوشۇمچە قىلىدىغان، يېزىغا يىراق كەنتلەردە قوغۇن - تاۋۇزنى ئاساس، سەي - كۆكتاتنى قوشۇمچە قىلىدىغان بولدۇق. لېكىن، كېۋەزنى تراكتور ئارقىلىق باشقۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كېۋەز مايسىلىرى ئارىسىدىكى تار رەتكە قوشۇمچە زىرائەت تېرىمايدىغان بولۇشتۇق. يەنە يېزا بىلەن ھەرقايسى كەنتلەرنى تۇتاش-

تۇرىدىغان يول - ئېرىق بويلىرىغا ياڭاقچىلىق بازىسى بەرپا قىلىنىدىغان بولدۇق.

يىغىن ئاخىرلاشقاندا تاڭ سۇزۇلۇشكە باشلىغانىدى.

## 4

چىڭقىچۇش ۋاقتى. چەكسىز كەتكەن قىزىل سايدا بوران ئۇچۇپ كۆزنى ئاچقىلى بولمايتتى. قاش - كىرپىكلىرىگە توپا - چاڭ قونۇپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن كىشىلەر باش چۆكۈرۈپ ئىشلىمەكتە ئىدى. تەرلەپ كەتكەن كىشىلەر باش باھارنىڭ سوغۇق شامىلىغا قارىماي كۆڭلەكچان بولۇۋالغانىدى. كەتمەن - جوتۇلارنىڭ تاشلىق يەرگە ئۇرۇلغان چاغدىكى تاراڭلىغان ئاۋازى بىلەن قاشاڭ ئېشەكلەرنىڭ ھاڭراشلىرى قوشۇلۇپ ئىمتاس چۆللۈكنى قايىنام - تاشقىنلىققا چۆمدۈرگەنىدى. غەمسىز يۈرىدىغان بېغىرتاقلارمۇ تىنچلىقنى بۇزۇپ ئۆز ماكانىغا بېسىپ كىرگەن ئادەملەرنى كۆرۈپ، قورقىنىدىن تەرەپ - تەرەپكە قاچماقتا ئىدى.

قىزىل سايدا ياڭاق كارىدورى بەرپا قىلىش ئەمگىكى داۋاملاشماقتا. مۇئاۋىن يېزا باشلىقى راخمان بۇ قېتىملىق قۇرۇلۇشنىڭ مەسئۇلى ئىدى. ۋەزىپە ئانچە ئېغىر بولمىسىمۇ، لېكىن ئەتىيازلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاقتى بولغاچقا، كىشىلەر يەنىلا ئەمگەك ئورۇنلاشتۇرغىنىمىز ئۈچۈن نارازى ئىدى. شۇڭا بىرەر چاتاق چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، مەنمۇ ئىش مەيدانىغا كەلگەنىدىم. بالدۇر كەلگەن كەنتلەرنىڭ ئەمگىكى ئاخىرلىشاي دەپ قالغان، لېكىن يۇلغۇنجاي كەنتىدىكىلەرنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. جىلە بولغان راخمان پات - پات ياچېيكا شۇجىسى روزى مۇھەممەتنى تىللايتتى:

— خەپ، روزىمەت! ... خەپ، روزىمەت! توشقان تېرىسىمۇ

بىر كۈن چىدايدۇ. سەن ئوغرى نېمانداق ئوسالللىق قىلىدىغان-سەن؟! خەپ، توختاپ تۇر!...

دېمىسىمۇ، يۇلغۇنجاي كەنتىدە شۇجى ئالماشقاندىن بۇيان، بۇ كەنتنىڭ تۇرلۇك خىزمەتلىرى بىراقلا چېكىنىپ كەتكەنىدى. ياغاچچىلىقتىن كېلىپ چىققان بۇ ئادەمنىڭ خەلق ئارىسىدا ئانچە ئىناۋىتى يوق ئىدى. كەنت خەلقىمۇ نېمىشقىدۇ ئۇنى ئانچە ياقتۇ-رۇپ كەتمەيتتى. بىراق، سابىق پارتكوم شۇجىسى تۇراق رازىق بىلەن كەنت شۇجىسى تۇرسۇن توختى بوسۇغۇ ئوتتۇرىسىدا ئۆت-كۈر زىددىيەت كۆرۈلگەندىن كېيىن، تۇراق شۇجىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن روزى مۇھەممەتنى شۇجىلىققا تەيىنلىگەنىدۇق. مېنىڭچە بولغاندا، بۇنداق ئادەمنى بىر كۈنمۇ ئىشلىتىشكە بولمايتتى. لېكىن، جاڭ شۇجىمۇ ئۇنىڭغا ئامراق بولغاچقا ئالماشتۇرۇۋې-تىشكە ئامالسىز قالغانىدۇق. يېقىندىن بېرى روزى مۇھەممەت-نىڭ قۇيرۇقى يەنە كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ قارارىغا ئاساسەن، سايلامدا مەغلۇپ بولۇپ بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالغان مەمەت بوسۇغۇ يېزىنىڭ سىياسىي قانۇنغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى، شياۋ روڭۇ يېزىلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قىلىپ ئۆستۈرۈلگەنىدى. مەمەت بوسۇغۇنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈ-شى بىلەن روزى مۇھەممەت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سايىگە ئوخشاش ئەگىشىپ يۈرەتتى.

يۇلغۇنجاي كەنتىگە ئارقا - ئارقىدىن ئىككى قېتىم ئادەم ئەۋەتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن ھېچقانداق خەۋەر يوق ئىدى. راخمان بەزىدە روزى مۇھەممەتنى، بەزىدە ئۇلارنى چاقى-رىشقا كەتكەن كادىرلارنى تىللاپ قويانتتى. بىراق، كۈن غەربكە قىيسايغان بولسىمۇ، لېكىن يۇلغۇنجاي كەنتىنىڭ يولىدا ئىنسمۇ - جىن كۆرۈنمەيتتى. ئاخىر ئاچچىقىنى باسالمىغان راخ-مان موتسىكلىتىنىڭ مېيىنى قولاقچە بېسىپ، يۇلغۇنجاي كەن-تىگە قاراپ ئۇچقاندەك كېتىپ قالدى.

مەن راخماننىڭ ئارقىسىدىن قارىسى يىتكىچە قاراپ تۇردۇم – دە، ئورمانچىلىق پونكىتىنىڭ تېخنىكلىرى بىلەن كولانغان ئورەكلەرنىڭ چوڭقۇرلۇق ۋە كەڭلىكىنى تەكشۈرۈشكە كىرىشتىم.

— تېت... تېت... تېت...

چاقىرغۇم تۇيۇقسىزلا سايراپ كەتتى. قارىسام، بىزنىڭ ئۆينىڭ تېلېفون نومۇرى. لېكىن تېلېفوننى ئابىدە ئۇرمايدۇ. ئۇ ياتقىلى بىرەر ئايچە بولغانىدى. ئاينۇرخان ئانا چاقىرغۇ قىلىشنى ئەسلا بىلمەيدۇ. قارىغاندا، يۇلغۇنجاي كەنتىدە راستىنلا بىر ئىش يۈز بەرگەنىدى. مەن ئورمان پونكىتىنىڭ باشلىقىغا ئىشلارنى هاۋالە قىلىۋېتىپ، دەرهال يۇلغۇنجاي كەنتىگە قاراپ يولغا چىقتىم.

ئەگرى – بۈگرى ساي يولىدا موتسىكلىتنى مىنىپ كېتىپ بارىمەن. بېلىم پات – پات ئاغرىپ تۇرىدۇ. يېقىندىن بېرى ھەمىشە مۇشۇنداق ئاغرىيدىغان بولۇۋالدى. ئېھتىمال، بۆرەك ياللۇغۇم يەنە قوزغالغان بولسا كېرەك. دوختۇرنىڭ ئېيتىشىچە، ئارام ئېلىشىم كېرەكمىش. بىراق قانداق ئارام ئالىمەن؟ قاچان ئارام ئالىمەن؟ قەيەردە ئارام ئالىمەن؟ بۇلار مەندەك يېزا كادىرى ئۈچۈن مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. شۇڭا دورا ئىچىپلا ئىشلەپ يۈرىمەن. ئەمەلىيەتتە دورا ئىچىش كېسەل داۋالاشتىكى بىر خىل ۋاستە. ئارام ئېلىش ۋە يېمەكلىك ماسلاشمىغاندا، دورىنىڭ ئۈنۈمى بولمايدۇ. بۇنىڭغا ئامالىم يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، باشقا ئالتە نەپەر مۇئاۋىن دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرنىڭ قاتناش قىيىنچىلىقىنى هەل قىلىش ئۈچۈن، «ماي تېجەيمەن» دەپ ماڭا بېرىلگەن خىزمەت ماشىنىسىنىمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن توختىتىپ قويدۇم. ئەگەر مۇشۇنداق چاغدا ماشىنىغا ئولتۇرغان بولسام، بېلىمنىڭ ئاغرىقىغا خېلى پايدىسى بولاتتى. لېكىن يېنىۋېلىشقا بولمايدۇ. ئېغىزدىن چىققان گەپ — ئاتقان ئوق. يەنە كېلىپ،

مەن بىر ماشىنىغا ئوڭچە ئولتۇرساممۇ، بەربىر بىر كىشىلىكلا ئىشلەيمەن. موتسىكلىت مىنسەم، باشقىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاشقا پايدىسى تېگىدۇ...

كېسىشمە يولغا چىقىشىم بىلەن تەڭ، بىر قاتناش ساقچىسى يولۇمنى توسىدى. ئۇ يېزىلىق ساقچىخانىنىڭ ياللانما خادىمى ئىكەن. قارىسام، قول تراكتورلىرى، موتسىكلىتلار، ھەتتا ۋېلىسىپىتلەرمۇ قاتار تىزىلىپ كېتىپتۇ. ئادەتتە قاتناش بىخەتەرلىكى بىلەن قىلچە كارى بولمايدىغان ساقچىخانا مەجبۇرىيەت ئەمگىكى ئورۇنلاشتۇرۇلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يول توسۇپ جەرىمانە ئېلىشقا كىرىشكەنىدى. ئاچچىقىم كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. ئەگەر ئۇلارنىڭ قىلىقىنى خاتا دېسەم، چىرىغى يانمايدىغان، تورمۇزى تۇتمايدىغان تراكتورلارغا ئادەم چىقىرىپ، تاسادىپىي ئۆلۈم ۋەقەسى چىقسا، خاتالاشقان كىشى يەنىلا مەن بولاتتىم؛ توغرا دېسەم، دېھقانلار ئون نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان چەت كەنتلەردىن قول تراكتورىغا چىقىپ كەلمىسە، ئېشەك ھارۋىلىرىدا ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمەيتتى.

— مەي شياڭجاڭ قېنى؟
— ج خ ئىدارىسىگە كەتكەن.
— قاچان؟
— ئەتىگەندىلا كەتكەن.
— سىلەر نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟
— قاتناش بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈۋاتىمىز.
— جەرىمانە قويۇپمۇ؟
— ...

ساقچى بالا ئوڭايسىزلىنىپ يەرگە قارىدى. ئەتراپقا قارسام دېھقانلارنىڭ ھەممىسى ماڭا ئۈمىدلىنىپ قاراپ تۇرۇپتۇ. شۇڭا مەسئۇل ساقچىغا ئېيتتىم:

— ھازىر جەرىمانە ئالماي تەشۋىقات قىلىڭلار. باشقا ئىشلار-

نى مەي شياڭجاڭ بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشەي، بولامدۇ؟
ساقچىلا شۇنىلا كۈتۈپ تۇرغاندەك سۆزۈم تۈگىشى بىلەنلا دەرھال قايتىپ كېتىشتى. دېھقانلارمۇ يوللىرىغا راۋان بولدى. پۇل يىغسا ئىشلەيدىغان، تەشۋىقات قىلسا كېتىپ قالىدىغان ساقچىلارغا قاراپ ئەلەملىك خۇرسىنىپ قويۇپ يۇلغۇنجاي كەنتىگە قاراپ ماڭدىم.
پەرىزىم توغرا چىقتى.
كەنت قورۇسى ئالدىغا ئەمگەك قوراللىرىنى كۆتۈرۈۋالغان نەچچە يۈز كىشى يىغىلغان بولۇپ، راخمان بىلەن قاتتىق دەتالاش قىلىشىۋاتقانىكەن. موتسىكلىتىمنى يىراقتىلا توختىتىپ، ئادەت بويىچە كىشىلەرگە سالام بەردىم:
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!
— ۋەئەلەيكۇمئەسسالام!
ئادىتىم بويىچە پېشقەدەملەردىن ئەھۋال سورىدىم. ساقاللىرىغا ئاق كىرىپ قالغان توختى چورۇق بوۋاي كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. گەرچە ياشانغان كىشىلەرنى ھاشارغا ئاپىرىشقا تېگىشلىك بولمىسىمۇ، لېكىن قىزلىرى كۆپ، ئوغلى كىچىك بۇ بوۋايغا كىشىلەر يەنىلا ئەمگەك ۋەزىپىسى يۈكلىگەنىدى. مەن كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈۋاتقاندا راخمان ماڭا تاقەتسىزلىك بىلەن قارايتتى. لېكىن، مەن ئالدىرىمايتتىم. مەن مۇشۇ ئاددىي كىشىلەرنىڭ قوللىشى ئارقىلىقلا ئەڭ خەتەرلىك ئۆتكەللەردىن بىخەتەر ئۆتكەنىدىم.
سالام ـ سەھەتتىن كېيىن، مەن روزى مۇھەممەتتىن قىسقىلا سورىدىم:
— نېمە ئىش بولدى؟
تىزلا كاركىراپ ھالىدىن كەتكەن روزى مۇھەممەت پېشقەدەملەرگە گۆلىيىپ قارىدى. ئارىدا يەنىلا توختى چورۇق بوۋاي بىرىنچى بولۇپ سۆزلىدى:

— هوقۇق دېگەننى كىمدىن ئالسا شۇنىڭغا ئىشلىتىدىغان گەپ ئىكەن. شۇجى بىلەن مۇدىرنى ئاممىنىڭ پىكرىنى ئالماي، يېزىدىن بېكىتىپ بەردىلە. ئۇلارمۇ ئادەتتە يېزا باشلىقلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىدىن باشقىلارغا قارىمايدىغان چىقىپ قالدى. ئۆزلىرى كەپتىلا، باشقا گېپىمىز يوق. پەقەت ئۆزىمىزنىڭ كادىرلىرىنى ئۆزىمىز سايلىساقلا بولىدۇ.

بوۋاينىڭ سۆزى تۈگىمەستىنلا روزى مۇھەممەت ئۇنىڭغا قول شىلتىدى:

— گېپىڭ بولسا، ئاۋۋال ئىشلەپ، كېيىن دېمەمسەن؟!

— نېمىشقا بىزلا ئىشلەيمىز؟ باشقىلارنى قاراڭغۇ بازاردا ساتتىڭمۇ؟

— ئۇلارنى هاشارغا هەيدىسە، شۇجىنىڭ ئىشىنى كىم قىلىدۇ؟

— شۇ ئەمەسمۇ؟! بىكار يۈرۈپ سەمرىپ قالغان خان ئاغىچىلارغا قارىتامدىكىنە؟

روزى مۇھەممەت ئەلەمگە چىدىماي بىرسىنىڭ قولىدىكى كەتمەننىڭ سېپىگە ئېسىلدى. شۇنىڭ بىلەن تاشىدىغانغا يەر تاپالماي يۈرگەن كىشىلەر كۆزۈمچىلا روزى مۇھەممەتنى ئارىغا ئېلىۋالدى.

قان تۆكۈلۈش ئالدىدا تۇرغان جىددىي پەيتتە راخمان ماجىرالىشىۋاتقانلارنىڭ بېشىغا توپا چاچتى. ئۇنىڭ ئاۋازى هېچكىم هېچكىمنى كۆرەلمەيدىغان توپا - چاڭلار ئارىسىدا ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى:

— هۇ، ئىتنىڭ بالىلىرى! هۇ، قائىدە بىلمەيدىغان هايۋانلار! يېزا رەهبەرلىرىنىڭ ئالدىدا جېدەللىشىشتىن نومۇس قىلمامسەن؟!

ئەڭ مەدەنىيەتسىز ئۇسۇل — قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدا تۇرغان جىددىي پەيتتە يەنىلا زور ئۈنۈم بەردى. ئادەملەر توپى

بىردىنلا تىنچىپ قالدى. راخماننىڭ قوپال ۋە قالاق ئۇسۇلى كىشىلەرنىڭ كاللىسىنى سەگىتكەن ئىدى.

سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ ئۈچ تۈرلۈك پىكرىنى ئىگىلەپ چىقتۇق. پىكىرلەرنىڭ بىرىنچىسى، ياچېيكا ۋە مەمۇرىيەتنى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىرىش؛ ئىككىنچىسى، مەجبۇرىيەت ئەمگەك ۋەزىپىسىنى بارلىق يەر تېرىيدىغانلارنىڭ ھەممىسىگە تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈش؛ ئۈچىنچىسى، يۇلغۇنجاي كەنتى مەجبۇرىيەت ئەمگىكىگە بارماي قوغۇن - تاۋۇز ۋە سەي - كۆكتات تېرىشتىن ئىبارەت ئىدى. مەن ئاخىر بۇ مەسىلىلەرنى قانداق ھەل قىلىش ئۈستىدە ئويلىنىپ چىقتىم:

سايلام مەسىلىسى — قانۇن - نىزاملارغا چېتىشلىق مۇرەككەپ مەسىلە بولۇپ، بارلىق تەرتىپلىرىنى تولۇق ئورۇنداش ئۈچۈن كەم دېگەندە يىگىرمە كۈنچە ۋاقىت كېتەتتى. لېكىن، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتى يىرىكلىشىپ قالغان مۇشۇنداق پەيتتە كېچىكتۈرۈشكە بولمايتتى. ئەمگەك كۈچلىرىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى پىكىر سايلامغا ئەگىشىپ تەبىئىيلا ھەل بولاتتى. لېكىن، ئاخىرقى پىكىر بىرتۈرلۈك يولسىز تەلەپ ئىدى. چۈنكى، مەجبۇرىيەت ئەمگىكى پەقەت كوللېكتىپ ئەمگىكىگىلا قارىتىلغان بولۇپ، دېھقانلارنىڭ قوغۇن - تاۋۇز، سەي - كۆكتات ئېتىزلىرىدىكى خۇسۇسىي ئەمگىكى مەجبۇرىيەت ئەمگىكىگە ھېسابلانمايتتى. شۇڭا بۇ پىكىر شەرتسىز رەت قىلىناتتى.

جاڭ شۇجى ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاچقا، پارتكوم ھەيئەتلىرى يىغىنى ئېچىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. راخمان بىلەن مۇزاكىرىلىشىش ئارقىلىق ئاخىر قىزىل سايدىكى ئىش ئورنىدا ئىككى كومىتېتنىڭ سايلىمىنى ئېلىپ بارىدىغان بولدۇق.

ئەتە ئېلىپ بېرىلىدىغان سايلامنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇردۇق. سايلىغۇچىلارنىڭ سايلامغا قاتنىشىش نىسبى-

تىنى ئاشۇرۇش ئۇچۇن مەھەللە باشلىقلىرىغا بىرنەچچە كىشىنى ھەمراھ قىلىپ كېچىلەپ ئۆيمۇ ئۆي خەۋەر قىلىشقا بۇيرۇدۇق. يەنە نامزاتلارنى ئېلان قىلدۇق.

كىشىلەر تارقالغاندا ئاسمانغا يۇلتۇز چىققان بولۇپ، قورساق ئېچىپ، بېشىم پىرقىراپ كەتكەنىدى. ھاجەتخانىغا كېتىۋېتىپ ئۇشتۇمتۇتلا ئېگىز بويلۇق بىرىگە دوقۇرۇشۇپ قالدىم. ئۇ بەكلا تونۇش چىراي كۆرۈنەتتى. لېكىن ئۇ تېزلا ئۆتۈپ كەتكەچكە، كىم ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەي قالدىم. ئارقىسىدىن قاراپ تۇرغىنىمدا راخمانىنىڭ سۆزى قۇلىقىمغا كىردى:

— ئاپشاركا ئىز قوغلاپ كەپتۇ.

مەن شۇندىلا ئۇنىڭ سىياسىي قانۇنغا مەسئۇل مۇئاۋىن يېزا باشلىقى مەمەت بوسۇغۇ ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بىراق، ئۇ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە كەتكەن ئەمەسمىدۇ؟! يېرىم كېچىدە يۇلغۇنجاي كەنتىدە نېمە قىلىپ يۈرىدىغاندۇ؟

## 5

— تاك ... تاك ... تاك ...

دەرۋازا رىتىملىق چېكىلدى. بىمەھەل كەلگەن مېھمانىنىڭ ئۇيقۇمنى بۇزغىنى ئۇچۇن ئاچچىقىم كەلدى. چۈنكى، يۇلغۇنجاي كەنتىنىڭ سايلام تەييارلىقىنى تۈگىتىپ ئەمدىلا ياتقان ئىدىم.

— تاك ... تاك ... تاك ...

دەرۋازىنى تولا ئۇرۇپ ئابىدەنى ئويغىتىۋېتىدىغان بولدى. تۇغۇتتىن كېيىن ئۇنىڭ سالامەتلىكى خېلى ياخشىلىنىپ قالدى. لېكىن، پەرۋىشى ياخشى بولمىسا كېيىنچە ياخشى بولۇپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا كۆپرەك ئۇخلىشى، ئوزۇقلۇققا دىققەت قىلىشى كېرەك. موماي نېمىشقىدۇ ئىككىنچى نەۋرىسىگە بەكلا ئامراق. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، قىزىل يۈزلۈك بۇ بوۋاق يادىكارىنىڭ بالىلىق ۋاقتىغا ئوخشارمىش ...

— تاك ... تاك ... تاك ...

مەن نامەلۇم مېھمانغا دەرھال جاۋاب قايتۇردۇم:

— مانا ھازىر.

قارىسام، يۇلغۇنجاي كەنتىنىڭ شۇجىسى روزى مۇھەممەت بىر سۇلياۋ خالتىنى كۆتۈرگەن پېتىچە قاراپ تۇرۇپتۇ. قول ئېلىشىپ كۆرۈشۇۋاتقىنىمدا بۇرنۇمغا توخۇ كاۋىپىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئۇرۇلدى. دېمەك، ئۇ قۇرۇق قول كەلمەپتۇ. بىراق، بۇنداق قۇرۇق كەلمەيدىغان مېھمانلارنىڭ جاپاسى يەنىلا كۆپ. مەسىلەن، ئۇلار ئېچىدىغان ھارىقىنى، چېكىدىغان تاماكىسىنى كۆتۈرۈپ كېلىشىدۇ. بەزىلەر ھەتتا كاۋاپ قاتارلىق تەييار يېمەكلەرنىمۇ ئەكېلىشىدۇ. بىراق ئاخىرىدا ھەممىسىلا بىرەر مەقسەتتىنى ئاشكارىلاپ، مېنىڭ ياردەم بېرىشىمنى سورايدۇ.

مېھماننى ئۇدۇللا ياتاق ئۆيۈمگە باشلىدىم. ھال - ئەھۋال سورىشىپ تۇرۇشۇمغىلا روزى مۇھەممەت بىرتۇتام پۇلنى شىرە ئۈستىگە قويدى.

— ئاھھاي... مېنىڭ پۇللىرىم!

ئەمدىلا بەش ياشقا كىرگەن چوڭ ئوغلۇم رىشاتجان ئىختىيارسىز ھالدا پۇلغا ئۆزىنى ئاتتى. مەن ئۇنىڭ كىچىككىنە قوللىرىنى كىرلىشىپ كەتكەن پۇلدىن ئاجراتماقچى بولدۇم. لېكىن، ئۇ پۇل تۇتقان قولىنى زادىلا بوشاتمىدى. ئاخىر زەردە بىلەن ۋارقىرىدىم:

— قويۇۋەت!

— ياق، ۋاخاخا ئالىمەن.

— قوي دەيمەن!

— ياق ...

پۇلنى ئوغلۇمنىڭ قولىدىن يۇلۇپ ئالدىم. لېكىن تارتقاندا بەك كۈچەپ كەتكەنلىكىم ئۈچۈن تېخى بەش ياشقىمۇ تولمىغان ئوغلۇم «گۇپپىدە» يىقىلىپ چۈشتى - دە، قاتتىق يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ يىغىسىنى توختىتىشقا ئۇلگۈرمەيلا ئاينۇرخان ئانا

چاي كۆتۈرگەن هالدا كىرىپ كەلدى، ئاندىن يەردە قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان پۇللارنى كۆردى ـ دە، چىرايى تۈتۈلۈپ كەتتى. ئانىنىڭ ئالدىدا نومۇستىن ئۆزۈمنى قويىدىغانغا يەر تاپالماي قالـدىم. بىراق، ئامالسىز ئىدىم. چۈنكى، ھەرقانچە بىئەدەپ بولـسىمۇ، لېكىن روزى مۇھەممەت يەنىلا مېنىڭ مېھمىنىم ئىدى. شۇڭا ئوغلۇمغا تەسەللى بەرگەن بولۇپ ئاينۇرخان ئانىغا چۈشەنچە بەردىم:

— پۇللار ھەممىسى داداشىنىڭ، سېنىڭ ياكى مېنىڭ ئەمەس، يىغلىما بالام، مەن ساڭا جىق پۇل بېرەي ـ ھە؟

بىر يۈەنلىك پۇلنى كۆرۈپ ئوغلۇم يىغلاشتىن توختىدى. ئارقىدىن ئەركىلەپ يۈزۈمگە سۆيۈپ قويىدى. ئاينۇرخان ئانا سىرتقا چىقىپ كەتتى. لېكىن، ئۇ ئىشىك تۈۋىدە چاي دەملىگەن بولۇپ پاراڭلىرىمىزنى تىڭشىماقتا ئىدى. ئاينۇرخان ئانىنىڭ چېچەنلىكى ئۈچۈن كۆلدۈم. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئانىلىق مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئۈچۈن ئىچىمدە ئاپىرىن ئوقۇدۇم.

روزى مۇھەممەتنىڭ مەقسىتىنى بىلىش ئۈچۈن گەپ كوچىلىدىم:

— نېمە ئىشتى؟

— راستتىنلا سايلام قىلامدىلا؟

دەرۋەقە، ئويلىغىنىمدەك بولۇپ چىقتى. روزى مۇھەممەت ئەسلىدە ئەتە ئۆتكۈزۈلىدىغان كەنت سايلىمىنىڭ غېمىدە ئۆيۈمگە كەلگەنىكەن. ئېنىقكى، سايلام ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇتلەق مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشاتتى. ئۇ خەلق قەلبىدە مۇشۇ ئەسكى شىرەچىلىكمۇ ئورنى يوق ئادەم ئىدى. بەزىلەر ئۇنى «شۇجى بولۇپلا ئۈچ ئېلىپ زەربە بەردى» دېسە؛ بەزىلەر: «ئارتۇق يەر ئىگىلەپ راسخوتنى دېھقانغا ئارتىپ قويىدى» دەيتتى؛ بەزىلەر ئۇنى «ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ تۇغقانلىرىنى مەجبۇرىيەت ئەمگىكىدىن چىـ

قىرىۋەتتى» دېسە؛ بەزىلەر: «كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى بۇزۇپ - چاچتى» دەيتتى. ھەتتا كەنت كادىرلىرىمۇ ئۇنى «ھەممە ئىشقا ئارىلىشىۋېلىپ بىزنى خىزمەت قىلغۇزمىدى» دەپ ئەرز قىلغانىدى. ئەسلىدىكى تىنچ يۇلغۇنجاي كەنتى ئۇ شۇجى بولۇپلا ھەرە ئۇۋىسىدەك قالايمىقان بولۇپ كەتكەنىدى. لېكىن، جاڭ شۇجى روزى مۇھەممەتنى ۋەزىپىدىن قالدۇرۇۋېتىش توغرىسىدىكى تەكلىپىمگە نېمىشقىدۇ ئانچە قىزىقىپ كەتمەيتتى.

ھەربىرى يۈز يۈەنلىكتىن تەييارلانغان بىرتۇتام خەلق پۇلى شىرە ئۈستىدە چېچىلىپ ياتاتتى. ئەينى چاغدا مانا مۇشۇنداق پۇل بىلەن نامسىز بىر ياغاچچى بىر كېچىدىلا يۇلغۇنجاي كەنتىنىڭ شۇجىسى بولغانىدى، ئۇ يەنە مۇشۇ پۇلغا تايىنىپلا سىياسىي قانۇنغا مەسئۇل مۇئاۋىن يېزا باشلىقى مەمەت بوسۇغۇنىڭ جانجىگەر دوستىغا ئايلانغان ئىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ يەنە مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ مېنىمۇ ئۆزىگە تارتماقچى ئىدى.

قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان پۇللارغا قاراپ غەزەپ بىلەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. توغرا، پۇلغا تايىنىپ ھوقۇق سېتىۋالغان، يەنە ھوقۇقنى پۇل تېپىشقىلا ئىشلەتكەن بۇ چۈلۈك سۈپەت ئادەمنى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تەلتۆكۈس تازىلىۋېتىش كېرەك. ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا شياۋ شۇجىغا تېلېفون ئۇراي، ئۇ كېلىپ پارا بەرگەن نەق مەيداننى كۆرسۇن...

بىراق، ئورنۇمدىن تۇرمايلا يالتىيىپ قالدىم. كۆپىنچە كىشىلەر پرىنسىپچى ئادەملەرنى ئاغزىدا ياخشى دەپ تەرىپلىسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە يەنىلا تىللاپ يۈرىدۇ. چۈنكى، پرىنسىپ — ئۇنداق كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە يەنىلا ئەمەلدارلارنىڭ ئۆزىنى پاك - دىيانەتلىك قىلىپ كۆرسىتىدىغان بېزەكى. ئۇلارنىڭ مەنتىقىسى بويىچە ئېيتقاندا، ئەمەلدارلار پەقەت بىرەر ئورۇنغا ياكى بىرەر سالاھىيەتكە ئېرىشمەكچى بولغاندا پرىنسىپ ۋىۋىسكىسىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى پەردازلايدۇ. ئۇلار دەل مۇشۇنداق پەيتتە

بىرلىگەن مىقدارى ئاز ياكى خېيىمخەتىرى زور بولغان ھارام ماللارنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەشكىلگە تاپشۇرىدۇ. تەشكىل ئۇنى پاك - دىيانەتلىك ئەمەلدار دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بولغاندا، ئۇ دەرھال ئۆزىنىڭ ئەسلىي مۇددىئاسى بويىچە يانچۇقىنى توملاش-قا كىرىشىدۇ. شۇڭا ئۇ كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە، پارا بىرىش قىلمىشلىرىنى پاش قىلغان ياكى پاش قىلمىغان بولۇشىدىن قەتئ-ئىينەزەر، بىرمۇ پاك ئەمەلدار يوق. پاش قىلىشقا جۈرئەت قىلالىغانلىرى پەقەت پارىخورلار ئارىسىدىكى سىياسىي ھىيلە - مىكىرگە ئۇستا بولغانلىرىنىڭ بىرى، خالاس ...

روزى مۇھەممەتنى پاش قىلىشىم بىرمەھەل مېنى پاك - دىيانەتلىك ئەمەلدار دەپ قارىلىشىمغا يېتەرلىك دەسمايە بولسى-مۇ، لېكىن ئاشكارا ھالدا پرىنسىپ بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىشىم كېيىنچە تېخىمۇ يېتىم قېلىشىمنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى.

قەھرىمان بولۇش پۇرسىتى كۆز ئالدىمدا تۇرسىمۇ، لېكىن مەن شان - شەرەپنى ئەمەس، بەلكى ئىسسىق - سوغۇقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ھەقىقەتنى تاللىدىم. ئاخىر شىياۋ شۇجى-گە تېلېفون بىرىش خىيالىمدىن ۋاز كېچىپ مەسىلىنى يەنىلا خەلقىنىڭ كۆچىگە تايىنىپ ھەل قىلىش قارارىغا كەلدىم. ئەمەلى-يەتتە بۇ ئۇسۇلنى يەتتىنچى نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتى-يىدىن كېيىن ئۆگەنگەنىدىم. شۇ چاغدا، بەزىلەر مېنى خەلقىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ مەمەت بوسۇغۇنى ئاغدۇرۇۋەتتى، دەپ ئەرز قىلغانىدى. شۇ چاغدا خەلقىنىڭ كۈچىگە تايىنىشتىن ئىبارەت بۇ ئۇسۇلنى بالدۇرراق ئىشلەتمىگىنىم ئۈچۈن پۇشايمان قىلغانى-دىم.

زىددىيەت ئالدىدا ھىيلە ئىشلىتىش — ماڭا نىسبەتەن تۇنجى قېتىملىق ئىش ئىدى. شۇنداقتىمۇ بىر قېتىم سىناپ باقماقچى بولدۇم، شۇڭا سەۋەب كۆرسىتىپ روزى مۇھەممەتنى چېكىپ باقتىم:

— شۇنداق، سايلام قىلمىساق بولمايدۇ.

— مۇ شىياڭجاڭ، — دېدى روزى مۇھەممەت خۇشامەتگۇيلۇق بىلەن ھىجىيىپ، — بېشىمغا كۈن چۈشتى. تۇرسۇن توختى دېگەن يۇمشاق باش ئوغرى شۇجىلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەتراپىغا ئادەم توپلاپ مېنى چەتكە قاقتى. ھازىرقى پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇ ئۆزى يېتىشتۈرگەن. شۇڭا مەن يەنىلا يالغۇز قالدىم. مۇدىر سايلىمى بولسىغۇ تۇغقانلىرىم كۆپ بولغاچقا، غېمىم يوق ئىدى. بىراق، ياچېيكا سايلىمىدا ئىشىم چاتاق. شۇڭا بىر قېتىم ئاتىدارچىلىق قىلىپ قويسىلا، ياخشىلىقلىرىغا جاۋاب قايتۇراتتىم ...

سايلام ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلىش يەنىلا ئاۋارىچىلىكى يوق ئۇسۇل ئىدى. لېكىن، ئۇ ئەكەلگەن پاسكىنا پۇللار مېنى غەمگە سالدى. پۇل — مەندەك ياش ھاياتنى قۇملۇقتا ئاتىۋەتكەن ئادەم ئۈچۈن كېرەكسىز قەغەز ئىدى. پۇل ئالدىدا ئىككىلىنىپ يۈرۈشۈمنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. لېكىن پۇلنى قايتۇرۇۋەتسەم ئۇ ھوقۇق چۈشىدىن ئويغىنىپ كېتەتتى ـ دە، يەنە ئاللىكىملەرنىڭ دەرۋازىسىنى چېكىپ ۋەزىيەتنى مالىمان قىلاتتى. ئەمەلىيەتتە مەن سايلامنى خاتىرجەم ئېلىپ بارغۇدەك ۋاقىتقا موھتاج ئىدىم. بىرئاز ئويلىنىش ئارقىلىق يەنىلا روزى مۇھەممەتنى بىخۇدلاشتۇرۇش ئارقىلىق ۋاقىتقا ئېرىشىش يولىنى تاللىدىم. پەقەت ئۇنى بىخۇدلاشتۇرغاندىلا ئاۋارىچىلىكلەردىن قۇتۇلغىلى، زىخنىمۇ كۆيدۈرمەي، كاۋاپنىمۇ كۆيدۈرمەي، بۇ چولۇك سۇپەت ئادەمنى ئوڭۇشلۇق قومۇرۇۋەتكىلى بولاتتى. شۇڭا ئىرادەمگە خىلاپ ھالدا باشقىچە بىر سۆزنى قىلدىم:

— بولىدۇ، ئىشلىرىنى مەن ئوڭشاي، لېكىن پۇللىرى ھازىرچە ئۆزلىرىدە تۇرۇپ تۇرسۇن! ئىش پۈتكەندە كۆرۈشەرمىز.

مەن شۇنداق دەۋېتىپ پۇلنى روزى مۇھەممەتنىڭ ئالدىغا

سۇرۇپ قويدۇم. ئاندىن ئۇ ئەكەلگەن توخۇنىڭ بىر پاچىقىنى
ئوغلۇمنىڭ قولىغا تۇتقۇزدۇم. شۇندىلا روزى مۇھەممەتنىڭ چىد-
رايىغا كۈلكە يۈگۈردى:
— ماقۇل، شياڭجاڭ. مەن بۇ ياخشىلىقلىرىنى ھەرگىز
ئۇنتۇپ قالمايمەن. رەھمەت...
شۇنداق قىلىپ، روزى مۇھەممەت ئۆيدىن چىقتى. مەن
ئۇنىڭ ئاي قاراڭغۇسىدا ئاستا - ئاستا يىراقلاپ كېتىۋاتقان قارا
كۆلەڭگۈسىگە قارىغان پېتىم ئەلەملىك خۇرسىندىم.

## 6

قاقاس چۆللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ياڭاق كۆچەتزارلىقى
بەرپا قىلىندى. يېڭىدىن قويۇلغان كۆچەتلەرنىڭ تۈۋىدىن شىل-
دىرلاپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇ ئەت تۇپراققا بۇلدۇقلاپ سىڭمەكتە
ئىدى. راخمان بىلەن سۇ پونكىتىدىكى بىرنەچچە تېخنىك لەڭگەر
كەنتىدىن كەلگەن سۇ تۇتقۇچىلارغا ئۇنى - بۇنى بۇيرۇپ ۋارقى-
راپ يۈرەتتى. مەن سۇ تۇتۇۋاتقانلارغا قاراپ ئولتۇرۇپ قىزىل
ساي ياڭاقزارلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئاشۇ سايلامنى ئەسلەپ قالدىم.
مەجبۇرىيەت ئەمگىكىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى ئىدى. يۇلغۇنجاي
كەنتىدىن نۇرغۇن ئادەم كەلگەن، قوشنا كەنتىكىلەرنىڭ ھەممى-
سى روزى مۇھەممەتنىڭ تەشكىللەش ئىقتىدارىغا ھەيران قالغان-
دى. ئەمەلىيەتتە يۇلغۇنجاي كەنتىنىڭ دېھقانلىرى مەجبۇرىيەت
ئەمگىكى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كەنت سايلىمى ئۈچۈنلا مۇشۇنداق
تولۇق كەلگەنىدى. ئۈچ يۈز مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۈچ ئورەك
چۈشكە قالمايلا كولاپ ئاخىرلاشتۇرۇلدى. ھارغان كىشىلەر ناز-
لىرىنى يېگەچ ئارامغا چۈشكەن چاغدا بىز سايلامنى باشلىدۇق.
ياچېيكا سايلىمىنىڭ تەرتىپلىرى ئېلان قىلىنىپ بولغۇچە روزى
مۇھەممەتنىڭ تۇغقانلىرى قالايمىقان ۋارقىرىشىپ كەتتى:

— كومپارتىيە ئاممىنىڭ غېمىنى يەۋاتقاندىكىن، سايلامنى ئاما ئارىسىدا ئۆتكۈزەيلى.
— شۇنداق - شۇنداق.
— بىز گىمۇ بىلەت بېرىڭلار...
شياۋ شۈجى ئۇلارغا چۈشەنچە بەردى:
— شۈجىنى پارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدا سايلايمىز. بۇ دېگەن پارتىيە نىزامنامىسىدىكى بەلگىلىمە. شۇڭا سىلەرگە بىلەت بەرسەك بولمايدۇ...
مەن ئاممىغا يۇقىرى ئاۋازدا كەسكىن سۆزلىدىم:
— يولداشلار، مېنىڭچە بىرئاز تاپتىن چىقىۋاتىسىلەر، بىرىنچىدىن، ئەگەر ياچېيكا شۈجىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا مەسىلە بار دەپ قارىساڭلار پىكىر بەرسەڭلار بولىدۇ. لېكىن، پارتىيە ئەزالىرى سايلىغان شۈجى كېرەك ئەمەس، دېسەڭلار بۇ دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي تۈزۈمىگە ۋە تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا خىلاپ سىياسىي خاتالىق بولىدۇ. ئەگەر يەنە شۇنداق دەپ تۇرۇۋالساڭلار مەن مەمەت بوسۇغۇ شياڭجاڭغا خەۋەر قىلىمەن. شۇڭا بۇ گەپنى قايتا دېمەڭلار؛ ئىككىنچىدىن، سايلام «ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار خىزمەت نىزامى» ۋە «كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. پەقەت قانۇنىي تەرتىپلەرگە ئۇيغۇن بولسىلا قانداق سايلىساڭلار بولىدۇ. لېكىن قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرساڭلار بولمايدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، سايلام تەرتىپلىرى قانۇنغا ئۇيغۇن. بىز سايلام توغرىسىدا ئالدىن ئۇقتۇرۇش قىلدۇق. نامزاتلارنى تونۇگۇن كەچتىلا ئېلان قىلدۇق. لېكىن خەۋەرنى ئاڭلاپ تۇرۇپ يەنىلا ئوتتۇز تۆت نەپەر سايلىغۇچى سايلامغا كەلمەپتۇ. بۇلار كېلىشكە تېگىشلىك ئالتە يۈز يەتمىش بىر نەپەر سايلىغۇچىنىڭ بەش پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. دېمەك، سايلام ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ. سەۋەب كۆرسىتىپ كەلمىگەنلەر سايلام قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ھوقۇقىدىن ۋاز كەچكەنلەر

بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كېيىنكى دەۋا ـ دەستۇرلارنىڭ ھەممىسى بىر دەك ئىناۋەتسىز. شۇڭا سايلامدىن كېيىن ئۆزۈڭلار سايلىغان كەنت كادىرلىرىغا قەتئىي بويسۇنۇشۇڭلار، ئىتتىپاقلىشىپ يۇل-غۇنجاي كەنتىنى بۇرۇنقىدەك «ئىلغار كەنت» قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىڭلار كېرەك. ئەگەر سايلامدىن كېيىنمۇ داۋاملىق چاتاق چىقارغۇچىلار كۆرۈلسە كەنت زومىگەرلىرى قاتارىدا قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر ئىشەنمىگۈچىلەر بولسا قېنى سىناپ بېقىڭلار.

كىشىلەر توپى بىردىنلا تىنچىدى. ئالدى بىلەن ياچېيكا سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. ئويلىمىغان يەردىن كېسەللىك سەۋەبىدىن سايلامغا كەلمىگەن تۇرسۇن توختى بوسۇغۇ ياچېيكا شۇجىسى بولۇپ سايلاندى. لېكىن روزى مۇھەممەت ياچېيكا ھەيئەتلىكىگە-مۇ سايلىنىپ چىقالمىدى.

مۇدىر سايلىمىدا تەرتىپلەر تېخىمۇ قاتتىق ئىگىلەندى. ئال-دى بىلەن سايلىغۇچىلارنىڭ تىزىملىكىگە ئاساسەن بىرمۇبىر يوق-لىما قىلىندى، ئاندىن بېلەت تارقىتىلدى. ئاخىرىدا سايلامغا ئۆزى كېلەلمەي باشقىلارغا ھاۋالە قىلغۇچىلارنىڭ ھاۋالە ئىسپات-لىرى تەكشۈرۈلدى. سالاھىيىتى بېكىتىلگەندىن كېيىن بەش نەپەر كىشىگە ھاۋالە بېلەت تارقىتىلدى.

سايلام نەتىجىسى ئېلان قىلىنغاندا يەنە ۋاڭ ـ چۇڭ كۆتۈ-رۈلدى. چۈنكى، ئابلەت مەخسۇم دەيدىغان تاز چىراي ئادەم كەنت مۇدىرى بولۇپ سايلىنىپ، روزى مۇھەممەت شاللىۋېتىلگەنىدى. روزى مۇھەممەت كەنتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ سايلانغانىدى.

ئەتلەس كۆڭلەكتەك رەڭلىشىپ كەتكەن روزى مۇھەممەتكە قاراپ ئىچىم ئاغرىپ قالدى. چۈنكى، خىزمەت نەتىجىسى بولمى-سىمۇ، لېكىن خىزمەت ھەۋىسى بار ئىدى. ئادەم دېگەن ھېسسى-ياتچان نەرسە. بەزى ئىشلاردا پايدا مەسىلىسىدىنمۇ ئابرۇي مە-سىلىسىنى كۆپرەك ئويلاپ كېتىمىز. ئابرۇي ئۇچۇن ماددىي ۋە

مەنىۋى جەھەتتىن بەدەل تۆلەيمىز. لېكىن ساختا ئابرۇي ئايالىلار-نىڭ ئۇسسىسدەك تېزلا يوقاپ كېتىدۇ. ئاخىرىدا سويغان پىياز-دەك يالىڭاچ ھالەتتە قالىمىز. روزى مۇھەممەت نۇرغۇن بەدەل تۆلەپ كەنت مۇدىرى ۋە كەنت شۇجىسى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئەسلىدىنلا ھوقۇقنىڭ قىممىتىنى ھەقىقىي مەنىسى بويىچە چۈ-شەنمىگەنلىكى ئۈچۈن يەنىلا شەرمەندە بولغان ئىدى.

خىيال سۈرۈپ تۇرغىنىمدا بىرى ئۈنلۈك ئاۋازدا ۋارقىرىدى:

— سايلام ئادىل بولمىدى.

— شۇنداق، نۇرغۇن كىشى قاتناشمىدى.

— ئۇلار كەلمىسە ناھەقچىلىق بولىدۇ.

— قايتا سايلايلى...

ئۇلارنىڭ گېپى تۈگىمەيلا توختى چورۇق دەيدىغان تېرىك-كەك بوۋاي زەردە بىلەن تىل سالدى:

— نېمىسى ئادىل بولمىدى؟ بۇ دېگەن كەنت خەلقىنىڭ سايلىمى. ھاشار بار دېسە بارمايدىغان كىشىمۇ كەنت خەلقى بولامدۇ؟! سۇنى بىز ياقىلاپ كېلىمىز، ئۇلار بىكارغا ئىچىدۇ. يەرنى بىز تېرىيمىز، ئۇلار يەرلىرىمىزگە ئۆي سېلىپ بىكارغا ئولتۇرىدۇ. سايلام بارلىقىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ بازارغا قاچقانلارنى بىز ھەيدىۋەتتۇقمۇ؟! يەنە نېمىسى ئادىل بولمىدى؟! قانداق بولسا ئادىل بولىدۇ؟ تولا خۇمسىلىق قىلماي ئاغزىمىزنى يۇمساق بولامدىكىن؟!

بوۋاينىڭ بىرنەچچە ئېغىز لىللا گېپى بىلەن پىكىرچىلەر جىمىپ كەتتى. بۇ قېتىمقى ئەمگەك مۇناسىۋەتتى بىلەن يۇلغۇنجاي كەنتىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى ئالمىشىپ، ئۇلارنىڭ كەنت ئىچى - سىرتىدىكى تەسىرى خېلىلا ياخشىلىنىپ قالدى. سابىق شۇجى تۇرسۇن توختى بوسۇغۇنىڭ دىل يارىسى خېلىلا ئېغىر بولسىمۇ، لېكىن خەلقنىڭ ھىمايىسىدىن تەسىرلىنىپ تېزلا

خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتى. ئەمگەك ۋەزىپىسىمۇ مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇندالدى. بۇ ئەمەلىيەتتە سىياسىي خىزمەتنى چىڭ تۇتۇش ئارقىلىق ئىقتىسادىي خىزمەتنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ نەمۇنىسى ئىدى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ناھىيىلىك پارتكومدىن ۋاڭ شۇجى بىلەن ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىك خىزمىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى قىزىل سايدىكى ياڭاق كارىدورىنى ۋە ھەرقايسى كەنتلەردىكى كۆلەملەشتۈرۈپ تېرىلغان قوغۇن - تاۋۇز، سەي - كۆكتات بازىلىرىنى، ئاخىرىدا يەنە تەكلىماكان گىرۋەكلىرىگە سېلىنغان ئىھاتە ئورمانلىرىنى كۆردى. بولۇپمۇ ئازغان كەنتىدىكى بىرنەچچە كىلومېتىرلىق ئىھاتە ئورمىنىنى كۆرگەندە ۋاڭ شۇجى بەكلا ھاياجانلىنىپ كەتتى.

ساپسېرىق جىگدە چېچەكلىرى دىماقنى يارغۇدەك خۇش پۇراق تارقىتىپ تۇراتتى. كۈمۈش رەڭلىك يوپۇرماقلار مەيىن شامالدا تىللا دەرىخىدەك شىلدىرلاپ تۇراتتى. چۆل قاراۋۇللىرىدەك رەتلىك تىزىلىپ كەتكەن ئاق تېرەك بەلۋىغى نەچچە ئون كىلومېتىرغا سوزۇلغان بولۇپ قۇم - بوراننى توسۇيدىغان يېشىل ئىستىھكامغا ئايلانغان ئىدى.

— ياخشى، ياخشى، — دەيتتى ۋاڭ شۇجى جاڭ شۇجىنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ، — قىسقىغىنە بىر - ئىككى يىلدا ياخشى نەتىجە يارىتىپسىلەر. شۇنچە كۆپ ئىشلارنى قىلغان بولساڭلارمۇ، لېكىن كەمتەرلىك قىلىپ قىلچە داۋراڭ سالماپسىلەر. بۇ دەل بىزگە كېرەك بولۇۋاتقان باش چۆكۈرۈپ ئەمەلىي ئىشلەش روھى، ئۈن - تىنسىز تۆھپە قوشۇش روھى. ئەمدى بىلدىم، سىزنى پارتكوم شۇجىلىقىغا تاللاپ خاتا قىلماپتىمىز. يولداش جاڭ شياۋمىڭ، رەھمەت سىزگە. بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ يۈرەكلىك ئىشلەڭ. باشقا يېزىلارغا ئۈلگە بولۇڭ...

جاڭ شۇجىنىڭ ئەسلىدىنلا كىچىك كۆزلىرى كۈلكىدىن بىر تال قارا يىپتەك تېخىمۇ كىچىكلەپ كەتتى. ئۇ ناھىيىلىك پارت-

كوم شۇجىسىنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا ئۆزىنىڭ جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى، خەلققە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇلۇغۋار تەرەققىيات پىلانلىرىنى زوق - شوق بىلەن دوكلات قىلدى. ۋاڭ شۇجىمۇ پات - پات باش بارمىقىنى چىقىرىپ ئۇنى ماختاپ قوياتتى. ئەمەلىيەتتە جاڭ شۇجى يېزا خىزمەت تارماقلىرىدىكى دوستلىرى ئارقىلىق ۋاڭ شۇجىغا خەۋەر بېرىپ ئۇنى چىللاپ كەلگەنىدى.

شۇ كۈنى كەچتە ئاز - تولا ھاراق ئىچىپ چالا مەست بولۇۋالغان جاڭ شۇجى كەيپچىلىكتە ئالىجوقا سۆزلەپ مېنى بىرمۇنچە تەنقىد قىلدى:

— شۇجى، مۇدىر نامزاتلىرىنى پارتكوم يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىدىغان گەپ ئىدىغۇ؟! سىز نامزاتلارنى خالىغانچە بېكىتىپ، سايلام تەشكىللەپ يۈرسىڭىز مەن نېمە قىلىدىغان ئادەم؟! يېزىلىق پارتكوم نېمە قىلىدۇ؟! بۇ پارتكوم شۇجىسىنى كۆزگە ئىلمىغانلىق ئەمەسمۇ؟! ئۆز ئورنىنى توغرا تونۇمىغانلىق ئەمەسمۇ؟! بىر قابىلىيەتلىك كادىرنى نابۇت قىلىپسىز. بۇ مەسئۇلىيەتسىزلىك ئەمەسمۇ؟! مۇبادا كىشىلەر ئەرز قىلسا ئاقىۋىتىگە سىز ئىگە بولالامسىز؟!...

مەن ھېچنېمە دېمىدىم. چۈنكى، سايلام ئېلىپ بېرىش ۋە نامزاتلارنى بېكىتىش توغرىسىدا ئۇنىڭ بىلەن پىكىرلىشىشكە ئۈلگۈرمىگەنىدىم. ئۇنىڭ بىلەن پىكىرلەشكەن بولسامۇ، ئۇ بەرىبىر قوشۇلمىغان، ئاخىرىدا يۇلغۇنجاي كەنتى يەنىلا تىنچىمىغان بولاتتى.

## 7

جاڭ شۇجىنىڭ ئېيتقانلىرى توغرا چىقتى. يۇلغۇنجاي كەنتىنىڭ سايلىمى سەۋەبىدىن ئاۋارىچىلىككە ئۇچرىدىم.

ئەسلىدە يۇلغۇنجاي كەنتىدىكى سايلام ئۈچۈن روزى مۇھەم-

مەتنىڭ تۇغقانلىرى توپلىشىپ ناھىيىگە ئەرز قىلغانىكەن. ماشى-
نا بىلەن بىر سائەتكە يېقىن چايقىلىپ يۈرۈپ، ئاران دېگەندە
ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە يېتىپ كەلدىم. كىرىپلا كۆرگى-
نىم، يۈلغۇنجاي كەنتىدىكى يىگىرمە نەچچە كىشىنىڭ سېمونت
يەرگە ئۆزىنى تاشلاپ ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن ئولتۇرۇشقىنى بول-
دى. ھەيران قالغىنىم يەنىلا ئازغان كەنتىدىكى يۈسۈپ مەخسۇم-
نىڭ يۈلغۇنجاي كەنتىدىكى كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا يىغىن ئې-
چىۋاتقاندەك سۆزلەپ تۇرغىنى ئىدى. «توۋا، بۇ جىن موللىسى
يۈلغۇنجاي كەنتىنىڭ ئادەملىرى ئارىسىدا نېمە ئىش قىلىپ يۈرى-
دىكىنە؟ ياكى ئۇ ئازغان كەنتىنىڭ سايلىمى بولمىسا؟...»

مەن ماشىنىدىن چۈشكەندە يۈسۈپ مەخسۇم ۋە ئەرز قىلغۇ-
چىلار قاياققىدۇ تىكىۋەتكەنىدى. مەن ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ
قويۇش ئۈچۈن ھاكىم ئىشخانىسىغا قاراپ ماڭدىم. ئىشخانىغا
كىرىشىمگىلا ئابدۇرازاق ھاكىم مەن بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى:

— كېلە، ئۇكا، دېھقانلىرىڭ ئەرز قىلىپ كەپتۇ، سايلامدا
نېمە ئىش بولغانتى، ئۇكا؟

مەن ھاكىمنىڭ يۈلغۇنجاي كەنتىنىڭ ۋەزىيىتىنى، روزى
مۇھەممەتنىڭ چىرىكلىشىش قىلمىشلىرىنى، يېزىلىق پارتكومدى-
كى پىكىر چېچىلاڭغۇلۇقىنى ۋە مەسىلىنى سايلام ئارقىلىق ھەل
قىلغانلىقىمنى قىسقىچە دوكلات قىلدىم. ئاخىرىدا ئەرز قىلغۇچى-
لارنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى پىكرىمنى قويدۇم:

— ھۆكۈمەت دېگەنلىك — قانۇن بويىچە توغرا، ئادىل ۋە
ئىلمىي ھالدا مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش دېگەنلىك. ئەمەلىيەتتە ئەرز
قىلغۇچىلارنىڭ سايلام توغرىسىدا قىلغان پىكىرلىرى قانۇنغا خى-
لاپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار «كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ
تەشكىلى قانۇنى»غا ئىزچىل تۈردە خىلاپلىق قىلىپ مەجبۇرىيەت
ئەمگىكىگە قاتناشماي كەلدى. كادىرلار ياۋاشنى ئىشلىتىپ،
ئۆكتەملەرنى مەيلىگە قويۇۋەتسەك مەمۇرىيەتنىڭ ئادىللىقى، ئىنا-

ۋتى بولمايدۇ. ئەكسىچە، باشقىلارنىڭ قانۇنسىز قىلمىشلىرىغا يول ئېچىپ بەرگەن بولىمىز. شۇڭا مەن هازىرلا خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى باشلاپ چىقىپ سايلامنىڭ قانۇنلۇق ياكى قانۇنسىز ئىكەنلىكىنى ئايرىيمەن. ئاندىن ئەتىلا ئۇلارنىڭ ئىككى يىللىق مەجبۇرىيەت ئەمگەككە قاتناشمىغانلىق مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىمەن ...

— سېنىڭ ياخشى ئىشلەۋاتقىنىڭنى بىلىمەن. لېكىن بەزىدە ياخشى كىشلەرمۇ ئۇۋالچىلىققا قالىدۇ. ساڭا ئىشىنىمەن. سەن پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىغا بولغان ساداقىتىڭ بىلەن چوقۇم غەلىبە قىلالايسەن. بوپتۇ، مەن دائىمىي كومىتېت بىلەن خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىدىن ئادەم ئەۋەتىپ سايلامنى تەكشۈرتۈپ كۆرەي. هەق - ناھەق ئايرىلسا ساڭا پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەنلا يامان نىيەتلىك كىشلەر پەيدا قىلغان پاسسىپ تەسىرنى تۈگىتەلىشىڭ ناتايىن. شۇڭا غەيرەتلىك بول، ئۇكا ...

مەن سىمۇۋلۇق بېشارەتلەردىن بەزىبىر ئەھۋاللارنى چۈشەندىم. دېمەك، مەمەت بوسۇغۇ بىلەن يۈسۈپ مەخسۇملار پەيدا قىلغان شۇملۇقلار ناھىيىگىمۇ كەڭ تارقىلىپ كەتكەندى.

شۇ كۈنى كەچتە مەن مۇئاۋىن يېزا باشلىقى راخمان بىلەن يۇلغۇنجاي كەنتىدە ئىككى يىللىق مەجبۇرىيەت ئەمگىكىگە قاتناشمىغان ئائىلىلەرنى ئېنىقلاش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدىم. بىراق ئويلىمىغان يەردىن، بۇ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئۇلگۇرمەيلا يېزىدا باشقا بىر خىزمەت گۇرۇپپىسى پەيدا بولدى. ئۇلار مۇئاۋىن شۇجى ئايۇپ باشچىلىقىدىكى ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئالاھىدە دېلو گۇرۇپپىسى بولۇپ، مېنىڭ چىرىكلىشىش قىلمىشىمنى تەكشۈرۈشكە كەلگەنىدى.

— مۇختار، — دېدى ئايۇپ شۇجى مېنى ئەينى يىللىرىدىكى

ئادىتى بويىچە چاقىرىپ، — بىرى سېنى پارا قوبۇل قىلدى، دەپ ئەرز قىلدى. ئەرزدىكى پاكىت بەكلا كۈچلۈك. سەن پارتىيىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ياخشى رەھبىري كادىر. سىياسەتنى بىلىسەن. ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك قىلىنىدۇ. قارشىلاشقانلار جازالىنىدۇ. شۇڭا چوقۇم پاكىتلىق جاۋاب بېرىشىڭ كېرەك. بۇ زادى قانداق ئىش؟

— «پارا قوبۇل قىلدى» دېگىنى نېمىسى؟ كىمدىن؟ قاچان؟ قەيەردە؟

مەن دەماللىققا ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمىدىم. مەن ئەزەلدىن پارا بېرىپ باقمىغان ھەمدە پارا ئېلىپمۇ باقمىغان. ئادەتتە قۇللارچە خۇشامەت قىلىدىغان، مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئۇنى - بۇنى سوۋغىتوپ يۈرىدىغان كىشىلەرنى زادىلا ياقتۇرمايمەن. پارتىيە بەرگەن ھوقۇقنى يەنە پارتىيىنىڭ، خەلقنىڭ يىلىكىنى شوراش، ئورۇق - ئاجىز كىشىلەرنىڭ قوۋۇرغىسىدىكى ئازغىنا گۆشنى شىلىۋېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان كىشىلەرنى چاينىۋەتسەممۇ دەردىم چىقمايدۇ. ئەمدىلىكتە مەن قانداقلارچە پارىخورغا ئايلىنىپ قالدىم؟ ئەمەل تۇتقىنىمدىن باشلاپ ھېچكىم مېنى سوۋغا - سالام بىلەن ئىزدەپ باقمىغان. پەقەت روزى مۇھەممەتتىن باشقا... توغرا، روزى مۇھەممەت! ئەجەبا، ئۇ راستتىنلا ئەرز قىلغانمىدۇ؟

بىردىنلا ئۆزۈمگە ئاچچىقىم كەلدى. چۈنكى، شۇ چاغدىلا شىياۋ شۇجى ئارقىلىق بۇ ئىشنى تەشكىلگە مەلۇم قىلغان بولسام مۇشۇ ئىشمۇ يۈز بەرمىگەن بولاتتى. ئېھتىمال، روزى مۇھەممەت پارا بېرىش جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەنگەنمۇ بولاتتى. لېكىن، مەن شۇ چاغدا ئۆيۈمگە كەلگەن كىشىنى تەشكىلگە مەلۇم قىلسام، «باشقىلارغا ئادەمگەرچىلىكى يوق، يېقىنلاشقىلى بولمايدۇ» دېگەندەك تەسىرات بېرىپ قويۇشتىن قورققانىدىم. ئەمدىلىكتە ئاشۇ چويلىدا توختىمايدىغان ساختا نىقابقا ئالدانغىنىم ئۈچۈن

پارىخور دېگەن ئاتاققا قالغانىدىم.

— ئەسلەپ بولدىڭىزمۇ؟

ئايۇپ شۇجىگە ئۆزۈمنىڭ پارا قوبۇل قىلمىغانلىقىمنى ئېيتماقچى بولدۇم. بىراق، مېنىڭ گۇۋاھچىلىرىم ئاينۇرخان ئانا بىلەن بەش ياشلىق ئوغلۇم ئىدى. ئۇلار مېنىڭ پارا قوبۇل قىلمىغانلىقىمنى، پۇلنى ئالغۇسى بولسىمۇ، لېكىن تەشكىلدىن قورقۇپ ئالالمىغان خىيانەتچىلەرگە خاس ئۇسۇل بىلەن رەت قىلغىنىمنى كۆرگەنىدى. گەرچە ئۇلار مېنىڭ گۇۋاھچىلىرىم بولسىمۇ، لېكىن مەن ئۇلارنى تىلغا ئالالمايتتىم. چۈنكى، ئۇلار مېنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىم ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يېتەرلىك ئىسپاتمۇ يوق ئىدى ...

— قېنى، ئىقرار قىلىڭ!

ئايۇپ شۇجىنىڭ پوزىتسىيىسى بىرئاز قاتتىقلاشتى. گەرچە بىرئاز تېرىككەن بولسامۇ، لېكىن يەنىلا سالماقلىق بىلەن ئويلانماقتا ئىدىم. توغرا، روزى مۇھەممەت مېنى پارا قوبۇل قىلدى، دەپ ئەرز قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ماڭا ئوخشاشلا ئۇنىڭمۇ پارا ئالغىنىمنى ئىسپاتلايدىغان يېتەرلىك پاكىتى يوق. شۇڭا خېلىلا يېنىكلەپ قالدىم. بىراق، بۇنىڭلىق بىلەنلا ئايۇپ شۇجىمۇ دېلونى بىكار قىلمايتتى. شۇڭا چوقۇم بىرەر ئىشەنچلىك پاكىت ئارقىلىق ئۆزۈمنى ئاقلىشىم كېرەك ئىدى.

— راست گەپ قىلىڭ، پارا ئالدىڭىز، شۇنداقمۇ؟

— ياق، مەن پارا ئالمىدىم.

— تەپسىلىي سۆزلەڭ.

مەن ۋاقىت، ئورۇن، سەۋەب، نەتىجە مۇناسىۋىتى بويىچە روزى مۇھەممەتنىڭ قىلمىشلىرىنى ئېنىق چۈشەندۇردۇم. ئاخىرىدا ئۇنىڭ سايلامدىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈنلا تۆھمەت چاپلاپ ئەرز قىلغانلىقىنى ئېيتتىم.

سۆزۈم تۈگىمەيلا كۆزەينەك تاقىۋالغان خەنزۇ يىگىت ئۇس-

تەلنى مۇشتلىغىنىچە ۋارقىراپ كەتتى:
— يالغان، بىرىمۇ راست ئەمەس. ئۆزىڭىزچە گەپ يورغىلاتسام ھەقىقىي ئەھۋال يوشۇرۇنۇپ قالىدۇ، دەپ ئويلاپ قالماڭ. ھەقىقەت ئالدىدا سۆزمەنلىك، بىلەرمەنلىك ۋە ئەمەل دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇسۇرۇققا تەڭ!
مېنىڭ ئاچچىقىم كەلدى. لېكىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ گەپ - سۆزسىزلا يانفونۇمنى ئۈستەلگە قويدۇم. ئاندىن سىملىق تېلېفوننىڭ سىمىنى ئۈزۈۋەتتىم. ئۇلار مېنىڭ ھەرىكەتلىرىمگە قاراپ ھەيران قېلىشقاندى. مەن قىسقىلا چۈشەنچە بەردىم:
— پاكىت دېگەن ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ. ئەجەبا، ئەمەلىيەت بۇنداق ئەمەسما؟! سىز پارا قوبۇل قىلغىنىمنى كۆرگەنمۇ؟ كۆرگەن بولسىڭىز، بىراقلا جىنايەت بېكىتمەي يەنە نېمىگە ئاۋارە بولۇپ يۈرىسىز؟!
ئايۇپ شۇجى ھەدەپ بېشىنى چايقايتتى. ھەمراھلىرىغا قاراپ ئېغىر تىناتتى. مەن ئۇلارغا تەمكىنلىك بىلەن ئاخىرقى سۆزلىرىمنى ئېيتتىم:
— مەن دېلو تەكشۈرۈپ باقمىغان. لېكىن ھازىرقى ھالەتتە قۇرۇق پوپوزا قىلغاندىن كۆرە، پاكىت چىقىرىش ھەممىدىن مۇھىم. مەن سىلەرنىڭ مۇشۇ ئىش سەۋەبىدىن مېنى تەكشۈرۈپ كېلىدىغىنىڭلارنى بىلمەيتتىم. گۇۋاھچىلىرىمۇ بىلمەيدۇ. بايام كۆردۈڭلار، مەن يانفون بىلەن سىملىق تېلېفونلارنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىمەس قىلىۋەتتىم. بۇنداق ئەھۋالدا بىرىگە خەۋەر بېرەلىشىم مۇمكىن ئەمەس. ساختا پاكىت ئويدۇرۇپ چىقالىشىم تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. خالىساڭلار، ھازىرلا ئۆيۈمگە بېرىپ سوراپ كۆرۈڭلار. چوڭلار مېنى قوغداش ئۈچۈن يالغان سۆزلىشى مۇمكىن. لېكىن، بەش ياشلىق ئوغلۇمنىڭ يالغان سۆزلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر قانۇنلۇق دەپ قارىساڭلار ئۇنىڭ گۇۋاھلىق پىكرىنى ئىشلەتسەڭلارمۇ بولىدۇ. لېكىن، مەن سىلەرگە

يەنە بىر قېتىم دەپ قويااي. مەن بۇرۇنمۇ پاك ئىدىم، هازىرمۇ پاك. كەلگۈسىدىمۇ مەڭگۈ شۇنداق. بۇ مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىقرارىم.

سىرتتا ماشىنا ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاندىن بارا ـ بارا يېقىنلاپ كەلدى. ئارقىدىن كىملەرنىڭدۇ ئاياغ تىۋىشلىرى، ماشىنا ئىد. شىكلىرىنىڭ كۆچەپ يېپىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئېهتىمال، بىر ماشىنا، ياق، توغرىسى ئىككى ماشىنا بولسا كېرەك. يېڭى مېهمانلار ئۇدۇللا مەن تەرەپكە قاراپ كەلمەكتە ئىدى. ئايۇپ شۇجى هەمراهلىرى بىلەن كۆز ئىشارىسى قىلىشتى ـ دە، دەر. هال سىرتقا چىقىپ كەتتى.

ئىشخانىدا زېرىكىشلىك جىمجىتلىق هۆكۈم سۈرەتتى. خەنز. زۇ يىگىتنىڭ سەزگۈر كۆزلىرى مېنىڭ ئۇششاق هەرىكەتلىرىمە. گىچە ئىنچىكە كۆزىتىپ تۇراتتى. بىردىنلا ئويلىنىپ قالدىم. مۇبادا راستتىنلا پارا قوبۇل قىلغان بولسام بۇنداق سوراققا زادىلا بەرداشلىق بېرەلمىگەن، هەتتا بىرىنىمۇ قالدۇرماي ئىقرار قىلد. غان بولاتتىم. شۇ تاپتا، قەلبىمدە ۋىجدان بىلەن شەيتاننىڭ كۆچ ئېلىششى باشلانغانىدى. ۋىجدانىم مېنى پاكلىقىمنى تېخىمۇ كۈ. چەيتىپ بارلىق چىرىندىلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشقا چاقىراتتى. شەيتان ۋەيرانە ئۆيلىرىمنى، جاپادىن مۇكچىيىپ قالغان گەۋدەمنى ۋە ئەهمىيەتسىز مەزھەپ كۈرەشلىرىدە مەزگىلد. سىز ئاق كىرگەن چېكە چاچلىرىمنى مەسخىرە قىلاتتى. مېنى چېكىنىشكە ئۈندەيتتى. بىراق، قۇمساز زېمىنغا بولغان چەكسىز مۇهەببىتىم مېنى يەنىلا داۋاملىق كۈرەش قىلىشقا ئۈندەيتتى. ئاخىر شۇنى هېس قىلدىمكى، بىرەر مۆجىزە يۈز بېرىپ خۇددى ئون يىل بۇرۇنقىدەك يەنە بىر تاللاش پۇرسىتى بولغىنىدا مەن قىلچە ئىككىلەنمەي، ئابىدەنى، مۇشۇ نامرات ماكاننى ۋە هازىرقى ئەهمىيەتلىك، لېكىن زىددىيەتكە تولغان مۇشۇ خىزمەتنى تاللى. غان بولاتتىم.

ئىشىك ئېچىلىپ ئاۋۋال ئايۇپ شۇجى، ئاندىن كېيىن ناھە-
يىلىك پارتكومىدىن ۋاڭ شۇجى ۋە باشقا بىرنەچچە رەھبەرىي كادىر
كىرىپ كېلىشتى. مەن تەكشۈرۈشنىڭ بۇ قەدەر قاتتىق بولغىنىغا
ھەيران قالدىم. لېكىن، قىلچىمۇ قورقمىدىم. بىراق، يېنىمدى-
كى رېۋىزىيە خادىملار ناھىيە رەھبەرلىرىنى كۆرۈپ دېلودا بىرەر
ئىلگىرىلەش بولۇشىغا ئىشەنگەن بولسا كېرەك، ئۆزىچىلا
خاتىرە - قەلەملىرىنى باشقىدىن قولىغا ئېلىپ ئولتۇرۇشتى.

— كەچۈرۈڭ، — دېدى ۋاڭ شۇجى قولۇمنى چىڭ سىقىپ
تۇرۇپ — ئىنكاس قىلىنغان ئەھۋال ئېغىر بولغاچقا، مۇشۇنداق
تەكشۈرۈشكە توغرا كەلدى. بىراق، بىرنەچچە گۇرۇپپىغا بۆلۈ-
نۇپ تەكشۈرگەن بولساقمۇ، لېكىن ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەر
ئەمەلىيلەشمىدى. ئەكسىچە، بىز سىزنىڭ بىر پاك رەھبىرىي
كادىر ئىكەنلىكىڭىزنى چۈشەندۇق. خاتىرجەم ھالدا خىزمىتى-
ڭىزنى ئىشلەڭ.

تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى كەتتى. لېكىن، مەن چىرىك ئۇنى-
سۇرلارغا قارشى كۆرەشتە تېخىمۇ كەسكىن ۋە مۇرەسسەسىز
بولۇش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم.

## 8

راخمان ئىككىمىز بورىچى كەنتىدە قوغۇننىڭ پېلەك قۇرۇش
كېسىلىنى تەكشۈرۈپ يۈرەتتۇق. قاپقارا قوغۇن مايسىلىرى قارد-
ماقتا تولىمۇ تىمەن ئۆسۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. لېكىن، تۇيۇق-
سىزلا قۇرۇپ كېتىدىغان بۇ خىل كېسەللىك قوغۇنچى دېھقانلارغا
ھەر يىلى زور زىيان ئەكېلىپ تۇراتتى. سىرلىق ئاپەت ئالدىدا
دېھقانلار چارىسىز قالغاچقا، بەزىلەر موللىغا زاراخەتمە ئوقۇتۇپ،
ساتمىدا نەزىر بېرىپ يۈرەتتى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن
خىمىيۋى ئوغۇت ئىشلەتمەسلىك، چۆنەكلەرنى ئېگىزرەك ئې-

لىپ، زەيلىتىپ سۈغىرىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللانغان بولساقمۇ، لېكىن كۆڭۈلدە ئىشەنچ يوق ئىدى. شۇڭا يەنىلا جىددىيلىشىپ يۈرەتتىم.

تۇيۇقسىزلا توختى چورۇقنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا شۇم خەۋەر كەلدى. ئەسلىدە تىلى ئاچچىق، دىلى تاتلىق بۇ بوۋاي سامان بېسىلغان ئېشەك هارۋىسى بىلەن دۆلەت تاشيولىنىڭ 315 ـ نومۇرلۇق بۆلىكىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ماشىنا هادىسىسىگە ئۇچرىغانىدى. خەۋەرنى ئاڭلاپلا دەرهال ئۇنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدۇق. ئۈچ ـ تۆت ئېغىزلىق ئۆيلەر مەرهۇمنىڭ ئۆمۈرلۈك بىساتى بولۇپ، كونىراپ كەتكەنلىكتىن ئىچىدىن قارىسا سىرتى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يالغۇز ئوغلى تۇرسۇن ئەمدىلا ئون بەش ياشقا كىرگەن بولۇپ، مېنىڭ تونۇشتۇرۇشۇم بىلەن ناهىيىلىك كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بوغالتىرلىق سىنىپىدا ئوقۇۋاتاتتى. ئايالى چىنارخان هەدە مەرهۇمدىن ئون نەچچە ياش كىچىك بولسىمۇ، لېكىن بەكلا كېسەلچان بولغاچقا، قان ئىچىدە ياتقان هەمرىيىنى كۆرۈپ ئاللىقاچان هوشىدىن كەتكەنىدى.

مەرهۇمنىڭ چىرايى تونۇغۇسىز دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كەتكەن، بېشىدىن توختىماي قان ئېقىپ تۇراتتى. مېيىت يۇيىدىغانلار سوغۇق سۇ بىلەن نەچچە رەت يۇيۇپمۇ قاننى توختىتالماي تىت ـ تىت بولاتتى. هويلىغا توشۇپ كەتكەن مېيىت ئۇزاتقۇچىلار تاقەتسىزلىك بىلەن ئۇلارغا قارايتتى.

چۈشكە يېقىن قارا دۇخاۋا يېپىلغان جىنازا ئاخىرى مەرهۇمنىڭ غېرىبانە ئۆيىدىن ئاچىقىلدى. جىنازا ئۈستىگە مەرهۇمنىڭ ئاق ـ قارا گۈللۈك بادامدوپپىسى قوندۇرۇلغانىدى. مېيىت ئۆيىدىن ئايرىلغان چاغدا هازا ئېچىلمىدى، يىغا ـ زارىمۇ بولمىدى. مەرهۇمنىڭ غەمگۈزارى، ئائىلىنىڭ بىردىنبىر ئايال خوجايىنى هوشىدىن كەتكەنىدى. تولا يىغلاپ كۆزلىرى قىزارغان تۇرسۇن پات ـ پات دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ قاراپ قوياتتى. مېيىت

ئۆزىتىشقا كەلگەنلەرمۇ تۇرسۇنغا ئوخشاشلا ئادەمسىز سەھرا يولىغا قارايتتى. بىراق، يولدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. راخمان ئىككىمىز يېڭىدىن سېلىنغان يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ لىنتا كېسىش مۇراسىمىغا قاتنىشىدىغان بولغاچقا ئالدىراپ تۇراتتۇق:

— قارىم، نامازنى باشلامدۇق؟

راخماننىڭ سۆزى بىلەن تەڭلا ئۆزاق ساقلاپ تاقىتى تاق بولغان كىشىلەر سۆزلەپلا كەتتى:

— باشلىساق بولاتتى، قارىم.

— ئەمدى باشلىمىساق، يەرلىككە قويغۇچە كەچ كىرىپ قالىدۇ...

بىراق، ساقاللىرى كۆمۈشتەك ئاقارغان قارىم نېمىشقىدۇ جىمجىت ئولتۇراتتى. ئاخىر مەن ئېغىز ئاچتىم:

— قارىم، جامائەت ئىشتىن قالمىسۇن، نامازنى باشلىسىلا.

— بولماسمىكىن.

— نېمىشقا؟

— يۇسۇپ مەخسۇم بولمىسا، ناماز چۈشۈرەلمەيمىز.

بۇ گەپ بىلەن بىردىنلا ئاچچىقىم كەلدى. يۇسۇپ مەخسۇمنىڭ پائالىيەت دائىرىسى يېقىندىن بېرى يېزا تەۋەسىگىچە كېڭەيگەن، مېيىت نامىزىنى چۈشۈرۈش ئىمتىيازى شۇ بىرلا كىشىگە مەركەزلەشكەنىدى. مېيىتنى يۇيۇپ ـ تاراپ تەييارلاپ بولغان يەرلىك مولللار ۋە نامازغا كەلگەن جامائەت ھەمىشە يۇسۇپ مەخسۇمنى كۈتۈپ تۇراتتى. بۇنداق مونوپوللاشقان دىنىي ئېتىقاد مۇلازىمىتى يۇسۇپ مەخسۇمنى خېلى پۇللۇق قىلىۋەتكەن، جىپ ماشىنىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ يېزا تەۋەسىدە قىنىغا پاتماي يۈرەتتى. نامرات دېھقانلار ناماز ھەققىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن ئاغرىنسىمۇ، لېكىن مەخسۇس چۈشۈرگەن نامازنىڭ خاسىيىتىگە ئىشىنىپ بىرنېمە دېيەلمەيتتى. مولللار كېچىلەپ مېيىت يۇيۇپ ئۇرغۇن جاپا تارتسىمۇ، لېكىن ئازغىنا پۇلغا شۈكۈر قىلىشاتتى.

مۇبادا سەللا نارازى بولسا يېزىلىق ئىسلام دىنى شۆبە جەمئىيىتىدە-
نىڭ باشلىقى يۈسۈپ مەخسۇمغا بويۇنتاۋلىق قىلغىنى ئۈچۈن
سىياسي قانۇنغا مەسئۇل مۇئاۋىن يېزا باشلىقى مەمەت بوسۇغۇ
تەرىپىدىن ئۇچۇقدىلىناتتى. خېلى نۇرغۇن كىشىلەر مەمەت بو-
سۇغۇ بىلەن يۈسۈپ مەخسۇمنىڭ نورمالسىز مۇناسىۋىتى توغرى-
سىدا ناھىيىگىچە ئەرز قىلغان بولسىمۇ، لېكىن جاڭ شۇجى
مەمەت بوسۇغۇنىڭ سىياسي نەتىجىلىرىنى ماختاپ ئەرزلەرنى
باستۇرۇۋەتكەنىدى.

مەن قارىيغا كەسكىنلىك بىلەن بۇيرۇدۇم:

— سىلى دېگەن يۇلغۇنجاي كەنتىدىكى جۇمە مەسچىتىنىڭ
ئىمامى. قانۇنلۇق دىنىي زات. ئۆزلىرى باشلاپ ئوقۇۋەرسىلە.

ئابدۇرازاق قارىي ئاخىر راست گېپىنى دەۋەتتى:

— مەي شىياڭجاڭ شۇنداق دېگەن.

ئىمامنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا راخمان غۇدۇراپ كەتتى:

— يۈسۈپ مەخسۇمنىڭ زادى نېمە كارامىتى باركىنە؟

شۇنىڭ بىلەن مېيىت ئۈزىتىشقا كەلگەنلەرنىڭ ئاغىزى
ئېچىلدى:

— ئۇ دېگەن داڭقى چىققان جىن موللىسى.

— جاننى ئېلىپ، ياندا قويىدىغان پۇل موللىسى.

— ئۆلۈك ئېشەكنى تىك تۇرغۇزىدۇ.

— ئاشىقلارنى مۇرادىغا يەتكۈزىدۇ.

— كېسەلنى داۋالايدۇ.

— ساقنى كېسەل قىلىدۇ.

— شۇڭا داموللام، باشقىلىرى بار موللام...

مېنىڭ بۇ پاراڭلارغا رايىم بارمىدى. تاغدىن - باغدىن
قىلىنغان پاراڭلارنىڭ پاكىت ئاساسى بولمىسىمۇ، لېكىن يۈسۈپ
مەخسۇمنىڭ ھەيۋىسىنى مېنىڭ مۇئاۋىنىم يوغىناتقانىدى. بۇ مە-
سىلىدە يەنىلا مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم بار ئىدى. شۇڭا بىر ئېغىز

سۆز بىلەنلا گەپنى كەستىم:
— باشلىسىلا، چاتاق چىقسا مەن ئىگە.
بىر ئېغىز سۆزۈم بىلەن تەڭلا ئابدۇرازاق قارىي مېيىت نامىزىنى باشلىۋەتتى. ناماز ئاخىرلىشىشى بىلەنلا ھاياتلىقىدا «توختى توقۇناق»، «توختى گىجىڭ» دەپ نام ئالغان بۇ ئادەمنىڭ جىنازىسى كىشىلەر ئارىسىدا تالاشتا قالدى. راخمان ئىككىمىز ئەمدىلا قوزغىلىشىمىزغا بىرىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:
— ھېساب ئەمەس! مەن كەلمەستە ئوقۇغان ناماز ھېساب ئەمەس!
مېيىت ئۇزاتقۇچىلار جىددىي تورمۇز قىلىنغان ماشىنىدەك «شىپپىدە» توختاپ قېلىشتى. قارىسام، قورسىقى دومپىيىپ تۇرغان يۇسۇپ مەخسۇم كېلەڭسىز گەۋدىسى بىلەن مېيىت ئۇزاتقۇچىلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇرۇپتۇ. بايىلا ناماز باشلاپ مېيىت چۈشۈرگەن قارىينىڭ قوللىرى تىترەپ، ھاسىسى تۇكۇلداپ ئاۋاز چىقىرىپ تۇرۇپتۇ.
— چۈشەمدۇق؟
مەن راخماننىڭ سوئالىغا «ياق» دېگەن مەنىدە بېشىمنى چايقىدىم. مەقسىتىم ئىشنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرۈپ بېقىش ئىدى.
يۇسۇپ مەخسۇم جامائەتكە قاراپ، ۋەزخانلىق قىلىشقا باشلىدى:
— جامائەت، بىزمۇ مېيىت نامىزى ئۈچۈن كەلدۇق. قائىدە بويىچە ئۆزئارا ھۆرمەت، ئۆزئارا بىرلىك بولىسدى، مۇسۇلمانچىلىقىمىز تېخىمۇ كۈچەيگەن بولاتتى. بىراق، ناماز ئوقۇلۇپ بوپتۇ. بىزمۇ نامازدىن قاپتىمىز. ھېچقىسى يوق. ھەممىدىن نىيەت ئەلا. ئەگەر خالىساڭلار، ماڭا ئەگىشىپ قايتا ئوقۇڭلار.
يۇسۇپ مەخسۇمنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا ھەممىشە مۇھاپىزەتچى-

لەردەك ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا يۈرىدىغان ئۈچ نەپەر گۇپپاڭچى تالىپ
كىشىلەرنىڭ مۇرىسىدىن جىنازىنى ئالدى ـ دە، يۈسۈپ مەخسۇم-
نىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ قويدى، ئاندىن ماشىنىدىن بىر پارچە
يوغان جايىنامازنى چىقىرىپ يەرگە سالدى.
كىشىلەر بىر ـ بىرىگە قارىشىپ، «توۋا! ... توۋا» دەپ
ياقىسىنى چىشلەيتتى. مەنمۇ ھەيران قالدىم. چۈنكى، بىر مې-
يىت نامىزىنى ئىككى قېتىم ئوقۇش ئىسلام شەرىئەتلىرىدىمۇ
كۆرۈلۈپ باقمىغان غەلىتە ئىش ئىدى. ھەيران بولۇپ تۇرغىنىمدا
يۈسۈپ مەخسۇم جايىنامازغا يۈكۈنۈپ قىرائەتنى باشلىدى:
— ئە ئۇزىبىللە ھىمىنەش شەيتانۇررەجىم...
كىشىلەر: «توۋا، بىز چۈشۈرگەن ناماز ھېساب بولمىسا،
بىزنى مۇسۇلمان كۆرمەيۋاتامدۇ نېمە؟ توۋا خۇدايىم...» دېيىـ-
شىپ ياقىسىنى چىشلەيتتى. ئابدۇرازاق قارىي تەكرار ـ تەكرار
«يا رەببىم، ئۆزۈڭ بار» دېگىنىچە كۆزىنى يۇمۇپ پەس ئاۋازدا
دۇرۇت ئوقۇيتتى. راخمان تاقەتسىزلىك بىلەن ماڭا قارايتتى.
بۇ ئەمەلىيەتتە ئازغىنە ناماز باشلاش ھەققىنى تالىشىش
يولىدىكى بىر قېتىملىق كۈرەش ئىدى. مەن بىر دۆلەت مەمۇرى
بولۇش سۈپىتىم بىلەن نامرات خەلقنىڭ يىلىكىنى شورايدىغان
بۇنداق نومۇسسىز قىلمىشنى چەكلىمەي تۇرالمايتتىم. شۇڭا غە-
زەپ بىلەن ۋارقىرىدىم:
— توختا!
مەن ماشىنىدىن يۈگۈرۈپ چۈشۈپ يۈسۈپ مەخسۇمنىڭ يا-
قىسىدىن كۈچەپ تارتتىم. ھېچقاچان بۇنداق بولارىنى ئويلاپ
باقمىغان يۈسۈپ مەخسۇم قورققىنىدىن بەزگەكتەك تىترەپ كەت-
تى. كۆزلىرىمۇ پىيالىدەك يوغىناپ چانىقىدىن چىقىپ كېتەيلا
دەپ قالغانىدى. بىرنەچچە گۇپپاڭچى ماڭا ئېسىلماقچى بولۇپ
تۇرغاندا، راخمان بىلەن قادىرمۇ يېنىمدا ئۆندى. مەن مېيىت
ئۇزاتقۇچىلارنىڭ ئارىسىدا يۈسۈپ مەخسۇمنى قاتتىق تىللىدىم:

— مېيىت نامىزىنى نېمىشقا قايتا ئوقۇيسەن؟ ساڭا بۇنداق ھوقۇقنى كىم بەرگەن؟ «قۇرئان» ياكى «ھەدىس»تە شۇنداق گەپ بارمۇ؟ ئاڭلاپ قوي! قىلغانلىرىڭ ئىككىلا دۇنيادا كەچۈرگۈسىز گۇناھ. سېنىڭدەك مال - دۇنيانى دەپ يولدىن چىققان جىنكەش موللىنىڭ بارار جايى تۈرمە. ئۇقتۇڭمۇ، سامان قورساق.

يۇسۇپ مەخسۇم جايناماز ئۈستىگە «گۈپپىدە» يىقىلدى، كىشىلەر قىلغانلىرىم ئۈچۈن بەكلا خۇشال ئىدى. بىراق، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر مېنى «چاتاق قىپۇ، موللىغا چېقىلغان ئادەم ياخشى كۈن كۆرمەيدۇ» دېيىشىپ يۈرەتتى.

توختى چورۇقنىڭ مېيىت نامىزى بىر قېتىملىق جىددىي كۈرەشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولدى. شۇ كۈنى كەچتىلا شىۋاق شۇجى بىلەن راخمان بىردىن گۇرۇپپىنى باشلاپ، يېزا بويىچە يۇسۇپ مەخسۇمنىڭ دىنىي ئىمتىياز ۋە سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ، خەلقنى قاقتى - سوقتى قىلغان قىلمىشلىرىنى ئىگىلەشكە كىرىشىپ كەتتى.

## 9

يۇسۇپ مەخسۇم توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش ئىككى كۈن ئىچىدىلا زور نەتىجىگە ئېرىشتى. تۆمۈر قورچاققا قىز - يىگىتلەرنىڭ ئىسمىنى قويۇپ، نىكاھ قىلىش ۋە تېرەككە تۇمار ئېسىپ، ئىسسىتقۇ - سوۋۇتقۇ قىلىش؛ ئەپسۇن بىلەن كېسەل داۋالايمەن، دەپ كىشىلەرنىڭ پۇل - ماللىرىنى قاقتى - سوقتى قىلىش؛ بوغۇزلانغان چاشقان، ئاغزى تىكىۋېتىلگەن پاقا، مىخ قېقىلغان كاللا - پاچاقنى كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە تاشلاپ قويۇپ روھىي جەھەتتىن ۋەھىمە پەيدا قىلىش؛ مېيىت ئىگىلىرىدىن ناماز ھەققى يىغىش ۋە مەسچىت رېمونتى ئۈچۈن ئىئانە توپلاش

قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن مال ـ دۇنيا توپلاش؛ دائىرە ھالقىپ، دىنىي پائالىيەت تەشكىللەش، قۇربانلىق كالا ـ قويلارنىڭ تېرە ـ ئۈچەيلىرىنى يىغىپ سېتىپ، پۇلىغا خۇسۇسىي ماشىنا سېتىۋېلىش؛ ھەتتا دىنىي سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ھاكىمىيەت سايلىمىغا ئارىلىشىش قاتارلىق ئون نەچچە تۈرلۈك مەسىلىسى پاش قىلىندى. پاش قىلىنغان مەسىلىلەرگە قاراپ، يەنىلا ئۆزۈمنى ئەيىبلىك ھېس قىلدىم. چۈنكى، مەن خەلق بەرگەن ھوقۇقنى خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك ئىشلىتەلمىگەنىدىم.

جاڭ شۈجى تەكشۈرۈش دوكلاتىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، غەلىتىلا بىر سۆزنى قىلدى:

— خەۋىرىم بار. سىز مىللىي رەھبەر بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن دىنىي ئىشلارنى مەندىن ياخشى چۈشىنىسىز. بىراق، پارتكومنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بويىچە بۇ ئىشلار سىياسىي قانۇنغا مەسئۇل مۇئاۋىن يېزا باشلىقى مەمەت بوسۇغۇنىڭ مەسئۇلىيىتى. شۇڭا سىز بۇ ئىشلارغا ئارىلاشماڭ.

مېنىڭ بىردىنلا ئاچچىقىم كەلدى. چۈنكى، جاڭ شۈجى پارتكومنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى بىلىپ، مېنىڭ يېزا باشلىقى ئىكەنلىكىمنى، يەنە مۇئاۋىن يېزا باشلىقىنىڭ خىزمەتلىرىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش ھوقۇقۇم ۋە مەسئۇلىيىتىم بارلىقىنى بىلەلمىگەنىدى. شۇڭا تەنە ئارىلاش سورىدىم:

— نېمىشقا؟

— تېخىچە چۈشەنمىدىڭىزمۇ؟ بۇ ئىشلار مۇئاۋىن يېزا باشلىقى مەمەت بوسۇغۇنىڭ خىزمەت تەقسىماتى دائىرىسىدىكى ئىشلار. شۇڭا سىز ئۇنى ئىشلىگىلى قويۇڭ.

مەن مۇئاۋىن شۈجى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي ئامالىم يوق ئىدى. لېكىن، يېزا باشلىقى بولۇش سۈپىتىم بىلەن سىياسىيغا ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەت-

لىك بۇنداق زور مەسىلىنى يۇقىرىغا دوكلات قىلمىسام بولمايدى-
تى. شۇڭا كۆرۈنۈشتە جاڭ شۇجىگە ماقۇل بولدۇم. لېكىن، ئۆزۈمنىڭ ئويلىغانلىرىم بويىچە يۇسۇپ مەخسۇمنىڭ قىلمىشلى-
رىدىن دوكلات تەييارلاپ ئۈچ نۇسخا كۆپەيتتىم ـ دە، ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، سىياسىي قانۇن كومىتېتى ۋە ناھىيىلىك مىللىي ـ دىنىي ئىشلار ئىدارىسىگە ئېلىپ ماڭدىم.

ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە يۇسۇپ مەخسۇم قولغا ئېلىندى. چۈنكى، ئۇ مەن تەكشۈرگەن مەسىلىلەردىن باشقا، يەنە ئالدىنقى يىلىدىكى ناھىيە ھاكىمىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا مىخ قېقىلغان كاللا ـ پاچاق كۆمۈپ قويۇش دېلوسىغا چېتىلغانىدى. ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتكەندە، ئەھۋال تېخىمۇ يامانلىشىپ كەتتى. يۇ-
سۇپ مەخسۇم تۈرمىدە تۇرۇپ، مەمەت بوسۇغۇنىڭ ھاكىمنىڭ دەرۋازىسى ئاستىغا كاللا ـ پاچاق كۆمۈش دېلوسىنىڭ باش جاۋاب-
كارى ئىكەنلىكىنى پاش قىلغاچقا، ئۇمۇ ۋەزىپىسىدىن توختىتى-
لىپ تەكشۈرۈلۈشكە باشلىدى.

بۇ كۈنلەردە مەمەت بوسۇغۇ باشقىچىلا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ كەتتى. غەرق مەست ھالەتتە ھەر كۈنى ساقچىخانا ئەتراپىدا ئايلى-
نىپ يۈرەتتى. بەزىدە يەكپاي ئاياغ بىلەن، بەزىدە كۆڭلەكسىز ھالەتتە كىشىلەرنى قوغلايتتى. مەكتەپ بالىلىرى ۋە بىكارچى كىشىلەر ئۇنى يىراقتا تۇرۇپ مەسخىرە قىلاتتى. سېستىرالىق قىلىدىغان خوتۇنى كۈن بويى ئىشلەپ ھارغىنىغا قارىماي، ئۇنى ئۆيىگە توشۇيتتى. بىچارە ئايال تاماشا كۆرۈۋاتقان كىشىلەردىن نومۇس قىلىپ لېۋىنى چىڭ چىشلىسىمۇ، لېكىن كۆز ياشلىرى تاراملاپ ئاقاتتى.

جاڭ شۇجىنىڭ كەيپىياتىمۇ بەكلا ناچار ئىدى. ئۇ مېنىڭ ناھىيىگە دېلو مەلۇم قىلغىنىم ئۈچۈن نارازى بولۇپ، ماڭا پەقەتلا چىراي ئاچمايتتى. قاچانغىچە مۇشۇنداق ماي تارتىشىپ يۈرىدىغى-
نىمىزنى بىلمەيتتىم. بەزىدە جاڭ شۇجىنى تەشەببۇسكارلىق بى-
لەن ئىزدەشنىمۇ ئويلاپ قالاتتىم. بىراق، ئۇنىڭ ناھىيىگە مەن

توغرۇلۇق قىلغان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، بۇ ئويۇمدىنمۇ ۋاز كەچ-تىم. چۈنكى، ئۇ — مېنى مەمەت بوسۇغۇ دېلوسىدا بىۋاسىتە رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتى بار، مەمەت بوسۇغۇ ئۇنىڭ مۇئاۋىنى، مۇختار مۇھەممەتنىمۇ ۋەزىپىسىدىن توختىتىپ تەكشۈرۈش كېرەك، دەپتۇ.

ھەيرانمەن. ئۇنىڭ ئەزەلدىن ئوت بىلەن سۇدەك سىغىشال-ماي كەلگەن ئادىمىنى ماڭا چاتقىنى ئۇچۇن ھەيرانمەن. لېكىن، ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى مېنى تەكشۈرۈشكە كىرىشكەندە ئەلەمدىن يېرىلغۇدەك بولدۇم. چۈنكى، ئۇلار مېنى قول ئاستىدىكىلەرنى ياخشى باشقۇرمىغان؛ مىللىي رەھبىرىي كادىر تۇرۇقلۇق، دىنىي زاتلارنى چىڭ تۇتمىغان دەپ ئەيىبلىگە-نىدى. توۋا دەيمەن، ھەمىشە ناھەقچىلىكلەر بىلەن كۈرەش قىلا-مايلا، پۇت - قوللىرىم چىرمىلىپ قالدۇ. ئاخىرىدا يەنىلا مەن جاۋابكار بولۇپ قالىمەن. بۇ قېتىممۇ يۇسۇپ مەخسۇم دېلوسىنى مەن پاش قىلدىم. لېكىن ئاخىرىدا يەنىلا مەن جاۋابكار بولۇپ قالدىم؟

يانفونوم تۇيۇقسىزلا يېقىمسىز جىرىڭلاپ كەتتى. قارىسام ئۆيىمىزنىڭ تونۇش نومۇرى.

— ۋەي... ھە؟ نېمە؟ نېمە دەۋاتىسىز؟ ۋەي، ئابىدە؟ ۋەي ... ۋەي؟...

يانفونوم قولۇمدىن چۈشۈپ كەتتى. ئۆزۈممۇ كىرىسلوغا ئول-تۇرۇپ قالدىم. چۈنكى، يىللارنىڭ بوران - چاپقۇن، قار - يامغۇرلىرىدا كونىراپ كەتكەن ئەبجەق ئۆيىمىز تۇيۇقسىزلا گۇمۇ-رۇلۇپ چۈشۈپتۇ. قارىغاندا، ئۆيىمىزدە بىرەر پاجىئە يۈز بەرگە-نىدى.

## 10

ئوغلۇمنىڭ بۇرنىغا ئوكسىگېن نەيچىسى كىرگۈزۈلگەنىدى. نەپەس ئېلىشى بەكلا تېز، يۈرىكى ھازىرلا قېچىپ چىقىدىغاندەك

كۆكرىكى تىنىمسىز كۆتۈرۈلۈپ - پەسىيىپ تۇراتتى.

ئەسلىدە ئۆيىمىزنىڭ كونىراپ كەتكەن تېمى تۇيۇقسىزلا ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ سىرتتا غەمسىز ئويناۋاتقان كىچىك ئوغلۇمنى بېسىۋالغانىكەن. ئاينۇرخان ئانىنىڭ ئېيتىشىچە، ئوغلىمىزنى تام ئەمەس، تامنىڭ چىلگە قوغۇن چوڭلۇقىدىكى بىر پارچە داڭگىلى دومىلاپ چۈشۈپ يېنىكلا بېسىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئەمەلىيەتتە بالىنىڭ سۆڭەكلىرىمۇ ساق ئىدى. پەقەت بېشىنىڭ ئالدى تەرىپىدە بىر سۇلۇق ئىششىق تۇراتتى. لېكىن، نېمىشقىدۇ دوختۇرلار بىرنەچچە سائەت قۇتقۇزۇش ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ھوشسىز ياتاتتى.

پۇشايمان پايدا بەرمەيدۇ. لېكىن، شۇ تاپتا پۇشايمان قىلىشتىن باشقا ئامالمۇ يوق ئىدى. سەككىز يىلنىڭ ئالدىدا ئابىدەنىڭ تەلىپى بىلەن دادىسى رەھمەتلىك تىككەن تېرەكلەرنى كېسىۋەتكەنىدىم. شۇ چاغدا، تېرەكنىڭ ئۇچىغا چىگىلگەن قىزىل لاتىدىكى «ئاشىقنامە» ھازىرقىدەك ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. كېيىنچە، ئۇلارغا كۆيئوغۇل بولۇپ كىردىم. مۇشۇ ۋەيرانە ئۆيدە نەچچە رەت ھېيت ئۆتكۈزدۈم، مېھمان كۈتتۈم. ھەر قېتىمقى ئۆي قېيىنچىلىقىنى كۆرگىنىمدە، ئۆيلەرنى يېڭىلاپ سېلىشقا ئىرادە باغلىدىم. ئەپسۇس، بۇ مىراس زېمىن يەنىلا ئۆز پېتىچە تۇرۇۋەردى.

تۇنجى قېتىم ئۆي سېلىشقا تۇتۇش قىلغىنىم ھېلىمۇ ئېسىمدە. ئېھتىمال، 1992 - يىلى 7 - ئاينىڭ باشلىرى بولسا كېرەك. شۇ چاغدا مەن يېزىنىڭ ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى تەركىبىدە شىمالغا ساياھەتكە مېڭىش ئالدىدا تۇراتتىم. بۇ ئېكسكۇرسىيە مەن ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. مەن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇمنى، ئاتا - ئانامنى ۋە ئەل - ئاغىنىلىرىمنى يوقلاپ كېلەلەيتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەكتەپمۇ ئابىدەنىڭ يازلىق تەتىلدىن پايدىلىنىپ تۇغقان يوقلاپ كېلىشىگە قوشۇلغانىدى. لېكىن، شۇ كېچىسى چاشقان كىتىرلاپ زادىلا

ئۆخلىيالمىدىم. ئەتىسى ئەتىگەندە سەپەرگە چىقىشتىن يالتىيىپ ئۆي ياساشقا كىرىشىپ كەتتىم. تىزناپ دەرياسىدىن تاش، قۇم ۋە سېغىز ئەكەلدىم. بىراق، ئۈچىنچى كۈنى تاڭ سەھەردە تۇراق شۇجىنىڭ بىر ئېغىز گېپى بىلەنلا تەييارلىقلىرىمنىڭ ھەممىسى يېرىم يولدا توختاپ قالدى. كېۋەزلەردە كۆرۈلىدىغان غوزا قۇرتى ئاپەتكە ئايلانغانلىقى ئۈچۈن، مېنىڭ بىر ئايلىق رۇخسىتىم بىكار قىلىنغان ئىدى. بىر ئايدىن كېيىن، ساياھەتكە كەتكەنلەر يۇرتۇم توغرىسىدا نۇرغۇن قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى ئەكەلدى. لېكىن، مەن تىزناپ دەرياسىدىن سۇزۇپ كەلگەن ئاشۇ قورام تاشلارغا قارىغان پېتىم سەككىز يىلنى ئۆتكۈزدۇم.

ئىككىنچى قېتىمقىسى، 1995 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ باشلىرى ئىدى. مەن بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئۆينىڭ ئىشىك ـ دېرىزىلىرىنى ئەتكۈزۈپ قويغانىدىم. بىراق، ئاز كۆ-رۈلىدىغان قارا يامغۇر بىرنەچچە كۈنگىچە زادىلا توختىمىدى. شۇ قېتىمقى يامغۇردا نۇرغۇن نامرات كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشتى. ئاينۇرخان ئانىنىڭ ياتاق ئۆيى خەتەرلىك بولغاچقا، ئۇنى ۋاقتىنچە مېھمانخانا ئۆيگە جايلاشتۇرۇپ قويدۇم ـ دە، ئۆي سېلىش پىلانىمنى توختىتىپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە كىرىشىپ كەتتىم. بىراق، كىم بىلسۇن، ئاينۇرخان ئانا شۇ قېتىم كۆچۈپ چىققىنىچە ئۆزىنىڭ ياتاق ئۆيىگە قايتالماي قالدى.

ئۈچىنچى قېتىمقىسى، ئۆتكەن يىلى 4 ـ ئاينىڭ باشلىرى ئىدى. بۇنداق چاغلاردا قۇرۇلۇشچىلار بىكار قالىدىغان بولغاچقا، مەن ھەممە ئۆيلەرنى بىراقلا پۈتكۈزۈۋەتمەكچى بولدۇم. نەچچە يىللاردىن بېرى تېجەپ يىغقان قىرىق مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇلۇم-نى بانكىدىن ئاجراتتىم. بىراق، ئىش باشلاشقا ئۈلگۈرمەيلا، ئېشەكلەردە بولىدىغان تارقىلىشچان زۇكام ئاپەتكە ئايلىنىپ كەت-تى. بىر ھەپتە ئىچىدىلا ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ئېشەك ئۆلۈپ، دېھقانلارغا ئىككى مىليون تۆت يۈز مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىقتىسا-

دى زىيان بولدى. ئەھۋال يەنە مۇشۇنداق داۋاملىشىپ كەتسە،
زىياننى مۆلچەرلەش قىيىن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆي سېلىش
خىيالىمدىن ۋاز كېچىپ، ئېشەك زۇكىمىنى داۋالاش ئالدىنقى
سېپىگە ئاتلىنىپ كەتتىم. بىر ھەپتە ئۆيمۇئۆي تەكشۈرۈش ئار-
قىلىق بۇ كېسەلنىڭ ھاۋا ئارقىلىق يۇقىدىغان بىر خىل ۋىرۇس-
لۇق كېسەللىك ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بىراق، ئۇ چاغدا ئانتىبىد-
يوتىك دورىلار يېتىشمەي قالدى، ھەتتا ئادەمگە ئىشلىتىدىغان
دورىلارنىمۇ ئات - ئېشەكلەرگە ئىشلىتىپ تۈگەتتۇق. مىسلىسىز
زور ئاپەت ئالدىدا يەنىلا ئامالسىز قالدۇق. ئۆي سالىدىغان ئىش-
لىرىممۇ سۇغا چىلاشتى.
ئۆي سېلىش ئىرادەم كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتقان چاغدا،
ساندۇقتىن سەكرەپ چىقىپ يېزا باشلىقى بولۇپ قالدىم. بۇنىڭ
بىلەن ئۆيۈمنى سېلىشىپ بېرىدىغان ئاغىنىلىرىممۇ كۆپەيدى.
بىراق، ئىككى سەۋەب تۈپەيلىدىن يەنىلا ئىش باشلىيالمىدىم.
بىرى، يېزىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانىغا ئۆزگەرتىش
كىرگۈزگىنىم ئۈچۈن جاڭ شۇجى ھەممە ئىشلارنى ماڭىلا يۈكلەپ
قويغانلىقتىن، ئۆي سېلىشقا ۋاقىت چىقىرالمىدىم. يەنە بىرى،
يېزا باشلىقى بولۇپلا يېرىم يىلدا ئىككى قېتىم تەكشۈرۈلدۈم.
مۇبادا ئۆي سالغىنىم ئۈچۈن بىرەرى ئەرز قىلسا، يەنە ئۈچىنچى
قېتىممۇ تەكشۈرۈلۈشۈم مۇمكىن ئىدى ...
— ياق، ياق!
كىچىك ئوغلۇم مۇرات تۇيۇقسىز قاتتىق ۋارقىراپ كەتتى.
يېڭىلا تىلى چىققان بالىنىڭ سۆزلىرىنى چۈشىنىش قىيىن بول-
سىمۇ، لېكىن مەن ئۇنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىنى چۈشەندىم. ئۇ
قانداقتۇ بىر ئىشقا نارازى ئىدى. ئېھتىمال، ئۆزىنىڭ ئەتراپىدا
ئەگىپ يۈرگەن ئەزرائىل ئۈچۈن نارازى بولغاندۇ. ئېھتىمال،
تېخى كۆرۈپ قانمىغان يورۇق دۇنيادىن ئايرىلغۇسى كەلمەي
شۇنداق ۋارقىراپ كەتكەندۇ. ئېھتىمال ...

ئابىدە ئوغلىمىزنى چاقىردى:
— مۇراتجان، جېنىم بالام، ئاچقىنا كۆزۈڭنى. ماڭا بىر قارىغىنە...
ئانىنىڭ چاقىرىقى — ھەرقانداق بىر پەرزەنت ئۈچۈن ئەڭ يېقىملىق مۇقەددەس بۇيرۇق. دەرۋەقە، ئابىدەنىڭ ئازابلىق نالىسى بىلەن ئوغلۇمنىڭ ئىششىپ كەتكەن كۆزلىرى غۇۋا ئېچىلدى. ئۇ قان ئۇيۇپ قالغان كۆزلىرى بىلەن ئاۋۋال ئاپىسىغا قارىدى، ئېمىدۇر دېمەكچى بولۇپ دوردىيىپ چىققان لېۋىنى سەل - پەل مىدىرلاتتى. ئاغزىنى ئۆمەللىدى. لېكىن ھېچنېمە دېمەيلا ماڭا بۇرالدى - دە، «دادا...» دەپ تولۇلغىنىچە ئېسەدەپ يىغلىۋەتتى. ئوغلۇمنىڭ ئازابلىق نىداسى بىلەن ئاتىلىق ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كەلدى. جىسمىم ياپراقتەك تىترىدى. چۈنكى، ئۇ نەچچە سائەتكە سوزۇلغان ھايات - ماماتلىق سىنىقىدا مېنى ياردەمگە چاقىرغانىدى. بىراق، مەن ئامالسىز ئىدىم. پەقەت ئابىدەگە ئوخشاش كۆز يېشى قىلماقتىن باشقا ئامالىم يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ، پەرزەنتلىرى مۇشكىلاتقا ئۇچرىغان بارلىق ئاتىلارغا خاس روھىي ھالەت بىلەن ئوغلۇمغا مەدەت بەردىم. ھوشسىز ياتقان يۈرەك پارەمنىڭ بىلىش - بىلمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر، ئىشەنچ بىلەن ئۇنىڭغا تەسەللى بەردىم:
— چىدا، ئوغلۇم، چوقۇم ساقىيىپ كېتىسەن.
ئوغلۇم پۇتلىرىنى بىر - بىرىگە سۈركىدى. مەن ئوكۇل يىڭنىسىنىڭ چىقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ دەرھال ئۇنىڭ پۇتلىرىنى تۇتۇۋالدىم. بىراق، ئوغلۇم زەئىپ ئىڭرىغان پېتىچە يەنە ھوشىدىن كەتتى.
ئابىدە ياشلانغان كۆزلىرىنى مەندىن قاچۇرۇپ سىرتقا قاراۋالدى، بىلىمەن، ئۇ ماڭا نارازى. ئەمەلىيەتتە ئۇ مەندىن رەنجىشكە ھەقلىق. چۈنكى، مەن ئەر بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇنى بەختلىك ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالمىدىم. ئۇنىڭغا قارىلىغاچ ئۇۋىسىدەك ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن قار - يامغۇردىن پاناھ

بولغۇدەك بىخەتەر ئۆي ياساپ بېرەلمىدىم. تويدىن كېيىن ئۇنى مۇھەببەتلىك ئائىلىلەردە بولىدىغان روھىي لەززەتتىن بەھرىمەن قىلالمىدىم. ھەمىشە خىزمەتتىن تاپقان ھارغىنلىق ۋە زىددىيەتلىك كەيپىياتىم بىلەن ئۇنى پاراكەندە قىلدىم. ئۇنىڭ قارا كۆزلىرىدە بەختلىك ئائىلىلەرنىڭ ئايال خوجايىنلىرىغا خاس بەخت ئۇچقۇنى ئەمەس، بەلكى تۇرمۇش جاپالىرىدا مۇكچەيگەن ئائىلە ئاياللىرىغا خاس غەم - ئەندىشە ۋە زار - مۇڭ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇردى. دادا بولۇش سۈپىتىم بىلەن بالىلىرىمنى بىرەر قېتىم باغچىلارغا ئاپىرىپ ئوينىتىپ باقمىدىم. چوڭ ئوغلۇم يۇرتۇمدىكى بوۋىسىنى كۆرۈپ كېلىشنى نەچچە رەت تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تا ھازىرغىچە ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى ئورۇنداپ بېرەلمىدىم.

ئابىدەنىڭ قۇياشقا ئوخشاش ئىللىق مۇھەببىتى ئالدىدا مەن چەكسىز قەرزگە بوغۇلغانىدىم. شۇ تاپتا، پۇشايمان ۋە ئازاب سەۋەبىدىن كۆزلىرىم ئاللىقاچان ياشلانغانىدى. ئۇنىڭ ياشلىق نازاكىتى يوقالمىغان، لېكىن خېلىلا جۇدەپ قالغان چىرايىغا قاراپ ئىختىيارسىز ھالدا كىمدۇر بىرىنىڭ مۇنۇ شېئىرىنى ئېسىمگە ئالدىم:

تاڭ سەھەردە پارلاپ چىققان قۇياشتەك،
يۈرىكىڭگە گۈلخان ياققان مەن ئۆزۈم.
گۈللەر تېرىپ، راسلاپ ساڭا گۈلدەستە،
رىشتە باغلاپ، سوۋغا تۇتقان مەن ئۆزۈم.

ئۆزۈمچىلا كۆيۈپ ساڭا مەجنۇندەك،
پىراقىڭدا سەرسان بولغان مەن ئۆزۈم.
ئايرىلغاندا ئازاب چېكىپ سەن ئۈچۈن،
بېلىق كەبى نىمجان بولغان مەن ئۆزۈم.

ۋىسالىڭغا زار بولغاندا سەن ئۈچۈن،
بەختىڭ كۆزلەپ ئەھدى تۈزگەن مەن ئۆزۈم.
ئىزدەپ سېنىڭ شادلىقىڭنى - بەختىڭنى،
بۇلاقلاردىن يۇلتۇز سۈزگەن مەن ئۆزۈم.

كەچۈر نىگار، باھار كەلدى نەچچە رەت،
شۇ گۈللەرنى تېرەلمىدىم سەن ئۈچۈن.
ئىنسان ئۈچۈن قايتىلانسا گۈل ياشلىق،
شۇ گۈلۈمنى بېرەر ئىدىم سەن ئۈچۈن.

مەن قەتئىي نىيەتكە كەلدىم. ئابىدەنىڭ شادلىقى، ئائىلە-مىزنىڭ بەختى ئۈچۈن ھەرقانداق بەدەل تۆلىسەممۇ ئوغلۇمنى چوقۇم قۇتقۇزۇپ قېلىشقا ئىرادە باغلىدىم.

مېنىڭ تەلىپىم بىلەن تەجرىبىلىك دوختۇرلاردىن بىرلەشمە دىئاگنوز قويۇش گۇرۇپپىسى تەشكىللەندى. ئۇلار جىددىي يىغىن چاقىرىپ، ئوغلۇمنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى مۇزاكىرە قىلىش-تى. شۇ تاپتا ھەممىسىنىڭ پىكرى ئوغلۇمنىڭ پېشانىسىدىكى سۆلۈق ئىششىققا مەركەزلەشكەنىدى. بەزىلەر ئۇنى مېڭە سۆڭەـ كىنىڭ سىرتىدا دېسە، بەزىلەر ئۇنى مېڭە سۆڭىكىنىڭ سۇنۇشى-دىن كېلىپ چىققان ئىچكى زەخمە دېيىشەتتى. بۇ ئۇلارنىڭ قارىشىدىكى ئەڭ خەتەرلىك ئەھۋال ئىدى. شۇڭا مەسئۇل دوختۇر ماڭا ئالدىن ئۇقتۇرۇش قىلدى:

— مۇختار، ھازىر ئوغلىڭىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بىرەر مىنۇتنىمۇ قولدىن بېرىپ قويۇشقا بولمايدۇ. بىز ئەڭ ئېغىر ئاقىۋەتنى كۆزدە تۇتۇپ ئوغلىڭىزنى شاڭخەيگە يۆتكەپ داۋالىتىش لاھىيىسىنى تۈزدۇق. بۇ گەرچە بىر خىل ئېھتىماللىق بولسىمۇ، لېكىن راستتىنلا شۇنداق قىلىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا سىز تەييارلىق قىلىشقا ئۈلگۈرەلمەي قېلىشىڭىز مۇمكىن. شۇڭا ئىـ-دىيە جەھەتتىن تەييارلىق قىلىپ قويۇڭ. يەنە ئاز بولغاندا، يۈز

مىڭ يۈەن تەييارلىشىڭىز كېرەك ...

يۈزمىڭ يۈەن — مائاشقا تايىنىپ جان باقىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئاز پۇل ئەمەس. لېكىن قولدىن كېتىش ئالدىدا تۇرغان ئائىلىۋى بەختىم ئۈچۈن بۇ پۇلنى چوقۇم تەييارلىشىم كېرەك. قەرزدىن قاق - سەنەم بولۇپ كەتسەممۇ چوقۇم ئوغلۇمنى ساقايتىشىم كېرەك. بىراق، دوختۇرلارنىڭ پىكرىگە قارىغاندا ئوغلۇمنىڭ بېجىرىم بولۇپ كېتەلىشىدىن يەنىلا زور ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدىكەن.

كۆزۈمدىن ياش تامچىلىرى تاراملاپ ئاقتى. چۈنكى، مەن ئائىلەمدىكىلەرنى بەختلىك قىلالايدىغان نۇرغۇن قىممەتلىك پۇرسەتلەرنى كەتكۈزۈپ قويغانىدىم.

## 11

پۇل ئىزدەپ بارمىغان يېرىم قالمىدى. تونۇش - بىلىشلىرىمگە، تىجارەتچىلەرگە، ھەتتا بانكىغىمۇ تېلېفون قىلدىم. ھەممىسىلا ئىمكان بار ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن، مەن قاچان ئىمكان بولىدىغانلىقىنى زادىلا بىلمىدىم. پەقەت چېكىلداپ تۇرغان قول سائىتىمگە ۋە ئازابلىق ئىڭراپ ياتقان ئوغلۇمغا قاراپلا ئولتۇردۇم. بىرنەچچە سائەتنى مۇشۇنداق تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈشتە ئۆتكۈزدۇم. لېكىن، مەن ئېھتىياجلىق بولغان پۇلنى تېخىچە تاپشۇرۇپ ئالالمىدىم.

— تاك... تاك... تاك...

ئىشىك چېكىلدى، قارىسام، راخمان بىلەن ۋاسىل تۆمۈرچى قەنت - گېزەك ۋە تاتلىق - تۈرۈملارنى كۆتۈرۈپ ئوغلۇمنى يوقلاپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ۋاسىلنىڭ ئايالى ئاسۇدىخان بىلەن يەنە شادا پاچاق بىر قىز قاراپ تۇرۇپتۇ. بىر قاراپلا قىزنىڭ راخماننىڭ بولغۇسى ئايالى رەيھان ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

ئۇلار كېلەر شەنبە كۈنى توي قىلماقچى ئىدى. راخماننىڭ ئېيتىشىچە، رەيھان ناھىيىلىك ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى بولۇپ، بىر قېتىملىق تەنتەربىيە مۇسابىقىسىدە تونۇشقانىكەن. ئەسلىدە يېزىمىزدىكى زۇلپىيە دېگەن ستودېنت قىز راخماننى ياخشى كۆرەتتى. لېكىن «تالاشقان قالار، ئۈچرىغان ئالار» دېگەندەك بىرنەچچە يىلدىن بېرى، راخماننىڭ پىراقىدا يېلىنجاپ كەلگەن بۇ قىز ئاخىرىدا يەنىلا داغدا قالغانىدى.

ئاياللارنىڭ كۆز يېشى باھار يامغۇرىدەك ئىختىيارسىزلا تۆكۈلىدۇ. رەيھان بىلەن ئاسۇدىخان ئابىدەنى كۆرۈپ قۇچاقلىشىپ كۆز يېشى قىلىشتى. ئاياللارنىڭ يىغىسىغا قاراپ ئارامسىزلىنىپ تۇرغىنىمدا، ۋاسىل بىلەن راخمان بىر بولاقتىن پۇلنى قولۇمغا تۇتقۇزدى. مەن ئۇلارنىڭ پۇللىرىنى ئالالمايتتىم. چۈنكى، راخمان بۇ پۇللار بىلەن ئۆزىنىڭ تويىنى قىلماقچى ئىدى. ۋاسىلنىڭ ئەينى يىللىرى كەنت قورۇسىدا ئويناپ يۈرىدىغان ئۆگەي قىزى ئايسەمەرمۇ ھازىر شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇيتتى. شۇڭا ئۇنىڭغىمۇ پۇل كېرەك ئىدى. پۇلنى ئۆزئارا ئىتتىرىشىپ تۇرغىنىمىزدا راخمان جىددىي ھالەتتە سۆزلىدى:

— مۇختار ئاكا، بالىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇش ھەممىدىن مۇھىم. بۇنداق چاغدا توي قىلساقمۇ تويىمىز تويدەك ئۆتمەيدىكەن. شۇڭا رەيھان بىلەن مەسلىھەتلىشىپ تويىنى بالا ساقايغاندا قىلىدىغان بولدۇق...

مەن رەيھانغا قارىدىم. ئۇ ئابىدەنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان بولۇپ، خىجالەتتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ ئولتۇراتتى.

— شۇنداق، — دېدى ۋاسىلمۇ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — شۇنچە يىللاردىن بېرى ھەم خىزمەتداش، ھەم دوست بولۇپ

ئۆتتۇق. بېشىڭلارغا كۈن چۈشكەندە قاراپ تۇرساق بولماس. شۇڭا كۆڭلىمىزنى قايتۇرمىساڭلا ...

— تاك ... تاك ... تاك ...

تالاش - تارتىش قىلىۋاتقىنىمىزدا يەنە ئىشىك چېكىلدى. ئارقىدىن ئىلى موللەك، شياۋ شۈجى، تۇرسۇن مەتيار، تۇرا سېدىق، تۇرسۇن توختى بوسۇغۇ، ئابباس، مىراۋۇت... قاتارلىق نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تونۇش سىماسى كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ ئارد- سىدا ئىدارە - ئورگان كادىرلىرىمۇ، ئابىدەنىڭ خىزمەتداشلىرد- مۇ، قولۇم - قوشنىلارمۇ، ھەتتا قوغۇنچى دېھقانلارمۇ بار ئىد- دى. كىچىككىنە كېسەلخانا بىردەمدىلا ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. دوختۇرخانىنىڭ كېسەلخانىغا ئىككىدىن ئارتۇق ئادەمنى كىرگۈز- مەيدىغان قائىدىسى بولغاچقا، ئوڭايسىزلانغان ھالەتتە ئۇلار بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرۈشۈپ چىقتىم. ئەمدىلا كۆرۈشۈپ بولۇشىمىز- غا ئىلى موللەك قولۇمغا قېلىن بىر بولاق پۇلنى تۇتقۇزدى:

— ھادىسىدىن خەۋەر تېپىپ ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى. بولۇپمۇ شياۋ شۈجى قاتارلىق بىرنەچچىمىز بەكلا ئازابلاندۇق. ئەگەر سىزگە ئۆي سالغۇدەك ۋاقىت چىقىرىپ بېرە- لىگەن بولساق، مۇشۇ پاجىئەمۇ يۈز بەرمىگەن بولاتتى. بىراق پۇشايمان پايدا بەرمەيدۇ. شۇ تاپتا، مۇشۇ ئاز - تولا پۇل بىلەن سىزدىن كۆڭۈل سوراشقىلى ياردۇق. ئەپۇ قىلارسىز، ئۇكام ...

پۇل سوممىسى خېلىلا كۆپ ئىدى. بىراق، ئوغلۇمنىڭ جېنىنى قۇتقۇزىدىغان پۇل ئالدىدا مەن يەنىلا ئىككىلەندىم. چۈن- كى، نۇرغۇن ياردەملەر مۇشۇنداق ئالاھىدە شارائىتتا بېرىلگەن. لېكىن، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پۇت - قولىغا سىرتماق بولۇپ چۈشكەنىدى. ئىككىلىنىپ تۇرغىنىمدا شياۋ شۈجى بىر تىزىملىكنى چىقاردى:

— قاراڭ، بۇلار ياردەم قىلىنغان پۇلنىڭ تىزىملىكى. ئوغلىڭىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يېزا بويىچە جەمئىي بىر يۈز

ئوتتۇز يەتتە كىشى پۇل ئىئانە قىلدى. بۇنداق دېسەم قورقۇپ كەتمەڭ. بۇ دېگەن تەشكىللىك قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى. مەن ئەھۋالنى يېزىلىق پارتكومدىن جاڭ شۇجىگە دوكلات قىلدىم. ئۇ ئادەمگەرچىلىك بىلەن قەرز بېرىپ تۇرۇشنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىشنى تەلەپ قىلدى. شۇڭا ئومۇمەن ئەللىك يۈەندىن ئارتۇق پۇللارنىڭ ھەممىسى سىزگە بېرىلگەن قەرزىمىز بولدى. كېيىنچە تىزىملىك بويىچە قايتۇرسىڭىز بولىدۇ.

پۇل تىزىملىكىگە قاراپ، غەم - ئەندىشىلىرىم بىراقلا يوققا چىقتى. ئەكسىچە تەسىرلەنگىنىمدىن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. ئىئانە ۋە قەرز پۇل قىرىق مىڭ يۈەندىن ئاشقان بولۇپ، خىزمەتداشلىرىم ئوغلۇمنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇشقا كۆڭۈل بۆلۈپلا قالماي، بەلكى يەنە مېنىڭ سىياسىي ئىستىقبالىمغىمۇ كۆڭۈل بۆلگەنىدى. مەن شۇندىلا ئۆزۈمنى ئاشۇ يىراق سەھراغا چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەنلىكىمنى، بۇ خىل مۇناسىۋەتنى سان - سىفىرلار بىلەن ئىسپاتلاشقا بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

— رەھمەت، رەھمەت سىلەرگە ...

ئابىدە كېيىنكى سۆزلىرىنى دېيەلمەي قالدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرى ئالىقاچان لىققىدە ياشقا تولغانىدى.

— خۇش خەۋەر، خۇش خەۋەر...

مەسئۇل دوختۇر بىر ۋاراق قەغەزنى كۆتۈرگەن پېتىچە كىرىپ كەلدى:

— دىئاگنوز نەتىجىسى چىقتى، ئوغلىڭىزنىڭ مېڭىسىدە سىلكىنىشتىن باشقا كېسەللىك يوق ئىكەن. كۆپ غەم قىلماڭ، پات - پات ھوشسىزلىنىش ۋە قۇسۇش قاتارلىق ئالامەتلەر پات ئارىدا ساقىيىپ كېتىدۇ.

خەۋەرنى ئاڭلاپ ھەممىمىز بەكلا خۇشال بولدۇق. ئابىدەمۇ ھاياجاندىن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. ھەممىدىن بەكرەك

خۇشال بولغىنى يەنىلا راخمان بىلەن رەيھان ئىدى. ئېھتىمال،
ئۇلار بۇ كىچىككىنە خۇشاللىقنى ئۆزلىرىنىڭ پات ئارىدا ئۆتكۈ-
زۈلىدىغان توي مۇراسىمىنىڭ مۇقەددىمىسى دەپ بىلگەندۇ.

مەسئۇل دوختۇر ئارقىدىنلا مېھمانلىرىمغا كايىدى:

— چىقىڭلار، ھەممىڭلار چىقىڭلار! بۇ دېگەن كېسەلخانا،
بىمارغا ئاراملىق بېرىڭلار...

مەن مېھمانلىرىمنى دەرۋازا ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتىم.
ئۇلارغا تەكرار رەھمەت ئېيتتىم. ئاخىرىدا شياۋ روڭۋۇ بىلەن
ئىلى موللەك ئاكىغا «قەرز» لەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق قايتۇرۇ-
ۋەتتىم.

— مۇ شياڭجاڭ...

ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ ئەمدىلا كىرىپ كېتەي، دەپ تۇرۇ-
شىمغا بىرىنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. قارىسام، شياۋ روڭ-
ۋۇ بىر «قىزىل باش» لىق ھۆججەتنى تۇتقىنىچە يەنە قاراپ تۇ-
رۇپتۇ. مەن ئۇنىڭ بىرەر خىزمەت ئىشى بىلەن مەسلىھەتلىشىدى-
غانلىقىنى پەرەز قىلدىم. بىراق، ئۇ باشقىچە بىر خەۋەرنى يەت-
كۈزدى:

— بۈگۈن كېچە مەمەت بوسۇغۇ خىيانەتچىلىككە قارشى
تۇرۇش ئىدارىسى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپتۇ. ناھىيىلىك پارت-
كوم دائىمىي ھەيئەتلىرىمۇ كېچىلەپ يىغىن ئېچىپ ئۇنى ۋەزىپە-
سىدىن قالدۇرۇپتۇ. بۈگۈن ئەتىگەندىكى كادىرلار يىغىنىدا جاڭ
شۇجىمۇ ئۇنى «پارتىيىگە سوقۇنۇپ كىرىۋالغان بۇزۇق ئۇنسۇر،
تەربىيە بەرسىمۇ تۈزەلمىگەن ئەسكى دەزمال، تازىلىسىمۇ پاكلان-
مايدىغان سېسىق گەزمال» دەپ راسا تىللىدى. كەنتلەرگىمۇ پاش
قىلىش ساندۇقلىرى ئېسىلدى...

ئىختىيارسىز ھالدا جاڭ شۇجى بىلەن مەمەت بوسۇغۇنىڭ
دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئەسلەپ قالدىم. ئۇلار ھەمىشە بىللە
يۈرىدىغان دوستلار ئىدى. بىرلىكتە ئوۋ قىلاتتى، بېلىق تۇتات-

تى، هاراق ئىچەتتى. بىراق، ئۇلارنىڭ قىل سىغمايدىغان دوستـ
لۇقى هالقىلىق پەيتكە كەلگەندە پىچكىنى قۇربان قىلىپ، شاهنى
قۇتقۇزىدىغان تەڭسىز مۇناسىۋەتكە ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى.
ئازابلىق خىياللارغا ئەسىر بولدۇم:
توۋا، ئادەملەر نېمانداق غەلىتە؟ بەزىدە شەخسىي ھېسسىياتـ
نى دەپ ئىجتىمائىي ئەخلاق، سىياسىي ئىنتىزام ۋە دۆلەت
قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىشتىنمۇ قورقمايمىز. لېكىن يەنە بەزىدە
دەرهال پرىنسىپ بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، پاشىنى پىلدەك،
تۈگمىنى تۆگىدەك قىلىپ كۆرسىتىپ يېقىن كىشىلىرىمىزنىمۇ
هاڭغا ئىتتىرىمىز. نېمىشقا هايات مۇساپىسىدە تۇرلانغۇدەك ئىدـ
زىمىز يوق؟! نېمىشقا خەلق ئالدىدا تىك تۇرغۇدەك يۈزىمىز
يوق؟! نېمىشقا دوستلار ئارا تۈز ساقلىغۇدەك بۇرچىمىز
يوق؟!...

## 12

بىزەڭ چىۋىنلەرمۇ هاۋانىڭ قىزىقىدا سالقىن جايلارغا قاچـ
قان، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاپ تۇرىدـ
دىغان ئىت ـ ئېشەكلەرمۇ زۇۋانسىز...
قۇرۇلۇشچىلار كىران بىلەن بېتون تاختايلارنى تام ئۈستىگە
قويماقتا ئىدى. راخمان تونۇشتۇرغان قۇرۇلۇشچىلارغا ئۆيىمىزنى
ئون كۈن ئىچىدىلا پۈتكۈزۈپ بېرىشكە ئوتتۇز مىڭ يۈەنگە هۆددىـ
گە بېرىۋەتكەنىدىم. بەزىلەر ئەرزان دېسە، بەزىلەر قىممەت دەيتـ
تى. لېكىن، مەن ئۇچۇن تېز ۋە سۈپەتلىك ئىشلەيدىغان بۇ
ئۇستىلار ھەقىقەتەن ئەرزان ئىدى. ئەسلىدە تورۇسنى ياغاچ بىـ
لەن ياپماقچى ئىدىم. بىراق، جەنۇبنىڭ قار ـ يامغۇرلۇق پەسىلـ
لىرى بارغانسېرى كۆپىيىپ قالغانلىقتىن، تامچە ئۆتۈپ كېتىشىدـ
دىن ئەنسىرەپ، بىراقلا بېتون تاختاي بىلەن ياپقۇزدۇم. ئەينى

يىلىلىرى كېسىپ قويغان قۇرۇق ياغاچلارنى ئۆي جاھازلىرى يا-
سايدىغان دۇكانغا يۇقىرى باھادا ساتتىم. بۇنىڭ بىلەن ياغاچچى
ئىزدەپ ئاۋارە بولۇشتىنمۇ بىراقلا قۇتۇلدۇم.

ئىشلەمچىلەر ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن
قايناق سۇنى گۈپۈلدىتىپ ئىچىپلا تۇراتتى. ھاۋانىڭ ئىسسىقى
بىلەن ئوچاقنىڭ يالقۇنى قوشۇلۇپ ئاينۇرخان ئانىنى قارا تەرگە
چۆمدۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا شۇنداق روھلۇق،
شۇنداق خۇشال ئىدى.

شامالدىن ئەسەرمۇ بولمىغان دىمىق ھاۋاغا قاراپ خۇرسىنىپ
تۇرغىنىمدا يانفونۇم سايراپ كەتتى:

— ۋەي ...

— يېزا باشلىقى مۇختارمۇ؟

— ھەئە — مەن.

— مەن ناھىيىلىك كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىشخانى-
سى. يېڭىلا تاپشۇرۇۋالغان خەۋەرگە قارىغاندا، سەكسەن كۇب
مېتىردىن ئارتۇق كەلكۈن سۈيى سىلەرنىڭ يېزىغا قاراپ كېلىۋې-
تىپتۇ. تەخمىنەن ئۈچ سائەتلەردىن كېيىن يېتىپ كېلىشى مۇم-
كىن...

— ئاپلا، ماۋۇ ئىشنى؟

— سۇ مىقدارى كۆپ ئەمەس، لېكىن سۈرئىتى بەكلا تېز.
ئاڭلىساق، تاغلىق يېزىلاردىكى بىر قىسىم ئۆي ۋە چارۋا - مال
زىيانغا ئۇچراپتۇ. ھاكىمنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە سىلەر
قۇمدۆڭ كەنتىدىكى غول لىنىيە ئېچىقىنى مۇداپىئە قىلىدىغان
بولدۇڭلار. يېكەنلىككە قوشنا يېزىلاردىن ئادەم كېلىدۇ، لېكىن
بىر سائەت ئىچىدە چوقۇم مۇداپىئە رايونىغا يېتىپ بېرىشىڭلار
كېرەك. ئۇقتىڭىزمۇ؟

— خاتىرجەم بولۇڭ، بىز چوقۇم ۋاقتىدا يېتىپ بارىمىز.

مەن تامدىن چۈشمەيلا شوپۇرۇم قادىرغا چاقىرغۇ قىلىپ

ماشىنىنى ئەكېلىشنى بۇيرۇدۇم. ئاندىن شىياۋ شۇجىگە چاقىرغۇ
قىلىپ رادىئو ئارقىلىق كەلكۈندىن مەلۇمات بېرىپ، بارلىق
ئەمگەك كۈچلىرىنى قۇمدۇڭ ئېچىقىغا يىغىشنى ھاۋالە قىلدىم.
شۇ تاپتا، راخماننىڭ مۇداپىئە لىنىيىسىنىڭ ئەمگەك سىجىللىقى-
غا ئاساسەن كەنتلەرگە ۋەزىپە تەقسىملەپ بېرىشكە موھتاج ئى-
دىم. لېكىن، ئەتە ئۇنىڭ توي كۈنى بولغاچقا، ئىككى كۈن
بۇرۇنلا ئۇنىڭغا رۇخسەت بېرىۋەتكەنىدىم. مەن تېخى ئۇنىڭغا سەي
- كۆكتات، قوغۇن - تاۋۇز قاتارلىق نەرسىلەرنى تەييارلاپ
بېرىشكە ۋەدىمۇ قىلغانىدىم. شۇ تاپتا، تۇيۇقسىز كەلگەن كەل-
كۈن ھەممە ئىشلارنى قالايمىقان قىلىۋەتكەنىدى.

ئەۋەتىدىغان ئادەم تاپالماي قەلبىمنى بىر خىل ئەلەملىك
تۇيغۇلار چۇلغىدى. چۈنكى، خىزمەتتە دائىم راخمان، شىياۋ
شۇجى ۋە زۇلپىيە قاتارلىق بىرنەچچە ستودېنتلارغا تايىنىۋېلىپ،
ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئارام كۈنلىرىنى يوققا چىقاردىم، ھەتتا ئاغرىپ
قالسىمۇ ئۇلارغا ئاراملىق بەرمىدىم. بىراق، سانى بار، ساپاسى
يوق كادىرلار قوشۇنىدا شۇلارغا تايانمايمۇ ئامالسىز ئىدىم. ئەپ-
سۇسكى، بەزىلەر مەسىلە كۆرۈلسىلا، ئۇلارنى قۇربانلىق قىلىشقا
ئادەتلىنىپ كەتكەنىدى. شۇڭا بۇ ستودېنتلار خىزمەتنى ئۆلگۈدەك
ئىشلەپ، يۈكنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپمۇ يەنىلا تەنقىدتىن
قۇتۇلالماي يۈرەتتى.

بىر قېتىملىق باھالاش جەدۋىلىگە ئىمزا قويۇشتا بەكلا ئاچ-
چىقىم كەلدى. چۈنكى، «يېتەرسىزلىكى» دېگەن يەرگە «گۇ-
رۇھۋازلىق خاھىشى ئېغىر» دېگەن سۆزلەر يېزىلغانىدى. ئەمە-
لىيەتتە بۇ — جاڭ شۇجىنىڭ سۆزى بولۇپ، ئۇنىڭچە يېزىدا
راخمان، شىياۋ شۇجى قاتارلىق مەلۇماتلىقلاردىن تەشكىللەنگەن
بىر گۇرۇھ بولۇپ، مەن بۇ گۇرۇھنىڭ باشلىقى ئىدىم. شۇ
سەۋەبتىن ئۇ نەچچە قېتىملىق كادىرلارنى تەكشۈرۈشتە ماڭا «گۇ-
رۇھۋازلىق خاھىشى ئېغىر» دېگەن بەتنامنى ئارتقانىدى. ئەمەلد-

يەتتە ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ مەلۇم ئاساسىمۇ بار ئىدى. چۈنكى، راخمانىنىڭ ئىش بېجىرىش ئۈنۈمى يۇقىرى، شياۋ شۈجىنىڭ پرىنسىپاللىقى كۈچلۈك ئىدى. گەرچە راخمانىنىڭ مىجەزى چۇس-راق، شياۋ شۈجىنىڭ تەدبىرى بوشراق بولسىمۇ، لېكىن قۇمساز زېمىنغا بولغان مۇھەببىتىمىز ۋە خەلققە بولغان ساداقىتىمىز بىلەن ھەممىمىز ئوخشاش ئىدۇق. ھوقۇقتا، مەسئۇلىيەتكە ۋە پۇل - مالغا بولغان قارىشىمىزمۇ ئوخشاش ئىدى. شۇ سەۋەب-تىن، جاڭ شۈجى شياۋ شۈجىنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيتتى. بولۇپمۇ شياۋ شۈجىنىڭ پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۈجىسى تۇرۇق-لۇق، پارتكوم شۈجىسى بىلەن بىر سەپتە تۇرماي، ھەمىشە يېزا باشلىقى بىلەن بىر سەپتە تۇرغىنى ئۇنىڭغا بەكرەك ئەلەم قىلغانىدى.

جاڭ شۈجى تەكشۈرۈشتىن كېيىنكى بىر قېتىملىق رەھبە-رىي كادىرلار يىغىنىدا شياۋ شۈجىگە تېخىمۇ قاتتىق تەگدى:

— ناھىيىلىك پارتكوم مېنىڭ ئەخلاقىم ۋە قابىلىيىتىمگە ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن، مېنى پارتكومنىڭ شۈجىلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىگەن. قۇمبار يېزىلىق پارتكوم — جاڭ شياۋمىڭ يادرولۇ-قىدىكى رەھبەرلىك كوللېكتىپى، بىراق، كادىرلارنى يىللىق سىناشتا مېنىڭ ئېرىشكەن بېلىتىم شياۋ شۈجىگىمۇ يەتمەپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى مەن دېمىسەممۇ ھەممىڭلار بىلىسىلەر. يېزى-مىزدا ئېغىر گۇرۇھۋازلىق خاھىشى مەۋجۇت. مېنىڭچە، بۇنداق خاھىشنى تۈزەتمەي بولمايدۇ...

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئاچچىقىمدا بوغۇلۇپ كەتتىم. جاڭ شۈجى ئاممىنىڭ رايىنى سىناش نەتىجىسىدىكى پايدىسىز ۋەزىيەت-نى ئۆزىنىڭ خىزمەت ئىستىلىدىكى شەكىلۋازلىق خاھىشىدىن كۆرمەي، ئەكسىچە باش چۆكۈرۈپ ئىشلەپ ئاممىنىڭ ھىمايىسى-گە ئېرىشكەن شياۋ شۈجىدىن كۆرگەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، مەن، شياۋ شۈجى ۋە راخمانلار ئوتتۇرىسىدىكى جاپادىمۇ، ھالا-

ۋەتتىمۇ بىرگە بولىدىغان سەپداشلىق مۇناسىۋەتنى — ئاق ـ قارىنى ئايرىمايدىغان گۇرۇھۋازلىق مۇناسىۋىتى دەپ ئەيىبلىگەندى. نارازىلىق بىلەن شياۋ شۇجىگە قارىدىم. لېكىن، ئۇ پارتكوم شۇجىسىنىڭ ئۆزى بىلەن قابىلىيەت ۋە ئەخلاقنى سېلىشتۇرغىنىدىن ئوڭايسىزلىنىپ قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەندى.

كەلگۈن ئاپتى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىسىدا تۇراتتى. شۇ تاپتا مەن ياردەمگە موھتاج ئىدىم. بىراق، توي تەييارلىقىنى پۈتتۈرەلمەي ئالدىراپ يۈرگەن راخماننى چاقىرتسام بولمايتتى. شياۋ شۇجىنىڭ ئالاقە نۇقتىلىرى يېزا مەركىزىدىن ئون نەچچە كىلومېتىر يىراقتا بولغاچقا، چاقىرتساممۇ، يەنە بىر ـ ئىككى سائەتلەردىن كېيىنلا كەلگۈن مۇداپىئە رايونىغا يېتىپ كېلەتتى. جاڭ شۇجى شۇ تاپتا ناھىيىدىكى ئەمەلدار دوستلىرى بىلەن چاي ئويناپ يۈرەتتى. يېزىنىڭ باشقا رەھبەرلىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى. كىمنى ئىزدەشنى بىلمەي تۇرغىنىمدا، بىردىنلا مەمەت بوسۇغۇ ئېسىمگە كەلدى. چۈنكى، ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ دېلوسىدىن سىياسىي جەھەتتە چىرىكلىشىش دەپ يەكۈن چىقىرىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىلىپ قويۇپ بېرىلگەن ئىدى. شۇنىڭدىن بېرى، قىلىدىغان ئىشى يوق زېرىكىپ يۈرەتتى. شۇڭا ئۇنى ئىشلىتىشنى ئويلاپ قالدىم. گەرچە ئۇنىڭ ماڭا نىسبەتەن ئاداۋىتى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ خۇسۇسىي ئۆچمەنلىكنى دەپ ئەل ـ يۇرتنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان بالايىئاپەتكە قاراپ تۇرۇشىغا ئىشەنمەيتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەرقانچە ئويلاپمۇ ئۇنىڭدىن باشقا مۇۋاپىقراق ئادەممۇ تېپىلماي قالغاندى. شۇڭا ئۇنى ئىزدەپ ئۆيىگە، دوختۇرخانىغا، ھەتتا كالتە بازاردىكى ئاشخانىلارغىچە باردىم. بىراق، ھېچ يەردىن تاپالمىدىم. ئاخىرىدا ئۇمىدىمنى سېرىق سۆگەتنىڭ ئاستىغا يېڭىدىن ئېچىلغان «قىزىل قىيا مەيخانىسى» غا باغلىدىم:

— ھۇ، ئاناڭنى، نېمىگە قارايسەن؟ مەن نېمە بوپتىمەن؟ خەپ، توختاپ تۇر! ...

مەيخانىنىڭ ئالدىدا ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن مەمەت بوسۇغۇ جىگەر رەڭ كۆڭلىكىنىڭ توگمىسىنى يېشىۋېتىپ، يۇڭلۇق مەيدىسىنى ئېچىپ قويۇپ، ئۆچرىغانلا كىشىنى تىللاپ يۈرەتتى. تاماشا كۆرۈۋاتقان مەكتەپ بالىلىرى نېمىلەرنىدۇ دېيىشىپ قاقاقلاپ كۈلەتتى. چوڭلار ياقىسىنى چىشلەپ، بېشىنى چايقايتتى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقىدىن ھەيران قالدىم. ئۇ مېنىڭ نەزىرىمدىكى ھوقۇقى بىلەن كېرىلىپ جاھانغا پاتماي قالغان مەمەت بوسۇغۇغا زادىلا ئوخشىمايتتى. ئۇ ئۆمرىدە ھەممىدىن مۇھىم دەپ بىلگەن مەنسەپ كۇلالىسىدىن ئايرىلغاندا، ئۆزىنى يوقىتىپ، مۇشۇنداق بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. قارىغاندا، ئىچىشنى ئەتىگەندىلا باشلىغان بولسا كېرەك. چۈش بولمايلا كۆزلىرى قان قۇيۇلغاندەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. مەن ئۇنىڭ ئازابلىق تۇرقىدىن ھەممىنى چۈشەندىم. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا تەشكىلنىڭ جازاسى ئەمەس، بەلكى ئۆزى تاغدەك ئىشىنىپ يۈرگەن جاڭ شۇجىنىڭ تۇيۇقسىزلا يۈز ئۆرۈگىنى بەكرەك ئېغىر كەلگەنىدى. ۋاھالەنكى، ئەمەلدارلىق ھاياتىدا ھوقۇقنى خەلق ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆز شەخسىيىتى ئۈچۈن ئىشلەتكەنلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى.

مەن ئون ئىككى مېتىرلىق يولدا گاھ ئوڭغا، گاھ سولغا ئەگىپ يۈرگەن مەمەت بوسۇغۇدىن ئاخىر ئۈمىدىمنى ئۈزدۈم. ئەھۋال ھەقىقەتەنمۇ خەتەرلىك بولۇپ، قۇمدۆڭ كەنتىدىكى مۇداپىئە توسمىسى يار كەتسىلا، يۇلغۇنجاي، ئازغان، قومۇشدۆڭ ۋە بورىچى قاتارلىق ئون نەچچە كەنت سۇ ئاستىدا قالاتتى. ھەتتا كەلكۈن بورىچى سۇ ئامبىرىغا كىرسە، ئامبارنىڭ سۇ ساقلاش ئىقتىدارىدىن ھالقىپ كېتىپ، يەنە يېڭى بىر قېتىملىق كەلكۈن ئاپىتى پەيدا بولاتتى ــ دە، چاچقۇم ئۇچاستىكىسىدىكى بىر نەچچە

كەنت ۋە ئەتراپتىكى قوشنا يېزا - بازارلارمۇ ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرايتتى. بۇنداق خەتەرلىك ۋە مۇھىم ئىشنى روھى ئۆلگەن نىمجان ئادەمنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇشقا بولمايتتى.

ئامالسىز جىپ ماشىنىغا ئولتۇرۇپ قۇمدۆڭ كەنتىگە قاراپ يۇرۇپ كەتتىم. ماشىنا ئەگرى - بۈگرى ساي يولىدا ئۇياق - بۇياققا چايقىلىپ كېتىپ باراتتى. بىردە كاتاڭلارغا چۈشۈپ قاتتىق سىلكىنسە، بىردە قۇمساز يولدا ماغدۇرىدىن كەتكەن تۆگىدەك ھالسىز تىترەيتتى. ئادەتتە بىرەر ئىشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان قادىرمۇ ئەمدىلىكتە ماشىنا رولىغا تەلۋىلەرچە يېپىشقان قوي كۆزلىرىنى سايلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇقتىن زادىلا ئۈزمەيتتى.

تەخمىنەن قىرىق مىنۇتلاردىن كېيىن مۇداپىئە رايونىغا يېتىپ كەلدۇق. دەريادا كاككۇكنىڭ ئاغزىنى نەمدىگۇدەك سۇمۇ يوق ئىدى. بۇنداق ئەھۋالنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشى كەلكۈن كېلىدىغىنىنى ئاڭلىسا ھەرگىزمۇ ئىشەنمىگەن بولاتتى. لېكىن، مەن ئىشىنىمەن. چۈنكى، تومۇز پەسلىدىكى دىمىق ئىسسىق بولىدىغان چاغلاردا قاراقۇرۇم تاغلىرىدىكى قار - مۇزلار ئېرىپ، زەرەپشان، تىزناپ، كۆكيار ۋە ئۇلۇغ دەريالىرىغا ھەمىشە دەھشەتلىك قارا كەلكۈن باستۇرۇپ كېلىدۇ. تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە ھوشيارلىقىنى يوقاتقان كىشىلەر قىرغاقتا چىقىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەيلا تۆت - بەش مېتىر ئېگىزلىكتە باستۇرۇپ كېلىۋاتقان لاي سۇغا غەرق بولىدۇ. بىرنەچچە كۈنلەردىن كېيىن لاي - لاتقىلار ئارىسىدىن جەسەتلەر تېپىلىدۇ. كىشىلەر يىغا - زار قىلىشىدۇ. ئاخىرىدا قارىلىق كىيىملەرنى كىيىپ مېيىت ئۈزىتىدۇ ...

شۇ تاپتا، ھەربىر مىنۇت ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك ئىدى. مەن كەلكۈن يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى چوقۇم خەتەرلىك جايلارنى كۆرۈپ چىقىپ، مۇداپىئە ۋەزىپىسىنى كەنتلەرگە بۆلۈپ

بىرىشىم كېرەك. يەنە دەريانىڭ قاينام شەكىللەندۈرىدىغان ئەگىم جايلىرىغا پىرامىدا شەكىللىك ياغاچ جازىلارنى قويغۇزۇپ، تاش بىلەن باستۇرۇپ قاشنى پۇختىلىشىم كېرەك. شۇنىڭدىلا تىزناپ دەرياسىنىڭ سۈيى ئۆرلەپ، نەچچە ئون مېتىرغا يەتكەن تەقدىردى-مۇ قىلچە قورقمىغان، بەلكى قاشنى توختىماي ئېگىزلىتىپ، كەلكۈنگە جەڭ ئېلان قىلغان بولاتتىم.

كېسەلنىڭ دەردىنى پەقەت ئاغرىق ئادەملا بىلىدۇ. كەلكۈن ئەكېلىدىغان زىياننى دەريا ساھىلىدا ياشايدىغان كىشىلەرلا ئەڭ بالدۇر كۆرۈپ يېتەلەيدۇ. كۆپ ئۆتمەيلا، قۇمدۆڭ كەنتىنىڭ شۇجىسى تۇرا سېدىق بىلەن مەتيار بوۋاي، ئارقىدىن كەنت دېھ-قانلىرى بىر - بىرلەپ يېتىپ كېلىشتى - دە، دەرھال ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. بىرەر سائەتلەردىن كېيىن، يۇلغۇنجاي، ئاز-غان ۋە قومۇشدۆڭ، بورىچى قاتارلىق كەنتلەرنىڭ دېھقانلىرىمۇ كېلىشكە باشلىدى. ئاخىرىدا چاچقۇم ئۇچاستىكىسىدىكى بىرنەچ-چە كەنتتىكى دېھقانلارمۇ يېتىپ كەلدى.

ئادەملەر ئىشقا كىرىشىپ، بىرەر سائەتلەردىن كېيىن كەل-كۈن سۈيىمۇ يېتىپ كەلدى. يىلاندەك تولغىنىپ كېلىۋاتقان لاي سۇدىن كەڭ يايلاقنىڭ، قورۇ - قوتانلارنىڭ ۋە قوي ماياقلىرى-نىڭ پۇرىقى كېلەتتى. سۇ ئانچە ئۇلۇغ بولمىسىمۇ، لېكىن قىرغاقنىڭ تىترىشىگە قاراپلا دەريا قېنىدىكى قورام تاشلارنىڭ دومىلاپ بىر - بىرىگە سوقۇلۇۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلگىلى بولاتتى.

يانفونۇم جىرىڭلاپ كەتتى. قارىسام، ئۆيىمىزنىڭ تونۇش نومۇرى. شۇندىلا ئابىدەگە بەرگەن ۋەدەمنى ئېسىمگە ئالدىم. ئەسلىدە كىچىك ئوغلۇم بۈگۈن بالىنىستتىن چىقىدىغان بولغاچقا، بالىنىست رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپ، ئۇلارنى قايتۇرۇپ چىقىدىغا-نىم توغرىسىدا ۋەدە بەرگەنىدىم. كەلكۈننىڭ خەۋپىنى ئاڭلاپلا جىددىيلىشىپ كېتىپ، ئۇلارغا بەرگەن ۋەدەمنى ئۇنتۇغان ئىكەن-

مەن. دېمەك، بىچارە ئابىدە ئەمدىلا ياخشىلانغان ئوغلىمىز بىلەن ئورۇن ـ كۆرپە، لاقا ـ لۇقىلارنى كۆتۈرۈپ، يىگىرمە نەچچە كىلومېتىر يول بېسىپ ئۆيگە قايتقانىدى. مەن ئىدىيە جەھەتتە ئابىدەنىڭ بىرەر ـ ئىككى ئېغىز تەنبىھ بېرىپ مېنى ئەدەپلەپ قويۇشىغا تەييارلىق قىلدىم ـ دە، سۆزلىگەندە ئاۋازىمنى ئىمكان قەدەر سىلىق چىقىرىشقا تىرىشتىم:

— ۋەي، ئابىدەمۇ؟

— ھەئە — مەن. قانداق، كەلكۈن ئۇلۇغمۇ؟

ئابىدەنىڭ سوئالى ئويلىمىغان يەردىن چىقتى. ھەرقانداق ئايال — ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئەرنى، ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى چۈشىنىدۇ ۋە قوللايدۇ. شۇ تاپتا ئۇ مېنى ئەيىبلىمەيلا قالماي، ئەكسىچە مەندىن كەلكۈن ئەھۋالىنى سورىغان ئىدى. مەن ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ قەلبىمدىكى ئورنىنى قايتىدىن تونۇپ يەتكەندەك بولدۇم. نەچچە يىللاردىن بېرى خىزمەت ھەلەكچىلىكىدە ئۇنى بالىلار بىلەن بىللە ئاشۇ ۋەيرانە ئۆيدە تاشلاپ قويدۇم. ئاخىرىدا تېخى يېشىغا تولمىغان بوۋاق ئوغلۇمنى تام بېسىۋېلىپ، ئېچىنىشلىق پاجىئەگە يولۇقتۇم. ئازابتىن كۆز يېشى قۇرۇمىغان ئايالىمنى يەنە شۇ خىزمەت جىددىيچىلىكى بىلەن نەچچە كۈنلەرگىچە يوقلاپمۇ قويمىدىم. ھەتتا بالىنىستتىن چىقىدىغان چاغدىمۇ ئالغىلى كىرەلمىدىم. بىراق، ئۇ رەنجىش ئورنىغا يەنىلا مېنى ئەپۇ قىلغان، چۈشەنگەن ۋە قوللىغان ئىدى. باشقا ھەرقانداق ئايال بۇنداق ئەرنى، بۇنداق تۇرمۇشنى زادىلا قوبۇل قىلالمىغان بولاتتى. لېكىن، ئۇ يەنىلا شۇنداق تەمكىن ۋە سالماق ئىدى. ئابىدەنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بۇ كۈچنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى پەقەت مەنلا چۈشىنىمەن. چۈنكى، ئۇمۇ مۇشۇ قۇمساز زېمىندا ئۆسۈپ يېتىلگەن، مۇشۇ زېمىنغا مۇھەببەت باغلىغان بىر زىيالىي ياش ئىدى.

— ئانچە ئەمەس، قاچان چىقتىڭىز؟ بالا قانداقراق؟

— چىقىپلا سىزگە تېلېفون قىلدىم، ئۇنىڭ سىزگە گېپى بار ئىكەن...

— دادا ...

قايتا ھاياتلىققا ئېرىشكەن جانجىگىرىمنىڭ يېڭىلا چىققان چۇچۇك تىللىرىدىن دىلىم سۆيۈندى. ئاۋازىنى ئاڭلاپ كۆزلىرىمدىن ياش ئەگىدى. شۇنداقتىمۇ، ئاتىلىق جاسارىتىم بىلەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ، بىرمۇنچە تاتلىق گەپلەر بىلەن ئۇنى ئەركىلەتتىم. ئاخىرىدا ئابىدەگە قۇرۇلۇشچىلارنىڭ سېمونتلىرىغا سۇلياۋ يېپىپ قويۇش، چوڭ ئوغلىمىزنىڭ چېچىنى ياستىش قاتارلىق بىرمۇنچە ئائىلە ئىشلىرىنى ھاۋالە قىلدىم.

— تاماق يېدىڭىزمۇ؟

— يېدىم.

— دورىڭىزنى ئىچتىڭىزمۇ؟

— ئىچتىم.

— چاپان ئەۋەتەيمۇ؟

— ياق ...

سوئاللارغا يالغانچىلىق بىلەن جاۋاب بەردىم. ئەمەلىيەتتە بولارنىڭ ھەممىسى مەن ئۈچۈن مۇھىم ئىشلار بولسىمۇ، لېكىن كەلكۈن مۇداپىئەسىنىڭ جىددىيلىكىدە ھەممىنى ئۇنتۇغانىدىم. شۇ تاپتا بېلىم ئۈزۈلۈپ كېتىدىغاندەك قاتتىق ئاغرىپ تۇراتتى. قورسىقىم ئېچىپ پات - پات بېشىم قاياتتى. ئابىدەنى ئەنسىرەتمەسلىك ئۈچۈنلا يەنە يالغان سۆزلىگەنىدىم.

تۈن قوينىدا دەريا ساھىلى باشقىچە جانلىنىپ كەتتى. قوشنا يېزىلاردىن كەلكۈن مۇداپىئەسىگە كەلگەن ماشىنا - تراكتورلار خۇددى سانسىز ئاقار يۇلتۇزلارغا ئوخشاش ئۇياق - بۇياققا يۆتكىلىپ تۇراتتى. غول لىنىيە ئېچىقى، يېكەنلىك ۋە كەڭ كېچىك مۇداپىئە رايونلىرىدا كىشىلەرنىڭ ۋارقىراشلىرى، ئات - ئېشەكلەرنىڭ ھاڭراشلىرى ۋە كەلكۈن سۈيىنىڭ شارقىراشلىرى

قېتىلىپ كېچە قوينىنى لەرزىگە سالغانىدى. ھاكىم ئابدۇقادىر
ھاشىم بىلەن سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سەيپىدىن يېزى-
مىزنىڭ مۇداپىئە رايونىدىن بەكلا رازى بولۇشتى. چۈنكى، بىز
غول ئۆستەڭنىڭ ئېغىزىنى تۇۋاقلاپ، ئالدى - كەينىنى توپا -
شېغىل ئۇسۇلغان خالتىلار بىلەن باستۇرۇۋەتكەنىدۇق. لېكىن
مەن يەنىلا خاتىرجەم ئەمەس ئىدىم. چۈنكى، لۆمشىپ ئېقىۋاتقان
دەريا دەھشەتلىك دولقۇنلاپ تۇراتتى. توختىماي ئۇلغىيىپ كېلى-
ۋاتقان قىيانلىق دولقۇنلارغا قارىغىنىمدا، دەريا ساھىلى بارغان-
سېرى پاكارلاپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. قاشتىن قارىغاندا دەريا
قىنىدىكى سۇ خېلىلا ئېگىزدەك قىلاتتى. ئارقامدا كۆجۈم -
كۆجۈم مەھەللە - كەنتلەر قارىيىپ كۆرۈنەتتى. ئاشۇ ئۆيلەرنىڭ
بىرىدە سۆيۈملۈك ئايالىم بىلەن ئوماق باللىرىم تاتلىق ئۇخلاپ
ياتاتتى. زىممەمگە ئۇلارنىڭ ھاياتىنى قوغداش ۋەزىپىسى يۈكلەن-
گەنىدى. شۇڭا مۇداپىئە خىزمىتىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن قولچى-
راغ كۆتۈرۈپ توختىماي ئايلىنىپ يۈرەتتىم. كىچىككىنە مەسى-
لىلەرنىمۇ تۈزىتىشكە بۇيرۇيتتىم. قىيىنراق ئىشلاردا قولۇمغا
كەتمەن ئېلىپ دېھقانلار بىللە ئىشلەيتتىم.

خوراز چىللىدى. شەرق ئاسمىنى سۇس ئاقاردى. كەلكۈن
سۈيىنىڭ مىقدارىنى مۆلچەرلەپ بېقىش ئۈچۈن بىر تال چىۋىقنى
سۇ يۈزىگە توغرىلاپ قاشقا سانجىپ قويدۇم. بىرنەچچە مىنۇتتىن
كېيىن بىردىنلا شادلىنىپ كەتتىم. چۈنكى، سۇ يۈزى ئىككى
سانتىمېتىرچە تۆۋەنلىگەنىدى. دېمەك، كەلكۈن ئاخىر پەسىيىش-
كە قاراپ ماڭغانىدى.

ئەتىگەنلىك ناشتا ۋاقتى بىلەن تەڭ كەلكۈننىڭ ئۆتۈپ كەت-
كەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى. دەرۋەقە، دەريا قىنىدىكى
كەلكۈن سۈيى ئىككى - ئۈچ مېتىرچە تۆۋەنلىگەن بولۇپ، ئۇخ-
لاپ ياتقان ئەجدىھادەك تىنچلىنىپ قالغانىدى. بىر كېچىگە سو-
زۇلغان تەبىئەت بىلەن ئىنسانلارنىڭ ھايات - ماماتلىق كۈرىشى
ئاخىر ئىنسانلارنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشقانىدى. ناھىيە-

ىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن قوشنا يېزىدىن ياردەمگە كەلگەنلەر-
نىڭ ھەممىسى قايتىپ كېتىپ، مۇداپىئە لىنىيىسىنىڭ بارلىق
خىزمەتلىرى بىزنىڭ يېزىغىلا قالغانىدى. مەن دەرھال كېيىنكى
مۇداپىئە ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇردۇم. ئاندىن شىياۋ شۇجىنى چا-
قىرىپ ماشىنىغا قوغۇن - تاۋۇز ۋە سەي - كۆكتات قاتارلىق
نەرسىلەرنى قاچىلاپ راخماننىڭ تويىغا ماڭدۇق.

يېزا مەركىزىدىكى كالتە بازار بىر كېچە ئىشلەپ چارچىغان ھاشارچىلار بىلەن قىزىپ كەتكەن، ئېچىرقاپ كەتكەن كىشىلەر يېگۈدەك نەرسە بولسىلا شۇنىڭ بىلەن ناشتا قىلماقتا ئىدى. ماشىنىنى ئۆتكۈزەلمەي ئامالسىز قىسقىلا توختاشقا مەجبۇر بولدۇق.

دوغ دۇكىنىنىڭ ئالدىدا كىشىلەر ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇستەلگە يۆلىنىپ ئۇخلاۋاتقان كىشى ئىختىيارسىز ھالدا مېنىڭ دىققىتىمنى تارتتى، كىيىملىرىدىكى توپا - چاڭغا قارىغاندا، بىر كېچە كەلكۈن بىلەن تىركىشىپ چىققاندەك كۆرۈ- نەتتى. لېكىن، ئالدى ئوچۇق كۆڭلىكىدىن چىقىپ تۇرغان يۇمى- لاق قورساقلىرىغا قارىغاندا، ئۇ ھاشارغا ئىشلەيدىغان ئادەمگە ئوخشىمايتتى. مەن ئۇنى بىرەر جايدا كۆرگەندەك ھېس قىلدىم. بىراق، نەدە كۆرگەنلىكىمنى ئېسىمگە ئالالمىدىم. ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرغىنىمدا دوغ دوكىنىدىكى ئۇنئالغۇدىن چىقىۋاتقان ناخشا دىققىتىمنى چاچتى:

سەن - سەن دۇنيا، كەڭ دۇنيا،
كىمگە ۋاپا قىلدىڭسەن؟
مەن - مەن دېگەن يارەننى،
يەر قوينىغا ئالدىڭسەن.

بىر توپ بىزەڭ چىۋىنلەر ئۇخلاۋاتقان كىشىنىڭ بۇرنىغا كىرىپ - چىقىپ تۇراتتى. بىراق، ئۇ كىشى تېخىچە ئۇخلاپ ياتاتتى. گىژىلداپ تۇرغان چىۋىنلەر بىلەن تۆشۈكلىرى چوڭلاپ

كەتكەن بۇرنىغا قاراپ ئىختىيارسىز يۇرىكىم ئېغىپ كەتتى. ئەنسىزلىك بىلەن دەرھال ماشىنىدىن چۈشتۈم ـ دە، ئۇخلاۋاتقان كىشىنىڭ يېنىغا كەلدىم، بىراق شەپكىسىنى قولۇمغا ئېلىپلا ئالاقزادىلىك بىلەن ۋارقىرىۋەتتىم:

— شياۋ شۈجى!

شياۋ شۈجى بىلەن قادىرمۇ تاتىرىپ كەتتى. ئۇ يېزىمىزنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى — ئون يىللىق خىزمەتدىشىم مەمەت بوسۇغۇ ئىدى. ئېچىنىشلىق يېرى، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بىزگە رەھبەرلىك سەنئىتىدىن ساۋاق بېرەلمەيتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ تېنىقلىرى مەڭگۈلۈك توختىغان، كۆزلىرىمۇ مەڭگۈلۈك يۇمۇل-غانىدى.

## 13

ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتكەنىدى. مەن شياۋ شۈجى ۋە توي رۇخستى توشقان راخمان بىلەن بىرلىكتە ئازغان كەنتىدە مېۋى-لەرنى يېڭچە پېتى ساقلاش ئىسكىلاتى قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈپ يۈرەتتۇق. تۇيۇقسىزلا رادئو مۇزىكىسى ئاڭلىنىپ قالدى. ھەي-ران بولۇپ تۇرغىنىمدا يېزىلىق رادئو پونكىتىنىڭ باشلىقى ئوسماننىڭ «گۈر ـ گۈر» ئاۋازى ئاڭلاندى:

— جىددىي ئۇقتۇرۇش، جىددىي ئۇقتۇرۇش، ناھىيىلىك كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا بۈگۈن كەچ سائەت توققۇز ئەتراپىدا تىزناپ دەرياسىغا يۈز كۇب مېتىردىن ئارتۇق پەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن كېلىدىكەن. شۇڭا ھەرقايسى كەنتلەرنىڭ بارلىق ئەمگەك كۈچلىرىنى تولۇق تەشكىل-لەپ، كەچ سائەت ئالتىدىن بۇرۇن قۇمدۆڭ كەنتى مۇداپىئە رايونىغا چىقىپ بولۇشىڭلارنى ئالاھىدە ئۇقتۇرىمىز...

«ئاپلا، ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ؟! نېمىشقا ئالدىن ئۇقتۇ-رۇش قىلمايدۇ؟ ھېچبولمىغاندا، يازما ئۇقتۇرۇش قىلىشى

كېرەكقۇ؟ !...» شۇلارنى ئويلاپ تۇرغىنىمدا، كەنت يولىدا موتو-سىكلىت مىنىۋالغان ۋاسىل تۇمۇرچى پەيدا بولدى. ئۇ مېۋىلەرنى يېڭى پېتى ساقلاش ئامبىرى سېلىشقا كەلگەن تېخنىكلارنى تاماقلا ئەكەتكەنىدى. بىراق، كەتكىنىگە تېخى يېرىم سائەتمۇ بولمايلا يەنە قايتىپ كەپتۇ...

— كەل ... كەلگىن...

ۋاسىل تۇمۇرچى موتسىكلىتتىن چۈشمەيلا دۈدۈقلىغان هالدا بىر ۋاراق خەتنى ئۇزاتتى. پوچېركىسىغا قاراپلا يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى هەيئەت رىياسەتچىسىنىڭ رەئىسى ئىلى موللەك يازغان ئالاقە ئىكەنلىكىنى بىلدىم. خەتتە مۇنۇلار ئالاھىدە ئەسكەرتىلگەنىدى:

«هۆرمەتلىك مۇ شياڭجاڭ! ناھىيىلىك كەلكۈن مۇداپىئەسى قوماندانلىق شتابىنىڭ جىددىي ئۇقتۇرۇشىغا قارىغاندا، بۈگۈن كەچتە خالاستان دەرياسىغا پەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن كېلىدىكەن. بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئۇدا ياغقان يامغۇر سەۋەبىدىن سىملىق ۋە سىمسىز تېلېفونلار ئىشلىمىگەچكە، تېخى بايىلا يازما ئۇقتۇ-رۇش ئەۋەتىپتۇ. ئەھۋال جىددىي، مەسلىھەتلەشمەيلا رادىئو ئار-قىلىق ئۇقتۇرۇش قىلىۋەتتىم. مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى مۇداپىئە رايونىغا بارغاندا سۆزلىشەرمىز.

خىزمەتداشلىرى ئىلى موللەك»

خەتنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم. خەتتە قوشنا يېزىلارنىڭ ياردىمى ۋە بىزنىڭ مۇداپىئە مەسئۇلىيىتىمىز توغرىسىدا ھېچقان-داق مەزمۇن يوق ئىدى. ئەمەلىيەتتە قومدۆڭ مۇداپىئە رايونى دائىرىسى كەڭ، ئىزچىل تۇردە تاشقىن بولۇپ تۇرىدىغان ئاپەت رايونى ئىدى. ناھىيە ھەر يىلى ناھىيە دەرىجىلىك مەجبۇرىيەت ئەمگىكى سېلىپ مۇداپىئە قىلاتتى. بۇنداق ئېغىر مەسئۇلىيەتنى

بىرلا يېزىغا ئارتىپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايتتى. ئۈنىڭ ئۈستىد-
گە، ئالدىنقى قېتىملىق زور كەلكۈندىن كېيىن دەريا ساھىلى
ئاز ـ تولا رېمونت قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن دەريا قىنىدىكى
چېقىللارغا ئەمگەك ئورۇنلاشتۇرۇلمىغاچقا، ۋاقتى ئۇزۇنراق،
مىقدارى كۆپرەك بولغان كەلكۈنگە بەرداشلىق بېرەلمەيتتى، دەر-
ھال يانفونۇم بىلەن ناھىيىلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلى-
قى سەيپىدىنگە تېلېفون ئۇردۇم. تېلېفوندىن «كەچۈرۈڭ، سىز
ئۇرغان تېلېفون ۋاقتىنچە ئۇلانمايدۇ» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.
ئارقىدىن ناھىيە ھاكىمى ئابدۇقادىر ھاشىمغا تېلېفون ئۇردۇم.
لېكىن ئوخشاشلا ئۇلانمىدى. دېمەك، كەلكۈن ئالدىدا شەرتسىز
ھالدا مۇداپىئە قىلىشتىن باشقا ھېچقانداق تاللاش يولىمىز قالمى-
غانىدى.

ئازغان كەنتىدىن قىزىل ساي ئارقىلىق يېرىم سائەتتىلا
«يىكەنلىك» كە يېتىپ كەلدۇق. ماشىنا ئىلىش بويىدىلا توختاپ
قالدى. يۇلغۇنجاي، ئازغان كەنتلىرىگە سۇ چىقىرىش ئۈچۈن
دېھقانلار دەريا قىنىدا ئىككى ـ ئۈچ سائەتلەپ توسما سوقمىسا
سۇ چىقمايدىغان كىچىكتە لىققىدە سۇ ئېقىپ تۇراتتى. دېمەك،
بېرىلگەن مەلۇمات خاتا بولۇپ، خەۋەر كەلكۈندىن كېيىن يېتىپ
كەلگەنىدى.

ماشىنىدىن چۈشۈپلا دەريا بويىغا قاراپ يۈگۈردۇق. قارى-
ساق، كەلكۈن سۈيى ئاللىقاچان يەتمىش كۇب مېتىردىن ئاشقانى-
كەن. ئەگەر يېكەنلىكتىكى بۇ كېچىك ۋاقتىدا ئېتىلمىسە، كەل-
كۈن يۇلغۇنجاي، قومۇشدۆڭ، ئازغان ۋە بورىچى قاتارلىق كەنت-
لەرنى سۇغا غەرق قىلاتتى. ھەممىمىز بۇ جايدا تۇرۇپ قالساق،
يېزىغا سۇ ئايرىيدىغان غول ئۆستەڭ تەرەپتىن چاتاق چىقاتتى.
ئۈنىڭ ئۈستىگە، ھازىرقى ئەھۋالدا يېكەنلىكنى ئادەم كۈچىگە
تايىنىپمۇ ئەتكىلى بولمايتتى. بېشىمىز قېتىپ تۇرغاندا، راخمان
ناھىيىلىك قوماندانلىق شتابىدىكىلەرنى تىللاشقا باشلىدى:

— ھۇ، نائەھلىي كىسپۇرۇشلار! «كەچتە كېلىدۇ» دېگىنى
نېمىسى؟ ھۇ، ھارام تاماق بيۇروكراتلار؟ بۇنداق خۇنپەرلەرنى
ئىشخانىدا قويغۇچە مەتياخشى بوۋاينىڭ ئورنىدا ئۆستەڭگە قاراڭ-
چۇق قىلىش كېرەك. مانا ئەمدى پۈتۈن بىر يېزا سۇغا غەرق
بولىدىغان بولدى. ۋاي، ئىسىت! ۋاي، ئىسىت! ...
راخماننىڭ مۆلچەرى توغرا ئىدى. لېكىن، خەتەرلىك ئەھ-
ۋالدا پەقەت ئۆز كۈچىمىزگە تايانماقتىن باشقا ئامالمۇ يوق ئى-
دى. شۇڭا قىسقىلا ئورۇنلاشتۇرۇش قىلدىم:
— شياۋ شۈجى، سىز قۇمدۆڭ كەنتىنىڭ يېقىن ئەتراپتىكى
دېھقانلىرىنى يىغىپ كېچىكنى بۇ تەرەپكە قاراپ ئېتىڭ. راخمان،
سەن قومۇشدۆڭ، يۇلغۇنجاي ۋە بورىچى كەنتلىرىنىڭ دېھقانلىرى-
نى يۆتكەپ ئېقىننى شياۋ شۈجى تەرەپكە قاراپ قىستا! مەن
يېزىنىڭ غول لىنىيە ئۆستىڭىنى تۇۋاقلاپ، ئەتراپنىڭ مۇداپىئە
ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىپ كېلەي...
ئەمدىلا سۇغا كىرىپ تۇرۇشۇمغا يەنە راخماننىڭ ئاۋازى
ئاڭلاندى:
— ماشىنا، ماشىنا بىلەن...
ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى چۈشەندىم. غول لىنىيە
ئۆستىڭى بىلەن يېكەنلىكنىڭ ئارىلىقى ئىككى كىلومېتىرچە كې-
لەتتى. ئۇ مېنىڭ ماشىنا بىلەن بېرىشىمنى ئەسكەرتكەنىدى.
يېكەنلىك بىلەن يۇلغۇنجاي، قومۇشدۆڭ قاتارلىق كەنتلەرنىڭ
ئارىلىقى ئون نەچچە كىلومېتىر كېلەتتى. بىرنەچچە مىنۇتنىڭ
ئىچىدە يېكەنلىكتىكى سۇ ئالتە - يەتتە كۇب مېتىردىن ئاشقان
بولۇپ، ئېقىندىن ماشىنا ئۆتەلمەيتتى. ماشىنا ئۆتەلىگەن تەقدىر-
دىمۇ، ماشىنىنى يەنىلا راخمانغا قالدۇرۇپ، ئەمگەك كۈچلىرىنى
ۋاقتىدا يۆتكىشىم كېرەك ئىدى. ئۇنداق بولمىغاندا، يېكەنلىك
كېڭىيىپ كەتسىلا پۈتۈن قۇمبار يېزىسىنىڭ ئەمگەك كۈچلىرى
بىلەنمۇ ئېقىننى ئۆزۈپ تاشلىغىلى بولمايتتى. ئېقىندا سۇ كې-

چىپ كېتىۋېتىپ ئۇنىڭغا ۋارقىرىدىم:
— ماشىنا ساڭا قالدى، تېز بېرىپ، تېز قايت!
قىرغاققا چىقىپلا غول ئۆستەڭ مۇداپىئە لىنىيىسىگە تۇتۇ-شىدىغان قوناقلىققا قاراپ يۈگۈردىم: ئەمدىلا بىرنەچچە قەدەم مېڭىشىمغا بىر پاي ئايىغىم لايغا پېتىپ قالدى. پەرۋاسىز ھالدا كېتىۋەردىم. قوناق چېچەكلىرى كۆزلىرىمگە تېقىلدى. قوناقنىڭ قېلىچتەك ئۆتكۈر قىرى يۈزۈمنى، بويۇنلىرىمنى تىلدى. ۋاقىت-نى ئۇتۇش ئۈچۈن ئاغرىق ئازابىغا چىداپ، يەنىلا شۇنداق تېز يۈگۈردۈم.
كېتىۋېتىپ، يەنىلا يېكەنلىكنىڭ غېمىدە قالدىم. غول لى-نىيە ئۆستىڭى تۇۋاقلىق بولغاچقا، سۈيىنى ھەر ھالدا توختاتقىلى بولاتتى. لېكىن، يېكەنلىكنىڭ ئەھۋالى يەنىلا خەتەرلىك ئىدى. كەڭلىكى ئون مېتىردىن ئاشىدىغان بۇ ئېپتىدائىي ئېچىق سۇ ئۆلغايسىلا كېڭىيىپ كېتەتتى. بۇنداق ئۆلۈغ ئېقىننى كەتمەن بىلەن بويسۇندۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى.
خىيال بىلەن كېتىۋېتىپ قوناقلىرى پۇتۇنلەي يېتىپ كەت-كەن بىر جايغا چىقىپ قالدىم. سىنچىلاپ قاراپ بىردىنلا تىلسى-ماتنىڭ سىرىنى يەشكەن كىشىدەك شادلىنىپ كەتتىم. بۇ قوناق-لارنى جەنۇبىي تارىم نېفىت بۇرغىلاش شىركىتىنىڭ ماشىنا - تراكتورى بېسىۋەتكەن بولۇپ، تېخى بىر - ئىككى كۈننىڭ ئالدىدىلا دېھقانلار ئۈچۈن ئۇلار بىلەن دەۋالاشقانىدىم. بىراق، بايامقى جىددىچىلىكتە بۇ ئىشلار ئېسىمدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كەتكەنىدى.
ئۇلارنىڭ ياتىقى تىزناپ دەرياسىنىڭ بويىدا بولۇپ، غول لىنىيە ئۆستىڭىدىن قارىسىلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن نېفىتچىلارنىڭ ياتىقى تەرەپكە قاراپ يۈگۈردۈم. ئوتتۇرا ياشلىق بىر خەنزۇ كىشى مېنىڭ ئالاقزادىلىك بىلەن كېلىۋاتقىنىمنى كۆردى - دە، دۆڭگە يۈگۈرۈپ چىقىپ نېمىدۇر

بىرنەرسە دەپ ۋارقىرىدى. ئارقىدىن بىرنەچچە قىزىل شەپكىلىك ياش ئىشچىلار ياتاقلىرىدىن يۈگۈرۈپ چىقىشتى. مەن ئۇلارغا ئۆلچەملىك خەنزۇ تىلىدا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ يار-دەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدىم. ئۇلار سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ، چۈشى-نىش قىيىن بولغان يەرلىك شېۋىدە بىرنېمىلەرنى دېيىشىپ، خېلى ئۇزاق تالاش - تارتىش قىلدى. مەن جىلە بولغان ھالدا ئۇلارنىڭ يوغان - يوغان توپا ئىتتىرىش ماشىنىلىرىغا قارايتتىم. ئۇلارنى تېزرەك يولغا چىقىشقا ئالدىرىتاتتىم. ئاخىرىدا ھېلىقى ئوتتۇرا ياشلىق ئادەم ئىش قەغىزىگە خەت يېزىپ ماڭا ئۇزاتتى. قارىسام، ئۇ تراكتورلارنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن يېزىلغان كاپا-لەتنامە ئىكەن. دېمەك، ئۇلار كەلكۈن ئاپىتىدە بىرەر تاسادىپىي ئەھۋال چىقىپ قالسا، مەسئۇلىيىتىدىن چىقالماسلىقىدىن ئەنسى-رىگەنىكەن. ئەمەلىيەتتە كەلكۈن ئاپىتىدە بىرەر ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقسا، مەنمۇ ئوخشاشلا جاۋابكارلىققا تارتىلاتتىم. شۇڭا ئىككىلىنىپ تۇرمايلا ئۇنىڭ كاپالەتنامىسىگە ئىسمىمنى يېزىپ بەردىم. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن تراكتورلار خۇددى بىرونېۋىك قىسمىنىڭ تانكىلىرىدەك يەر - زېمىننى تىترەتكەن پېتىچە يىكەن-لىك تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

تراكتور بىلەن كېتىۋېتىپ قارىسام غول لىنىيە ئۆستىڭى بويىدا بىرمۇنچە كىشى ئېچىق تۇۋاقلىرىنى چۇشۇرۇپ سۇنى تو-سۇۋاتقانىكەن. سىنچىلاپ قاراپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرا سېدىق بىلەن مەتياخشى بوۋاينى تونۇدۇم. دېمەك، قۇمدۆڭ كەنتىدىكى-لەر ئۆزلىرى خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىۋاتقانىدى. مەن تۇرا سېدىق-نى تراكتورلارغا يول باشلاشقا بۇيرۇپ، ئۆزۈم غول ئۆستەڭ ۋە ئېغىز ئەتراپىدىكى مۇداپىئە لىنىيىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى تەك-شۈردۈم. خەتەرلىك جايلارغا ئەمگەك كۈچى ئورۇنلاشتۇردۇم. ئۇزاق ئۆتمەي، جاڭ شۇجى بىلەن ئىلى موللەك قاتارلىق يېزا رەھبەرلىرىمۇ يېتىپ كېلىشتى. ئىلى موللەكنى غول لىنىيە

ئۆستىڭنىڭ مۇداپىئەسىگە قالدۇرۇپ، جاڭ شۇجى بىلەن بىللە
يېكەنلىك تەرەپكە قاراپ ماڭدىم.

قۇياش سۇكۇتكە چۆمگەن بۇ قۇمساز زېمىنغا كەچلىك نۇرلى-
رىنى سېخىيلىق بىلەن چېچىپ تۇراتتى. دەريا سۈيى كۆتۈرۈلۈپ
ئاللىقاچان يۈز كۇب مېتىردىن ئاشقانىدى. قاپقارا لاي سۇ قىيانغا
ئايلىنىپ قىرغاقتا كۈچ بىلەن ئۇرۇلاتتى. ھەمىشە دىمىق ئىس-
سىق بولىدىغان دەريا ساھىلى ئەمدىلىكتە كىشىگە بىر خىل
سالقىنلىق تۇيغۇسى بېرىپ تۇراتتى.

ماشىنىدا كېتىۋېتىپ بېلىمنىڭ چىدىغۇسىز دەرىجىدە قات-
تىق ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. ئاچلىق تەسىرىدىنمۇ ياكى كې-
سەللىك سەۋەبىدىنمۇ بېشىم قېيىپ، كۆزلىرىم تورلىشىپ تۇ-
راتتى. ئەگەر شارائىت يار بەرگىنىدە كۆزۈمنى يۇمۇپ ئازراق
ئۇخلىۋالغان بولسام ياخشىلىنىپ كەتكەن بولاتتىم. كەلكۈن ۋە-
ھىمىسى بىلەن كۆزۈمدىن ئۇيقۇ قاچقانىدى.

يېكەنلىككە كېلىپلا چۆچۈپ كەتتىم. كېچىكتىكى كەلكۈن
سۈيى ئاللىقاچان ئوتتۇز كۇب مېتىردىن ئاشقان، قاش بۇزۇلۇپ،
قۇترىغان كەلكۈن تەرەپ - تەرەپكە يامراپ كەتكەنىدى. راخمان
يۇلغۇنجاي، ئازغان ۋە بورىچى قاتارلىق ئۈچ كەنتنىڭ دېھقانلىرى
بىلەن قارشى قىرغاقتىن مەن تۇرغان تەرەپكە قاراپ قىستاپ
كەلمەكتە ئىدى. شياۋ شۇجى قۇمدۆڭ، قومۇشدۆڭ ۋە لەڭگەر
كەنتىنىڭ دېھقانلىرى بىلەن ئېقىننى راخمان تۇرغان تەرەپكە
قىستاپ ماڭغانىدى. بىراق، ئېقىن تارايغانسېرى سۇ ئېقىنى
تېزلىشىپ، سۇغا چۇشۇرۇلگەن ياغاچ جازىلارنى قوناق شېخىدەك
«لەپپىدە» كۆتۈرۈپ يۇلغۇنلۇق جىلغىلارغا قاراپ ئېقىتىپ كەت-
مەكتە ئىدى.

ئۆز كەنتىنىڭ سۇ ئاستىدا قېلىۋاتقىنىنى كۆرگەن يۇلغۇن-
جاي دېھقانلىرى بەكلا ئىشچان بولۇپ كەتكەن؛ راخمان بىلەن
كەنت شۇجىسى تۇرسۇن توختى بوسۇغۇ كالتە ئىشتان بىلەنلا

يېڭىدىن سۇغا سېلىنغان جازىلارغا شاخ قىستۇرماقتا ئىدى. شياۋ
شۇجى تراكتورلارنىڭ ئالدىدا كىمدۇر بىرى بىلەن قاتتىق تىللى-
شىپ تۇراتتى.

ئۇ جاڭ شۇجى بىلەن مېنى كۆرۈپلا دەرد تۆكۈشكە
باشلىدى:

— تراكتۇر توپىنى تارراق جايغا تۇرۇتمىسە، كەلكۈن ئېقى-
تىپ كەتسە، ئاغزىنى ئەتكىلى بولمايدۇ. بىراق ماۋۇ ئادەم
قونىقمىنى يانجىۋېتىدۇ، دەپ تراكتورنى ماڭغىلى قويمىدى...

— قېنى ئۇ ئادەم؟

— ئەنە! ئاشۇ ئۇششۇق شۇ...

دەرۋەقە، ئاق ساقال بىر بوۋاي كېيىملىرىنى سېلىۋېتىپ،
تراكتورنىڭ ئالدىغا ئۆزىنى تاشلاپ سۇنايلىنىپ ياتاتتى. مەن
قاراپ تونۇدۇم. ئۇ بىر ئەرزخور ئادەم بولۇپ، مەن ئىككى قېتىم
ئۇنى هاكىم ئىشخانىسىدىن قايتۇرۇپ چىققانىدىم. قۇمدۆڭ كەن-
تىدىكىلەرمۇ ئۇنى «ھەسەن كۆك» دەپ ئاتايتتى. مەن بىرنېمە
دەپ بولغۇچە جاڭ شۇجى چاققان كەلدى - دە، بىرىپلا ئۇنىڭ
كۆتىگە تەپتى:

— هەي، ئۆلمەيدىغان قېرى! خەلقنىڭ هاياتىنى ساقلاپ
قېلىشمۇ قىيىن تۇرسا، سېنىڭ ئىككى مو قونىقىڭ نېمە-
تى؟! ئالتۇن تېرىغانمىدىڭ؟! تېز يوقال! بولمىسا سېنىمۇ
سۇغا باسىمەن ...

«بوۋاينى دەرھال قاچىدۇ» دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق، ئۇ
تۇيۇقسىزلا تراكتورنىڭ زەنجىر چاقىغا كۆچەپ ئۇستى. بىردەم-
دىلا يۈز - كۆزلىرى قىپقىزىل قانغا بويالدى. جاڭ شۇجى بىلەن
شياۋ شۇجى ئالاقزادىلىك بىلەن ماڭا قارايتتى. مەنمۇ شۇ تاپتا
نېمە قىلىشنى بىلمەيتتىم. شۇنداقتىمۇ، كەلكۈننىڭ تېزرەك
توختىشى ئۈچۈن بوۋاينى تراكتورنىڭ سىرتىغا سۆرەيتتىم. بو-
ۋاي قولۇمدىن يۇلقۇنۇپ چىقىش ئۈچۈن توختىماي تېپىرلايتتى.

كىچىك بالىلاردەك ھۆركىرەپ يىغلايتتى. تىركىشىپ تۇرغىنىمە-
دا، بىركىم بوۋاينىڭ گېلىدىن كاپپىدە تۇتتى - دە، ئۇنى ئېقىن
بويىغا سۆرەپ كەتتى. سىنچىلاپ قارىسام، ئۇ قۇمدۆڭ كەنتىنىڭ
شۇجىسى تۇرا سېدىق ئىكەن. ئۇنىڭغا قىزىقىپ قاراپ تۇرغىنىمدا
ئۇ بوۋاينى سۇغا بېسىپ تۇرۇپ قاتتىق تىللىدى:

— يىل بويى سۇ ئىچىسەن، راسخوت بەرمەيسەن؛ يەر تې-
رىيسەن، باج تاپشۇرمايسەن؛ ئەلنىڭ بېشىغا ئاپەت كەلگەندە يەنە
ئۆز پايداڭنى كۆزلەيسەن. سېنىمۇ ئادەم دېگىلى بولامدۇ؟!
بولدى، بۇگۈن سېنى تۇنجۇقتۇرۇۋېتىپ نېمە كۆرسەم
كۆرەي ...

بويۇنلىرىغىچە سۇغا چۆكتۈرۈلگەن بوۋاي ئەنسىزلىك بىلەن
ۋارقىرىۋەتتى:

— قۇتقۇزۇڭلار! قۇتقۇزۇڭلار...

مەن تۇرا سېدىقنى ئاجرىتىۋالدىم. بوۋاي بۇ قېتىم راست-
تىنلا يىغلىغان بولۇپ، تۇرا سېدىقنىڭ پۇتلىرىغا ئېسىلىپ يال-
ۋۇراتتى:

— بىلمەپتىمەن، شۇجى، بىلمەپتىمەن. خوش بولۇپ كې-
تەي. مېنى سۇغا تاشلىمىسىلا...

كۆزلىرىم ئىختىيارسىز ياشلاندى. بىراق، بۇ ئىچ ئاغرى-
تىش ئەمەس، بەلكى قىممەت قارىشىدا ئۆزگىرىش بولغان، ھەتتا
ئەلنىڭ بېشىغا كۈن كەلگەندىمۇ يەنىلا ئۆز پايدىسىنى كۆزلەۋاتقان
كىشى ئۈچۈن تۆكۈلگەن ھەسرەت ياشلىرى ئىدى. ئەسلىدە جاڭ
شۇجىمۇ ھەسەن كۆكنى تېپىپ توغرا قىلغانىكەن. بىراق، بۇ
تېپىك قاششاق بوۋاينىڭ يۈرىكىگە ئەمەس، بەلكى كاسىسىغا
تەگكەنلىكى ئۈچۈن ئۆز كۈچىنى كۆرسىتەلمىگەن ئىدى.

قول ئىشارىتىم بىلەن تەڭلا تراكتورلار قاتارلاشقان پېتىچە
نەچچە ئون تونىنا كەلگۈدەك توپا دۆۋىسىنى ئىتتىرىپ كەلدى.
ئىككىنچى قېتىم، ئۈچىنچى قېتىم، تۆتىنچى قېتىم... ئۇدا

بىرنەچچە قېتىم توپا تاشلاندى. بىراق، كەلكۈن سۈيى ھەممىسىنى ئېقىتىپ كەتتى...

تراكتورلارنىڭ مەشغۇلاتىغا قاراپ تۇرغىنىمدا قارشى قىرغاقتا قىيا ـ چىيا ئاۋازلار ئاڭلاندى. قارىسام، ئېقىن ئىچىدە بىر ئاق دوپپىلىق ئادەم گاھ لەيلەپ، گاھ چۆكۈپ ئېقىپ كېتىۋېتىپتۇ. مەن غىل ـ پاللا كۆرۈنگەن تونۇش سىيمادىن ئۇنىڭ يۇلغۇنجاي كەنتىنىڭ شۇجىسى تۇرسۇن توختى بوسۇغۇ ئىكەنلىكىنى تونۇدۇم. نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي تىت ـ تىت بولۇپ تۇرغىنىمدا «چولتوككىدە» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا يەنە بىرى سۇغا سەكرەپ چۈشتى. قارىسام، ئۇ مۇئاۋىن يېزا باشلىقىمىز راخمان ئىكەن. ئۇنىڭغا ئاچچىقىم كەلدى. چۈنكى، بۇنداق لاي سۇدا «ئادەم قۇتقۇزىمەن» دېيىش ھەقىقىي باتۇرلۇق بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا قاراملىق ئىدى. شۇنداق خىياللار بىلەن جىلە بولۇپ تۇرغىنىمدا، يېنىمدا تۇرغان بىرى سۇغا سەكرىدى. قارىسام، ئۇ بىزنىڭ شياۋ شۇجى ئىكەن. دەھشەتلىك قاينام ئىچىدە راخمان، تۇرسۇن توختى بوسۇغۇ ۋە شياۋ شۇجى قاتارلىق ئۈچ ئادەم بىر ـ بىرىگە قوللىرىنى سۇناتتى. لېكىن ھېچقايسىسى بىر ـ بىرىنىڭ قولىنى تۇتالمايتتى. ئارىلىق بەزىدە يىراقلاپ، بەزىدە يېقىنلاپ قالاتتى. لېكىن ئۇلىشىپلا كېلىۋاتقان دەھشەتلىك قاينام بىلەن تەڭ، ئۇلارنىڭ ئارىلىقى يەنە يىراقلاپ كېتەتتى. مەن قىرغاق بويلاپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قالماي يۈگۈرەتتىم. كىمدۇر بىرى ئۇزۇن بىر تال ياغاچنى شياۋ شۇجىگە ئۇزاتتى. بىراق، قولى تېگەيلا دېگەندە ئۇ قاينامغا چۆكۈپ، كۆزدىن غايىب بولدى. ئىككىنچى رەت ئۇ يەنە سۇ يۈزىدە پەيدا بولدى. بىراق، ئۇ چاغدا ياغاچ كۆتۈرگەن كىشى خېلىلا يىراقتا قالغانىدى. مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئېقىن بويلاپ تۆۋەنگە يۈگۈردۈم. خېلىدىن كېيىن سۇ يۈزىدە راخماننىڭ گەۋدىسى كۆرۈندى، مەن دەرھال ۋارقىرىدىم:

— راخمان، قايتىپ چىق!

بىراق كىچىككەنىدىم. ئۇلۇغ ئېقىن ئۇنى يەنە چۆكتۈرۈپ كەتتى. ئۈچىنچى قېتىمدا راخمان سۇ يۈزىدە پەيدا بولدى. مەن بار ئاۋازىم بىلەن قاتتىق ۋارقىرىدىم:

— راخمان!

ئۇ بۇ قېتىم مېنى كۆردى، ئاندىن بېشىنى سىلكىپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— مۇختار ئاكا، رەيھانغا ئېيتىپ قوي...

سۆزى تۈگىمەيلا ئېقىن ئۇنى يۇتۇپ كەتتى. ئارقىدىن جاڭ شۈجى ۋە باشقا نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلارنى بار ئاۋازىمىز بىلەن چاقىردۇق:

— راخمان!

— شياۋ شۈجى!!!

— تۇرسۇن شۈجى ...

قىيا - چىيا ئاۋازلار دەريا قېشىدىكى تاشلارنىڭ بىر - بىرىگە سوقۇلغان چاغدىكى گۈلدۈرلەشلىرىگە قوشۇلۇپ ۋەھىمە-لىك بىر خىل ئەكس سادا پەيدا قىلغانىدى.

## 14

كېيىنكى ئىشلار غۇۋا ئېسىمدە.

تراكتورلار ئېقىن بويىغا دۆۋىلەپ تەييارلىغان توپىلارنى بىرلا تۈرتۈپ ئېقىننى ئۈزۈپ تاشلىدى. لېكىن، قۇترىغان كەل-كۈن سۈيى توپا ئۈستىگە يامراپ چىقتى. ئىككىنچى قېتىملىق توپا دۆۋىسى بىلەن ئۇلۇغ ئېقىن يەنە بىر قېتىم ئۈزۈلدى. بىراق، جاھىل ئېقىن يەنىلا باستۇرۇپ كەلدى. تراكتورلار ئۈ-چىنچى قېتىم ئېقىننى ئۈزۈپ تاشلىغاندا، دېھقانلار قولىدىكى توپا ئۇسقان نەچچە يۈز خالتىسىنى بىراقلا تاشلىدى. ئارقىدىن

كەتمەن - گۇرجەكلەر بىلەن جىددىي تۇپا تاشلاش باشلىنىپ كەتتى. يېرىم سائەتتىن ئارتۇق تىركىشىشتىن كېيىن رەھىمسىز ئېقىن ئاخىر ئۈزۈپ تاشلاندى.

لېكىن، ئەمدىلا يىگىرمە سەككىز ياشقا كىرگەن شىياۋ شۇجى، توي قىلغىنىغا تېخى بىرەر ئايمۇ بولمىغان راخمان ۋە يۇلغۇنجاي كەنتىنىڭ شۇجىسى تۇرسۇن توختى بوسۇغۇ قاتارلىق ئۈچ كىشى ئەسىرلەر بويى سۇغا قانمىغان يۇلغۇنلۇق جىلغىلار تەرەپكە كەتكەنىدى. ئېھتىمال، ئۇلار بىر - بىرىنى سۆرەپ، قىرغاققا چىقىپ بولغاندۇ. ئېھتىمال شۇ تاپتا ئاپەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ يۈرگەندۇ؟ ئېھتىمال، بىز بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشقاندۇ...

بىراق، بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەتلا بىر ئېھتىماللىق ئىدى. شۇ تاپتا ماڭا كېرىكى رەھىمسىز بولسىمۇ، ھەقىقىي پاكىت؛ شەپقەتسىز بولسىمۇ، يەنىلا ئىشەنگىلى بولىدىغان رېئاللىق ئىدى. بىر قىسىم ئادەملەرنى ئاجرىتىپ ئۇلارنى ئىزدەشكە بۇيرۇدۇم. راستىنى ئېيتسام، مېنىڭمۇ ئۇلارنى ئىزدىگۈم بار ئىدى. لېكىن، رەھىمسىز كەلكۈن يېڭىلا ئېتىلگەن قاشقا تېخىچە خىرىس قىلىپ تۇراتتى. مۇداپىئە رايونىدىن ئايرىلىسام زادىلا بولمايتتى.

سۇنىڭ ئېگىزدىن پەسكە ئېقىشى ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان بىر قانۇنىيەت. لېكىن قۇترىغان كەلكۈن ماڭا باشقىچە سىزىم بېرەتتى. دەريانىڭ قارشى قىرغىقى بىز تۇرغان مۇداپىئە لىنىيىسىدىن بىر - ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتىكى بىر ئوچۇقچىلىق بولۇپ، دېھقانلار شۇ يەرگە بۇغداي خامىنى ياساپ، سامانلىرىنى شۇ يەرگىلا كۆمۈپ قوياتتى. بىراق، بىرەر سائەتنىڭ ئالدىدا زومچەك - زومچەك تۇرغان سامانلىق دۆڭلەر ئەمدىلىكتە لاي سۇ لۆمشىپ ئېقىۋاتقان دەرياغا قىنىغا قوشۇلۇپ كەتكەنىدى. ھەر

قېتىم ئېقىنغا قارىغىنىمدا سۇ يۈزىنىڭ مەن تۇرغان قاشتىن ئاز
بولغاندىمۇ قىرىق ـ ئەللىك سانتىمېتىر ئېگىز ئىكەنلىكىنى
ھېس قىلالاتتىم. لېكىن، نېمىشقىدۇ بىز دەسسەپ تۇرغان قاش
يەنىلا مۇستەھكەم ئىدى.

يۇلتۇز چىقتى. ماشىنا ـ تراكتورلار يىكەنلىك، قۇمدۆڭ
غول لىنىيە ئۈستىگە ۋە پۇتكۇل قىزىل ساينىڭ زۇلمەت كېچە-
سىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتكەنىدى. تىنىمسىز ئۇرۇلغان كەت-
مەنلەر يەر كۆكسىدىن ئەكس سادا قايتۇرۇپ تۇراتتى.

مەن ھالسىزلىنىپ كەتكەنىدىم. ئەمدىلىكتە قىزىتمام قو-
شۇلۇپ بېشىم پارتلاپ كېتىدىغاندەك قاتتىق ئاغرىيتتى. قۇرۇ-
غان لېۋىم لازا سۈرتۈپ قويغاندەك ئېچىشىپ، كۆزلىرىم پات ـ
پات كۆرۈش سېزىمىنى يوقىتىپ قوياتتى. بىردە تىزناپ دەرياسى-
نىڭ دەھشەتلىك قىيانلىرىغا، بىردە قىزىل ساي تەرەپكە تاقەت-
سىزلىك بىلەن قارايتتىم. كۆزۈم يۇمۇلۇپ قېلىشتىن بۇرۇن
كەلكۈننىڭ پەسلىگەنلىكىنى ۋە راخمان، شياۋ روڭۋۇ قاتارلىق
خىزمەتداشلىرىمنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈشنى بەكمۇ ئار-
زۇ قىلاتتىم. كەلكۈن يەنىلا شۇنداق دولقۇنلاپ ئاقاتتى. يۇلغۇن-
لۇق داللاردا كىشىلەرنىڭ راخمان بىلەن شياۋ روڭۋۇلارنى چا-
قىرغان ئاۋازى توختىماي ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئىچىمدە راخماننىڭ
ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئەسلەيتتىم. ئۇ ماڭا نېمە دېمەكچى بول-
غىيتتى؟ مەن رەيھانغا نېمە دەيمەن؟! راخمانغا مەسئۇل بولالمى-
غىنىمنى نېمىدەپ چۈشەندۈرەرمەن؟ ھەتتا راخماننىڭ ئاخىرقى
سۆزلىرىنىمۇ رەيھانغا چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىسەم قانداق بولغىنى؟
ئىسىت، راخمان! ئىسىت...

ئازاب بىلەن ئەتراپقا قاراۋاتقىنىمدا بىر جىپ ماشىنا كۆزۈم-
گە چېلىقتى. سىنچىلاپ قاراپ ئۇنىڭ ئادەتتە مەن ئولتۇرىدىغان،
لېكىن بىر ـ ئىككى سائەت ئىلگىرى مەن راخماننىڭ ئولتۇرۇ-
شىغا بەرگەن ھېلىقى جىپ ماشىنا ئىكەنلىكىنى بىلدىم. دېمەك،

راخماننىڭ نەرسىلىرى ھېلىمۇ ئاشۇ ماشىنىدا بولۇشى مۇمكىن.
دەرۋەقە، راخماننىڭ كىيىملىرى ماشىنىنىڭ ئارقا ئورۇن-دۇقىدا تۇرۇپتۇ. سومكىسىمۇ ماشىنىنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى بوش يەرگە قويۇلغانىكەن. ئۇنىڭ سومكىسىنى ئاچتىم. سومكى-نىڭ قوشۇمچە قاپچۇقىدىن بىر دانە باتارېيىلىك ساقال ئېلىش ماشىنىسى بىلەن يەنە بىر ئاق رەڭلىك تارغاق چىقتى. بۇلار راخماننىڭ ھەمىشە پاكىز ۋە رەتلىك يۈرۈشىنىڭ سىرى ئىدى. ئاساسلىق قاپچۇقتىن بىر پارچە خاتىرە بىلەن «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»نىڭ 2003 ـ يىلى 8 ـ ئايلىق بىر سانى قولۇمغا چىقتى. گېزىتنىڭ تۆتىنچى بېتىگە بىر پارچە غەلىتە رەسىم بېسىلغانىدى. رەسىمدە كۆزلىرى كور، مۈڭگۈزلىرى سۇنۇق، لېكىن ئەگىم مۈڭگۈزلىرى خۇددى شاھانە تاجدەك سۇلكەتلىك بىر ئاق قوچقارنىڭ باش سۈرىتى تۇراتتى. رەسىمنىڭ رەڭ سەزگۈسى پەۋقۇلئاددە ياخشى بولغاچقا، قوچقار بېشىنىڭ ئەترا-پىنى قارا رەڭ بىلەن بوياپ، ئاق رەڭنى ئالاھىدە روشەنلەشتۈر-گەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ رەسىم مەشھۇر زاتلارنىڭ قارىلىق ئېلانىغا ئوخشاش ھەيۋەتلىك چىققانىدى. راخماننىڭ خاتىرىسىنى ۋاراقلا-ۋېتىپ بىردىنلا ئۇ يازغان بىر شېئىرنى كۆرۈپ قالدىم. بۇ شېئىرغا «سەركە» دەپ ماۋزۇ قويۇلغانىدى.

ئاق قار، كۆك مۇز، تىك قىيا تاغدا،
كۆكرەك كېرىپ تۇرىسەن سەركە.
يول باشچىسى قويلار توپىنىڭ،
مەنزىل تامان يۈرىسەن سەركە.

ۋۇجۇدىڭدا چەكسىز كۈچ ـ قۇۋۋەت،
كەڭ يايلاقنىڭ ئوغلانى سەركە.
ئەجرىڭ بىلەن يارالدى ھۆرلۈك،
ئادالەتنىڭ جەۋلانى سەركە.

مۇشكۈل سەپەر، خەتەرلىك يولدا،
شان ـ زەپەرلەر قۇچىسەن سەركە.
مۇڭگۈزلىرىڭ سۇنسىمۇ جەڭدە،
غەلىبە سېنىڭ، ئۇتۇسەن سەركە.

غەم قىلمايسەن ئۆلۈم دېگەندىن،
چېلىشلاردا ھاياتسەن سەركە.
قەبرەڭ سېنىڭ يايلاق كۆكسىدە،
ئازغانلارغا ماياكسەن سەركە.

روشەنكى، شېئىردىكى ئىلھامنىڭ مەنبەسى — رەسىمدىكى ئاق قوچقارنىڭ باش سۈرىتى ئىدى. لېكىن، راخماننىڭ دەۋاتقاندىلىرى يەنىلا ئۆزىنىڭ ھەق ـ ناھەق ئۈستىدە تىك تۇرىدىغان، خىزمەتلەردە ئەمەلىي نەتىجە قازىنىشقا ئىنتىلىدىغان، قەيسەر ۋە كۈرەشچان تەبىئىتىگە بەكلا ماس كېلەتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئالغان قەيسەر، خەتەرلىك پەيتلەردە ئۆزىنىڭ پايدا ـ زىيىنى بىلەن قىلچە ھېسابلاشمايدىغان ھەقىقىي بىر سەركە ئىدى.

سىرتتا يىغا ـ زار كۆتۈرۈلدى. دەرھال ھازا ئېچىپ كېلىۋاتقان كىشىلەر توپىغا قاراپ يۈگۈردۈم. لېكىن، پۈتۈن بەدىنىنى لايغا مىلەنگەن، بېشى يان تەرەپكە قىيسىيىپ قالغان راخماننى كۆرۈپ جايىمدا ھەيكەلدەك تۇرۇپلا قالدىم. راخماننىڭ چىرايلىق بۇدۇر چاچلىرى ھاياتلىقىدا ئۆزى ئەڭ يامان كۆرىدىغان لاي ـ لاتقىلار بىلەن پېشانىسىگە چاپلىشىپ قالغانىدى، چىرايىمۇ ئۆزگىرىپ تونۇغۇسىز دەرىجىدە جاراھەتلىنىپ كەتكەنىدى. ئارقىدىنلا تۇرسۇن توختى بوسۇغۇنىڭ جەسىتىمۇ ئەكېلىندى. ئۇنىڭ بېشىدا ئاق دوپپىسى كۆرۈنمەيتتى. شياۋ شۈجىنىڭ قوللىرى خۇددى بىرەر نەرسىنى تۇتۇۋالماقچى بولغاندەك ئۇزۇن سوزۇلغانىدى. ئېھتىمال، ئۇ راخماننىڭ قوللىرىنى تۇتماقچى بولغاندۇ.

بىراق، رەھىمسىز كەلكۈن ھاياتلىقىدا ياخشى ئۆتكەن بۇ قەدىر-
لىك دوستلارنى مەقسىتىگە يەتكۈزمىگەن ئىدى.
يۈرىكىم بىردىنلا پىچاق سانجىغاندەك ئاغرىپ كەتتى. مەي-
دەمنى تۈگمەن تېشىدا باستۇرۇپ قويغاندەك تىنالماي قالدىم.
پاتقاق يەر مېنى ئۆزىگە تارتىۋاتقاندەك قىلاتتى. بېشىم پىرقىراپ
كۆڭلۈم ئېلىشىپ ھازىرلا يىقىلىپ قالىدىغاندەك قىلاتتىم. بى-
راق، مەن يىقىلىپ قالسام بولمايتتى. مۇداپىئە رايونىنى تېخى
تەكشۈرۈپ بولالمىغانىدىم. يۇلغۇنجاي كەنتىنىڭ ئاپەت ئەھۋالى-
نى تېخى بىلمەيتتىم. ناھىيە رەھبەرلىرىگە ئاپەت ئەھۋالىدىن
دوكلات قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرمىگەنىدىم.
بىراق، ئىرادەمگە خىلاپ ھالدا يەنىلا يىقىلدىم. ئورنۇمدىن
تۇرۇشقا تىرىشىپمۇ باقتىم. لېكىن زادىلا تۇرالمىدىم. تېخى
بايىلا سۇ ئېقىپ ئۆتكەن لاي تۇپراقتا يېتىپ ئاسمانغا قارىدىم.
نۇرغۇن يارقىن يۇلتۇزلار كېچە قوينىدىكى بۇ غېرىب، ھارغىن
زېمىنغا سېخىيلىق بىلەن نۇر چېچىپ تۇرۇپتۇ. نۇر ئىچىدە
سۇنايلىنىپ ياتقىنىمدا بىركىمنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:
— يېزا باشلىقى يىقىلىپ قالدى!
— چاققان كېلىڭلار!
— تېز كېلىڭلار... تېز...
بىرنەچچە كىشى مېنى كۆتۈرگەندەك قىلدى. لېكىن، مۇز-
لاپ كەتكەن زېمىن — ئاخىرقى رەت سۈيىگە تولۇق قانغان
قۇمساز تۇپراق مېنى خۇددى ئانامغا ئوخشاش ئەللەيلەشكە باشلى-
دى. مەن ئاجايىپ بىر خىل راھەتلىك سېزىم بىلەن قوشۇما
قاشلىق ئاغىنەم يادىكارنى، بەدىنىدىن ئاچچىق تەر پۇراپ تۇرغان
تۇرسۇن سۈپۈرگىنى، يەنە ياسىن ئاكىنىڭ كۆك مۇز ئۈستىدە
ياتقان يالىڭاچ جىسمىنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئاخىرىدا قاراڭغۇ
بوشلۇقتىن باشقا ھېچ نەرسىنى كۆرمىدىم. ئېھتىمال، راھەتلى-
نىپ ئۇخلاپ كەتكەنىدىمەن...

## 15

— دوختۇر!
— ئۇ هوشىغا كەلدى!
— تېز كىرىڭ، تېز! ...

كىشىلەرنىڭ ۋارقىراشقىنىنى ئاڭلىدىم. دېمەك، كېچە ئا-
خىرلىشىپتۇ. كىشىلەرنىڭ ئۇيقۇسىمۇ تۈگەپتۇ. بىراق، كۆزلى-
رىمگە يەنە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كۆرۈپ
قانمىغان ھەمدە مەڭگۈ كۆرۈپ قانمايدىغان سېھىرلىك قارا كۆز-
لەرنى ئىزدىدىم. ماڭا ئايانكى، ئاشۇ قارا كۆزلەرنى كۆرۈپ
تۇرسام‌لا، ھەرقانداق ناچار مۇھىتقىمۇ كۆنەلەيمەن. ھەرقانداق
قىيىنچىلىققىمۇ بەرداشلىق بېرەلەيمەن ھەمدە ئاشۇ قارا كۆزلەر
ئۇچۇن ئاسمانغا چىقىشقىمۇ، دېڭىزغا چۈشۈشكىمۇ رازىمەن.

قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن يۈرىكىمگە نەقىشلەنگەن نۇرلۇق قارا
كۆزلەرنى ئىزدىدىم. لېكىن، قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن قارا كۆزلەر-
نى پەرقلەندۇرۇش ھەقىقەتەن قىيىنغا چۈشتى. ئامالسىزلىقتىن
بارنى كۆرۈپ، يوقنى كۆرمەيدىغان ئاددىي كۆزلىرىمدىن ۋاز
كەچتىم. پەقەت قارىماي تۇرۇپمۇ ھەممىنى سېزەلەيدىغان قەلب
كۆزلىرىمگە تايىنىپ ئۇنى ئىزدىدىم. شۇنىڭدىلا مۆڭلانغان ئاشۇ
قارا كۆزلەرنى ئېنىق كۆردۈم. ئۇلاردا ئەكس ئەتكەن تاڭ شەپە-
قىنىڭ قىزغۇچ نۇرىنى، قىزىل سايدىكى قەدىمىي يولدا تۇنىگەن
تاڭ قۇياشىنى ئېنىق كۆردۈم.

بەدىنىم قۇياش نۇرىنىڭ ھارارىتىدە ئاستا ـ ئاستا ئىللىدى.
قوللىرىم يىرىك، لېكىن تولىمۇ ئىسسىق بىر قولنىڭ سىلاشلى-
رى بىلەن تەدرىجىي ئىسسىدى. مەن نەدە؟ نېمىشقا ھېچ نەرسىنى
كۆرەلمەيمەن؟ ئابىدە قېنى؟ شياۋ شۈجى، راخمان، يەنە يۇلغۇز-
جاي كەنتىنىڭ شۇجىسى تۇرسۇن توختى بوسۇغۇ تېپىلدىمۇ؟

بىر خىل ئاقۇچ پەردە كۆزلىرىمنى توسىغاندەك بولدى.

ئاپئاق بوشلۇقتىن باشقا ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدىم… پەقەت بىرمۇنچە كىشىنىڭ قىلىشقان پاراڭلىرىنى ئاڭلىدىم:

— بۆرەك ياللۇغى ئىكەن.

— پۈتۈنلەي سېسىپ كېتىپتۇ.

— ئالماشتۇرمىسا بولمىغۇدەك.

— ئوپېراتسىيىگە ئىككى يۈز مىڭ يۈەن كېتىدۇ…

ئىككى تامچە ئىسسىق سۇ يۈزۈمگە ساقىپ چۈشتى. ئېھتىمال، بىرەرىنىڭ كۆز يېشى بولسا كېرەك. بىراق ئۇ كىمدۇ؟ نېمىشقا يىغلايدۇ؟ مەن ئەزەلدىن يىغلىغاننى ياقتۇرمايمەن، لېكىن يۈرىكىم يىغلاپ تۇرسىمۇ…

بېشىمنى نارازىلىق بىلەن قاتتىق چايقىدىم. بىردىنلا كۆز ئالدىم «ۋاللىدە» يورۇپ قاپقارا ئەگىم قاشلارنى، بۇغداي ئۆڭلۈك سىيمانى، زىلۋالىقى ۋە گۈزەللىكىنى يوقاتمىغان ئاجىز گەۋدىنى، يۈرىكىمگە گۈلخان بولۇپ يېقىلغان مېھرى ئىسسىق قارا كۆزلەرنى ئېنىق كۆردۈم. ئارقىدىنلا سەللا كېچىكسەم ئۇنىڭدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ قالىدىغاندەك ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىدىم:

— ئاھ، ئابىدەم! مېنىڭ قارا كۆزلۈكۈم…

Document generated by Anna's Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
  "filename": "NDAxODc1NjMuemlw",
  "filename_decoded": "40187563.zip",
  "filesize": 19523877,
  "md5": "04f43702f1540b7d8f648496d260fbae",
  "header_md5": "66bb4b786fc4d0f269b1761248cd15a7",
  "sha1": "d54a1ff26a869107590a4382ce2fc99035454fb7",
  "sha256": "2d02cecd4e9a29dd7176b8b69675254d67a1f10847a5e42b157274560812e9ec",
  "crc32": 238067887,
  "zip_password": "",
  "uncompressed_size": 19911134,
  "pdg_dir_name": "\u256c\u250c\u2551\u250c\u2564\u2588\u255b\u00aa\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u2559\u2229_40187563",
  "pdg_main_pages_found": 352,
  "pdg_main_pages_max": 352,
  "total_pages": 361,
  "total_pixels": 1377926976,
  "pdf_generation_missing_pages": false
}